# قاراقاشنى چۈشىنەيلى

خوتەن مەمۇرىي مەھكىمە قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسى
قاراقاش ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى تۈزۈپ باستۇردى

# قاراقاشنى چۈشىنەيلى

تۈزگۈچى: مۇھەممەتئىمىن قۇربان

خوتەن مەمۇرىي مەھكىمە قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسى
قاراقاش ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئىشخانىسى
تۈزۈپ باستۇردى

1992 ـ يىل 4 ـ ئاي

باش مۇھەررىر: ئوبۇلقاسىم سىراجى

مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلەر:

ئوبۇلقادىر زۇلپۇن (ناھىيىلىك پارتكوم دائىمىي
ھەيئەت ئەزاسى، بىرلىكسەپ
بۆلۈمىنىڭ باشلىقى)

ئوسمان مۇھەممەت (ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ
سابىق مۇئاۋىن ھاكىمى)

مەسئۇل مۇھەررىرلەر:

مەتقاسىم ئەكرەم (ۋىلايەتلىك ئىسلام دىنى جەمئى-
يىتىنىڭ باش كاتىپى)

مەمتىمىن تۇردى (ۋىلايەتلىك قەدىمكى ئەسەرلەر
ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى)

تەھرىر ھەيئەتلىرى ئىسىملىكى:

دولقۇن جاپپار (ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى
ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى)

ئابلەت پولات (مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى)

سادىق ئىسمايىل (خەلق ئىشلار ئىدارىسىنىڭ
باشلىقى)

ئەركىن رىجەپ (يەر باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ
باشلىقى)


روزى مۇھەممەت تۇرسۇن (مەدەنىيەت ئىدارىسىنىڭ
باشلىقى)


ئەلھام ياسىن (ناھىيىلىك پارتكوم تەشۋىقات
بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى)

ئايمۇھەممەت ساھىبى (ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى-
نىڭ كاتىپى)



قاراقاش ناھىيىلىك خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ
مۇدىرى ئابدۇللا يۈنۇس





قاراقاش ناھىيىلىك خەلق
ھۆكۈمىتىنىڭ سابىق ھاكىمى مۇ-
ھەممەتشىرىپ قاسىم 1955-يىلى-
دىن 1969-يىلىغىچە ۋەزىپە ئۆ-
تىگەن.

ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەيۋۇق
نىشانىغا نۇرە تىكىپ ياراشقان
قۇربانلىق قىلىپ ھول-جە
زېمىنلەردە باغۇ-بوستانلىق
يۇرتلارنى بەرپا قىلغىلى
مۇھەممەتشىرىپ قاسىم.

١٩٩٧، ٥، ٢٥

# ئەجدادلىرىمىزنىڭ تۆھپىلىرىدىن ئىلھاملىنىپ، ناھىيىمىزنىڭ ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرەيلى

ئوبۇلقاسىم سىراجى

(قارا قاش ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھاكىمى)



قارا قاش ناھىيىمىزنىڭ يۇرت-مەھەللىلىرى، ئۇلۇغ جۇڭخۇا ئېللىمىزدىن ئىبارەت غايەت زور، يېمىرىلمەس دەرەخنىڭ يوپۇرماقلىرى بولسا، يۇرت-مەھەللىلىرىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى نامى، ۋەتىنىمىزنىڭ مۇقەددەس تارىخىي قامۇسىدىكى تەسىرلىك قۇرلاردۇر.

ئۇچار قۇشلارنىڭ ئۇۋىسى بولغىنىدەك، ئادەملەرنىڭمۇ يۇرت-ماكانى بولىدۇ. بىزنىڭ يۇرت-مەھەللىلىرىمىز بىزنى تۇغۇلغىنىمىزدىن باشلاپ زېمىنى بىلەن كۆتۈرۈپ، ھاۋاسى بىلەن نەپەسلەندۈرۈپ، سۈيى ۋە نازۇ-نېمەتلىرى بىلەن ئوزۇقلاندۇرۇپ


بىزنىڭ ھايات كەچۈرۈشىمىزنى ماددىي كاپالەتكە ئىگە قىلغانىنىڭ ئۈستىگە مول مەدەنىيەت مەھسۇلاتلىرى بىلەن روھىمىزنى نۇرلاندۇرۇپ كەلدى. شۇڭلاشقا بىز يۇرت -مەھەللىمىزگە چەكسىز قەرزدارمىز. بارلىق جىسمانىي ۋە ئەقلىي كۈچىمىزنى يۇرت - مەھەللىمىزنى تېخىمۇ ئاۋاتلاشتۇرۇش ۋە قۇدرەت تاپقۇزۇش ئۈچۈن سەرپ قىلىش، ئەۋلادلىرىمىزنىڭ تېخىمۇ گۈزەل، خاتىرجەم تىرىكچىلىك قىلىش ئىمكانىيىتىنى يارىتىپ بېرىش — ئانا يۇرتىمىز بىزگە تاپشۇرغان تارىخىي ۋەزىپىمىزدۇر. يۇرت - ماكانىمىزنىڭ بۈگۈنكى گۈزەل قىياپىتىدە ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ جاپالىق جىسمانىي ۋە مەنىۋى ئەمگەكلىرىنىڭ مەھسۇلى جىلۋە قىلسا، كەنت - مەھەللىلىرىمىزنىڭ نام-ئاتاقلىرى تېگىدە يۇرت - ماكانىمىزنىڭ تەسىرلىك سەرگۈزەشتىلىرى يوشۇرۇنۇپ ياتماقتا. يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك غېمىدىن خالاس بولۇشقا يۈزلەنگەن خەلقىمىز مانا ئەمدى ئۆزلىرىنىڭ كەنت-مەھەللىلىرىنىڭ نېمە سەۋەبتىن مۇشۇ نام بىلەن ئاتىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى بىلىشكە قىزىقماقتا.

ھەرخىل تەبىئىي ۋە سۈنئىي ئاپەتلەر تۈپەيلىدىن، يۇرت-ماكانىمىزنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكىگە دائىر ماددىي پاكىتلارنىڭ كۆپ قىسمى بۇزۇلۇپ ياكى يوقىلىپ كەتتى. پەقەت ئەجدادتىن-ئەۋلادقا مەنىۋى مىراس بولۇپ كېلىۋاتقان ئاغزاكى خاتىرىلەرنىڭ بىر قىسمىلا ساقلىنىپ قالدى. يولداش مۇھەممەتئىمىن قۇربان قاتارلىق يولداشلار بەش يىل جاپالىق ئىزدىنىپ ناھىيىمىزنىڭ بۇلۇڭ-پۇشقاقلىرىنى كېزىپ، تارىخچىلار ھەم ۋەقەشۇناسلار

بىلەن ئۇچرىشىپ ماتېرىيال ئىگىلەپ، 340 دىن ئارتۇق
كەنتنىڭ تەزكىرىسىنى يېزىپ چىقىپ ئۇنتۇلۇپ، كېتىش
خەۋپىگە دۇچ كەلگەن بىر قىسىم تارىخىي ۋە مەنىۋى بايلى-
قىمىزنى قۇتقۇزۇپ قالدى. مەن ناھىيىمىزدىكى ھەرمىل-
لەت خەلقىگە ۋەكالىتەن ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىگەن ،
يازغان ۋە تەھرىرلىگەن يولداشلاردىن ھاردۇق سورايمەن.

قولىمىزدىكى بۇ كىتاب ناھىيىمىز خەلقىنىڭ، بولۇپ-
مۇ ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ قەلبىدە ۋەتەنپەرۋەرلىك تۇي-
غۇسىنى ئورلاندۇرۇشنىڭ جانلىق قوللانمىسى بولالايدۇ.

ئەجدادلىرىمىزنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۆھپىلىرىدىن
ئىلھاملىنىپ ناھىيىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئىككى مە-
دەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرەيلى!



ئاپتورلار مۇزاكىرە ئۈستىدە

سولدىن ئوڭغا: ئەمىرجان راخمان، مۇھەممەتئەمىن قۇربان ، روزىمۇھەممەت مۇتەللىپ ، مۇھەممەتتۇرسۇن سىدىق .

# كىرىش سۆز

مەن بىرسىدىن:

— كەنتىڭىز نېمە ئۈچۈن مۇشۇ نام بىلەن ئا-
تالغانلىقىنى بىلەمسىز؟ — دەپ سورىدىم. ئۇ كىشى:

— ھەي تاغەي، بىلمەيدىكەنمەن. مەن تۇغۇلۇشتىن
بۇرۇنمۇ شۇنداق ئاتالغانىكەن، — دېدى. مەن نارازىلىق
ئىلكىدە ھەيران بولدۇم. بىر ئوقۇتقۇچىنىڭ جاۋابىمۇ-
شۇ بولسا، ساۋاتسىز - بىلمىسىزلەرنىڭ جاۋابىدىن قان-
داق ئۈمىد بولسۇن!؟

سىز شۇ مەھەللىدە تۇغۇلۇپ، شۇ مەھەللىنىڭ سۈيى-
نىنى ئېچىپ، ئاشلىقىنى يەپ، ھاۋاسىنى سۈمۈرۈپ، زېمىنى-
گە دەسسەپ چوڭ بولغان تۇرۇقلۇق، مەھەللىڭىزنىڭ قانداق
بولۇپ مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغانلىقىنى بىلمىسىڭىز، خۇددى ئا-
نىڭىزنىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ بېرەلمىگەندەك ئەيىب ئەمەسمۇ؟

لېنىن: «ئۆتمۈشنى ئۇنتۇش — ئاسىيلىقتىن دېرەك بې-
رىدۇ» دېگەن بولسا، ماۋزېدوڭ تېخىمۇ كونكرېتلاشتۇرۇپ:
«ئۆز مىللىتىنىڭ تارىخىنى بىلمەسلىك — نومۇستۇر» دې-
گەنىدى.

يۇرت-ماكانىمىزنىڭ تارىخىنى (جۈملىدىن نامىنىڭ
كېلىپ چىقىش مەنبەسىنى)، جۇغراپىيىلىك ئورنىنى، مەش-
ھۇر ئادەم، زور ۋەقەلەرنى بىلمەسلىك — ئەقلى ۋە مەنى-
ۋى خەزىنىمىزدىكى بىر قۇرۇق ھۇجرا.

تەبىئەت قوينىدا ھازىر بىزگە ئۇچراپ تۇرغان كۆز
يەتمەس قۇملۇق، سايلىقلار، سۈيى ئاچچىق شىرەم ساز-

لىقلار، ئېگىز تاغلار ئارىسىدىكى جىلغىلار بىز بۈگۈن يا-
شاۋاتقان باغۇ-بوستانلىق گۈزەل يۇرت-ماكانىمىز-
نىڭ ئەسلىدىكى قىياپىتىدۇر. ئەقىللىق، باتۇر ئەجداد-
لىرىمىز ئەنە شۇ زېمىنلاردا ئېرىق-ئۆستەڭلەرنى چې-
پىپ، ئېتىزلارنى ئېچىپ، دەل-دەرەخلەرنى تىكىپ، ئۆي-
ئىمارەتلەرنى سېلىپ تىرىكچىلىك ئىمكانىيىتىنى يا-
راتتى ۋە ئۇنى بىزگە تەۋەررۈك مىراس قالدۇردى.

يۇرت-ماكانىمىزنىڭ نامى ئەنە شۇ جاپا-مۇشەق-
قەتلىك ئۇزاقتىن-ئۇزاق تارىخىي جەرياننىڭ ئۇنتۇلماس
يادىنامىسىدۇر.

يۇرتنى سۆيۈش — ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ كونكرېت ۋە
مۇھىم مەزمۇنى بولۇپ، بىر كىشىنىڭ دانالىقىدىن، ئەقىل-
پاراسىتىدىن، هالال ۋىجدانىدىن، ئالىيجاناب پەزىلى-
تىدىن ئۇرغۇپ چاچراپ چىققان ئۆچمەس ئۇچقۇندۇر. گۈل-
لەرنىڭ تەقدىرى باغنىڭ تەقدىرى بىلەن ئوخشاش بول-
غىنىدەك، ھېچكىمنىڭ ئىستىقبالى ئانا يۇرتنىڭ ئىستىق-
بالىدىن ئۆزگىچە بولمايدۇ. «ھېچكىشىنىڭ غېمى ئانا
يۇرتىدىن ئايرىلغان غېرىبنىڭ غېمىدەك ئېغىر بولماس».

(«مىڭ بىر كېچە» دىن)

پەرزەنتلەر ئانا يۇرتنىڭ مېھىر-شەپقىتىگە مۇھ-
تاجدۇر. ۋەتەن-يۇرتنىڭ مېھىر-شەپقىتىدىن مەھرۇم
بولغان كىشى-تىرىك مۇردىنىڭ ئۆزىدۇر.

ئۆزگە يۇرتتا شاھى تون ئىچرە قورۇنغان تەنلىرىم،
ئۆز ئېلىمدە يايرىغاي كەيسەم كۇلاھۇ-جەندە مەن.

ۋەتەن-يۇرتمۇ پەرزەنتلىرىنىڭ ۋاپا-ساداقىتىگە مۇھ-
تاجدۇر.

ساقچىلارمەن تىغ بولۇپ كىمكى ئۇنىڭغا قىلسا قەست،
دوستىغا دوستلارچە ھەمدەم بولىمەن ھەردەمدە مەن.
يۈكلىگەن يۈكنى ئانا مەن تاشۇرۇلغان تۇلپارىڭ،
سەن ئۈچۈن يۈكلەشكە رازى تاغنىمۇ يەلكەمگە مەن.

(ت. ئېلىيېۋ)

ئەجدادلىرىمىزنىڭ بۇ گۈزەل يۇرت ـ ماكانىمىزنى بىنا قىلىش جەريانىدا دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىقلىرىنى، تارتقان جاپا ـ مۇشەققەتلىرىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرسەك، يۇرت ـ ماكانىمىزغا بولغان مۇھەببىتىمىز تېخىمۇ ئۇلغىيىدۇ. يۇرت ـ ماكانىمىزنى تەبىئىي ۋە سۈنئىي ھۇجۇملاردىن قوغداش، ئاسراش ئىرادىمىز يەنىمۇ مۇستەھكەملىنىدۇ.

دۆلىتىمىزدە قانات يايدۇرۇلۇۋاتقان ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى پائالىيىتىگە ماسلاشتۇرۇپ ناھىيىمىزدىكى ياشلار ـ ئۆسمۈرلەرنى كەنت ـ مەھەللىلىرىنىڭ قانداق بولۇپ مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغانلىقىدىن خەۋەردار قىلىش ئۈچۈن، بۇ ئەسەرنى تەييارلىدىم. بىلىدىغانلىرىمىنىڭ ئازلىقى ۋە بىر تەرەپلىمىلىكى تۈپەيلى، بۇ ئەسەردە سادىر بولغان يېتەرسىزلىك ۋە خاتالىقلارغا قارىتا، كىتابخان دوستلارنىڭ تەنقىدىي پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

## مۇندەرىجە


قاراقاش ناھىيەمىزنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى
توغرىسىدا ........................ 1
« قاراقاش » ئاتالغۇسى توغرىسىدا ........ 4
ناھىيەمىزنىڭ تارىختىن بۇيانقى مەمۇرىي رايون
ئۆزگىرىشلىرى ........................ 5
قارىقاش ناھىيىسىنىڭ مەمۇرى خەرىتىسى ...... 13
خەرىتىدىكى بەلگىلەرگە ئىزاھات ........ 14
قاراقاش بازىرى ........................ 16
قاپاقلا ........................ 18
قاراباغ ........................ 23
ئالتۇنچى ........................ 23
چورۇقلا ........................ 24
كۇدۇك ........................ 25
تۆۋەت ئېرىق ........................ 25
ئاتباش ........................ 26
يېڭىشەھەر ........................ 27
كونىشەھەر ........................ 36
تانايىبېشى ........................ 38
ئويباغ ........................ 58
قېرىمچى ........................ 64
سېرىزى ........................ 64
باشلەڭگەر ........................ 68

قاياش ........................ 70
دۈشەنبە بازار ........................ 71
توخۇلا يېزىسى ........................ 78
قارىمان ........................ 80
تاشكەنت ........................ 80
بۇغىچى ........................ 81
باراتلار ........................ 83
بورىچى ........................ 83
باشگورا ........................ 84
قاراتام ........................ 84
يېڭىباغ ........................ 85
توخۇلا ........................ 86
بازار بويى ........................ 86
جاھانباغ يېزىسى ........................ 90
چۈناقلا ........................ 92
ئايماق ........................ 92
ئاقساراي ........................ 99
دۆڭئېرىق ........................ 100
قاياش ........................ 100
جاھانباغ ........................ 101
ئۆزۈنئېرىق ........................ 101
قارا قۇشقاچ ........................ 104
دۆڭئۆيلەر ........................ 105
دەريا بويى ........................ 106
داراسكال ........................ 107
بۇلاقبېشى ........................ 111
باش داراسكال ........................ 111

| | |
|---|---|
| ئىشقىلار | 112 |
| ئاقساراي يېزىسى | 114 |
| ئېلىشبېشى | 117 |
| ئارىغول | 118 |
| ئارا مازار | 119 |
| ئۈجمىلىك | 119 |
| چۇڭ ئاقلا | 120 |
| تاقايلا | 120 |
| باش باغئېرىق | 121 |
| ئاياغ باغئېرىق | 122 |
| چىنارباغ | 124 |
| گۈلباغ | 125 |
| ھالئېرىق | 128 |
| ئاراباغ | 131 |
| كېتمەكلا | 132 |
| باش ئىشاچى | 133 |
| ئۈزۈنئېرىق | 134 |
| يەكچى | 134 |
| خۇمدان | 135 |
| باشقۇمباغ | 135 |
| ئاياغ جىلغا | 136 |
| سايباغ يېزىسى | 140 |
| كارۇك سايباغ | 143 |
| ئۈلۈغئاتا | 146 |
| يېڭىئاۋات | 147 |
| بوستان توغراق | 149 |
| پۇكا | 151 |
| كۇسۇي | 152 |

ئۇزۇنئارال ........................................ 152

ئۇچات ........................................ 153

باغدات ........................................ 154

تۇزاقچى ........................................ 154

دۇتار ........................................ 156

توغراسۇ ........................................ 157

توقايىيار ........................................ 157

تامىلىق ........................................ 157

قۇتاز سايباغ ........................................ 158

خەلپە سايباغ ........................................ 158

قىشلاق ........................................ 159

كامپا ........................................ 159

تامئېغىل ........................................ 159

يۇمىلاق چاشقان① ........................................ 160

زاۋا يېزىسى ........................................ 164

قوقان ........................................ 167

يار بېشى ........................................ 168

شاخلىق ........................................ 169

ئېگىز ئېرىق ........................................ 174

ناغرادۆك ........................................ 174

لەڭگەر ........................................ 176

شەيدان ........................................ 176

قۇمئېرىق ........................................ 176

توغراق مازار ........................................ 177

ساينوغۇچ ........................................ 177

ئۆتەك ........................................ 178

كۆتىرەم ........................................ 178

شورلۇقئېرىق ........................................ 179

كۆتەكئېرىق ........................................ 180

ئارغول ..................... 180
باشاقچى ..................... 181
كۆلئېرىق ..................... 181
بۇغدايئېرىق ..................... 182
تېرەكئايلا ..................... 182
ئۈجمە ئايلا ..................... 183
مازار ئايلا ..................... 183
جايتېرەك ..................... 184
تۆگەتوغراق ..................... 184
چوكانجىلغا ..................... 186
خېنى ..................... 186
ئاياغمازار ..................... 187
خۇمدان ..................... 187
توغرا يار ..................... 188
توپچا ..................... 188
ئۈرچى ..................... 189
قاشبويى ..................... 191
**ئۈرچى يېزىسى** ..................... 195
بازار بويى ..................... 196
ئاۋات ..................... 198
ئىسلام ئاۋات ..................... 198
خۇشئاۋات ..................... 199
مىللەت ئېرىق ..................... 205
پادا ئېغىل ..................... 206
ئۈجمىلىك ..................... 206
تېرەك بوستان ..................... 207
يالغۇز ئوغۇل ..................... 207

سېغىزلىق ........ 212
شېكەر قومۇش ........ 213
تاۋغاز ........ 214
«شەرق شامىلى» سۇ ئامبىرى ........ 216
**كۆيا يېزىسى** ........ 224
تەلۋىلەر ........ 226
پاۋان ........ 228
سۇ ئامبىرى ........ 230
دەرۋىش ........ 230
قاقلىق ........ 231
قارا قورۇق ........ 231
قوشئېرىق ........ 232
سايات ........ 233
چىپتان ........ 234
گۈلچى ........ 234
ئاچچىغۆي ........ 234
ئاتئېغىل ........ 236
قايغۇلۇق ........ 236
چەمەلكە ........ 237
گادۆي ........ 238
يىلۋا ........ 238
پاختەكلە ........ 239
قارسلا ........ 239
ئۈجمىلىك ........ 240
توپاق ئاچمىسى ........ 240
**ياۋا يېزىسى** ........ 245
باشئېرىق ........ 247

قـوداي ........................................ 248
غارالىق ........................................ 251
هالايلى ........................................ 251
شاخلىق ........................................ 251
باشئاۋات ........................................ 253
جۇمە بازار ........................................ 253
بەخلىق ........................................ 254
تەڭكەش ........................................ 255
چايتېرەك ........................................ 261
چارشەنبە بازار ........................................ 264
قوشكۆۋرۈك ........................................ 265
تۆتئېغىل ........................................ 266
چېلەك ........................................ 271
كۆللەك ........................................ 272
يىلاڭگۇلۇق ........................................ 272
باغجىگدە ........................................ 273
ئاقچېقىل ........................................ 274
يېڭىئاۋات ........................................ 275
خۇمدان ........................................ 276
قاراساي يېزىسى ........................................ 278
پەنەزدۆك ........................................ 284
سەيشەنبە بازار ........................................ 286
قوشتېرەك ........................................ 287
باغچى ........................................ 288
پەيشەنبە بازار ........................................ 290
كۆنچى ........................................ 293
بۇلاق ........................................ 294
قومۇشكۆل ........................................ 297

غاز ئېغىل ........ 297
تېرىم ........ 298
ئەتىكۆل ........ 301
جىگدە قۇدۇق ........ 304
قۇيۇندۆك ، يولۋاسخانا ، يېگىيەر كەنتلىرى
توغرىسىدا ........ 305
يولۋاسخانا ........ 306
يېگىيەر ........ 307
ئىتتىپاق ........ 307
بوستان ........ 308
**ماڭلاي يېزىسى** ........ 313
ماڭلاي ........ 315
تاخسا ........ 315
بازار بويى ........ 318
بۇدۇشوق ........ 319
چاقار ........ 322
قارىلا ........ 323
قۇرغۇي ........ 326
ئالتۇنچى ........ 326
قاياش ........ 327
قاقلىق ........ 327
**پۇرچاقچى يېزىسى** ........ 329
كۆلئېرىق ........ 331
قۇدۇقلا ........ 332
ئالتۇنچى ........ 334
پۇرچاقچى ........ 335
باش تۈگمەنئېرىق ........ 340

جۇمە بازدرى ........................ 343
هالۇكۆل ........................ 344
بۇدا ........................ 344
ئوتتۇرا ياغاچچى ........................ 345
دۆڭئاچما ........................ 348
باشجاي ........................ 349
كاسا شاخلىق ........................ 351
ئويكۆل ........................ 353
ئۆجمىلىك ........................ 354
قويچى يېزىسى ........................ 358
قازاقلا ........................ 360
باخشى ........................ 364
لوخەن ........................ 365
كۆكيار ........................ 366
چاڭگا ........................ 367
كونا ئېرىق ۋە يېڭىئېرىق كەنتلىرى توغرىسىدا ........................ 367
كۆلئېرىق ........................ 369
زەرگەر ........................ 370
شاخار ........................ 370
توپلۇق ( تۇتلۇق ) ........................ 371
چىراغدۆك ........................ 375
هەلچاق ........................ 376
غەزەل ........................ 377
باچۇق ........................ 377
شاپېقى ........................ 378
زىۋا ........................ 381

دونئېرىق .................................................... 382
قوشماق ................................................................ 383
سەككىز پارچە ........................................................ 383
چىلان ................................................................... 384
يېڭىگۆل ................................................................ 384
تۆۋەت يېزىسى ......................................................... 386
تۆۋەت .................................................................. 388
ئويئېرىق .............................................................. 391
چاۋاغ .................................................................... 392
سايات .................................................................... 393
كۆتىرەم ................................................................. 293
ئوي ....................................................................... 395
سوپىلا ................................................................... 398
توقماق ................................................................... 396
سېرىق توغراق ......................................................... 397
قارا ياغاچ ................................................................ 397
قۇمبوي ................................................................... 397
چوڭئېرىق .............................................................. 399
خانلىق ئېرىق ......................................................... 400
سۆگەتلىك .............................................................. 400
هالدوس ................................................................... 400
ئۆجۈنئېرىق ........................................................... 401
مۇغال ..................................................................... 402
ئاياغئەسكى ............................................................. 402
يالغۇز توغراق ......................................................... 402
تاغرا ..................................................................... 403
يېڭىيەر يېزىسى ....................................................... 405
ئىمام ئەسكەر ......................................................... 406

قۇمسىيا يىلاق ........................................ 407
جانان ........................................ 409
سىياۋاغ ........................................ 410
قاراۋاغ ( قاراباغ ) ........................................ 410
سەككىز پارچە ........................................ 411
قوشقوغاچ ........................................ 411
مىلىكئاۋات ........................................ 412
ئاقئۆستەڭ ........................................ 413
يېڭىيەر ........................................ 414
سوقۇلۇق ........................................ 414
كۆيۈكئېغىل ........................................ 415
**كاۋاك يېزىسى** ........................................ 419
لەمپە ........................................ 421
دۆڭكۆل ........................................ 425
قوغۇنلۇق ئايرىش ........................................ 427
بۆرە ئېغىز ........................................ 427
هاجىغىل ........................................ 428
شاختاشلام ۋە چىنار كەنتلىرى توغرىسىدا ...... 528
جەگە ........................................ 429
تۇزلۇقئۇتاغ ........................................ 429
**تۇزلۇقئۇتاغدىكى كەنت نامىلىرى** ........................................ 436
چالا قۇدۇق ........................................ 436
بوستانتوغراق ........................................ 436
يالغۇز توغراق ........................................ 437

ئاچچىق .................................................. 437
نەزەربــاغ .................................................. 437
شالئىپــغىل .................................................. 437
مايا قدۇك .................................................. 438
يــۇرت مەھەلــلىسى ئىــنىق بولمىغان مەشھۇر كىــ
شىلــەر .................................................. 448
شەرەپ مۇنبەرى .................................................. 455

# قاراقاش ناھىيىمىزنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى توغرىسىدا

ناھىيىمىز شەرقىي مېرىدىئان 79° 08′ تىن 80° 51′، شىمالىي پاراللېل 36° 36′ تىن 38° 39′ ئىچىگە جايلاشقان بولۇپ، شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى 112.5 — 45 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى 319.5 كىلومېتىر، دېڭىز يۈزىدىن ئۆلچىگەندە ئەڭ ئېگىز تاغ چوققىسى 3600 مېتىر، ئەڭ تۆۋەن تۈزلەڭلىك 1120 مېتىر كېلىدۇ.

ناھىيىمىزنىڭ دائىرىسى خۇددى بىر قانىتىنى يىغىپ، بىر قانىتىنى يېيىپ پۇتىنى سۇنۇپ تۇرغان ئۇزۇن بويۇن غازغا ئوخشايدۇ. دەريا بويلاپ تاغ ئىچىگە كىرىپ كەتكەن قىسمىنى غازنىڭ بويىنىغا، يىغىپ تۇرغان قانىتىنى قاراقاش دەرياسى بىلەن چەكلەنگەن تەرەپكە، يېيىلغان قانىتىنى ئۈرىچى، ياۋا، قاراساي يېزىلىرى تەرەپكە، قۇيرۇقىنى يېڭىيەر يېزىسىغا، پۇتىنى كاۋاك يېزىسىغا ئوخشىتىش مۇمكىن.

ناھىيىمىزنىڭ 25 مىڭ 312 كۋادرات كىلومېتىرلىق زېمىن تەۋەلىكىدىكى بوستانلىق كۆلىمى 845 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، ئاران 3.34 پىرسەنتنى ئىگىلەيدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە تېرىلغۇ يەر 347 كۋادرات كىلومېتىر (520 مىڭ مو)، ئوتلاق 189 كۋادرات كىلومېتىر (283 مىڭ 900 مو)، سۇ يۈزى 26 كۋادرات كىلومېتىر (38 مىڭ 800 مو)، بۇرۇن ئېچىلىپ تاشلىنىپ كەتكەن ۋە ئېچىشقا بولىدىغان يەر 180 كۋادرات

كىلومېتىر (28مىڭ مو)، تاغلىق 2400 كۋادرات كىلومېتىر، قۇملۇق 19مىڭ 920 كۋادرات كىلومېتىردائىرىنى ئىگىلەيدۇ.

ناھىيىمىزنىڭ كىلىماتى قۇرغاق بولۇپ ھۆل - يېغىن ناھايىتى كەم. ئوتتۇرا قىسىم يېزىلارنىڭ يىللىق ھۆل - يېغىن مىقدارى35.2 مىللىمېتىر، تاغلىق جايلاردىكى ھۆل - يېغىن مىقدارى 84.7 مىللىمېتىر بولىدۇ. ئوتتۇرا قىسىمدىكى يېزىلارنىڭ ئوتتۇرىچە يىللىق تېمپېراتۇرىسى 11.6℃ بولۇپ، 1 - ئايدىكى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا — 6.3℃، 7 - ئايدىكى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 24.7℃ بولىدۇ. 1968 - يىلى 12 - ئاينىڭ 17 - كۈنى پەۋقۇلئاددە قاتتىق سوغۇق بولۇپ، تېمپېراتۇرا 23.7℃ — قا چۈشتى. 1973- يىلى 7 - ئاينىڭ 16 - كۈنى پەۋقۇلئاددە قاتتىق ئىسسىق بولۇپ، تېمپېراتۇرا 42.7℃ قا چىقتى. ناھىيىمىزنىڭ يىللىق كۈن نۇرى چۈشىدىغان ۋاقتى 2655 سائەت، بولۇتسىز ۋاقتى 190 كۈن ئەتراپىدا، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى چوڭ بولۇپ، ئاشلىق، پاختا، ئۈزۈم، ياڭاق قاتارلىق زىرائەت، مېۋىلەرنىڭ ياخشى ئۆسۈشىگە ئىنتايىن پايدىلىق. لېكىن ناھىيىمىزدە ئەتىياز مەزگىلىدە ئۈچ قېتىم ئەتراپىدا سەككىز بالدىن يۇقىرى بوران چىقىدۇ. ھەر قېتىملىق بوران تۆت سائەتتىن بىر سوتكىغا قەدەر داۋاملىشىدۇ. بۇنداق بورانلار دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنىڭ تەرەققىياتىغا ئېغىر قىيىنچىلىقلارنى پەيدا قىلىدۇ.

373 مىڭ 9 نوپۇسلۇق① ناھىيىمىزدە بۇ يىل بىر بازار، 15 يېزا، 261 مەمۇرىي كەنت، 1632 مەمۇرىي مەھەللە،

① 1996 - يىل ئاخىرىدىكى ئېنىق سان.

1670 تەبىئىي مەھەللە (كەنت) بار بولۇپ، ھەر بىر مەمۇرىي ۋە تەبىئىي كەنتنىڭ ئۆزىگە خاس ۋە سىڭىپ كەتكەن نام-ئاتىقى بار.

تەبىئىي مەھەللە — جىلغا-ساي، ئارقىلىق ئايرىلىپ تۇرۇش، بىر ئېرىق، بىر كۆل ئەتراپىغا ئولتۇرۇشلۇق قاتارلىق جۇغراپىيىلىك شارائىت، بىر جەمەت — بىر لەقەملىك بولۇش، دىنىي ئېتىقادى، مىللىي تەركىبى ئوخشاش بولۇش قاتارلىق ئىجتىمائىي ئىمكانىيەت ئاساسىدا ئۇزۇن يىللار داۋامىدا شەكىللەنگەن ئەڭ كىچىك جامائەت تۈركۈمىدۇر.

تەبىئىي كەنت دېگىنىمىز — بىر-بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن بىر نەچچە تەبىئىي مەھەللىنىڭ بىرلەشكەن قۇرۇلمىسىدۇر. چۆل-ساي، تاغ-ئېدىر، ئېقىنلار ئارقىلىق ئايرىلىپ تۇرغان بىر تەبىئىي مەھەللىنىڭ ئۆزىلا بىر تەبىئىي كەنت بولالايدۇ. بۇنداق تەبىئىي كەنتلەر تاغلىق رايونلاردا، دەريانىڭ بويىدىكى ساھىللاردا كۆپرەك ئۇچرايدۇ.

مەمۇرىي كەنت دېگىنىمىز — يېقىنقى 50 — 60 يىلدىن بۇيان مەمۇرىي، تەشكىلىي جەھەتلەردىن ئىدارە قىلىشقا (باشقۇرۇشقا) قولايلىق بولۇشى ئۈچۈن تەۋەلىك قۇرۇلمىسى ئۆزگەرتىلگەن ئاساسىي قاتلام بىرلىكىدۇر. ناھىيىمىزدە ئەسلىدىكى تەبىئىي كەنت قۇرۇلمىسى ساقلاپ قېلىنغان مەمۇرىي كەنتلەرمۇ ئاز ئەمەس.

# «قاراقاش» ئاتالغۇسى توغرىسىدا

«قاراقاش» دېگەن ئاتالغۇنىڭ قانداق كېلىپ چىق-قانلىقى توغرىسىدا خەلق ئارىسىدا بىر - بىرىگە ئوخ-شىمايدىغان بۇنداق ئۈچ خىل قاراش بىللە مەۋجۇت بولۇپ كەلمەكتە.

بىر خىلى: خوتەندىن ئەتىگەندە يولغا چىققان كىشى كەچ كىرىپ دەريانىڭ قېشى قارىيىپ كۆرۈنگەندە بۇ جاي-غا يېتىپ كەلگەنلىكتىن،دەرياغا «قاراقاش» دەپ نام بېرىپ قالغان ۋە بۇ نام يۇرتنىڭ نامى بولۇپ قال-غانىكەن.

يەنە بىر خىلى: قارا قاشتېشى كۆپ ئۈچرايدىغان بۇ دەريانىڭ بويىدىكى يۇرت — قاراقاش دەپ ئاتال-غانىكەن.

ئۈچىنچى بىر خىلى: قاراقاشلىقلار ئەتىگەندە خو-تەنگە قاراپ يولغا چىقسا،شەرق تەرەپتىكى كۈننىڭ شو-لىسى ئۇلارنىڭ پېشانىسىنى كۆيدۈرىدىكەن. چۈشتىن كې-يىن يۇرتىغا قاراپ يولغا چىقسا، غەرب تەرەپكە ئۆتكەن كۈننىڭ شولىسى ئۇلارنىڭ پېشانىسىنى كۆيدۈرىدىكەن. شۇڭلاشقا ئۇلارنىڭ قارىيىپ قالغان پېشانىسى قېشى بى-لەن قوشۇلۇپ قاراقاش دەپ ئاتالغانىكەن. (قاراقاش-لىقلارنىڭ پېشانىسى قارا، لوپلۇقنىڭ گەدىنى قارا دې-گەن تەمسىل شۇ چاغلاردا پەيدا بولغانىكەن.)

# ناھىيىمىزنىڭ تارىختىن بۇيانقى مەمۇرىي رايون ئۆزگىرىشلىرى

ناھىيىمىز بۇرۇنقى زامانلاردا تۇران دۆلىتى تەۋەلىكىدىكى كىرىيە پادىشاھلىقىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغانىكەن.

ناھىيىمىزنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى مەمۇرىي رايونلار ئۆزگىرىشىنى تۆۋەندىكى باسقۇچلارغا بۆلۈش مۇمكىن.

1762 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە :

خوتەن — جەنۇبىي شىنجاڭدىكى سەككىز شەھەرنىڭ بىرى بولۇپ، قاراقاش خوتەننىڭ باشقۇرۇشىدىكى ئالتە بەگلىكنىڭ بىرسى ئىدى. قاراقاش بەگلىكىدە تۆت مىڭلىك بار ئىدى (1000 ئەتراپىدا ئائىلە ياشايدىغان يۇرتلار — بىر مىڭلىك بولاتتى). 1919 - يىلى قاراقاش ناھىيىسى تەسىس قىلىنىشتىن بۇرۇنلا ئەسلىدىكى تۆت مىڭلىك، نوپۇسنىڭ كۆپىيىشىگە ۋە يۇرتلارنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ ئالتە مىڭلىككە ئاۋۇغانىدى:

1. زاۋا مىڭلىكى (ھازىرقى زاۋا يېزىسىدىكى جايلار).

2. تاغ مىڭلىكى (سايباغ يېزىسىنىڭ تاغلىق ۋە تاغقا يېقىن جايلىرى).

3. بارامسۇيى مىڭلىكى (ھازىرقى ئاقساراي، جاھانباغ، توۋەت يېزىلىرىنىڭ ھەم قاراقاش بازىرىنىڭ بىر قىسىم جايلىرى).

4. كۇيا مىڭلىكى (ھازىرقى كۇيا ۋە ئاقساراي يېزىلىرىنىڭ بىر قىسمى).

5. ماكۇي مىڭلىكى (ھازىرقى قويچى، پۇرچاقچى،

توخۇلا يېزىلىرى ھەم قاراقاش بازىرىنىڭ بىر قىسمى).
6. قاراساي مىڭلىكى (ھازىرقى قاراساي، ياۋا يېزىلىرى).
1919 ـ يىلىدىن كېيىن:
1913ـ يىلى خوتەن ناھىيىسى تەسىس قىلىنىپ قاراـ قاش بەگلىكىنى باشقۇردى. 1919ـ يىلى قاراقاش ناھىـ يىسى تەسىس قىلىنىپ خوتەننىڭ باشقۇرۇشىـدا بـولدى. بۇ چاغلاردا ئەسلىدىكى ئالتە مىڭلىك كۆپىيىپ 12 مىڭلىككە يەتتى:
1. يۇقىرى بارامسۇيى مىڭلىكى (ھازىرقى ئاقساراي يېزىسى).
2. تۆۋەن بارامسۇيى مىڭلىكى (تۇۋەت يېزىسى).
3. بۇخۋا مىڭلىكى (يېڭىيەر يېزىسى).
4. يۇقىرى قاياش مىڭلىكى (قاراقاش بـازىـرىنىڭ كۆپ قىسمى، پۇرچاقچى ۋە توخۇلا يېزىلىرىنىڭ بىر قىسىم جايلىرى).
5. تۆۋەن قاياش مىڭلىكى (قاراقاش بازىرىنىڭ ۋە پۇرچاقچى، ماڭلاي يېزىلىرىنىڭ بىر قىسىم جايلىرى).
6. يۇقىرى ماكۇي مىڭلىكى (توخۇلا يېزىسىنىڭ، قارا قاش بازىرىنىڭ ئاز بىر قىسىم جايلىرى، پۇرچاقچى يېزىـ سىنىڭ كۆپ قىسمى).
7. تۆۋەن ماكۇي مىڭلىكى (قويچى يېزىسى، پۇرچاقچى يېزىسىنىڭ ئاز بىر قىسمى).
8. يۇقىرى كۇيا مىڭلىكى (ئاقساراي، كـۇيا يېزىلىـ رىنىڭ بىر قىسىم جايلىرى).
9. تۆۋەن كۇيا مىڭلىكى (كۇيا يېزىسىنىڭ كۆپ قىسمى).
10. قاراساي مىڭلىكى.
11. ياۋا مىڭلىكى.
12. زاۋا مىڭلىكى (زاۋا، سايباغ يېزىلىرى).

1937 ـ يىلدىن كېيىن :

1937 ـ يىلى ماخۇسەن قوغلىۋېتىلگەندىن كېيىن مىڭلىك تۈزۈمى بىكار قىلىنىپ، رايون، كەنت تۈزۈمى بارلىققا كەلدى. ناھىيىمىزدە سەككىز رايون ۋە 65 كەنت تەسىس قىلىنىپ رايون ۋە كەنت باشلىقلىرى تەيىنلەندى.

1944 ـ يىلدىن كېيىن:

ناھىيىلىك ھۆكۈمەت بۇرۇنقى سەككىز رايوننى سەككىز يېزا ـ بازارغا ئايرىپ بىۋاسىتە باشقۇردى.

1 ـ رايون (ئاقساراي يېزىسىنىڭ، توخۇلا يېزىسىنىڭ، قاراقاش بازىرىنىڭ بىر قىسىم جايلىرى) بەش يېزا ـ بازارغا؛ 2 ـ رايون (ھازىرقى توۋەت يېزىسىنىڭ دائىرىسى) تۆت يېزىغا؛ 3 ـ رايون (ھازىرقى قويچى ۋە پۇرچاقچى يېزىسىنىڭ قاراقاش بازىرىنىڭ بىر قىسمى) ئۈچ يېزىغا؛ 4 ـ رايون (ھازىرقى كۇيا يېزىسىنىڭ بىر قىسمى) ئۈچ يېزىغا؛ 5 ـ رايون (ھازىرقى پۇرچاقچى يېزىسىنىڭ بىر قىسمى، كۇيا يېزىسىنىڭ بىر قىسمى) ئىككى يېزىغا؛ 6 ـ رايون (ھازىرقى كۇيا يېزىسىنىڭ، زاۋا يېزىسىنىڭ بىر بۆلەك جايلىرى) تۆت يېزىغا؛ 7 ـ رايون (ھازىرقى قاراساي، ياۋا يېزىلىرى) تۆت يېزا ـ بازارغا؛ 8 ـ رايون (ھازىرقى سايباغ يېزىسى ۋە زاۋا يېزىسىنىڭ بۇرۇنقى بازىرى) ئۈچ يېزا ـ بازارغا بۆلۈندى.

1948 ـ يىلدىن كېيىن:

بۇرۇنقى 28 يېزا ـ بازار بىرلەشتۈرۈلۈپ بىر بازار، 12 يېزا، 88 كەنت تەسىس قىلىندى.

ئازادلىقتىن كېيىن:

ئازادلىقتىن كېيىن بۇرۇنقى بىر بازار، 12 يېزا، 88 كەنت ئاساسىدا يېزا رايونغا ئۆزگەرتىلىپ، 13 رايوننىڭ باشقۇرۇشىدا 84 يېزا تەسىس قىلىندى.

1- رايون (ھازىرقى قاراقاش بازىرىنىڭ ۋە توخۇلا، جاھانباغ يېزىلىرىنىڭ بىر بۆلۈك جايلىرى) يەتتە يېزا (يېڭىشەھەر، كونىشەھەر، سىمزى، قارىمان، دۆڭ داراسكال، داراسكال، ئىشقىلا) غا بۆلۈندى.

2- رايون (ھازىرقى زاۋا يېزىسىنىڭ بىر قىسمى، ئاقساراي يېزىسى) يەتتە يېزا، (ئاقساراي، چۇناقلا، ئېلىشبېشى، گۈلباغ، ئىشتاچى، قۇمباغ) غا بۆلۈندى.

3- رايون (ھازىرقى سايباغ يېزىسىنىڭ دائىرىسى) ئالتە يېزا (قوشلۇق، سايباغ، تۇقاييا، توزاقچى، ئۇجات، ئۇزۇن ئارال) غا بۆلۈندى.

4- رايون (ھازىرقى زاۋا يېزىسىنىڭ دائىرىسى) سەككىز يېزا (يار بېشى، قۇمئېرىق، مىلا، باشاقچى، ئۆتەڭ، باشئۇرىچى، ئۇرىچى، شەيدان) غا بۆلۈندى.

5- رايون (ھازىرقى ياۋا يېزىسى) بەش يېزا (مىڭمو، باشئاۋات، چارشەنبە بازار، چىلەك، بېيۇلاق) غا بۆلۈندى.

6- رايون (ھازىرقى قاراساي يېزىسى) بەش يېزا (غازىغىل، شالدىراڭ، قوشكۆل، يېڭىئاۋات، خانئاۋات) غا بۆلۈندى.

7- رايون (ھازىرقى ئاقساراينىڭ ئاز بىر قىسمى، كۇيانىڭ كۆپ قىسمى) يەتتە يېزا (قاقلىق، ئاچچىغۆي، ھالۇ، كۇيا، قارا قوزۇق، پاۋان، جىلغا) غا بۆلۈندى.

8- رايون (ماڭلاي، پۇرچاقچى، كۇيانىڭ بىر قىسىم يەرلىرى) يەتتە يېزا (تاخسا، ماڭلاي، ھالۇ، گادۇي، يىلىڭۋا، قارىلا، ياغاچچى) غا بۆلۈندى.

9- رايون (ھازىرقى پۇرچاقچى يېزىسى) ئالتە يېزا (قۇدۇقلا، پۇرچاقچى، باشجاي، ئاياغجاي، تۈگمەنئېرىق، كاسا) غا بۆلۈندى.

10- رايون (هازىرقى قوچى يېزىسى) ئالتە يېزا (قازاق، كۆكيار، يېڭىئۆستەڭ، تۇتلۇق، تۆۋەن تۇتلۇق، باچۇق) غا بۆلۈندى.

11- رايون (جاھانباغ، توخۇلا يېزىلىرىنىڭ ۋە قاراقاش بازىرىنىڭ بىر قىسمى) يەتتە يېزا (ئۇزۇنئېرىق، بۇغۇچى، توخۇلا، قاراتام، قاياش، ئاقتام، ئالتۇنچى) غا بۆلۈندى.

12- رايون (قاراقاش بازىرىنىڭ، تۆۋەت يېزىسىنىڭ بىر قىسمى) بەش يېزا (ئەسكى، سۇپىلا، تۆۋەت، چورۇقلا، ئاتباش) غا بۆلۈندى.

13- رايون (قاراقاش بازىرىنىڭ، تۆۋەت، يېڭىيەر يېزىلىرىنىڭ بىر قىسىم جايلىرى) يەتتە يېزا (ئاتباش، يۇقىرى چاقار، تۆۋەن چاقار، يۇقىرى ئەسكى، تۆۋەن ئەسكى، يېڭىيەر، سۇكۇلۇك) كە بۆلۈندى.

1956 يىلى:

بۇ يىل يېزا ئىگىلىكىنى كوپېراتسىيىلەشتۈرۈش باشلىنىپ بۇرۇنقى 13 رايون 11 رايونغا ئۆزگەرتىلدى.

ئەسلىدىكى 1 - رايون بىلەن 6- رايون قوشۇلۇپ 6- رايون بولدى.

ئەسلىدىكى 7 - رايون بىلەن 8- رايون قوشۇلۇپ 7- رايون بولدى.

ئەسلىدىكى 9- رايون 8- رايون بولدى.

ئەسلىدىكى 10- رايون 9- رايونغا، ئەسلىدىكى 11 - رايون 10- رايونغا، ئەسلىدىكى 12 - ۋە 13- رايونلار قوشۇلۇپ 11- رايونغا ئۆزگەرتىلدى.

1958 - يىلى:

ئەسلىدىكى 11 رايون ئاساسىدا سەككىز خەلق گۇڭشېسى قۇرۇلدى.

1- رايون «1- ماي» خەلق گوڭشىسى
2- رايون «سەكرەش» خەلق گوڭشىسى
3 - ۋە 4 - رايون « جەددىي ئىلگىرىلەش » خەلق گوڭشىسى
5- ۋە 6- رايون«قىزىل بايراق» خەلق گوڭشىسى
7- رايون «نۇرلۇق» خەلق گوڭشىسى
8- ۋە 9- رايون «راكىتا» خەلق گوڭشىسى
10- رايون «يۇقىرى ئۆرلەش» خەلق گوڭشىسى
11- رايون «تىنچلىق» خەلق گوڭشىسى
1962 - يىلدىن كېيىن:

دائىرىسى كەڭ، باشقۇرۇشقا ئەپسىز بولۇپ قالغانلىقى نەزەردە تۇتۇلۇپ ئەسلىدىكى 3- رايون «جەددىي ئىلگىرىلەش» گوڭشىسىدىن ئايرىلىپ «ئالغا» خەلق گوڭشىسى قۇرۇلدى. ئەسلىدىكى 5 - رايون«قىزىل بايراق»گوڭشىسىدىن ئايرىلىپ«قىزىل يۇلتۇز» گوڭشىسى قۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن ناھىيە تەۋەلىكىدە ئون گوڭشى بولدى.1967 - يىلى «تىنچلىق» گوڭشىسىنىڭ نامى «ئەلەمگە ماھىر» غا ئۆزگەرتىلدى.

1975 - يىلى:

1975 - يىلى ئەسلىدىكى «يۇقىرى ئۆرلەش» گوڭشىسىنىڭ دېھقانچىلىق مەيدانى (لەمپە)، «ئەلەمگە ماھىر» گوڭشىسىنىڭ دېھقانچىلىق مەيدانى (كاۋاك)، «راكىتا» گوڭشىسىنىڭ دېھقانچىلىق مەيدانى (تۇزلۇقئۇتاغ) بىرلەشتۈرۈلۈپ «شەرق قىزاردى» گوڭشىسى قۇرۇلدى.

شۇ يىلى «نۇرلۇق» گوڭشىسىنىڭ، «1-ماي» گوڭشىسىنىڭ، «سەكرەش»گوڭشىسىنىڭ، «جەددىي ئىلگىرىلەش» گوڭشىسىنىڭ دېھقانچىلىق مەيدانلىرى بىرلەشتۈرۈلۈپ«شەرق شامىلى»گوڭشىسى قۇرۇلدى. بۇنىڭ بىلەن بۇرۇنقى ئون گوڭشى 12 گە كۆپەيدى.

1978- يىلى:

يەر نامىلىرى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، گۈڭشېلارنىڭ ئەنئەنىۋى نامى ئىشلىتىلىشكە باشلىدى.

1982- يىلى:

پۈرچاقچى يېزىسىنىڭ دائىرىسى تولىمۇ كېڭىيىپ كەتكەنلىكتىن ئەسلىدىكى 9- رايوننى ئايرىپ «قويچى» گۈڭشېسى قۇرۇلدى. بۇنىڭ بىلەن گۈڭشېلار 13كە كۆپەيدى.

1984- يىلى:

مەركەز ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن گۈڭشېلارنى يېزا - بازارلارغا ئۆزگەرتىش خىزمىتى ئېلىپ بېرىلىپ، 16 يېزا، بىر بازار تەسىس قىلىندى.

قاراساي، ياۋا، ئۈرىچى، زاۋا، سايباغ، قويچى گۈڭشېلىرى بۇرۇنقى تەۋەلىكى بىلەن يېزىغا ئۆزگەردى.

قاراقاش بازىرى: قاپاقلا گۈڭشېسىنىڭ 1-، 10-، 11-، 12-، 13-، 14-، 15-، 16-، 17-، 18- چوڭ ئەترەتلىرى، 9- چوڭ ئەترەتنىڭ 4-، 5-، 6- كىچىك ئەترەتلىرى، 8- چوڭ ئەترەتنىڭ 5-، 6- كىچىك ئەترەتلىرى، 5 - چوڭ ئەترەتنىڭ 4 - كىچىك ئەترىتى، ئەسلىدىكى تۇۋەت گۈڭشېسىنىڭ 1 - باشقۇرۇش رايونىدىكى ئۈچ چوڭ ئەترەت، 2 - باشقۇرۇش رايونىنىڭ 1-، 2- چوڭ ئەترەتلىرى، 3 - چوڭ ئەترەتنىڭ 1-، 2- كىچىك ئەترەتلىرى، ئەسلىدىكى توخۇلا گۈڭشېسىنىڭ 5- چوڭ ئەترىتىنى ئۆز دائىرىسىگە ئالدى.

كۇيا يېزىسى: ئەسلىدىكى كۇيا يېزىسىنىڭ 2-، 3-، 4-، 5-، 6-، 7-، 8-، 9-، 10- باشقۇرۇش رايونلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالدى.

ئاقساراي يېزىسى: ئەسلىدىكى ئاقساراي گۈڭشېسىنىڭ 3-، 4-، 5-، 6- باشقۇرۇش رايونلىرىنى، 8- باشقۇرۇش رايونىنىڭ 2 - چوڭ ئەترىتىنى، 2 - باشقۇرۇش رايونى 2 - چوڭ ئەترىتىنىڭ 3-، 4- كىچىك ئەترەتلىرىنى، ئەسلىدىكى كۇيا گۈڭشېسىنىڭ 1 - باشقۇرۇش رايونى 1-، 2-، 3- چوڭ ئەترەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالدى.

توخولا يېزىسى: ئەسلىدىكى توخولا گوڭشېسىنىڭ 6-، 7-، 8-، 9-، 10-، 11-، 15-، 16-، 17- چوڭ ئەترەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدى.

جاھانباغ يېزىسى: ئەسلىدىكى ئاقساراي يېزىسىنىڭ 1- باشقۇرۇش رايونى، 2- باشقۇرۇش رايونىنىڭ 1-، 3- چوڭ ئەترىتى، 2- چوڭ ئەترەتنىڭ 1-، 2- كىچىك ئەترەتلىرى، 7- باشقۇرۇش رايونى، 8- باشقۇرۇش رايونىنىڭ 1-، 3-، 4- چوڭ ئەترەتلىرى، ئەسلىدىكى توخولا يېزىسىنىڭ 1- باشقۇرۇش رايونىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدى.

پۈرچاقچى يېزىسى: ئەسلىدىكى پۈرچاقچى گوڭشېسىنىڭ 3-، 4-، 5-، 6-، 7-، 8-، 9-، 10-، 11- باشقۇرۇش رايونلىرىنى، قاپقالا گوڭشېسىنىڭ 9- چوڭ ئەترىتىنىڭ 1-،2-، 3- كىچىك ئەترەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدى.


ماڭلاي يېزىسى: ئەسلىدىكى توخولا گوڭشېسىنىڭ 1-، 2- باشقۇرۇش رايونلىرىنى، قاپقالا گوڭشېسىنىڭ 2-، 3-، 4- چوڭ ئەترەتلىرىنى، 5- چوڭ ئەترەتنىڭ 1-، 2-، 3- كىچىك ئەترەتلىرىنى، 6-، 7- چوڭ ئەترەتلىرىنى، 8- چوڭ ئەترەتنىڭ 1-، 2-، 3-، 4- كىچىك ئەترەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدى.

تۆۋەت يېزىسى: ئەسلىدىكى تۆۋەت گوڭشېسىنىڭ 3-، 4-، 5-، 6-، 7-، 8- باشقۇرۇش رايونلىرىنى، 2- باشقۇرۇش رايونى، 3- چوڭ ئەترەتنىڭ بىر قىسىم جايلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدى.

يېڭىيەر يېزىسى: ئەسلىدىكى تۆۋەت گوڭشېسىنىڭ 9-، 10-، 11- باشقۇرۇش رايونلىرىنى، كاۋاك گوڭشېسىنىڭ كۆيۈكئېغىل كەنتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدى.


كاۋاك يېزىسى: ئەسلىدىكى تەۋەلىكىدىن كۆيۈكئېغىل كەنتىدىن باشقا جايلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدى.

تۇزلۇقتۇتاغ يېزىسى: ئەسلىدىكى كاۋاك گوڭشېسىنىڭ 6-، 7- باشقۇرۇش رايونلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدى. 1988- يىلى قايتىدىن كاۋاك يېزىسىغا قوشۇۋېتىلدى.



تەكلىماكان
خوتەن
شەرق
غەرب
جەنۇب
1:200000

# خەرىتىدىكى بەلگىلەرگە ئىزاھات



چوڭ يول (ماي يولى)

تىراكتور يولى

ھارۋا يولى

چىغىر يول

دەريا

توغان ( دامبا )

تەبىئىي ئېقىن


پەسىللىك ئېقىن

سازلىق

سۇ ئامبىرى

قۇملۇق

يېزا بازارلىرىنىڭ چېگرا سىزىقى


1:250000
قاراقاش بازىرى

# قاراقاش بازىرى

مۇھەممەتئىمىن قۇربان، روزى مۇھەممەت مۇتەللىپ

1700 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە بەھرام سۇيى مەڭلىكى (بەھرام سۇيى ئۆستىڭىدىن سۇ ئىچىدىغان يۇرتلار) غا تەۋە بولۇپ، نوپۇسىنىڭ كۆپىيىشىگە، يۇرتلارنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، 1919 - يىلدىن كېيىن قاياش مەڭلىكى تەسىس قىلىنغانىكەن. 1937 - يىلدىن كېيىن 1 - رايوننى ۋە 3 - رايوننىڭ بىر قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالدى. 1944 - يىلدىن كېيىن ھاياتلىق بازىرى، قۇرۇلۇش بازىرى، شادلىق يېزىسى، ئېسىللەر يېزىسىدىن ئىبارەت ئىككى بازار، ئىككى يېزا بولدى. 1948 - يىلدىن كېيىن بىرلەشتۈرۈلۈپ ھاياتلىق بازىرى — شادلىق يېزىسى بولدى. 1949 - يىلدىن كېيىن 1 - رايوننى ۋە ناھىيە بازىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالدى. 1958 - يىلى «1- ماي» خەلق گۇڭشېسى قۇرۇلۇپ، 1978- يىلى قاپاقلا گۇڭشېسى دەپ ئاتالدى. 1984- يىلى توۋەت گۇڭشېسىدىن ئالتە چوڭ ئەترەت، توخۇلا گۇڭشېسىدىن بىر چوڭ ئەترەت قوشۇلۇپ قاراقاش بازىرى تەسىس قىلىندى.

قاراقاش بازىرىنىڭ تۇپرىقى مۇنبەت، سۈيى مول، ئۆيلەر زىچ، يېرى ئاز، نوپۇسى جىق، ھەر خىل ھۈنەرۋەن - تىجارەتچىلەر كۆپ، ئاۋات يۇرتتۇر. قاراقاش بازىرى شەرقتە ناھىيە بازىرىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ قاراقاش دەرياسى بىلەن، شەرقىي شىمال تەرەپتە توۋەت يېزىسى، غەربىي شىمال تەرىپىدە پۇرچاقچى، غەربتە ماگلاي،

جەنۇبتا توخۇلا. شەرقىي جەنۇبتا جاھانباغ يېزىلىرى بىلەن چېگرىلىنىدۇ.

1996 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا قاراقاش بازىرىدا 86 مەمۇرىي مەھەللە، 21 مەمۇرىي كەنت ، 6061 ئائىلە، 26 مىڭ 497 نوپۇس، 22 مىڭ 153 مو تېرىلغۇ يەر بار. پۈتۈن يىللىق ئاشلىق مەھسۇلاتى 12 مىليون 460 مىڭ 536 كىلوگرامغا يېتىپ، بۇلتۇرقىدىن 1.75% ئاشتى. پاختا (چىگىتسىز) 180 مىڭ 733 كىلوگرامغا تۆۋەنلەپ، بۇلتۇرقىدىن 105 كىلوگرام كېمەيدى. پىلە مەھسۇلاتى 16 مىڭ 144 كىلوگرامغا مۇقىمدالدى. چارۋا 36 مىڭ 338 تۇياققا يېتىپ بۇلتۇرقىدىن 0.34% ئاشتى. كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىم 576 يۈەنگە تۆۋەنلەپ بۇلتۇرقىدىن 55 يۈەن ئازايدى.

## قاراقاش بازىرىدىكى كەنت نامىلىرى

⊙ قاراقاش بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى ئورگىنى

1. قاپاقلا
2. تۆۋەن قاپاقلا
3. چىمەنباغ
4. ئالتۇنچى
5. قاراباغ
6. ئاياغ قاراباغ (بور)
7. چورۇقلا
8. كۇدۇڭ
9. توۋەت ئېرىق
10. ئاياغ ئاتباش
11. ئاتباش
12. ئاراباغ
13. يېڭىشەھەر
14. كونىشەھەر
15. تانا يېپىشى
16. ئويباغ
17. قېرىمچى
18. سىزى
19. باشلەنگەر
20. قاياش
21. دۈشەنبە بازار

چىگرىداش يېزىلىرىدىن خەرىتىگە چۈشكەن كەنتلەر:

تۇۋەت يېزىسىدىن: 22. چاھارباغ، 23. تۇۋەت

پۇرچاقچى يېزىسىدىن: 24. ئاياغ قۇدۇقلا، 25. ئال تۇنچى، 26. چىنىباغ.

توخۇلا يېزىسىدىن: 27. يېڭىباغ.

## قاپاقلا

نەچچە يۈز يىللار بۇرۇن بۇ جايدا ئەك دەسلەپتە ئولتۇراقلاشقان كىشىلەر ئۆيلىرىنىڭ ئەتراپىغا قاپاق تېرىغانلىقتىن بۇلارغا «قاپاقلا» دەپ لەقەم سىڭىپ قالغانىكەن. كېيىنچە بۇ ئاتالغۇ كەنتنىڭ نامى بولۇپ قاپتۇ.

يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ كەنتلىك كىشىلەرنىڭ بالا - چاقىلىرىنىڭ ۋە باشقا يۇرتلۇق كىشىلەرنىڭ كۆچۈپ كىرىپ تېرىقچىلىق قىلىشى نەتىجىسىدە بۇ كەنتنىڭ ئايىغىدا بىنا بولغان يېڭى يۇرت — ئاياغ قاپاقلا دەپ ئاتالدى.

1940 - يىللىرى ھازىرقى ناھىيىلىك چاي - چارۋا مەھسۇلاتلىرى شىركىتىنىڭ ئورنىدا قاپاق لەقەملىك كىشىنىڭ ھەشىمەتلىك ئۆيلىرى ۋە بىر نەچچە مو مېۋىلىك بېغى بار ئىدى.

بۇ كەنتتە 1996 - يىل ئاخىرىدا ئالتە مەھەللە، 470 ئائىلە، 1821 نوپۇس، 1649.5 مو تېرىلغۇ يەر بار.

بۇ كەنتتە شىلان، سۆگۆچ، باخشى دەپ ئۈچ مەھەللە بار.

### ساراك مەھەللە

تۆۋەن قاپاقلا كەنتىدە «ساراك ئاي.

مىقى» دەپ ئاتىلىدىغان بىر مەھەللە بار. مەتتوختى ھاجىمىنىڭ ئېيتىشىچە، يۈز يىللار بۇرۇن بۇ مەھەللىنىڭ دېھقانلار بىلەن ئۇ مەھەللىنىڭ دېھقانلار سۇغا نۆۋەت تالىشىپ ئۇرۇشۇپ قاپتۇ، دەسلەپتە ئۇ مەھەللىكلەر پالتا - كەتمەنلەر بىلەن بۇ مەھەللىنىڭ دېھقانلاردىن بىر نەچچە كىشىنىڭ كاللا - قاپاقلىرىنى قانغا بوياپتۇ، ئۆز مەھەللىسىدىكىلەرنىڭ ئانىي (بوزەك) بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىغا چىدىمىغان مەيدىسىدە ئەركەك تۈكى بار بىر دېھقان جاننى ئالقانغا ئېلىپ بىسى پارقىراپ تۇرغان بىر پالتىنى ئويناتقان پېتى قارشى تەرەپكە ھۇجۇم قىپتۇ. ئۇ مەھەللىدىكىلەر پاتىپاراق بولۇپ قېچىپتۇ. بۇ پالۋان غەزىپىنى ياندۇرالماي ئىككى ئادەمنى چېپىپ ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ. ئۇ مەھەللىكىلەر بۇ مەھەللىكلەر ئۈستىدىن بېگىمگە ئەرز سۇنۇپتۇ. ئەرز خېتىدە قاتىل چېپىپ ئۆلتۈرۈشكە ھۆكۈم قىلىنمىسا، قانغا - قان، جانغا - جان ئالمىغۇچە شۈك (جىم) تۇرمايدىغانلىقىنى ئالاھىدە ئاگاھلاندۇرۇپتۇ.

بەگ دەلىل - ئىسپاتلارنى ئەمەلىيلەشتۈرگەندىن كېيىن «قاتىل» نى چېپىپ ئۆلتۈرۈشنى پەرمان قىپتۇ. بۇ مەھەللىدىكىلەر «قاتىل» نى قۇتقۇزۇۋېلىش ئۈچۈن بەگنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ:

— بېگىم جانابلىرى، ئۆزلىرى «ھارۋىدا خوت يوق، ساراڭغا سوت يوق» دېگەن ھېكمەتنى ئاڭلىمىغانمىدىلە؟ ئۆزلىرى ئەزەلدىن ساراڭلار گۇناھ قىلسا كەچۈرۈم قىلىنىپ كېلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ بىر ساراڭ ئادەمنى ئۆلۈمگە بۇيرۇدىلا، — دەپ تۇرۇۋاپتۇ.

بەگ «قاتىل» نى سىناپ باقماقچى، ئۇڭ ئىككەنلىكى ئىسپاتلانسا ھۆكۈمنى دەرھال ئىجرا قىلماقچى بولۇپتۇ.

ئىككى تەرەپنىڭ ۋەكىللىرىنى بىر سورۇنغا جەم قىلىپ «قاتىل» نى يالاپ كەلتۈرۈپتۇ، بىر جام قارا ئۈجمە بىلەن بىر جام قارا قوڭغۇزنى «قاتىل» نىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. «قاتىل» ئىككى جامغا سەپسېلىپ قارىغاندىن كېيىن بىر تال قوڭغۇزنى تۇتۇپلا ئاغزىغا سېلىپ چايناپ يۇتۇۋېتىپتۇ. بەگ شۇ مەيداندىلا:

— ساراڭنى جازالاش ئادىللىق جۈملىسىدىن ئەمەس، — دەپ «قاتىل» نى ئازاد قىلىۋېتىپتۇ، ئۇ مەھەللىلىكلەر غىڭ قىلالماپتۇ. شۇ ۋەقەدىن كېيىن بۇ مەھەللىگە «ساراڭ مەھەللە» دېگەن نام سىڭىپ قالغانىكەن،

## ساتىرىك شائىر ئەخمەتشاھ قاراقاشى

ساتىرىك شائىر ئەھمەتشاھ قاراقاشى تەخمىنەن 1740 - يىلى قاراقاش ناھىيىسىنىڭ قاپاقلا كەنت هالۇ (هالبۇيى) مەھەللىسىدە مۇبارەكشاھ ئىسىملىك بىر دىنىي ئۆلىما ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. شائىرنىڭ دادىسى مۇدەررىس بولۇپ، كۆپلىگەن تالىپلىرى بار ئىدى. مەدرىستە تالىپلار دىنىي ئىلىم ئۆگەنگەندىن باشقا، ئەرەب، پارس تىللىرى بويىچە ئىلىم تەھسىل قىلاتتى. ئەدەبىيات، تارىخ ۋە ئىلمىي نۇجۇم ئۆگىنەتتى. شائىر ياش چاغلىرىنى دادىسىنىڭ ئەنە شۇنداق ئەۋزەل شارائىتى ئاستىدا ئۆتكۈزدى ۋە شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ ئەدەبىيات ئىلمىي تەرەپكە كۆپرەك قىزىقىشتا بولدى.

شائىر 18 ياشقا كىرگەندە دادىسىنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە قەشقەرگە بېرىپ «خانلىق مەدرىس» تە ئوقۇشقا باشلىدى. بۇ يەردىكى قايناق ئىلمىي هايات شائىرنى

تېخىمۇ كۈچلۈك ئىشەنچ ۋە ئۈمىد بىلەن تەمىنلەپ، ئۇنى ئىلىم - بىلىمنىڭ كەڭرى شارائىتىغا — تەپەككۇرنىڭ پاساھەت ۋە بالاغەت مۇھىتىغا باشلاپ كىردى.

شائىر 24 ياشقا كىرگەن يىلى خانلىق مەدرىسىدىكى ئوقۇش ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ئانا يۇرتى — قاراقاشقا قايتىپ كەلدى، ھەمدە شۇ چاغدىكى يۇرت مۆتىۋەرلىرى ئىنايىتۇللا مۇپتىنىڭ ئىشەنچىسى بويىچە داڭلىق گۈزەر مەسچىتىدە ئىماملىققا تەيىنلەندى.

شائىر خەلقىنىڭ ئىشەنچىسىنى كۆزدە تۇتۇپ، شەرىئەت ئىشلىرىغا قاتناشقاندىن باشقا، ۋاقتىنى ئاساسەن تېۋىپلىق كەسپى بىلەن ئۆتكۈزۈپ، كىتاب ئوقۇش ۋە يېزىقچىلىق ئىشلىرى بىلەن مۇستەقىل ھايات كەچۈرۈشكە باشلىدى. 1828 - يىلى 88 يېشىدا كېسەل سەۋەبى بىلەن ئالەمدىن ئۆتتى.

شائىر ئەخمەتشاھنىڭ خەلق ھاياتىغا چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەن مەشھۇر شېئىرى — «سالامنامە» بۈگۈنگە قەدەر ئۆزىنىڭ قەدىر - قىممىتىنى ۋە گۈزەللىكىنى ساقلاپ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرۈپ ئوقۇيدىغان مەنىۋى مىراسى بولۇپ كەلمەكتە.

شائىرنىڭ نەسەب ۋارىسى ئابدىقادىر ئاخۇننىڭ تەكىتلىشىچە: شائىرنىڭ تالىپلىرى تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن بىر دانە قول يازما بار بولۇپ، بۇ كىتاب 1968 - يىلى مەدەنىيەت ئىنقىلابى بورىنىدا يوق بولغان. بۇنىڭدا 30 پارچىغا يېقىن غەزەل - مۇخەممەسلەر ۋە ھەجۋىيلەر بار بولۇپ، ئەڭ ئاياغ ھەجۋى پارچە شېئىرىمۇ كۆچۈرۈلگەن.

شائىرنىڭ «سالامنامە» (نەزەر مۇپتىغا خەت) ناملىق ساتىرىك شېئىرى توغرىسىدا مۇنداق بىر پاراڭ ساق-

لىنىپ كەلمەكتە: شائىر ئەخمەتشاھ قەشقەردىكى ئوقۇشنى تاماملاپ قايتار ۋاقتىدا بىللە ئوقۇغان ئاقسۇلۇق ساۋاقدىشى نەزەر مۇپتىغا ياخشى بىر ئات ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلىپ پۇل ئەۋەتىدۇ، نەزەر مۇپتى ئەۋەتكەن ئات شېئىردا پاش قىلىنغاندەك ئەيىب-نۇقسانلىغا ئىگە ئات بولغانلىقىتىن شائىر غەزەپلىنىپ «سالامنامە»نى يېزىپ نەزەر مۇپتىغا ئەۋەتىدۇ. نەزەر مۇپتى چوڭ بىر بەزمە ئۈستىدە ئولتۇرغاندا بۇ شېئىر سالامنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ خۇشاللىقىدا بىر تالىپقا ئۈنلۈك ئوقۇپ كۆپچىلىككە ئاڭلىتىشنى، شۇنىڭ بىلەن تېخىمۇ يۇقىرى ئىناۋەتكە ئىگە بولۇشنى كۆزلەيدۇ.

نەزەر مۇپتىنىڭ تالىپى شېئىرنى دېكلاماتسىيە ئاھاڭىدا ئوقۇپ ئوتتۇرا قىسمىغا كەلگەندە نەزەر مۇپتىنىڭ چىرايى ئۆزگۈرۈپ ئىلگىرىكى خۇشاللىقتىن ئەسەرمۇ قالمايدۇ. ئۇ، تالىپنىڭ پېشىنى نەچچە قېتىم تارتىسىمۇ بىر ئوقۇغىنىچە ئاخىرىغىچە تۈگىتىدۇ.

نەزەر مۇپتى نەچچە كۈنگىچە گېلىدىن غىزا ئۆتمەي قاتتىق ئازابلىنىدۇ. نەتىجىدە شائىر ئەخمەتشاھنى ھەجۋىي قىلىدىغان «ياپىلاق» ناملىق شېئىرنى يېزىپ ئەۋەتىدۇ!

شائىرنىڭ تالىپلىرى كۆچۈرگەن توپلامغا نەزەر مۇپتىنىڭ ئەنە شۇ «ياپىلاق» شېئىرىمۇ كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، بۇ توپلامنىڭ يوقۇلىشى كىشىنى بەكمۇ ئەپسۇسلاندۇرىدۇ. لېكىن شائىرنىڭ «نەزەر مۇپتىغا خەت» شېئىرى بۈگۈنگىچە خەلقىمىزنىڭ قەلبىدە مۆھۆر كەبى ئېنىق ساقلىنىپ كەلمەكتە.

كۆپلىگەن ئىخلاسمەنلەر شائىرنىڭ «پۇل»، «شاھ پولۇ»، «مېۋىلەر جېدىلى»، «دوڭغاق»، «ھەزرەت» قاتار-

لىق داڭلىق ھەجۋىيلىرىنىڭ بارلىقىنى، ئۇنى خەلق زامانلاردىن بېرى ئوقۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى قەيت قىلىدۇ.

ئىلىم سۆيگۈچى ئەۋلادلارنىڭ بۇ مەنىۋى بايلىقلارنى داۋاملىق ئىزدىشىنى تەۋسىيە قىلىمىز.

## قاراباغ

بۇنىڭدىن نەچچە يۈز يىللار ئىلگىرى بۇ يەردە باغلىرىغا كۈن چۈشمەيدىغان بىر جۇۋازچى ئولتۇرىدىكەن. بىر كۈنى ياغ تارتتۇرىدىغان بىر ئادەم بۇ جۇۋازچىنىڭ ئۆيىنى تاپالماي بىرسىدىن سورىغىنىكەن:

— ئەنە، ئاۋۇ كۆرۈنگەن قارا باغقا بارسىڭىز ئۆيى شۇ يەردە، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. شۇ چاغدىن باشلاپ بۇ مەھەللىگە «قاراباغ» دەپ ئىسىم سىڭىپ قاپتۇ.

بۇ كەنتتە 1996 - يىل ئاخىرىدىكى سانلىق مەلۇماتتا ئۈچ مەھەللە، 282 ئائىلە، 1179 نوپۇس، 804.5 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## ئالتۇنچى

بۇ جاي ئەسلىدە ماغلاي يېزىسىدىكى ئالتۇنچى كەنتى بىلەن بىر گەۋدە ئىدى. بەھرام سۇيى ئۆستىڭىدىن سۇ ئىچىدىغان مەھەللىلىرى سۇغىرىشتىكى قىيىنچىلىقنى ئاسانلاشتۇرۇش زۆرۈرىيىتى بىلەن 1984 - يىلىدىن باشلاپ قاراقاش بازىرىغا تەۋە قىلىنىپ يەنىلا ئالتۇنچى دەپ ئاتالدى. لېكىن بۇ جايدىكى كىشىلەرنىڭ كۆپچىلىكى ناماز ئوقۇش، جەسەت دەپنە قىلىشلاردا ماغلاي يېزىسىنىڭ ئالتۇنچى كەنتىگە بارماقتا.

1996 - يىل ئاخىرىدا بۇ كەنتتە ئۈچ مەھەللە، 221 ئائىلە، 840 نوپۇس، 777.5 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## چورۇقلا

بۇرۇن بۇ جايدا چورۇق تىكىپ ساتىدىغان كىشىلەر جىق بولغانلىقتىن ئۇلارنىڭ مەھەللىسى چورۇقلا دەپ ئاتالغانىكەن. كېيىنچە بۇ ئاتالغۇ كەنتنىڭ نامى بولۇپ قاپتۇ ①. تېرىدىن تىكىلىدىغان بۇ ئاياغ كىيىمنىڭ تاقىسى يوق بولۇپ، يېنىك، مېڭىشقا ئەپلىك بولغانلىقتىن ئەرلەر كىيىپلا قالماي، قىز - ئاياللارمۇ كىيەتتى. يېقىنقى 50 — 60 يىلدىن بۇيان كىشىلەر چورۇق كىيمىگەنلىكتىن بۇ ھۈنەرنىڭ بازىرى بولماي قالدى.

بۇ كەنتتە 1996 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى سانلىق مەلۇماتتا تۆت مەھەللە، 243 ئائىلە، 1092 نوپۇس، 997.5 مو تېرىلغۇ يەر بار.

بۇ كەنتتە ياغچى، چەكمەن، توخۇ، قولاق، كاساك، ۋاراق دەپ ئالتە مەھەللە بار. ياغچىلارنىڭ مەھەللىسى ياغچى، چەكمەن توقۇيدىغانلارنىڭ مەھەللىسى چەكمەن، كۆپ توخۇ باققانلارنىڭ مەھەللىسى توخۇ، كاساك ياسىغانلارنىڭ مەھەللىسى كاساك دەپ ئاتالغانىكەن. قولاق مەھەللىلىكلەر قولاقنى قولاققا يېقىپ پەس ئاۋازدا گەپلىشىدىكەن. ۋاراق مەھەللىلىكلەر كىتاب ۋاراقلىغاندەك شاراق - شۇرۇق سۆزلىشىدىكەن.

---

① خەلق ئارىسىدا «شامەشرەپ ساپايى چېلىپ ئۆتكەندە بۇ جايدىكى چوڭ - كىچىك ھەممە ئادەم قوشقاچلاردەك چۇرۇقلىشىپ ئۇنىڭ كەينىگە كىرىۋاپتۇ. شامەشرەپ تېرىكىپ «پەسرەك چۇرۇقلا» دېگەنلىكتىن بۇ يەرنىڭ نامى چۇرۇقلا بولۇپ قالغان» دېگەن گەپلەرمۇ تارقىلىپ يۈرمەكتە.

## كۇدۇك

تەخمىنەن 200 يىللار ئىلگىرى بۇ جايدا سەيپۇلمولالام دېگەن بىر ئادەم بار ئىكەن. ئۇنىڭغا دائىملا كۇدۇمىيا ① چىققاچقا «كۇدۇم» دەپ لەقەم سىڭىپ قاپتۇ. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇلار غوللۇق بىر ئايماقنى تەشكىل قىلىپتۇ ۋە «كۇدۇم» دېگەن سۆز «كۇدۇك» غا ئۆزگىرىپ كەنت نامى بولۇپ قاپتۇ.

يەنە بىر رىۋايەتتە، بۇ يەرگە مۇسا دەرۋىش دېگەن بىر ئادەم كېلىپ، قاياقىلا بارسا كىشىلەرنىڭ ئارقىسىدىن «گۇدۇك» لاشقانلىقىنى ئاڭلاپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كېتەر چېغىدا چاقچاق قىلىپ ئۇزاتقىلى چىققانلارغا مۇنداق دېگەنىكەن:

— مەن بۇ «گۇدۇك» مەھەللىسىگە يەنە كېلىمەن.

ئەنە شۇ چاغدىن باشلاپ بۇ كەنتنىڭ نامى «كۇدۇك» دەپ ئاتىلىپ قاپتۇ.

1996 - يىل ئاخىرىسىدا بۇ كەنتتە بەش مەھەللە، 299 ئائىلە، 1323 نەپەرس، 896 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## تۇۋەت ئېرىق

ئىلگىرى بۇ كەنتنى كېسىپ ئۆتىدىغان بىر ئېرىق بولۇپ، ئۇ تۇۋەت يېزىسىغا تۇتاشقاچقا «تۇۋەت ئېرىق» دەپ ئاتالغانىكەن. كېيىن، بۇ ئېرىقنىڭ رولى تۈگەپ تۈزلىنىپ كېتىپتۇ ۋە ئۇ يەرگە ئۆيلەر سېلىنىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئېرىق يوقىلىپ ئۇنىڭ ئىسمى كەنت نامى بولۇپ قاپتۇ.

---

① كۇدۇمىيا — تولىراقى ئادەمنىڭ باش قىسمىغا پەيدا بولىدىغان ئاھايىتى چوڭ قاپارتمىلىق جاراھەت.

تورخۇ لەقەملىكلەر: ئۇيېتىشلارغا قارىغاندا، ئۇلارنىڭ تەخمىنەن بەشىنچى ياكى ئالتىنچى بوۋىسىنىڭ ئۇن بىر باللىسى بولۇپ، ئۇلار كۆندۈزى دائىم چۇقۇرۇشۇپ يىغلىشىپ يۈرىدىكەن. ئەمما، كەچلىكى ھەممىسى ئۇن - تىنسىز يىغلىشىپ كۆۋۈكتەك كىچىككىنە ئۆيدە جۈمبىلاقلىشىپ ياتىدىكەن. ئەنە شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ ئۇلارغا تورخۇ لەقىمى سىڭىپ قاپتۇ. ھازىر تورخۇ لەقەملىكلەر 30 ئائىلىگە يەتتى.

1996 - يىلى ئاخىرىدىكى سانلىق مەلۇماتتا بۇ كەنتتە ئۈچ مەھەللە، 169 ئائىلە، 766 نوپۇس، 646 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## ئاتباش

قاراقاش بازىرىدا! قارا قاش دەرياسى بويىغا جايلاشقان «ئاتباش» دەپ ئاتىلىدىغان بىر كەنت بار. نېمە ئۈچۈن «ئاتباش» دەپ ئاتالغانلىقى توغرىسىدا بۇنداق ئىككى خىل مەنبە بار. بىر خىلى: بۇ يەر يۇرت بولۇشتىن ئىلگىرى قاراقاشتىن ئاقسۇ، كۇچارغا قەغەز، يىپەك، قاشتېشى، گىلەم قاتارلىق يەرلىك مەھسۇلاتلارنى توشۇيدىغان كارۋانلارغا ئۆلۈك ئاتنىڭ بېشى ئۇچراپتۇ. كارۋانلار ئاخشىمى قونالغۇدا توپلىنىپ پاراڭلىشىۋېتىپ ھېلىقى جايدا ئاتنىڭ بېشىنى كۆرگەنلىكىنى بىر - بىرىگە ئېيتىپ بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ يەر ئاتباش دەپ ئاتىلىپ قالغانىكەن.

يەنە بىر خىلى: بۇرۇن بۇ يەردە تاز ئادەملەر جىق ئىكەن. بىر تېۋىپنىڭ مەسلىھەتى بىلەن بۇ تازلار كەلكۈن كەلگەندە لاي سۇ بىلەن ھەر كۈنى كاللىسىنى يۇيۇش-

نى بىر نەچچە ھەپتە داۋاملاشتۇرۇپتۇ. كاللىرى ئەتىلى-
نىپ چاچ ئۈنۈپتۇ. بۇلاردىن بىرسى قوشنا يۇرتتىكى بىر-
سى بىلەن سوقۇشۇپ قاپتۇ، ئۇ كىشى كاللىسى ئەتىلىنىپ
چاچ ئۈنگەن بۇ كىشىنى:

— چوڭ گەپ قىلماڭ ئەتباش تاز، — دەپ تىللىغانى-
كەن، ئەتراپتىكىلەر كۈلۈشۈپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ
مەھەللىلىكلەرگە «ئەتباش» دەپ لەقەم سىڭىپ قاپتۇ.
مەھەللىمۇ شۇ نام بىلەن ئاتىلىپتۇ. يىللارنىڭ ئۆتۈشى
بىلەن «ئەتباش» دېگەن سۆز كىشىلەرنىڭ تىلىدا «ئات-
باش» قا ئۆزگىرىپ قاپتۇ.

1996-يىل ئاخىرىدىكى سانلىق مەلۇماتتا بۇ كەنتتە تۆت
مەھەللە، 219 ئائىلە، 1033 نوپۇس، 933 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## يېڭىشەھەر

1919- يىلى قاراقاش ناھىيىسى تەسىس قىلىنغان-
دىن كېيىن، ئامبالنىڭ تۇڭچىسى (تەرجىمانى) يېڭىيەر-
لىك توختىبەگ ھاجىم يەر تالاپ شەھەر ئەتراپىنى كۆ-
رۈپ چىققاندىن كېيىن «ئورنى ئېگىز، كەلكۈن ياكى يار
سۈيى بېسىپ كېتىش خەۋپىدىن خالى» دەپ قاراپ، ھازىر-
قى ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ ئائىلىلىكلەر قورۇسى
ئورنىدا ئامبال يامۇل سالدۇرغانىكەن (بۇ جاي گۇڭ-غو-
جىلارنىڭ ۋەخپە يېرى ئىكەن) ھازىر سالاھىيەت گۇۋاھنا-
مىسى بېجىرىلىۋاتقان بىر قەۋەتلىك ئىشخانىلار ئەينى
يىللاردىكى ئامبال يامۇلىنىڭ ئىشانىسىدۇر. بىر نەچچە
يىلدىن كېيىن ئامبال يامۇلىنىڭ غەرب تەرىپىگە ياندىش-
تۇرۇپ ساقچى ئىدارىسى سېلىنغان بولۇپ، بۇ ئىككى ئور-
گاننىڭ دەرۋازىسى جەنۇبقا قارايدىكەن. ھازىرقى ئاب-

دۇراخمان ھاجىمنىڭ ئۆيىدىن دورا باشقۇرۇش شىركىتىنىڭ ئالدىغىچە چوڭقۇر سازلىق - پاتقاقلىق بولۇپ، توختىبەگ ھاجىم ئامبالغا ۋەكالىتەن ھاشار سېلىپ توپا يۆتكەپ تىندۇرۇپ ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئالدىدىن جەنۇبقا قارىتىپ يول ئالغانىكەن. 1930- يىللىرى بۇ يولدا سەككىز-ئون ئائىلىلىك خەنزۇ ئورۇنلىشىپ گۆرۈكەشلىك، تاماكا-ھاراق، گازىر - پۇرچاق سېتىش بىلەن شۇغۇللانغانىكەن. كېيىنچە ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنى ئىزدەيدىغان كىشىلەرنىڭ، ئاشخانا، ناۋايخانا... لارنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، بۇ كوچا يىلدىن - يىلغا ئاۋاتلىشىپ 1940- يىللارغا كەلگەندە يېڭىشەھەر دەپ ئاتالدى. 1950- يىلدىن كېيىن سودا - سانائەتچىلەر ئۇيۇشمىسى، سودا شىركىتى، پوچتىخانا، باج ئىدارىسى، بانكا، دورا شىركىتى، رادىئو ئۇزېلى قاتارلىق ئورگانلار ئورۇنلىشىپ بۇ كوچا تېخىمۇ ئاۋاتلىشىپ كەتتى. 1965- يىلدىن بۇيان بۇ يولدىكى ئىدارە-ئورگانلارنىڭ كۆپچىلىكى ھازىرقى ئورنىغا يۆتكىلىپ قالاقاش ناھىيىسىنىڭ يەكشەنبە بازىرى بۇ كوچىدا قىزىيدىغان بولدى (بۇ بازار 1980- يىلدىن كېيىن ھازىرقى ئورنىغا يۆتكەلدى). ھازىر بۇ كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىگە كىشىلەر ئۆي سېلىپ يەنىلا ئاۋات قىياپىتىنى ساقلاپ قالدى.

ئامبال يامۇلىنىڭ ئورنى كېيىن تۇڭگان، شېڭشىسەي، گومىنداڭ دەۋرلىرىدە ناھىيىلىك ھاكىمىيەت ئورگىنى بولدى، 1950- يىلدىن 1966- يىلغىچە ناھىيىلىك خەلق كومىتېتى ئورگىنى بولدى. شۇ يىلى ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ دەرۋازىسى غەربكە، ناھىيىلىك خەلق كومىتېتى ھازىرقى ئورنىغا يۆتكەلگەندىن كېيىن، ج خ ئى-

دارىسىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدىكى داۋانغا ئابدۇلئېزىز قارىم، ئېزىز ئاخۇنلار ئۆي سېلىپ يول توسالدى.

توختىبەگ ھاجىم 1925- يىلدىن كېيىن ھازىرقى ئېلېكتر ئېنېرگىيە شىركىتىنىڭ يېنىدىكى سېمونت يۆتمەنىڭ ئورنىدا «ئامبال ئازمىسى» قۇرۇپ، ئامبال يامۇلنىڭ ئىچىگە قىش - ياز سۇ ئاقىدىغان بولغانىكەن، كېيىنكى يىلى بۇ ئېرىق يار كېتىپ ئۇلۇغ سۇ ھازىرقى يەكشەنبە بازىرىنىڭ غەربىدىن ج خ ئىدارىسىنىڭ كەينىگىچە چوڭقۇر ئويۇپ ئاققانىكەن. بىر چوڭقۇرلۇقنىڭ ئىز - نىشانىسى ھازىرمۇ بار. 1960- يىلدىن كېيىن ناھىيىلىك نېفىت شىركىتى، قول - سانائەت بىرلەشمىسى، 3- باشلانغۇچ مەكتەپ، ئاپتوموبىل ئەترىتى، تۈرلۈك ماللار شىركىتىنىڭ ئىككى چوڭ دۇكىنى قاتارلىق ئورگانلار بۇ كەنتنىڭ تەۋەلىكىدە سېلىندى. مەملىكەت بويىچە 300 مەدەنىيەتلىك بازار، شىنجاڭ بويىچە ئون مەدەنىيەتلىك بازارنىڭ بىرسى— يەكشەنبە بازار بۇ كەنتنىڭ دائىرىسىدە قىزىدىماقتا.

بۇ كەنتتە 1996 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا تۆت مەھەللە، 284 ئائىلە، 1235 نوپۇس، 750 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## جەمەتنى سازايى قىلىش

1968- يىلى «ماۋجۇشىغا سادىق بولۇش» ئەۋج ئېلىپ كەتتى. ئەتىگەندە ماۋجۇشىنىڭ سۈرىتى ئالدىدا «ساداقەت ئۇسسۇلى» ئويناش، «ساداقەت ناخشىسى» ئوقۇش، كەچتە بىر كۈنلۈك ئىشتىن ماۋجۇشىنىڭ سۈرىتىگە دوكلات قىلىش— «ساداقەتنىڭ كونكرېت ئىپادىسى» ئىدى. ھەربىي قىسىملاردىكى ئوفىتسېر - ئەسكەرلەر، كان، زاۋۇتلاردىكى ئىشچىلار، يېزىلاردىكى دېھقانلار، ئوقۇتقۇچى-

ئوقۇغۇچىلار تولۇق قاتنىشىشى كېرەك ئىدى. «ساداقەت
ناخشىسى» دا:

«قەدىردان ماۋجۇشى قەلبىمىزدىكى قىزىل قۇياش،
سىزگە ئېيتار يۈرەك سۆزىمىز شۇنچە كۆپ بىزنىڭ.
كۈيلەپ سىزنى تۈگىمەس ناخشىمىز بىزنىڭ،
كۈيلەپ سىزنى زور ھاياجاندا،
باقار ئىللىق چىرايلار قىزىل قۇياشقا،
بىز سىز ئاتىمىزغا چەكسىز ئۇزۇن-
چەكسىز ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەيمىز»
دېگەنگە ئوخشاش مىسرالار بار ئىدى.

شۇ يىلى 11- ئاينىڭ بىر كۈنى ئەتىگەندە 13-دادۈي (يېڭىشەھەر كەنت) نىڭ 1- شياۋدۈيدىكى دېھقانلار «ساداقەت ئۇسسۇلى» ئويناش ئالدىدا شياۋدۈيجاڭ (ئەترەت باشلىقى) توختاخۇن يوقلىما قىلىپ مەتىمىننىڭ كەلمىگەنلىكىنى بىلدى. ھاشىخان دېگەن ئايال توختاخۇننىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن مەتىمىننىڭ ئۆيىگە كېلىپ ئۇنى ئويغاتتى. (ئۇ دادىسى كېسەلدە، ئۇكىسى ئەلەم كۈرىشىدە ئۆلۈپ كەتكەن يالغۇز ئوغۇل ئىدى.) مەتىمىن ھازىرلا بارىدىغانلىقىنى ئېيتتى. توختاخۇن ھاشىخاننىڭ يالغۇز قايتىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ:

— نېمانداق مەتىمىننى بىللە ئېلىپ كەلمىدىڭىز؟ كەينىڭىزگە قايتىپ دەرھال ئۇنى بىللە ئېلىپ كېلىڭ، - دېدى. ھاشىخان مەتىمىننىڭ ئۆيىگە كېلىپ:

— تېز بولۇڭ، شياۋدۈيجاڭ ئاچچىقلاپ قالدى، - دېدى. مەتىمىن:

— كىيىمىمنى كىيىۋاتىمەن، ھازىرلا باراي، توختا-

خۇن مەن بىلەنلا قاپتىغۇ؟ ــ دېدى. ھاشىخان توختاخۇننىڭ يېنىغا كېلىپ گەپتىن-گەپ تۇغدۇرۇپ:

— مەن توختاخۇننىڭ × نى بىر نېمە قىلمىدىم. مەن بارمىساممۇ ناخشىسىنى ئوقۇۋەرسۇن دېدى، ــ دېگەن گەپنى ئاخىرلاشتۇرۇپ تۇرۇشىغا مەمتىمىن يېتىپ كەلدى. توختاخۇن مەمتىمىنگە:

— نېمىشقا شۇنداق دېدىڭ؟ ــ دەپ ۋارقىراپ دىۋەيلەپ كەلدى. مەمتىمىن ئۇنداق دېمىگەنلىكىنى دەپ تۇرسىمۇ توختاخۇن ئۇنىڭ ياقىسىنى بوغۇپ:

— ئاشۇ گېپىڭنى مېنىڭ ئالدىمدا يەنە بىر قېتىم دېگىنە، ــ دەپ ۋارقىراپ ئۇن سەككىز ياشلىق مەمتىمىننى ئاستىغا بېسىپ ئۇرۇشقا باشلىدى. مەمتىمىن مۇشتقا چىدىيالماي، «توۋا قىلدىم» دېگەن مەنادا «ماۋجۇشى ياشىسۇن» دەپ ۋارقىردى. لېكىن توختاخۇن ئۇنى ئۇرۇۋەردى. مەمتىمىن جان ئاچچىقىدا يانچۇقىدىكى پىچاقنى ئېلىپ ئۆزىنى بېسىپ تۇرغان توختاخۇننىڭ بوينىغا تىقتى. پىچاق ئىتتىك بولغاچقا توختاخۇننىڭ بويۇن تومۇرىدىن قان ئېتىلىپ چىقىپ شۇ يەردىلا جان ئۈزدى.

«سادىق بولۇشقا قارشىلىق كۆرسەتكەن قاتىل، ئەكسىلئىنقىلابچى» مەمتىمىن دەرھال تۈرمىگە قامالدى. ئىنقىلابىي ئامما (ئاساسلىقى توختاخۇننىڭ تۇغقانلىرى ۋە يېقىنلىرى) ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىغا كېلىپ مەمتىمىننى ئېتىپ ئۆلتۈرۈپ پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنىڭ كۈچ-قۇدرىتىنى نامايان قىلىشنى تەلەپ قىلىشتى. ئايرىم كامىرغا سولاپ قويۇلغان مەمتىمىن بۇ غەزەپتىن خەۋەر تېپىپ قورقۇپ كەتتى. چاپىنىنى يىرتىپ يىپ ئېشىپ كامىرنىڭ ئىچىدە ئېسىلىپ ئۆلۈۋالدى.

ھازىرقى ناھىيىلىك تۈرلۈك ماللار شىركىتىنىڭ ئۈ-
نىۋېرسال ماگىزىنىنىڭ ئورنى ئەسلىدە ئېگىز مازارلىق
ئىدى. 1966- يىلى يازدا لاي ئېقىتىپ تۈزلەندى. 1967-
يىلدىن باشلاپ بۇ جاي ناھىيە بويىچە چوڭ يىغىن مەي-
دانى بولدى. يىغىن سەھنىسىنىڭ ئالدىدىكى لوزۇنكا-
پلاكات ئېسىلىدىغان دار شەكىللىك ياغاچ قۇرۇلما ئاشۇ
كونى دارنىڭ ئۆزىلا بولدى. ناھىيىلىك جامائەت خەۋپ-
سىزلىكى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى سىدىق كېرىم سەھنىدە
مەتىمىننىڭ جىنايىتىنى ئوقۇدى ۋە «جىنايىتىدىن قور-
قۇپ ئۆلۈۋالغان نەق ئەكسىلئىنقىلابچى دارغا ئېسىلسۇن»
دەپ ھۆكۈم ئېلان قىلدى. مەتىمىننىڭ بويىنىغا سېلىنغان
سىرتماق تارتىلىپ جەسەت تۆت مېتىر ئېگىزلىككە ئار-
غامچا ئۈزۈلۈپ كېتىپ جەسەت يەرگە چۈشۈپ كەتتى. مەي-
دانغا يىغىلغانلار ئىككى مىڭدىن ئارتۇق كىشى بولۇپ، ھېچكىم-
نىڭ يىغلىشىغا ياكى كۈلۈشىگە «رۇخسەت يوق» ئىدى.
ھېيت قاسىم، باھاۋۇدۇن، ئەمەتجان، تۇرسۇننىياز دودەن
قاتارلىق يەتتە ئۇنسۇر بۇيرۇققا بىنائەن جەسەتنى شە-
ھەر رەستىلىرىدە سۆرەپ سازايى قىلدى. جەسەت تاشتىن-
تاشقا سوقۇلۇپ كىيىملەر جۇل - جۇل بولۇپ كەتتى. «ئىن-
قىلابىي ئامما» ۋەكىللىرى «ئۇنسۇر» لارغا:
— تېز يۈگۈرۈپ سۆرىگىن، — دەپ ھەيۋە قىلاتتى. ئۇ-
لاردىن بىرسى تېز ماڭمىدى دەپ ھېيت قاسىمنىڭ پۇتىغا
نەيزە سانجىدى. ئابدۇقادىر بەردى يولبويى جەسەتنى چوڭ
تاياق بىلەن ئۇرۇپ «ئىنقىلابىي ئاممىنىڭ غەزەپ - نەپ-
رىتى» نى نامايان قىلىپ ماڭدى. ئۇنسۇرلار جەسەتنى
سۆرەپ شەھەرنىڭ كوچىلىرىنى ئايلاندۇرۇپ بولغاندىن
كېيىن، دەريا بويىغا سۆرەپ چىقتى. «ئىنقىلابىي ئامما»

ۋەكىللىرى جەسەتنىڭ بويىنىنى سۆگەتنىڭ ئاچىسىغا ئې-
سىپ ئاستىغا پاخال دۆۋىلەپ بېنزىن چېچىپ ئوت قويۇۋەت-
تى. جەسەتنىڭ پۇرىقى ئەتراپنى بىر ئالدى. كۆيۈپ قا-
رىداپ كەتكەن جەسەتنى دەريا بويىغا كۆمۈپ قويۇشتى.

## داڭلىق كومپوزىتور — نۇرمۇھەممەت سابىت

ئىجادكار خەلقىمىز نەچچە مىڭ يىللىق تارىخىدا ياراتقان ئۆزىنىڭ ئەقىل - پاراسىتى ۋە يۈرەك قېنى سىڭگەن بىباھا بايلىق، جاھان مۇزىكا خەزىنىسىدىكى مۆجىزە «12 مۇقام» مېلودىيىسىنىڭ نەپىسلىكى، قۇرۇلمىسىنىڭ مۇكەممەللىكى، ھەجمىنىڭ زورلۇقى، ھەر قايسى بۆلەكلىرى بىلەن ھەر قايسى قىسىملىرىنىڭ ئورگانىك بىرىكىشى قاتارلىق جەھەتلەردە يۈكسەك ئىلمىيلىكىنى نامايان قىلىپ كەلمەكتە.

ئەجدادلىرىمىزنىڭ بىزگە قالدۇرغان بۇ تەڭداشسىز مۇزىكا قامۇسىنى سىمفونىيىلەشتۈرۈش كومپوزىتورلىرىمىزنىڭ كۆپ يىللىق ئەجرى ئىدى. بۇ ئارزۇ ئاخىر كومپوزىتور نۇر مۇھەممەت سابىتنىڭ جاپالىق ئەجرىدە ئەمەلگە ئاشتى.

1990- يىلى جۇشقۇن ھاياتىي كۈچكە تولغان تاغلىق شەھەر — ئۈرۈمچىدىكى ھەيۋەتلىك «خەلق» تىياتىرخانىسىدا غەربىي شىمالدىكى بەش ئۆلكە، ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن «تەڭرىتاغدا كۈز» مۇزىكا كېچىلىكىدە «چەبىيات مۇقامى» ئاساسىدا سىمفونىيىلەشتۈرۈلگەن «چەبىيات مۇقامى» سىمفونىيىسى تۇنجى قېتىم ئۇيغۇر ئوركېستىرى تەرىپىدىن ئورۇندالغاندا پۈتكۈل مەيدانىنى ھەيۋەتلىك ئالقىش ساداسى لەرزىگە سالدى.

كىشىنى مەھلىيا قىلىدىغان بۇ ئەسەرنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشى بىر يېڭىلىق بولۇپلا قالماي، بەلكى ئۇيغۇر «12 مۇقام» نى سىمفونىيىلەشتۈرۈش، ئۇنى مۇكەممەل، ئىلمىي مۇزىكا سىستېمىسى سۈپىتىدە خەلقئارىغا يۈزلەندۈرۈشنىڭ يولىنى ئاچتى.

شۇنداق، بۇ ئەسەرنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى ئۇيغۇر مۇزىكا ئىجادىيىتىنىڭ يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا كىرگەنلىكىنى نامايان قىلدى. بۇنىڭ ئۈچۈن زامانىمىزدىكى ئاتاقلىق كومپوزىتورىمىز نۇرمۇھەممەت سايىتنىڭ تالاي جاپالىق ئەجرى ۋە يۈرەك قېنى سەرپ بولدى. ئۇنى مۇشۇنداق قىلىشقا ئۈندىگەن نەرسە نېمە؟ ئۇ ئەلۋەتتە ئۆز خەلقىگە، سەنئەتكە بولغان چەكسىز مۇھەببەت، ۋىجدانىي، ھالال كەسپىي مەجبۇرىيەت!

ناھىيىمىز قاراقاش ۋادىسىدا ئۆسۈپ يېتىلگەن، بالىلىقىدىن باشلاپ مۇزىكىغا زور ئىشتىياق باغلىغان نۇرمۇھەممەت 1959 - يىلى تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرۈپ، شىنجاڭ داشۆگە ئوقۇشقا كىرىپ، نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت جەھەتتە ئۆز ئاساسىنى پۇختىلىدى ۋە ئوقۇشنى ئەلا نەتىجە بىلەن تاماملاپ، شىنجاڭ ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىگە تەقسىم قىلىندى. بۇنىڭ بىلەن ئاتقا جەڭگاھ تېپىلدى. ئۇ ئىشلىگەن تۇنجى مۇزىكا «ئۇلۇغ بېيجىڭ» تېزلا كەڭ تارقىلىپ، ھەتتا پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ياقتۇرۇپ ئاڭلايدىغان ئەسەرگە ئايلاندى. ئۇنىڭ «بۇلاق بېشىدا»، «قوغۇن تاتلىق، دىلدا شادلىق»، «مۇز تاغدىكى ئوت»، «گۈل ئىشقىدا» قاتارلىق نۇرغۇن ئەسەرلىرى مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن كۆرەكلەردە ئارقا - ئارقىدىن مۇكاپاتلارغا ئېرىشىپ، خەلقىمىز ياقتۇ-

روُپ ئاڭلايدىغان نادىر كۈيلەرگە، مىللىتىمىزنىڭ مۇزىكا خەزىنىسىدىكى بىباھا بايلىققا ئايلاندى.

1986 - يىلى «تەڭرىتاغ ساداسى» مۇزىكا كۆرىكىدە ئورۇنداش مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن تۆت قىسىملىق ناخشىلىق داستان «تەڭرىتاغ قوشىقى» ئەينى چاغدا مۇزىكا ئىجادىيىتىدىكى بىر يۈكسىلىش، سىمفونىيىلىككە تاشلانغان بىر قەدەم ئىدى. چۈنكى، بۇ ئەسەرنىڭ مەيدانغا كېلىشى كومپوزىتور نۇرمۇھەممەت سايىتنىڭ قەلبىدە سىمفونىيە ئىجادىيىتىگە بولغان ئىشتىياق ۋە ئىشەنچىنى يېلىنجاتتى. شائخەي سىمفونىك ئوركېستىر ئۆمىكىگە ئوقۇشقا بېرىپ، تۇنجى ئۇيغۇر دىرىژور بولۇپ يېتىشكەن نۇرمۇھەممەت ئىككى يىللىق ئوقۇش جەريانىدا سىمفونىيە ئىجاد قىلىشنى، بولۇپمۇ ئۇيغۇر مۇقاملىرىنى سىمفونىيىلەشتۈرۈپ، ئۇنى زامانىۋى سەۋىيىگە كۆتۈرۈش، خەلقئارا سەھنىلەرگە ئېلىپ چىقىشنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى. ئۇ ئۆگىنىشنى تاماملاپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئىجادىيەت ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈش بىلەن بىللە ئۆز ئويىنى يەنى ئۇيغۇر مۇقاملىرىنى سىمفونىيىلەشتۈرۈش ئارزۇسىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇشقا كىرىشىپ كەتتى. قانچىلىغان كېچىلەرنىڭ، دەم ئېلىش، ھېيت - بايرام كۈنلىرىنىڭ تىنىمسىز ئىزدىنىش، ئىجادىيەت، تەتقىقات بىلەن ئۆتكىنىنى ئۇ ئۆزىمۇ ئېيتىپ بېرەلمەيدۇ. ئۇيقۇسىزلىق، ھارغىنلىق ئۇنى يىقىتالمىدى. نىھايەت، «چەبىيات مۇقامى» ئاساسىدا ئىشلەنگەن «چەبىيات مۇقامى سىمفونىيىسى» مەيدانغا كەلدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر مۇزىكا ئىجادىيىتىدە يېڭى پەللە يارىتىلىپلا قالماستىن، ئۇيغۇر مۇقاملىرىنى زامانىۋى سەۋىيىگە كۆتۈرۈشنىڭ يېڭى يولى ئېچىلدى.

كوچىنىڭ غەربىدىكى ئېگىزلىكنى ياشانغان كىشىلەر ھا-
زىرمۇ سېپىل ياقىسى دەپ ئاتايدۇ.

بىر نەچچە ئون يىلدىن كېيىن بەھرام سۇيى ئۆستە-
ڭىنىڭ ھازىرقى ناھىيىلىك كېسەللىكلەردىن مۇداپىئە
كۆرۈش پونكىتىنىڭ ئۇدۇلىدىكى يېرىگە «شەھەر ئازى-
سى» سېلىنىپ سېپىل ئىچىگە يىلبويى سۇ ئېقىپ تۇرىدى-
غان بولغانىكەن.

1929 - يىلى مەمەتنىياز ئەلەم (مىلىك ھەزرىتىم)
قاراقاشتا ئىسلام قوزغىلىڭىنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرگەندىن
كېيىن بۇ ئوردىدا تۇرغان ھەم 1932 - يىلى خوتەنگە بۇ
ئوردىدىن يۈرۈش قىلغانىكەن.

قاراقاشنىڭ تارىختىن بۇيانقى شەرىئەت مەھكىمى-
لىرىمۇ (مەسىلەن: مەھەممەتئەيسا قازى كالان سالغان
چىنىباغ مەدرىسى (مەھكىمىمۇ مەدرىسىنىڭ ئىچىدە)، مە-
ھەممەتنىياز ئەلەم 1927 - يىلى ھازىرقى ناھىيىلىك مې-
يىپلار پاراۋانلىق مەركىزىنىڭ ئورنىدا سالدۇرغان شە-
رىئەت مەھكىمىسى، قۇربانىياز ئەلەم 1943 - يىلى ھا-
زىرقى كەنت كومىتېتى ئىشخانىلىرىنىڭ ئورنىدا سالغان
شەرىئەت مەھكىمىسى قاتارلىقلار) بۇ كەنتنىڭ تەۋەلىكى-
دە بولغانىكەن.

يىپ بازىرى، كالا بازىرى، ئادار بازىرى، ياغاچ
بازىرى، ئۆتۈك بازىرى قاتارلىق مەھەللىلەرنىڭ نامى-
دىنلا قاراقاشنىڭ 1960 - يىللىرىدىن بۇرۇنقى چوڭ با-
زىرى بۇ كەنتنىڭ تەۋەلىكىدە بولغانلىقىنى چۈشىنىۋال-
غىلى بولىدۇ.

1930 - يىلى بۇ كەنتنى مەركەز قىلغان، يېڭىشەھەر
ۋە تانايىبېشى كەنتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قاراقاش

ئۇنىڭ تەتقىقات مېۋىلىرى «ئۇيغۇر 12 مۇقامىنىڭ مېلودىيە ئالاھىدىلىكلىرى» ناملىق كىتابى مۇقام تەتقىقاتى ئۈچۈن، «ناخشا ئىجادىيىتى ھەققىدە» ناملىق كىتابى ئىجادىيەت ھەۋەسكارلىرى ئۈچۈن ياخشى قوللانمىغا ئايلاندى.

— مەن قىلىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن ئىشلار بار، — دەيدۇ ئۇ ئۆزى ھەققىدە توختىلىپ، — خەلقىم، پارتىيە - ھۆكۈمەت مېنىڭ خىزمىتىمنى يۇقىرى باھالىدى. ئاپتونوم رايون بويىچە 1 - دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا مۇكاپاتىغا، شىنجاڭنى ئېچىش ئالتۇن مۇكاپاتىغا، مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن مەدەنىيەت مۇكاپاتىغا ئېرىشتىم. بۇلار، ۋەتەن، خەلق ئالدىدىكى قەرزدارلىق تۇيغۇمنى تېخىمۇ ئاشۇردى. مېنى تىنىماي ئىزدىنىشكە، ئىجاد قىلىشقا ئۈندەيدۇ...

شۇنداق، قاراقاش دىيارىمىزدا تۇغۇلۇپ، بىپايان ئۇيغۇر ئاسمىنىدا يۇلتۇز بولۇپ چاقناۋاتقان بۇ تۆھپىكار كومپوزىتوردىن ۋەتەن، خەلق يېڭى - يېڭى نەتىجىلەرنى يارىتىشنى ئۈمىد قىلىدۇ.

## كونىشەھەر

پېشقەدەملەرنىڭ ئېيتىشىچە، خوتەنگە سېپىل سېلىنىشتىن بىر خېلى ۋاقتى بۇرۇن قاراقاشتا سېپىل سېلىنغانىكەن. خوتەننىڭ باش ئەمەلدارىغا ۋەكالىتەن قاراقاشنى باشقۇرىدىغان كىشى ئوردىنى قوغداش ئۈچۈن بىر يېرىم كىلومېتىر دائىرىدە ياساتقان بۇ سېپىلنىڭ تۆت دەرۋازىسى بار ئىكەن. بۇ سېپىل ۋە دەرۋازىلارنىڭ ئىز - نىشانىسى 1930 - يىللارغىچە ساقلانغان بولۇپ، چوقۇر

لايدىغان مەخسۇس ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەنلىكتىن كىشىلەر ئۇ-
نى «تۇرسۇنكام كۆلچى» دەپ چاقىرىشقان ئىكەن.

ئەسلىدىكى ياغاچ تاناي 1970 - يىلى تۆمۈر تاناي-
غا ئالماشتۇرۇلدى. 1980 - يىلدىن كېيىن تۇرۇبا سۇيى
ئىچىش شارائىتى يارىتىلغانلىقتىن ئېرىق ۋە كۆللەر ئېھ-
تىياجسىز بولۇپ، تاناي ئېلىۋېتىلگەن بولسىمۇ، تاناي-
بېشى دېگەن ئاتالغۇ كەنتنىڭ نامى بولۇپ قالدى. داڭ-
لىق مۇقامچى ئايىمخان هاجى تانايىنىڭ يېنىدىكى مە-
هەللىدە تۇغۇلۇپ ياشاپ ئۆتكەن ئىكەن①.

1996 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا بۇ كەنتتە ئۈچ مەھەللە،
198 ئائىلە، 1115 نوپۇس، 582 مو تېرىلغۇ يەر بار. بۇ
كەنتتىكى كىشىلەرنىڭ كىرىمى ناۋايلىق، ئاشپەزلىك،
لەڭپۇڭچىلىق، سەيچىلىك، قاسساپلىق، زاسۇيچىلىك قا-
تارلىق هۈنەرلەردىن كېلىدۇ.

ناهىيىلىك ئۇيغۇر تىبابەت شىپاخانىسى، 1 - باش-
لانغۇچ مەكتەپ، سودا - سانائەت بانكىسى، خەلق دوخ-
تۇرخانىسى، 2 - ئوتتۇرا (خەنزۇ) مەكتەپ، مەدەنىيەت
يۇرتى، مائارىپ ئىدارىسى، كىنو - تىياتىرخانا، مال دوخ-
تۇرخانا، سەنئەت ئۆمىكى، كېسەللىكلەردىن ساقلىنىش پون-
كىتى، مىللىي بالىلار يەسلىسى، قوراللىق بۆلۈم، 3 - ئوت-
تۇرا مەكتەپ، خەنزۇ بالىلار يەسلىسى، 2 - باشلانغۇچ
(خەنزۇ) مەكتەپ، تەمىنات-سودا كوپىراتىپ، ناهىيىلىك
پارتكوم، ناهىيىلىك خەلق هۆكۈمىتى، پوچتا - تېلېگراف
ئىدارىسى، سودا ئىدارىسى، يىپەكچىلىك فابرىكىسى قا-
تارلىق ئىدارە - ئورگانلار 1960 - يىلىدىن باشلاپ مۇشۇ
كەنت تەۋەلىكىدە سېلىنىدى.

---

① «قاراقاش تارىخ ماتېرىياللىرى» (1 - قىسىم) غا قارالسۇن

شەھرىدىكى يەتتە مەسچىت، يەتتە كۆل 1950 ـ يىلىغا كەلگەندە 24 مەسچىت، 24 كۆلگە كۆپەيگەنىكەن.

1940 ـ يىلى يېڭىشەھەر پەيدا بولغاندىن كېيىن، بۇ جايلار كونىشەھەر دەپ ئاتالدى.

1960 ـ يىلىدىن كېيىن ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسى، يېمەك ـ ئىچمەك شىركىتى، باج ئىدارىسى، تەپتىش مەھكىمىسى، يېزا ئىگىلىك بانكىسى قاتارلىق ئورگانلار بۇ كەنتنىڭ تەۋەلىكىدە سېلىندى. ناھىيە بويىچە ئەڭ چوڭ يېڭى جەمە («قاراقاش ناھىيىسىنىڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» (1 ـ قىسىم) دا تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلدى) بىلەن ھەر كۈنى قىزىپ تۇرىدىغان چىنىباغ بازىرى بۇ كەنتنىڭ تەۋەلىكىدىدۇر.

بۇ كەنتتە 1996 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا بەش مەھەللە، 400 ئائىلە، 2038 نوپۇس، 1387.5 موتېرىلغۇ يەر بار.

## تانايېشى

«شەھەر ئازىسى» سېلىنىپ 100 يىلغىچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، بەھرام سۈيى ئۆستىڭىنىڭ ھازىرقى ناھىيىلىك چارۋا مال دوختۇرخانىسىنىڭ غەرب تەرىپىدىن يار كەتكەن سۇ شەرق تەرەپكە ئېقىپ سۇ ئاقىدىغان ئېرىقنى ئۈزۈۋەتكەنىكەن. ئويۇلۇپ كەتكەن جايغا يۇتما قوغاچ كۆمۈلۈپ سۇ ئۆتكۈزۈلگەن بولسىمۇ، يۇتما راۋان بولمىغانلىقتىن ئون قەدەم ئۇزۇنلۇقتىكى كانايي بىلەن ئېگىزلىكتىكى ئېرىق تۇتاشتۇرۇلغانىكەن. شۇ چاغدىن باشلاپ بۇ مەھەللە تانايېشى دەپ ئاتالغانىكەن. 1950 ـ يىللىرى خوتەننىڭ بۈرزان دېگەن يېرىدىن تۇرسۇنكام ئىسىملىك كىشىنى سېپىل ئىچىدىكى كۆللەرگە سۇ باش‌

سۇن، ئىنچ - خاتىرجەملىك ئۈستىگە بارساق مېنىڭ مىن-
گەن ئېتىم سىلىنىڭ بولسۇن.
— ماقۇل.
بۇ ئىككى كىشى ئاتقا مىنىپ ئاخشىمى يولغا چىقىپ-
تۇ. بىر كېچە مېڭىپ تاڭ يورۇشقا ئاز قالغاندا قەلەن-
دەرخانىغا كەپتۇ. قارىسا ئىككى ئائىلىلىك كىشىلەر قې-
رى - ياش، ئەر - ئايال ھەممىسى كوچىغا چىقىپ ئىن-
سانىنىڭ ئاغزىدىن چىقىشقا تېگىشلىك بولمىغان ئەسەبىي
سۆزلەر بىلەن تىللىشىپ سوقۇشىۋېتىپتۇ. بۇ ماجرانى كۆ-
رۈپ «ئۇنداق بولۇشى ناتايىن» دېگەن كىشى يېڭىلىپ ئې-
تىنى «چوقۇم جېدەل ئۈستىگە بارىمىز» دېگەن كىشىگە
بېرىپتۇ.
40 — 50 يىلدىن بۇيان بۇ كوچىدا ئاتا - بوۋىلىرى
تىلەمچىلىك قىلمىغان كىشىلەرمۇ ئولتۇراقلاشقانلىقى،
تىلەمچىلەر ئۆلۈپ تۈگەپ، بالا - چاقىلىرى توغرا ، ھا-
لال ھۈنەر - كەسىپلەر بىلەن تۇرمۇشىنى ياخشىلىغانلىقى
ئۈچۈن، «قەلەندەرخانا» دېگەن ھاقارەتلىك نام ئىستېمال-
دىن قېلىپ، چۇقۇر كوچا دەپ ئاتىلىدىغان بولدى. ھازىر
بۇ كوچىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 800 مېتىردىن، ئولتۇراقلاشقان ئا-
ئىلە 80 دىن ئاشتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە نەچچە يۈز مىڭ
يۈەنلىك پۇلى ۋە مال - مۈلۈككە ئىگە بايلارمۇ بار.

## ئايدىڭكۆل

بۇ كۆلنىڭ قاچان كولانغانلىقىنى بىلىدىغان كى-
شىلەر يوق. بۇ كۆل «شەھەر ئازمىسى» سېلىنىشتىنمۇ بۇ-
رۇنلا بار ئىكەن. 1950 - يىللىرى بۇ كۆلنىڭ ئەتراپى-
دىكى چوڭ تېرەكلەرنى كونىشەھەر كەنتى تەۋەلىكىدىكى

# چۇقۇر كوچا

تەخمىنەن 250 يىل بۇرۇن قۇملۇق (ھازىرقى ناھىيىلىك قورالىق بۆلۈمىنىڭ ۋە ناھىيىلىك چاي - چارۋا شىركىتىنىڭ ئەسلى ئورنى) تا ئولتۇرۇشلۇق قاسىم ھاجىم دېگەن كىشىنىڭ دەڭلىرىدىكى بىر نەچچە ھۇجرىدا سەككىز-ئون تىلەمچى-قەلەندەر يىغىلىپ قالغانىكەن. قاسىم ھاجىم بۇلاردىن نومۇس قىلىپ، ئىلگىرى يار كەتكەن، سۇ ئاققاندا ئويۇلۇپ ھاسىل بولغان چوقۇر كوچىغا كۆچۈرۈۋېتىپتۇ. بۇ كىشىلەر ئىككى تەرىپى ئالتە-يەتتە مېتىر ئېگىز بۇ كوچىدا دەسلەپتە گەمە كولاپ، كېيىنچە ئۆي سېلىپ ماكانلاشقانلىقتىن بۇ كوچا «قەلەندەرخانا» دەپ ئاتىلىپتۇ. بۇ كىشىلەر بىر جەمەتلىك ئەمەس، ئالەمنىڭ ھەممە يېرىدىن (مەسىلەن: خانئېرىقنىڭ يوقاقۇن دېگەن يېرىدىن خوراز لەقەملىك تۇداخۇن، لاغاي لەقەملىك ئاۋۇت ئاخۇن، ئاقسارايىنىڭ قاراساقال دېگەن يېرىدىن پاكار لەقەملىك تۇرسۇن ئاخۇنۇم، ئۈزۈنئېرىق دېگەن جايدىن غازى ئاخۇن سوپى، توقاچلا دېگەن جايدىن قاق لەقەملىك دەييارى ھاجىم ۋە باشقىلار) كەلگەن بولغاچقا، ئۆز ئارا ئىناق ئۆتمەي داۋاملىق جاڭجاللىشىدىكەن. بۇ توغرىدا بۇنداق بىر لەتىپە تارقالغانىكەن: خوتەنلىك ئىككى كىشى گەپ تالىشىپ بىرى يەنە بىرىگە:

— ھازىر قەلەندەرخانىغا دەل جەڭگى - جېدەل ئۈستىگە بارىمىز، - دەپتۇ. يەنە بىر كىشى:

— ئۇنداق بولۇشى ناتايىن. ھەممە جېدەل - ماغرا بولۇپ تۇرىدىغان مەھەللە دۇنيادا يوق، - دەپتۇ.

— ئەمىسە ئىككىمىز قول باغلىشايلى. سوقۇشۇش ئۈستىگە بارساق سىلىنىڭ مىنگەن ئاتلىرى مېنىڭ بول-

ئىكەن. 1932- يىلى بۇ خەنزۇلار كۆچۈپ كەتكەنىكەن. بۇ
كوچىدا ھازىر ئون نەچچە ئائىلىلىك ئۇيغۇر ياشىماقتا.

### گۈزەر

ئۈچ يولنىڭ دوقمۇشىدا تېۋىپلارنىڭ ھەم ناۋايلار-
نىڭ بىر نەچچە دۇكانلىرى بولۇپ، بۇ جاي گۈزەر دەپ ئا-
تالغانىكەن. بۇ مەھەللىدىكى مەدرىستە نۇرغۇن ئالىم-
ئۆلىمالار يېتىشىپ چىققانىكەن. داڭلىق ساتىرىكشائىر-
ئەخمەتشاھ قاراقاشى مۇشۇ مەھەللىدە مۇدەررىسلىك قىلى-
غانىكەن.

### توختى بەختى توغرىسىدا



توختى بەختى 1932- يىلى 10-
ئايدا گۈزەر مەھەللىسىدە تۇغۇ-
لۇپ، 1952 - يىلى ئىنقىلابىي
خىزمەتكە قاتناشتى. بۇ مەزگىلدە
دېموكراتىك ئىسلاھات ۋە ھاكى-
مىيەت قۇرۇلۇشى خىزمەت ئۆمى-
كىنىڭ تەركىبىدە ئىشلىدى.

1954 - يىلى 4- ئايدا ناھىيى-
لىك ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ شۇ-
جىلىقىغا تەيىنلەندى. 1956- يىلى ناھىيىلىك سەھىيە بۆلۈ-
مىنىڭ مەسئۇللۇقىغا بەلگىلەندى. 1959- يىلى 5 - ئايدا
«نۇرلۇق» گوڭشېسىنىڭ مەسئۇللۇقىغا يۆتكەلدى. 1963 -
يىلى 6- ئايدىن باشلاپ قاراقاش ناھىيىسىنىڭ مۇئاۋىن
ھاكىمى بولدى، 1965 - يىلى 7- ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق
پارتىيە كومىتېتى مالىيە - ئىقتىساد بۆلۈمىگە يۆتكىلىپ

كالا بازىرى مەھەللىسىنىڭ ئادەملىرى كېيىپ كەتكەن-لىكىگە قارىغاندا بۇ كۆلنى شۇ كىشىلەرنىڭ ئەجدادلىرى قازغانلىقىنى مۇقىمداشقا بولىدۇ. 40 يىل ئىلگىرى بۇ كۆلنىڭ سۇ يۈزى تۆت مو كۆلەمدە بولۇپ قىشىمۇ - ياز سۇ ئۈزۈلۈپ قالمايتتى. ناۋادا سۈيى تۈگەپ قالسا كىشىلەر سېغىز كولىۋالاتتى، 1960 - يىلدىن كېيىن ئۆي سېلىش ئېھتىياجى بىلەن بۇ كۆل يىلمۇ - يىل كىچىكلەپ، 1994 - يىلىغا كەلگەندە ئىككى ئاپتوموبىل تۇرغىدەك ئاخىرقى بۆلىكىمۇ ئەخلەت - سۇپرۇندە بىلەن تولۇپ، ئايدىڭكۆل-نىڭ ئىزى تامامەن يوقالدى.

## چاشقان كوچىسى

ئاۋلا غوجىكام دېگەن كىشى ئاتا - بوۋىلىرىدىن تارتىپ ئولتۇراقلاشقان بۇ كوچا ئۇلارنىڭ لەقىمى بىلەن «چاشقان كوچىسى» دەپ ئاتالغانىكەن. بۇ كوچا «كۆلمەك بېشى» دىن باشلىنىپ داۋانغىچە (داۋان — كونىشەھەر تەۋەلىكىدە) داۋاملىشىدىكەن. 1960 - يىلدىن كېيىن يوللار ئۆزگەرتىلىپ، ئۆيلەر سېلىنىپ چاشقان كوچىسىدىن نىشان قالمىدى. ئاۋلا غوجىكامنىڭ پەيغەۋرىسى ئابلىز ئاخۇن بۇ يىل 78 ياشقا كىردى.

## خىتاي كوچىسى

ھېيتگاھ بىلەن ھازىرقى ناھىيىلىك پوچتا - تېلېگراپ ئىدارىسىنىڭ ئارقىسىغا يانداشقان بۇ كوچىدا ئالتە-يەتتە ئائىلىلىك خەنزۇ① ئولتۇراقلىشىپ گۆرۈكەشلىك بىلەن شۇغۇللانغانلىقتىن بۇ كوچا خىتاي كوچىسى دەپ ئاتالغا-

---

① جالاسى، لى جەنگويىدى قاتارلىق

1870 - يىللىرى بۇ جايدىكى سىرلىق مەسچىت يىل-
دىن - يىلغا كۆپەيگەن جاماتەتكە تار ، كىچىك بولۇپ
قالغانلىقتىن چوڭ مەسچىت سېلىش ئېھتىياجى تۇغۇلغانى-
كەن. سىرزى كەنتىدىكى بايلار بۇ جايغا ھېيتگاھ سېلىشنى
ئۆزلىرى ئۈستىگە ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەندە، شۇ چاغ-
دا قاراقاش شەرىئەت مەھكىمىسىدە ئەلەملىك قىلىۋات-
قان مەھەممەت ئەيسا قازى كالان① «پۇلى بار دەپ
قارا قورساق بايلارغا ھېيتگاھ سېلىشقا رۇخسەت قىلساق،
شەرىئەت مەھكىمىمىزنىڭ ئىناۋىتىگە دەخلى يېتىدۇ» دې-
گەن قاراش بىلەن بىر خەنزۇ گۆرۈكەشتىن يەتتە سەر
ئالتۇن قەرز ئېلىپ تۆت سەر ئالتۇننى ھېيتگاھ سېلىشقا،
ئۈچ سەر ئالتۇننى قاراقاش دەرياسىنىڭ سۈيىدىن يەتتە
ئۆلۈشنى قاراقاش تەرەپكە تەقسىم قىلىنىشى ئۈچۈن خو-
تەننىڭ يەر - سۇ ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان ئەمەلدارىغا
بەرگەنىكەن. ھېيتگاھ پۈتكەندىن كېيىن، بىر نەچچە موللا
خوتەننىڭ دوتىيىگە «مەھەممەت ئەيسا دېگەن بۇ كىشى-
نىڭ دىنىي ساۋاتى تولىمۇ يۈزەدۇر. قەرزگە تايىنىپ
ھېيتگاھ سالغىنى ئۈچۈنلا قازى كالان بولۇۋالدى، ئەسلى-
دىلا بۇ مەنسەپكە لايىق ئەمەستۇر» دېگەن مەزمۇندا ئەرز
سۇنۇپتۇ. دوتەي بۇ ئەرزگە دەرھال ئىشىنىپ كەتمەي
خوتەن ۋە قاراقاشتىكى مەشھۇر دىنىي ئۆلىمالارنى خوتەنگە
جەم قىلىپ دىنىي بىلىملەر بويىچە مۇنازىرە قىلدۇرغاندا
مەھەممەت ئەيسا قازى كالان زور ئىناۋەت قازانغانلىق-
تىن، ئۇنىڭ ئۈستىدىن ئەرز سۇنغانلارنى دوتەي «ئۆزلى-
رىڭ بىلمەسىز تۇرۇقلۇق، بىر ئۆلىمانىڭ ئۈستىدىن ئەرز-
قىلغىنىڭ ئۈچۈن...» دەپ ئۇلارنىڭ پۇتىنى بوغدۇ-

① قازى كالان — ئەلەملىكتىن يۇقىرى دىنىي مەنسەپ.

ئاممىۋى خىزمەت بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولۇپ ئىشلىدى. 1969- يىلى 12- ئايدىن باشلاپ سەھىيە نازارىتى مەمۇرىيەت ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولدى. 1975- يىلى 8- ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق تەمىنات- سودا كوپىراتىپىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا، پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىقىغا تەيىنلەندى. 1980- يىلى 9- ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق سودا نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرلىقىغا، پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىلىقىغا تەيىنلەندى. 1983- يىلى 5- ئايدا سودا نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا ۋە پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىلىقىغا تەيىنلەندى. ئاپتونوم رايونلۇق 8- نۆۋەتلىك خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىدا خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا سايلاندى. هازىرغىچە بۇ خىزمەتنى ئىشلەپ كەلمەكتە.

## قۇمۇلۇق

100 يىللار بۇرۇن هازىرقى ناھىيىلىك قوراللىق بۆلۈم، ناھىيىلىك چاي- چارۋا مەھسۇلاتلىرى شىركىتىنىڭ ئورنى ئاپپاق قۇمۇلۇق ئىكەن. گۆك غوجىلارنىڭ ئەۋلادىدىن بولغان ئەپرۇز بەگ دېگەن كىشى بۇ جايدا بەگلىك ئوردىسى سېلىپ هازىرقى يېڭىيەر، تۆۋەرس، قويچى، پۈرچاقچى، ماڭلاي، توخۇلا يېزىلىرىنى ۋە قاراقاش بازىرىنى باشقۇرغانىكەن. 1950- يىللاردىن كېيىن بۇ جاي يىلمۇيىل ئاۋاتلىشىپ هازىر قۇمۇلۇقتىن نىشانە قالمىدى.

## هېيتگاھ توغرىسىدا

تانايېشىدىكى هازىرقى چوڭ مەسچىتنىڭ ئورنىدا 1960- يىلدىن بۇرۇن كاتتا هېيتگاھ بار ئىدى.

مەسچىتىنىڭ ئىمامى 82 ياشلىق ئابدىراخمانھاجىم 1995-يىلى 6- ئاينىڭ 6- كۈنى سۆزلەپ بەرگەن.)

## مەشھۇر مۇقامچى، دارۋاز ھاشىم ھاجى

مەشھۇر مۇقامچى ، دارۋاز ھاشىم ھاجى 1868- يىلى قاراقاش ناھىيىسىنىڭ بازار ئىچى تانايبېشى مەھەللىسىدىكى ئاتالغان مۇقام ئۇستىسى ھەمدۇللا ئاخۇن ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ، ئائىلە تەربىيىسىدىن كېيىن دىنىي مەكتەپتە ئوقۇپ، باشلانغۇچ دىنىي ساۋاتقا ئىگە بولغان. ھاشىم ھاجىنىڭ دادىسى ھەمدۇللا ئاخۇن خوتەن ۋىلايىتى تەۋەسىدىكى ئاتاقلىق سازەندە بولۇپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كلاسسىك مۇزىكىسى 12مۇقامنى پىششىق بىلىدىغان، كۆپلىگەن يەرلىك تارىخىي ناخشا - مۇزىكىلارنىڭ ئۇستازى ئىدى. ئۇ، سەنئەت خۇمار ئۇيغۇر خەلقى ئۆز سەنئىتىنىڭ قەدىمكى مەنبەلىرىدىن بىرى بولغان ھەرخىل ئولتۇرۇش ۋە سورۇنلۇق مەشرەپلىرىنى چۆرىدىگەن ھالدا ئۆتكۈزۈلىدىغان سەيلىلەردە، يەنى، نورۇز سەيلىسى، چېلىش سەيلىسى، كەكلىك سەيلىسى، ئوغلاق سەيلىسى، ئۆرۈك سەيلىسى، ئۈنىڭدىن باشقا بەزمە، باراۋەت، چايخانا ئولتۇرۇشى قاتارلىق سورۇنلاردا ، كۆپلىگەن ئىمشىۋاز سازەندە،ناخشا - ئۇسسۇلچىلار بىلەن بىللە بولاتتى ۋە ئۇلارنىڭ ئالدىنقى قاتاردا تۇراتتى. ھاشىم ھاجى كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپلا دادىسى بىلەن ئەنە شۇنداق سورۇنلاردا بىللە بولۇپ، ساز ئۆگىنىشكە ئىشتىياق باغلايدۇ ھەم ئائىلىسىدە دادىسىدىن ئۆگەنسە، پۇرسەت تاپقاندا باشقىلاردىن ئۆگىنىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇ، سازەندە بولۇپ قاتارغا قېتىلىدۇ.

رۇپ، تاپىنىغا 100 قېتىمدىن دەررە ئۇرغۇزۇپ جازالىغانىكەن.

مەھەممەت ئەيسا ئەلەمۋاپات بولغاندا (خوتۇنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرگەن دېگەن گەپلەرمۇ بار) گۆرۈكەش خەنزۇ جىنازىنىڭ ئالدىدا قەرز ھۆججىتىنى پۇلاڭلىتىپ:

— بۇنىڭغا كىم ئىگە، — دەپ ۋارقىرىغىلى تۇرۇپتۇ. خوتەندىن نامازغا كەلگەن ئەمەلدار ۋە ئەلەم - قازىلار دەرھال بىر پىكىرگە كېلىپ:

— مەرھۇمنىڭ ئورنىغا كىم ئەلەم بولسا قەرزنى شۇ كىشى تۆلەيدۇ، — دەپ جاكارلاپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئەلەملىك تەمەسىدە يۈرۈۋاتقان موللىلارنىڭ ھېچقايسىسى ئۆزىنى ئاشكارىلىماپتۇ. نامازدىن كېيىن مەرھۇمنىڭ ئون يەتتە ياشلىق ئوغلى غوجىۋىل ھاجىم ئەلەملىككە تەيىنلىنىپ «بالا ئەلەم» دەپ ئاتىلىپتۇ. بالا ئەلەم جەمىكى مال- مۈلۈك، ئۆي- زېمىنلىرىنى سېتىپ توپلىغان پۇلى قەرزنىڭ يېرىمىغىمۇ يەتمەپتۇ. قەرز قىستاپ كېلىدىغان خەنزۇلاردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن غوجىۋىل ھاجىم ئېتىغا مىنىپ قېچىپ يۈرگەندە گۆرۈكەش خەنزۇنىڭ ياردەمچىلىرى ئۇنى خوتەندە تۇتۇۋېلىپ دوتەينىڭ ئالدىغا باشلاپ بېرىپتۇ. دوتەي (خەنزۇ) ئەھۋالنى تەكشۈرگەندىن كېيىن، قاراقاشنىڭ ئەمەلدار ۋە بايلىرىنى خوتەنگە چاقىرىپتۇ، يۈسۈپ ھاجىم قاتارلىق كىشىلەر يەتتە مەپىگە ئولتۇرۇپ داغدۇغا بىلەن خوتەنگە بېرىپتۇ. دوتەي:

— غوجىۋىل ھاجىمنىڭ دادىسى قەرز ئالغان يەتتە سەر ئالتۇننى قاراقاش خەلقى ئۈچۈن خەجلىگەنلىكتىن قاراقاشنىڭ بايلىرى تۆلەپ بېرىشى لازىم، — دەپ بۇيرۇپ ئىجرا قىلدۇرغانىكەن.

(بۇ ۋەقەلەرنى يېڭىشەھەر كەنتى تەۋەلىكىدىكى گۆش

ۋازلىق گۇرۇپپىسىدىكى ئەزالىرىنى باشلاپ، پۈتۈن شىن-
جاڭنى ئايلىنىپ دار ئوينايدۇ. بۇ چاغدا ئوتتۇرا ئاسىيا-
دىكى ھەر قايسى دۆلەتلەر ئارقا - ئارقىدىن ئۇنى تەكلىپ
قىلىدۇ. ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بارلىق چوڭ - كىچ-
چىك شەھەرلىرىدە دار ئوينايدۇ. شۇ جەرياندا ئۇ بۇخارا
ئەمىرىنىڭ قوبۇل قىلىشى ۋە ئىنئامىغا ئېرىشىدۇ.

ھاشىم ھاجى بۇخارادىكى دار ئويۇنىنى ئاخىرلاشتۇ-
رۇپ ئافغانىستان بىلەن پاكىستاندا، كېيىن ھىندىستاندا
دار ئوينايدۇ. بۇ چاغدا ئۇنىڭ شۆھرىتى پۈتۈن ياۋروپا،
ئوتتۇرا شەرق ۋە ئەرەب يېرىم ئارىلىنى قاپلايدۇ. ھاشىم
ھاجى بارغانسېرى ئىچكىرىلەپ ئىران، ئىراقلارغا ۋە بۇ
جايدىكى مەشھۇر شەھەرلەرگە بارىدۇ ۋە ھەج قىلىپ
رەسمىي ھاجى بولىدۇ. ھەر قايسى ئەرەب دۆلەتلىرى خې-
لىپىلىرى، ئۆلكە باشلىقى، ۋالىيلىرىنىڭ قوبۇل قىلىشىغا
ۋە ئىنئام بېرىشىگە ئېرىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەينى زا-
مان (19- ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى) دىكى ئۇيغۇر دارۋازلى-
قىنى چەت ئەللەردە نامايان قىلىپلا قالماي بەلكى «ھا-
جى دارۋاز» دەپ نام قالدۇرىدۇ.

ھاشىم ھاجى ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 90- يىللىرى ۋەتەن-
گە (قاراقاشقا) قايتىپ كېلىدۇ. بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئاتا-
ئانىسى قازا تاپقان بولۇپ، ئاچا - سىڭىل ۋە ئىنىلىرى
قالغانىدى. ھاشىم ھاجى ئۆچەي دەپ قالغان ئائىلىسىدى-
كى سەنئەت چىرىغىنى قايتا ياندۇرۇپ، ئاچا - سىڭىل ۋە
ئىنىلىرىگە ساز، ناخشا، دارۋازلىق ماھارەتلىرى، شۇن-
داقلا، چامباشچىلىق، چەۋەندازلىقنى ئۆگىتىدۇ. شۇنداق
قىلىپ قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە پۈتۈن ئائىلىسىنى سەن-
ئەت ئائىلىسىگە ئايلاندۇرىدۇ. بۇ ئائىلىدىكى داڭلىق مۇ-
قامچى ئايىمخان ھاجى، ساۋۇتخان، داۋۇتخان ئەنە شۇ-

ئاشۇ يىللار (19- ئەسىرنىڭ 80- يىللىرى) خوتەن
دارۋازلىرىنىڭ ماھارىتى يۈكسەلگەن ھەم دۇنياغا داڭق چى-
قارغان ۋاقىتلار بولۇپ، كۆپلىگەن خوتەنلىك دارۋازلار پا-
كىستان، ھىندىستان، ئىران، ئىراق، سەئۇدى ئەرەبىستان
قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، دار ئويناپ داڭق چىقارغان ۋە
تاپقان كىرىملىرىدىن ئاشۇ جايدىكى مەسچىت، كۆۋرۈك،
مەكتەپلەرگە، شۇنداقلا يېتىم-يېسىر، كەمبەغەللەرگە ھەدىيە
قىلىپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ خەير-ساخاۋەتلىك ئەنئەنىسى-
نى نامايان قىلىپ، ھۆرمەت بىلەن كىشىلەرنىڭ تىلىغا ئې-
لىنغان ۋاقىتلار ئىدى.

چەت ئەلدە داڭق چىقارغان خوتەن دارۋازلىرىنىڭ تە-
رىپى، شىنجاڭ (خوتەن) گىمۇ يېتىپ كېلىدۇ ۋە بۇلار تۇغ-
رىسىدىكى تەرىپلەر ھاشىم ھاجىنى قىزىقتۇرىدۇ. چۈنكى
ئۇ، ئۆز يۇرتىدا بولۇۋاتقان زۇلۇم تۈپەيلىدىن نامرات-
لىشىپ ئېغىر تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان مىڭلىغان-ئون مىڭلىغان
كىشىلەرنى ئېسىگە ئالغاندا، دارۋازلىقنى ئۆگىنىپ، ئالدىنقى
دارۋازلاردەك خەير-ساخاۋەتلىك بولۇشنى ئۈمىد قىلىدۇ
ھەم ئۇنى ئۆگىنىشكە كىرىشىدۇ. نەتىجىدە بالا سازەندە
دەپ ئاتالغان 15 ياشلىق ھاشىم ھاجى ئىككى يىللىق تى-
رىشىشتىن كېيىن چامباشچىلىق، يەر يۈزى ماھارىتى، چە-
ۋەندازلىق، ئات ئۈستى ماھارىتى، ھاۋا بوشلۇقى ماھا-
رىتى، ھەييارلىق (سېھىرگىچىلىك) ھۈنەرلىرىنى پۇختا ئۆ-
گىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن قىسقا مەزگىل ئىچىدە دارۋازلىق-
نى، دار باغلاپ ئارغامچا ئۈستىدە مېڭىشنى پۇختا ئۆ-
گىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن 1887- يىلى 17 يېشىدا قاراقاش
ناھىيىسىدە مۇستەقىل دار ئويناپ پۈتۈن دارۋازلار
ۋە ئۇستازلارنىڭ ئالقىشى ۋە دۇئاسىغا ئېرىشىدۇ. ئۇ
شۇنىڭدىن باشلاپ مۇستەقىل دارۋاز بولۇپ، ئۆزىنىڭ دار-

مۇزىكىسى بولغان 12 مۇقامنى ئوتتۇرا ئاسىياغا تارقىتى-
دۇ. ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ناخشا - مۇزىكىلىرىنى ئۆ-
گىنىپ ئۆزلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرىدۇ. كېيىنكى كۈن-
لەردە ئۇ، پېتربۇرگ (لېنىنگرات) ۋە موسكۋاغىچە بې-
رىپ دار ئوينايدۇ. ئۆكتەبر ئىنقىلابىدىن كېيىنكى
موسكۋادا ئوينىغان بىر قېتىملىق دار ئويۇ-
نىدا ئۇنىڭ دار ئەترىتىدىكى يولداش ئاخۇن موسكىۋا-
نىڭ 11- ئايدىكى سوغۇق ھاۋاسىدا ماھارەت كۆرسىتىدۇ.
ئۇ، داردىن سالامەت چۈشكەن بولسىمۇ ئەمما دار ئۈستىدە
سوغۇق ئىچىدە ئۆتۈپ كېتىپ قازا تاپىدۇ.

ھاشىم ھاجى ئۆزىنىڭ دارۋازلىق ۋە سەنئەت جە-
ھەتتىكى ماھارىتى ئارقىلىق، ئۆكتەبر ئىنقىلابىدىن
كېيىنكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ سەنئىتىگە ئالاھىدە تۆھپە
قوشىدۇ. قاسىم دورغا بەگ، ئىمىن قاپپاش، ئابدۇرېھىم
چاك ۋە سەمەت ئاخۇن قاتارلىق مەرھۇملارنىڭ ئەسلىشىگە
قارىغاندا، پەرغانىدە مەشھۇر پەرغانە قانىلى قېزىلغاندا،
ھاشىم ھاجىنىڭ ناغرا-سۇناي بىلەن ئورۇندىغان 12 مۇ-
قامى قانال قازغۇچىلارنىڭ يۈرەك تارلىرىنى تىترىتىپ
قانال مەيدانىنى زىلزىلىگە كەلتۈرىدۇ. ئاشۇ يىللاردا،
ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇر رايونلىرى ۋە ئۆزبېك را-
يونلىرىدا يېڭىدىن تەشكىللەنگەن سەنئەت ئۆمەكلىرىدە
ھاشىم ھاجىنىڭ ئۇستازلىق رولى بار ئىدى. چۈنكى ئۇ،
ناغرا - سۇنايدىن باشلاپ، تەمبۇر، دۇتار، ساتار، قالۇن
قاتارلىق ھەممە سازلارنىڭ ۋە پۈتۈن ئاھاڭلارنىڭ ما-
ھىرى ئىدى. ئۇ يەنە ئەرەب ئەللىرى ۋە ھىندىستان، پا-

چاغدا ئۆز ماھارەتلىرىنى كامالەتكە يەتكۈزگەنىدى. ئەمـ
ما ھاشىم ھاجىنىڭ بۇ خىل تەرەققىيپەرۋەرلىكى ئىستىبدات
ھوكۇمەت ۋە فېئودال جاھىل كۈچلەرنى بىئارام قىلىدۇ.
نەتىجىدە سەيلە، سورۇن، چايخانا ئولتۇرۇشى ۋە بەزمـ
لەردە ساز چېلىش، ناخشا ئېيتىش ھەرىكەتلىرى چەكـ
لىنىدۇ. بارا - بارا يەنە دار ئويناشنىمۇ چەكلەيدۇ. چۈنـ
كى ھاشىم ھاجى نەچچە يىللىق ھاياتىنى چەتئەلدە ئۆتـ
كۈزۈپ، دۇنيا مەدەنىيىتى ۋە خەلقنىڭ تەرەققىياتىنى
كۆرگەنلىكى ئۈچۈن ئۇ ۋائىزلىق قىلىش باھانىسى بىلەن
خەلقنى ئويغىتىشقا كىرىشكەنىدى.

مۇشۇ بىر قاتار ئىشلاردىن كېيىن ئۇ يۇرتىنى تاشلاپ
ئائىلىسى بىلەن بىللە سەرگەردان ھايات كەچۈرۈشكە
مەجبۇر بولىدۇ. ئۇ، بۇ جەريانىدا شىنجاڭنىڭ ھەممە
يېرىنى ئايلانغان بولسىمۇ، ئەمما ئۆزىگە تۇراقلىق جاي
تاپالمىغانىدى.

شىنجاڭدا ئاسارەتلىك تۇرمۇشنىڭ دەردىنى تولا تارتـ
قان ھاشىم ھاجى يەنە ئوتتۇرا ئاسىياغا
بېرىشنى لايىق تاپىدۇ. نەتىجىدە 1910 -
يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە دار ئەترىتى ۋە ئائىلە
ئەزالىرىنى باشلاپ ئۇ يەرگە چىقىدۇ. بۇ ھاشىم ھاجىنىڭ
2- قېتىم چىقىشى بولۇپ، بۇ قېتىم ئالاھىدە
قارشى ئېلىنىدۇ. دەم ئېلىش كۈنلىرىدە دار باغلاپ
ماھارەت كۆرسەتسە، ئادەتتىكى كۈنلەردە ئوتتۇرا ئاسـ
يادىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىغا ماسلاشتۇرۇپ، ساماۋەر-
لەردە سازەندىلىك قىلىش بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ كىلاسسىك

بىر تەرەپتىن ناخشا - مۇزىكا ۋە خەلق سەنئىتى بى-
لەن مەشغۇل بولىدۇ. ئۇ چامباشچىلىق، چەۋەندازلىق،
ھەييارلىق (سېركچىلىك) ئويناش بىلەن مۇزىكا ئۇيۇش-
تۇردۇ. يېڭى ناخشىلارنى ئېيتىدۇ. خەلقنى پەن مەدەنى-
يەت ۋە مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇشقا دەۋەت قىلىدۇ.
ئوتتۇرا ئاسىيادا ئوينالغان تىياتىر، كون-
سېرتلارنى ئوينايدۇ. جاھانگىرلىك، فېئوداللىزم ۋە زۇ-
لۇمغا قارشى تەشۋىقاتلارنى ئېلىپ بارىدۇ. ئۆكتەبىر ئىن-
قىلابىنىڭ غەلىبىسىنى ھېكايە قىلىپ سۆزلەش ئارقىلىق
خەلقنى ئويغىتىشقا تىرىشىدۇ.

1931- يىلى زۇلۇمغا ۋە ۋاڭلىق تۈزۈمگە قارشى قوز-
غالغان خوجىنىياز ھاجى باشچىلىقىدىكى قومۇل دېھقانلار
قوزغىلىڭىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن شىنجاڭدا يېڭىلىق تە-
رەپدارلىرى كۆپەيدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ۋەتەنگە قايتقان
بىر بۆلۈم ۋەتەنپەرۋەر ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرى
يېڭى زامان ئۇيغۇر تىياتىرچىلىقىنى باشلىۋېتىدۇ. بۇ ۋا-
قىتتا ھاشىم ھاجى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشما-
رەئىسى ئابدۇللا داموللا (نەئىمى) نىڭ تىياتىر ئۇيۇشتۇ-
رۇش توغرىسىدىكى مۇراجىئەتنامىسىنى كۆرگەندىن كېيىن،
كۇچادىكى بىر بۆلۈم ئىلغار سەنئەتكارلارنى باشلاپ ئاق-
سۇغا كېلىپ، ئاقسۇ تىياتىرىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ۋە
ئۇنىڭ دەسلەپكى سەھنە نومۇرلىرىنىڭ ئىجادكارلىقىغا
زور كۈچ قوشىدۇ.

ھاشىم ھاجىنىڭ پۈتۈن ھاياتى دارۋازلىق، سازچى-
لىق ۋە سەنئەت ماھىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش بىلەن ئۆتتى.
شۇ جەرياندا ئۇ، ۋائىزلىق (مەدداھلىق) باھانىسى بىلەن
ئىنقىلابىي ھېكايىلەرنى سۆزلەش، تەيپىڭ تيەنگۇدىن
شىنخەي ئىنقىلابىغىچە، قومۇل دېھقانلار ئىنقىلابىدىن

كىستانلاردا بولغان ۋاقىتلىرىدا ئۆگەن-
گەن چەتئەل مۇزىكىلىرىنىمۇ ناھايىتى ئوبدان ئورۇن-
دايتتى. ھاشىم ھاجىنىڭ سازەندىلىكتە شۇنداق بىر
ئارتۇقچىلىقى بار ئىدى. ئۇ ھەر قانداق ۋاقىتتا ساز چېلىپ
ناۋائى، خوجا ھاپىز... قاتارلىق شائىرلارنىڭ شېئىرلى-
رىنى ئوقۇسا ساز ئاخىرلاشقاندا، پىر-ئۇستازلارغا ۋە
مەرھۇم ئىجادكار، شائىرلارغا ئاتاپ، دۇئا-تەكبىر قى-
لاتتى. ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشى «سازچىلىق شەيتاننىڭ ئى-
شى» دەيدىغان جاھىل مۇتەئەسسىپلەرگە كۈچلۈك زەربە ئىدى
دەيدۇ.

1930- يىللارغا كەلگەندە سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرا
ئاسىيادىكى ئۇيغۇرلار ئىچىدە ماركسىزم ۋە كوممۇنىزمنى
قوبۇل قىلغۇچىلار كۆپىيىدۇ. بۇ چاغدا شىنجاڭدىمۇ تارى-
خىي خاراكتېرلىك زور ئۆزگىرىشلەر بولۇپ، ئوتتۇرا ئا-
سىيا ئۇيغۇرلىرى بىلەن شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار ئوتتۇرى-
سىدىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت مۇناسىۋەت-
لىرى كۈچىيىدۇ. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن سوۋېت ئىتتىپا-
قىدا تۇرۇۋاتقان ۋەتەنپەرۋەر ئىنسانلار ۋەتەنگە قايتىپ
كېلىشكە باشلايدۇ. شۇ قاتاردا ھاشىم ھاجىمۇ ۋەتەنگە
قايتىدۇ. ئۇ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن سەپەرداشلىرىنىڭ
تەكلىپى ۋە 1910- يىللىرىدا كۇچادا بولغان مەزگىللىرى-
دە ئۆز قولى بىلەن يېتىشتۈرگەن ياش سەنئەتكار - سا-
زەندىلەردىن مامۇت ئاخۇن، بىلال ئاخۇن، بايىز ئاخۇن
سېتە، ئىبراھىم تەمبۇر، ئەلنەغمىچى زەيتۇنخان، دىلەي-
سىخان، ھېزىم ئاخۇن، ھېلىم سېلىم قاتارلىقلارنىڭ ئار-
زۇسى بىلەن كۇچادا توختايدۇ.

ھاشىم ھاجى شۇنىڭدىن باشلاپ بىر تەرەپتىن دار
ئويناش، شاگىرت يېتىشتۈرۈش بىلەن مەشغۇل بولسا، يەنە

قاراقاشتا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئاتاقلىق مۇقامچى ھەمدۇللا ئاكىنىڭ ئائىلىسىدىن چىققان ھاشىم ھاجى، ئايىمخان ھاجى، ساۋۇتخان، داۋۇتخان قاتارلىقلارنىڭ ئەۋلادلىرى بۈگۈنمۇ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ۋە مەملىكىتىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا دارۋازلىق، سېركچىلىك، ئۇسسۇل ۋە مۇزىكا ساھەسىنىڭ يورۇق يۇلتۇزلىرى بولۇپ چاقناماقتا. نۇراخۇن تەربىيىلىگەن دارۋازلار، شېرئەلى تەربىيىلىگەن مۇزىكانتلار، خەلچەم سىدىق يېتىشتۈرگەن ئۇسسۇلچىلار نەچچە يۈزگە يېتىدۇ.

«شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» نىڭ 25 - سانىدىكى شېرىپ خۇشتارنىڭ ئەسلىمىسىگە ئاساسەن قىسمەن مەزمۇنلار تولۇقلاپ ئېلىندى.

## داڭلىق مۇقامچى ئايىمخان ھاجى

ئايىمخان ھاجى 1888- يىلى قاراقاش ناھىيىسىنىڭ بازار ئىچى تانا يېزىسىدا داڭلىق مۇقام ئۇستىسى ۋە خەلق سەنئەتكارى ھەمدۇللا ئاخۇن ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ھەمدۇللا ئاكا ئۆز دەۋرىنىڭ مەشھۇر مۇقام ئۇستىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ھاشىم ھاجى، ساۋۇتخان، داۋۇتخان قاتارلىق ئوغۇللىرىنى 12 مۇقامنى چېلىشتا كامالەتكە يەتكۈزۈپلا قالماستىن، ئايىمخان ھاجى قىزىنىمۇ ئۇستا مۇقامچى قىلىپ يېتىشتۈرگەنىدى.

ھەمدۇللا ئاكىنىڭ ئۆيىدە مۇقامنىڭ دىلنى مەھلىياھ قىلغۇچى مۇڭلىرى كېچە - كۈندۈز جاراڭلايتتى. يىراق - يېقىندىن كەلگەن مۇقام ئىشقىۋازلىرى ۋە مەشقاۋۇللار بۇ ئۆيگە جەم بولۇپ، مۇقام ئۆگىنىش، دارۋازلىقنى مەشق قىلىش قاتارلىق پائالىيەتلەر بىلەن مەشغۇل

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئىنقىلا-
بىي ھەرىكەتلەر ۋە كۈرەشلەرنى تەشۋىق قىلىپ كەلدى.

ھاشىم ھاجى ياپونغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدە كۆپ
قېتىم دار باغلاپ ۋە تىياتىر كېچىلىكى ئۆتكۈزۈپ، تاپقان
كىرىملىرىنى تامامەن ياپونغا قارشى تۇرۇش ئالدىنقى
سېپىگە ياردەم بەرگەن. بۇ ئىش يالغۇز بىر ئۈرۈمچىدىلا
ئەمەس، بەلكى ئاشۇ يىللاردا شىنجاڭنىڭ بىر قانچە يېرى-
نى ئايلىنىپ، جاي - جايلاردىن ئىئانە يىغىش ئورۇنلى-
رىغا ياردەم بەرگەنىدى.

ھاشىم ھاجى 1953- يىلى 84 يېشىدا كۇچادا ۋاپات
بولدى. گەرچە ئۇ ۋاپات بولغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئۇيغۇر خەل-
قىنىڭ ئەنئەنىۋى دار ئويۇنىنى ۋە سەنئىتىنى ئەۋلادتىن -
ئەۋلادقا قالدۇرۇشتا ئۆمۈر بويى جاپا چېكىپ قولغا كەل-
تۈرگەن ئەجرى خەلق ئاغزىدا، تارىخ بېتىدە داستان بو-
لۇپ قالدى.

ھاشىم ھاجىنىڭ دارۋاز قىلىپ يېتىشتۈرگەن چوڭ
ئوغلى سىدىق ھاشىم ھازىر 73 ياش بولۇپ، ئۇ ئازادلىق-
تىن بۇيان شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت، سەنئەت سېپىدە،
بولۇپمۇ شىنجاڭ سېرك ئۆمىكىدە ئىزچىل
خىزمەت قىلىپ كەلدى. ئۇ ھازىر ئاپتونوم
رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى. كىچىك ئوغلى نۇر-
ئاخۇن بولسا، غۇلجا، كۇچالاردا شاگىرت تەربىيىلەيدۇ.
ھاشىم ھاجىنىڭ مۇزىكاشۇناسلىقىنى ئۆگەنگەن ئوغلى
شىر ئەلى ھاشىم شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتىنىڭ ئوقۇت-
قۇچىسى، نەۋرىسى خەلچەم سىدىق شىنجاڭ ناخشا - ئۇس-
سۇل ئۆمىكىنىڭ ئاتاقلىق ئۇسسۇلچىسى، نەۋرىسى تۇر-
سۇن ئېلى شىنجاڭ ئوپېرا ئۆمىكىنىڭ مۇزىكانتى، نەۋرى-
سى نىگارە بېيجىڭ سېرك ئۆمىكىدە ئىشلەيدۇ.

قىلىپ خوتۇنى بار تۇرۇقلۇقمۇ ئۇنى يوشۇرۇن نىكاھىغا ئېلىپ، «شەيتان ۋەسۋەسىسى مۇقام» دىن بەزدۇرۇپ، «روپاش ئاغىچام» قىلىپ، «ساۋاب» تېپىشماقچى بولۇشتى. بەزى بايۋەچچىلەر ئۇنى ئارزۇلۇق خوتۇنى قىلىپ، ھۇجرىدىن چىقارماي مۇڭلۇق ئاۋازى ۋە گۈزەل ھۆسن - جامالىدىن ئۆمۈرلۈك ھۇزۇرلىنىشنى كۆڭلىگە پۈكۈشتى.

ئايىمخان بۇ خىل رەزىللىك يوشۇرۇنغان قارا كۆڭۈل خېرىدارلارنىڭ تەلىپىنى قەتئىي رەت قىلدى.

ئايىمخان ھاجى 1948- يىلى بىر نەچچە ئەر- ئايال ھەج-تاۋاپ قىلغۇچىلار بىلەن بىللە تەمبۇرنى يېنىغا ئېلىپ ئاتلىق ھەج سەپىرىنى باشلايدۇ. ئۇ ھەجدىن قايتىش سەپىرىدە ھىندىستاننىڭ بومباي شەھىرىدىكى بىر مېھمانخانىدا ھەر خىل مىللەتلەر توپلاشقان سورۇندا ئەجەم، چەبىيات مۇقاملىرىنى ئورۇنداپ تاماشىبىنلارنى ھەيران قالدۇرىدۇ. بومبايدىكى مەدەنىيەت ساھەسىدىكى ئەربابلار ئاتايىن يوقلاپ كېلىپ، ئۇنىڭ مۇقام ئورۇنلاش ماھارىتىگە ئۆز تەرجىمانلىرى ئارقىلىق ئاپىرىن ئوقۇش بىلەن بىرگە ئايىمخان ھاجىغا، ئەگەر ھىندىستاندا قېلىشنى خالىسا، ئۆي- جاي، يۇقىرى مائاش - تەمىنات بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. لېكىن ئايىمخان ھاجى ئۇلارنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلىدۇ ۋە 1949 - يىلى ۋەتەنگە قايتىپ كېلىدۇ.

ئايىمخان ھاجى 1942 - يىلدىن باشلاپ قاراقاشتا ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى تەرىپىدىن تەشكىللەنگەن سانايىنەپىسىلەردە چالغۇچى سۈپىتىدە ئۇيغۇر تىياتىرچىلىق سەنئىتىنىڭ راۋاجلىنىشىغا زور تۆھپە قوشتى. ئازادلىقتىن كېيىن ھەر خىل پائالىيەت سورۇنلىرىدا خەلقنىڭ سوتسىيالىستىك ۋەتەن قۇرۇش قىزغىنلىقىغا ئىلھام بېرىپ

ئىدى. يۇرتتىكى چوڭ- كىچىك مېھماندارچىلىقلار، توي- تۆكۈن، بەزمە- مەشرەپلەر ئۇلارسىز قىزىمايتتى. ئايىم- خان ئەنە شۇ مۇقام كۈيلىرى ئىچىدە تۇغۇلدى ۋە ئۆسۈپ يېتىلدى. ئۇ 11—12 يېشىدىلا مۇقامنىڭ مۇقەددىمە، تەزە، مەرغۇللىرىدىن كىچىك ئارىيەلەرنى چېلىشنى ئۆگەندى. 15 يېشىدا مۇقامنىڭ ھەر قايسى ئۆزگىرىشلىرى بويىچە چالالايدىغان بولدى. 18 ياشتا ھۆسنى لاتاپەتلىك، ئېگىز، زىلۋا ئۆسكەن ئايىمخان داڭلىق مۇقامچى قىز بولۇپ يې- تىشتى. ئۇنىڭ نام-شۆھرىتى كېرىيە، خوتەن، گۇما قا- تارلىق جايلارغىچە تارقىلىپ بۇ قىزنىڭ ھۆسن- جامالى- نىلا ئەمەس، چالغان مۇقامىنى بىر قېتىم ئاڭلاشنى ئارزۇ قىلىپ يىراق- يېقىندىن كەلگەنلەر ئاز ئەمەس ئىدى.

ئايىمخان ھاجى 18 — 19 ياشلارغا كىرگەندە ئۇنىڭ ئاتا- ئانىسى ئارقا- ئارقىدىن ئۆلۈپ كەتتى. ئاكىسى ھاشىم ھاجىمۇ چەتئەللەردە قىزغىن پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتاتتى. باشقا تۇغقانلىرى بولسا ئۆز تۇرمۇشى بى- لەن ھەلەك ئىدى.

ئۇ يۇرت مۆتىۋەرلىرى تەرىپىدىن توي - مەرىكە، بەزمە - مەشرەپلەرگە تەكلىپ قىلىنىپ، ئۆمۈرلۈك سەن- ئەتكارلىق ھاياتى رەسمىي باشلىنىدۇ. ئايىمخان مۇقامنى كۆپىنچە تەمبۇر بىلەن ئورۇندايتتى. ئۇنىڭ چېلىشتىكى ماھارىتى، ئاۋازدىكى راۋانلىق، سوزۇلۇك ۋە يېقىملىق سېھرىي كۈچ—ئاڭلىغۇچىلارنىڭ روھىي دۇنياسىغا مۇڭ، غۇرۇر، شادلىق ۋە مەنىۋى شىپالىق بەخش ئېتەتتى.

ئەينى دەۋردىكى شارائىتتا بۇ چىرايلىق مۇقامچى قىزغا ئاشىق بولغانلار، ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن مۇھەببەت- نىكاھ تەلىپى قويغۇچىلار كۈنسايىن كۆپەيدى. بەزى دى- نىي مۇتەئەسسىپلەر ئۆز ئىمتىيازى ۋە بايلىقىنى كۆز-كۆز

ئۇچۇن كەلگەنلىكىنى بىلىپ، يەرلىك مۇسۇلمانلار بۇلار-
نى ئۇستاز بولۇشقا تەكلىپ قىپتۇ. ئۇلۇغ ھەزرىتىم
بۇلارنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىپتۇ. بۇ جاي تۇغراقلىق-
قۇمۇشلۇق، زېمىنى پەس، يۇرت - مەھەللىلەرگە يېقىن،
سۇغىرىشقا قولايلىق بولغانلىقتىن، ئۇلۇغ ھەزرىتىم بۇ
جايدا ئولتۇراقلىشىپ ئېتىز - باغلارنى بىنا قىلغانىكەن.
بۇ مەھەللە «ئويباغ» دەپ ئاتىلىپ كېيىنچە «ئويۋاغ» قا
ئۆزگىرىپ قالغانىكەن.

بۇ كەنتنىڭ بىر بۆلۈك ياقا جايلىرى خەلق كوممۇنىسى
قۇرۇش ۋە كوممۇنىنى يېزىغا ئۆزگەرتىش مەزگىللىرىدە
قوشنا كەنتلەرگە قوشۇلۇپ كەتتى.

ئېرىق چوڭقۇر بولغانلىقتىن چوڭ قوغاچ ئىچىلسا
بەھرام سۇيى ئۆستىڭىنىڭ سۇيى بۇ ئېرىققا ئاقىدىكەن.
كىشىلەر ئارىسىدا نەپسى يامان، قارنى چوڭلارنى تەن-
قىد قىلىدىغان «ئويباغ ئېرىقىنىڭ قوغىچىدەك دەم تارتى-
دىكەنسىز» دېگەن ئىبارە ھازىرمۇ بار.

1955 - يىلدىن ھازىرغىچە ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا
مەكتەپ، يېزا ئىگىلىك ئىدارىسى، ھاۋا رايى پونكىتى،
يولۇچىلارنى توشۇش شىركىتى، ج خ قاتناش ساقچىلىرى
ئەترىتى، يول ئاسراش ھەققى يىغىش پونكىتى، ئاشلىق
ئامبىرى قاتارلىق ئورۇنلار بۇ كەنتنىڭ دائىرىسىگە
سېلىندى.

1996 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئويباغ كەنتىدە تۆت
مەھەللە، 430 ئائىلە، 1829 نوپۇس، 1562 مو تېرىلغۇ
يەر بار.

## ئويباغدىكى مەدرىسە ۋە مەسچىت توغرىسىدا

ئۇلۇغ ھەزرىتىم بۇ جايدا ئولتۇراقلاشقانىدىن كېيىن

يېڭى ناخشىلارنى ياڭراتتى.

12 مۇقامنى ئۆزىنىڭ بارلىق ھۇزۇر- ھالاۋەتلىرىدىن كېچىپ، قوغدىغان ۋە ساقلىغان داڭلىق مۇقامچى ئايىم- خان ھاجى 1961- يىلى ئاتا مىراس تەمبۇرنى قۇچاقلىغان ھالدا ۋاپات بولدى.

ئۇ، ئۆزىنىڭ بىر ئۆمۈر تەنھالىق ھاياتىنى ئۆزى ياخشى كۆرگەن 12 مۇقامغا ۋە مۇقام كۈيلىرى ئارقىلىق سۆيگەن ۋەتىنىگە، خەلقىگە بەخش ئەتكەنلىكتىن خەلق بۈگۈنگىچە ئۇنىڭ نامىنى يادلاپ كەلمەكتە.

## ئويباغ

ئىمامى رەببانىنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بولغان ئىككى ئوغۇل 1590 - يىللىرى سەيلون ئاراللىرىدىن يولغا چىقىپ چوڭ ئوغۇل مىرابدۇللاخان يەكەندە تۇرۇپ قاپتۇ. كىچىك ئوغۇل (بۇ يىگىتنىڭ ئىسمى ئۇلۇغ بولسا كېرەك، ئۇلۇغ ھەزرىتىم دېگەن نام-ئاتىقى ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە.) يۇرت كېزىپ بۇ جايغا كەلگەندە، ئۇنىڭ ۋە بىر نەچچە ھەمراھىنىڭ ئات - ئۇلاغلىرى ھېرىپ قاپتۇ. كەچ كىرىپ قالغانلىقتىن بۇلار كىگىز - كۆرپىلىرىنى يېيىپ ئۇخلاشقا تەرەددۇت قىلىۋاتقاندا بىر ئۇن يېشىم يىراقلىقتىكى كۆشۈك ① لەقەملىك كىشىلەر (كۆشۈك مەھەللە ھازىر قېرىمچى كەنتىگە تەۋە) بۇلارنى ئۆيلىرىگە باشلاپ بېرىپتۇ. سۆھبەت داۋامىدا بۇلارنىڭ ئىسلام دىنى پەرھىز - سۈننەتلىرىنى تەشۋىق قىلىش — مۇستەھكەملەش

① كۆشۈك — كالا، ئات، ئېشەكلەرنى ئېتىز - خامانلاردا ئىشقا سالغاندا مايسا، دانلارنى يەپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن تۇمشۇقىغا ئوراپ قويىدىغان، توقۇلما سايمان.

نەچچە ئەسكەر ئەۋەتىپ قۇدرەتۇللاخاننىڭ نۇرغۇن مال ـ دۇنيالىرىنى، جۈملىدىن 300 تۆگىسىنى مۇسادىرە قىلىپ خانلىق خەزىنىسىگە ئۆتكۈزۈۋاپتۇ. ئىككى تاشلىق تۆگـ مەنىمۇ ئۆتكۈزۈۋالغانلىقتىن بۇ تۆگمەن پادىشاھلىق تۆگمەن دەپ ئاتىلىپتۇ. زاۋىدا ياقۇپ بەگنىڭ ھۇجۇمىدىن مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن سېلىنىدىغان چوڭ قورغاننىڭ دەرۋازىسى قىلىمىز دەپ قىبلە تەرەپتىكى مەدرىسنىڭ دەرۋازىسىنى قومۇرۇپ ئېلىپ كېتىپتۇ.

بۇ مەدرىس ـ مەسچىتلەر 1962 ـ يىلى بۇزۇلۇپ كەنت ئىشخانىلىرىنى سېلىشقا ئىشلىتىلدى. ھەزرەت ھاجىمنىڭ ئوغلى ھۆرمەتۇللاخان 1980 ـ يىلى ئەيسار ھاجىم (تېۋىپ) قاتارلىق يۇرت قەۋمىدىن ئىئانە توپلاپ ئۇزۇنلۇقى 30 مېتر، كەڭلىكى 16 مېتر جايغا يېڭى مەسچىت سالدى.

### داموللا ھاجىم توغرىسىدا

كىشىلەر «ھەزرەت ھاجىم»، «داموللا ھەزرىتىم»، «داموللا ھاجىم» دەپ ئاتىغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئىسمى كىشىلەرنىڭ ياددىن چىقىپ كەتكەنىكەن. ئۇنىڭ تالىپى، زاۋا يېزىسىنىڭ جايتېپەرەك دېگەن يېردە ئولتۇرۇشلۇق ماخمۇت مەخسۇم ھاجى (92 ياش) نىڭ پاكىتلىشىچە داموللا ھاجىمنىڭ ئىسمى ــ مەئسۇمخان ئىكەن.

بۇ كىشى ياش ۋاقتىدا ھازىرقى ناھىيىلىك ئۇيغۇر تىبابەت شىپاخانىسىنىڭ ئۇدۇلىدىكى قومۇشلۇق مازارنىڭ ئورنىدا روزىمۇھەممەت داموللام سالدۇرغان، ئوسمانىشا ئاخۇنۇم دەرس بەرگەن مەدرىستە ئوقۇغانىكەن. بۇ تالىپنىڭ تەمبۇرغا ئىشقىۋاز ئىكەنلىكىنى كۆرگەن ئوسـ

ئىشانلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ سوپى - مۇرتلىرىنى تېز كۆچەيتكەنلىكتىن ئاپپاقخوجا (ھىدايىتۇللا ئىشان) نىڭ ماختىشىغا ئېرىشكەنىكەن. بۇ كىشى 385 يىل بۇرۇن يولنىڭ قىبلە تەرىپىگە ئىمامى ھەسەننىڭ روھىغا ئاتاپ خىش قۇرۇلمىلىق مەدرىس سېلىپ تالىپلارنى تەربىيىلىگەنىكەن، ئۇنىڭ ئوغلى ئابدۇللاخان ھەزرىتىم 354 يىل بۇرۇن داراسكال، ئاقساراي تەرەپلەرگە چىقىدىغان يولنىڭ كۈن يورۇش تەرىپىگە ئىمامى ھۈسەيىننىڭ روھىغا ئاتاپ مەدرىس - مەسچىت سالدۇرغانىكەن. (بۇ ئىككى مەدرىس — 1960 - يىلىغىچە بىر - بىرىگە قارىشىپ تۇراتتى.) قۇدرىتىللاخاننىڭ دەۋرىگە كەلگەندە بۇلارنىڭ سوپى - مۇرتلىرى بىر نەچچە مىڭغا، قارا قوزۇق، ساييات، ئالتۇنچى، تاشكەنت، سايباغ ۋە ئۆز مەھەللىسىدىكى ۋەخپە يېرى 60 پاتمانغا (بىر پاتمان — 100 مو ھېسابلىنىدىكەن) يەتكەنىكەن.

بۇ مەدرىسلەرنى قايتا رېمونت قىلغانىدا نىياز ھېكىمبەگ دېگەن كىشى پۇل بېرىپ تاقىلىرىنى ياساتقانىكەن.

1860 - يىللىرى خوتەننىڭ ئەلمى — ھەبىبۇللامۇپتى ھاجىم ئۆزىنىڭ قەشقەرنى ئىشغال قىلىش مۇددىئاسىغا، قۇدرىتىللاخان ھەزرىتىمنى ئەسكەر ۋە پۇل بىلەن ياردەملىشىشكە دەۋەت قىپتۇ. قۇدرىتىللاخان:

— ئاتچويلىك پاختىچى موللىلار ① نىڭ قولىدىن نېمە كېلىدۇ؟ بىز ئۇلارغا قوشۇلساق نەسەب- مەرتىۋىمىز پەسلەپ كېتىدۇ،- دەپتۇ. بۇ مەسخىرىدىن خەۋەر تاپقان ھەبىبۇللا ئەلەمغەزەپلىنىپ، بىر نەچچە ئەمەلدار ۋە ئون

① ئاتچويلىك غوجىلارنىڭ ئەجدادلىرى — كېۋەز تېرىش ، پاختا ئېلىپ - سېتىش بىلەن شۇغۇللانغانىكەن.

پالىق تاپىدۇ»، «ساتىدىغان ئاشلىق ياكى مالغا بۇ مەدرىسىنىڭ تۈپىسىنى سەپسە كۆپ پۇلغا يارايدۇ» دېگەن مۇبالىغىلەر بۇ نەسەبكە يېقىنقى يىللارغىچە ھۆرمەت-ئابروي بېغىشلاپ كەلدى.

## تەكىلىك باغ

غۇلامىدىن سۇبېتىللاخان ھەزرىتىم ① 1910 - يىللىرى 15 مو يەردە تەكىنى (تەكە—شاپتۇلنىڭ بالدۇر پىشىدىغان بىر خىلى) ئاساس قىلىپ، ئۆرۈك، چىلان، ئالما، ئانار، ياڭاق، ئامۇت، نەشپۈتلەرنى ئۆزى ئۇلاپ باغ بىنا قىلغان بولۇپ، كىشىلەر تەكىلىك باغ دەپ ئاتىغانكەن. بۇ باغنىڭ تۆت ئەتراپى شۇ قەدەر پۈختا چىتلانغانلىقتىن ئۇچارلىقلار كىرەلمەيدىكەن، ماڭارلىقلار (ئادەم ۋە ھايۋانلار) كىرەلمەيدىكەن. مېۋە سېتىۋالغۇچىلارغا باغۋەن كەمچەنلەپ(سانىماي)، ئىشىكنىڭ ئۈستىدىن سۇنۇپ بېرىدىكەن، پۇلى يوق بېرىپ قالغانلارنىمۇ بىرنەچچە تال مېۋە بىلەن خۇشال قىلىدىكەن. بۇ باغ 1959 - يىلدىن كېيىن پەرسۇدە بولۇپ، بىر ئارغامچا بىلەن يۆگەلمەيدىغان ئۆرۈك دەرەخلىرى خەلق ئاشخانىسىنىڭ ئوچاقلىرىدا كۆلگە ئايلاندى.

(ئۇلۇغ ھەزرەت، مەئسۇمخان ھاجى، مەدرىس-مەسچىتلەر توغرىسىدىكى مەلۇماتلارنى ماخمۇت مەخسۇم ھاجى، ئويباغ كەنتىدە ئولتۇرۇشلۇق ماخسۇت ھاجى، ئابلەتخاندىن ۋە قارا قاش بازارلىق پارتكوم بىرلىكسەپ خىزمىتىگە مەسئۇل كادىرى ماخمۇت تۇرسۇندىن توپلىدىم.)

---

① مەئسۇمخاننىڭ ئوتتۇرانچى ئوغلى.

مانشا ئاخۇنۇم بۇ تالىپنى ساۋاقداشلىرى ئوتتۇرىسىدا ئەيىبلەپ تەمبۇرىنى يېرىدۇۋېتىپتۇ. كۆڭلى ئازار يېگەن بۇ تالىپ بىر نەچچە ساۋاقدىشىنى باشلاپ قەشقەرگە بېرىپ بىر يىل ئوقۇغاندىن كېيىن، سودىگەرلەرگە ئەگىشىپ تېرەك داۋاندىن ئۆتۈپ بۇخاراغا بېرىپ ئۈچ يىل «مەدرىسە كۆكۆلداش» تا ئوقۇپتۇ. سەدىقىدىن تەگمىش بولغان 150 يامبۇغا تايىنىپ ئۇستازى بىلەن ھەرەمگە بېرىپ ھاجى بولغاندىن كېيىن قايتىپ يەكەندىكى تۇغقىنى شانىياز ئىشانىمنىڭ ئۆيىگە چۈشۈپتۇ، شانىياز ئىشان قىزى قەمەرخېنىمنى ئۇنىڭغا بېرىپ قېيىن ئاتا بوپتۇ ۋە كۆيئوغلىنى بىر مەدرىسىگە مۇدەررىسلىككە تەيىنلەپتۇ. بۇ خەۋەرلەر ئۆز يۇرتىغا ئاڭلانغاندىن كېيىن قاۋۇل ئاخۇن قاتارلىق كىشىلەر يەتتە مەپە بىلەن يەكەنگە بېرىپ ھاجىمنى شانىياز ئىشاندىن تىلەپ قايتۇرۇپ كەپتۇ ۋە «داموللا ھەزرەت ھاجىم» دەپ ئاتاپتۇ. بۇ كىشى ئويباغ مەدرىسىدە 18 يىل مۇدەررىس بولۇپ 1500 دىن ئارتۇق تالىپنى تەربىيىلەپتۇ. (ئىمىن ھەزرەتمۇ بۇ مەدرىسىنىڭ تالىپى ئىكەن) ئاخىرقى ئۆمرىدە ئالتە يىل كۆزى تۇتۇلۇپ 1922- يىلى 52 يېشىدا جان ئۈزدى. بۇ چاغدا ئانىسىنىڭ قورسىقىدا بەش ئايلىق بولغان كەنجى ئوغلى ھۆرمەتۇللاخان بۇ يىل (1995 - يىل) 2 - ئايدا 72 يېشىدا قازا تاپتى. ئۇنىڭ جەسىتى مەسچىتنىڭ يېنىدىكى زاراتگاھلىقتا 21 - سەئىد ئەۋلادى بولۇپ كۆمۈلدى.

مەئسۇمخان ھەزرەت ھاجىمنىڭ چوڭ ئوغلى پەزلەنەبىخاننىڭ ئوغلى ئابلەتخان بۇ يىل 58 ياشقا كىردى.

«ئۇلۇغ ھەزرىتىمنىڭ چاپىنىنىڭ پېشىنى سۈرتسە قارىغۇ كۆز ئېچىلىدۇ»، «ساقايمىغان جاراھەتكە ئۇلۇغ ھەزرىتىمنىڭ قەبرىسىنىڭ توپىسىنى سەپسە دەرھال شى-

گېتەلمىگەنلىرىگە ئىش بەرمەي قايتۇرۇۋېتىدىكەن. ئايالى:

— نېمىشقا بۇنداق قىلىسىلا؟ — دەپ سوراپتۇ. باي:

— ئانىنى جىق يېگەنلەرنىڭ ئەقلىي قۇۋۋىتى كەم، جىسمانىي كۈچى جىق بولىدۇ، قانداق ئىشقا بۇيرىساق بىزنى ئىنچىكە تەكشۈرۈپ دېگەندىن چىقىراق ئىشلەيدۇ. نانىنى ئاز يېگەنلەر ئەقىللىق كېلىدۇ، مەن تاپشۇرغان ئىشتىن پۇتاق چىقىرىپ مەسلىھەت كۆرسىتىپ ۋاقتىنى ئۆتكۈزىۋېتىدۇ، — دېگەنىكەن.

بۇ كەنتتە ئۈجمە قاتار دەپ ئاتىلىدىغان بىر مەھەللە بار. بەدۆلەت زامانىدا بۇ كەنتتىن كېسىپ ئۆتىدىغان قەشقەر — خوتەن تاشيولىنىڭ بويىدا بىر نەچچە يۈز تۈپ ئاق ئۈجمە كۆچىتى سېلىنغانىكەن. بىر قۇچاق تومۇلۇقتا چوڭايغان بۇ ئۈجمە دەرەخلىرى 1960 — يىللىرى «خەلق ئاشخانىسى» نىڭ ئوچاقلىرىدا كۆلگە ئايلاندى.

بۇ كەنتتە 1996 — يىلىنىڭ ئاخىرىدا بەش مەھەللە، 421 ئائىلە، 2028 نوپۇس، 1593 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## شائىر قادىرخان يەتتىمى

شائىر قادىرخان يەتتىمى 1918 — يىلى سىزى كەنتىدە مەرىپەتپەرۋەر ئائىلىدە تۇغۇلغان. ئەسلى ئىسمى تۇردى خەلپە ھاجى ئوغلى قادىرخان بولۇپ، يەتتىمى — شائىر ئۆزى قوللانغان تەخەللۇسى. شائىرنىڭ دادىسى تۇردى خەلپە ھاجى ئۆز دەۋرىنىڭ مەشھۇر ئۆلىماسى بولۇپ، مەدرىس ئېچىپ ئىلىم تارقاتقان، يۇرت ئەھلىگە، قېرىنداشلىرىغا ساۋاتى كۈچلۈك، خىزمەتكار كىشى ئىدى. شائىر كىچىكىدە ئائىلىدىن تەلىم ئېلىپ باشلانغۇچ مەلۇماتقا ئېرىشكەندىن كېيىن، شۇ ۋاقىتتىكى نوپۇزلۇق بول

## قىرىمچى

بۇ كەنتنىڭ ئىسمى يۈز يىللار ئىلگىرىدىن باشلاپ قىرىمچى① دەپ ئاتىلىپ كەپتۇ. بۇ يەردىن 50-يىللارغىچە شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا قىرىم ئاپىرىپ سېتىلىدىكەن. ئەمما، كۆن، خۇرۇم زاۋۇتلىرىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، بۇ جايدا ھازىر قىرىم ئىشلەيدىغانلار ئاساسەن تېپىلمايدىكەن. شۇنداقتىمۇ قىرىمچى دېگەن بۇ نام ھېلىغىچە كەنت ئىسمى بولۇپ كەلمەكتە.

بۇ كەنتتە 1996 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئۈچ مەھەللە 270 ئائىلە، 1239 نوپۇس، 936.5 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## سىزى

150 يىل بۇرۇن بۇ جايدىن ئاقىدىغان بەھرام سۈيى ئۆستىڭى ئېگىز، كۆن يورۇش تەرەپ پەس بولغاچقا، قاش تۆۋىدە ھەمىشە سۇ سىزىپ تۇرغانلىقتىن بۇ مەھەللە سىزى دەپ ئاتالغانىكەن.

1940- يىللىرى بۇ كەنتتە قۇربان ھاجىم ئىسىملىك بىر باي ياشىغانىكەن. ئۇنىڭ تېرىلغۇ يەرلىرى نەچچە يۈز موغا يەتكەنلىكتىن، تېرىش - يىغىش مەزگىللىرىدە نەچچە ئون، ئادەتتە يەتتە - سەككىز كۈنلۈكچى (بىر كۈن ئىشلەپ شۇ كۈنى كەچتە ئىش ھەققىنى ئالىدىغان ئىشلەمچىلەر) ئەمگەك قىلىدىكەن. بۇ باي ئەتىگەنلىكتە بىر قاچا ئاش بىلەن ئۈچ زاغرىنى تۆگىتىپ يەپ بولالايدىغان ئىشلەمچىلەرگە ئىش كۆرسىتىپ بېرىدىكەن. يەپ تۆ-

① قىرىمچى — ئەچكۈ، قويىنىڭ تېرىسىنى يەرلىك ئۇسۇلدا پىششىقلاپ ئىشلەيدىغانلارنى كۆرسىتىدۇ. تېرىدە مەخسۇس ئاياغ تىكىلىدۇ.

تىبابەتكە ئائىت قولىيازمىلىرى بار ئىدى. بۇلار تېخىچە تېپىلمىدى. ھازىر ئۇنىڭ «دىۋان يەتتىمى» ناملىق بىرلا قولىيازما ئەسىرى تېپىلدى. بۇ كىتابنى شائىر 1948-يىلى 30 يېشىدا ئۆز قەلىمى بىلەن رەتلەپ دىۋان قىلىپ چىققان. دىۋاندا غەزەل، مۇخەممەس ۋە مۇرەببە شەكلىدە 1500 مىسرادىن ئارتۇق شېئىرلىرى بار. شائىر بۇ كىتابنى مەرھۇم ئۇستازى ئوبۇلقاسىم ھەزرەتنىڭ تەربىيە ھۆرمىتى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئوغلى ھامۇتخانغا تەقدىم قىلغان. 1989-يىلى شائىرنىڭ بىر تۇغقان ئىنىسى ئابدۇخالىق ھاجى ۋە شائىرنىڭ ئىككىنچى ئوغلى ئابدۇلئەھەت قادىرنىڭ قايتا-قايتا ئەسلەپ ئىزدىنىشى ئارقىلىق «دىۋان يەتتىمى» ناملىق بۇ قولىيازما ئاخىر تېپىلدى. ھازىر ئابدۇلئەھەت قادىرنىڭ قولىدا ساقلانماقتا.

دىۋاندىكى شېئىرلارنىڭ نىگىزىدە ئاساسەن تەسەۋۋۇپ غايىسىدىكى مەزمۇنلار ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ. بۇنىڭدىن شائىرنىڭ تەسەۋۋۇپ شائىر ئىكەنلىكىنى ياكى شۇ خىل ئەدەبىي ئېقىمنىڭ تەسىرىگە چوڭقۇرراق ئۇچرىغانلىقىنى قىياس قىلىش مۇمكىن.

پىر-ئۇستازلارغا ئالىي ئېھتىرام بىلەن تۇرۇش، ئۇلارنى ئىخلاس ۋە ئېتىقاد دەرىجىسىدە مەدھىيىلەش، ئۇلارغا خىزمەت قىلىشنى بۇرچ ۋە ئەقىدە دەپ بىلىش تەسەۋۋۇپ ئېقىمىنىڭ غايىسى ۋە قىممىتى. شۇ سەۋەبتىن بۇ خىل غايىدىكى ئەدەبىي ئەسەرلەرمۇ ئۆزىگە يارىشا بىر يۇرۇش تەلەپ ۋە قائىدىلەرنى شەرت قىلىدۇ. ۋەھالەنكى تېخى بىزدە بۇ خىل ئەدەبىياتقا قارىتا بىر قەدەر ئىلمىي بولغان توغرا قاراش تېخى ئومۇملاشقىنى يوق. دەرۋەقە بۇنداق شېئىرلاردا بىر قىسىم پاسسىپ تەرەپلەرمۇ بار. لېكىن، ئۇنىڭدا يەنە چوڭقۇر شېئىرىي قىزغىنلىق ۋە شېئىر

غان قوتاز مەدرىسىگە كىرىپ ئوقۇغان. مەدرىسىنى تاما
ملىغاندىن كېيىن، مەشھۇر ئۆلىما مەتنىياز ھاجىم مەۋلىۋ
نىڭ ھۇزۇرىدا، كېيىنچە قاغىلىقتىكى ئوبۇلقاسىم ھە
رەتنىڭ ھۇزۇرىدا سىستېمىلىق ئىلىم تەھسىل قىلغان
تىل، تەپسىر ۋە ئەدەبىيات ئىلىملىرىنى ئالاھىدە كۆڭۈل
قويۇپ ئۆگەنگەن ۋە ئەرەب، پارس، ئوردۇ تىللىرىنى با
راۋەر رەۋىشتە پىششىق ئىگىلىگەن. كۆڭۈل مايىللىقى جە
ھەتتە شېئىرىيەتكە ئالاھىدە ئىشتىياق باغلاپ تۇرلۇك تىل
يېزىقتىكى كۆپلىگەن شېئىرىي كىتابلارنى ئوقۇغان. شا
ئارقىلىق تۈركىي تىل سىستېمىسىدىكى نۇرغۇن كلاسسىك
شائىرلار ۋە ئۇلارنىڭ شېئىرلىرى بىلەن تونۇشقان. ئۇ
ئون ياش ۋاقتىدىلا نۇرغۇن ئەشئارلارنى يادلىۋالغان. ئۆ
زى ھەم نەزم ئىجاد قىلىشقا باشلىغان. شائىرنىڭ 30-
يىللاردىكى ئەھۋالىنى ئەسلىگەنلەر ئۇنى «شۇ چاغلار ياش
بەكمۇ زېھىنلىك ئىدى. ئەرەب ۋە پارس تىللىرىدا راۋان
سۆزلەيتتى. بېيىت يادلىسا ئادەم زوقلىنىپ كېتەتتى. ئۇ
ياش ۋاقتىدىلا ئەلنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن» دەيدۇ.

شائىر ئازادلىقتىن كېيىن، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ
ئىززەت - ئېتىبارىغا ئېرىشتى. 1962 - يىلى ئاز سانلىق
مىللەتلەر ئېكىسكۇرسىيە ئۆمىكى تەركىبىدە ئىچكى ئۆلكە
ۋە شەھەرلەردە تۆت ئاي ئېكىسكۇرسىيە ۋە زىيارەتتە بول-
دى. شائىر ئاشۇ تۆت ئايلىق تۇرمۇش تەسىراتلىرى ئا-
ساسىدا «سەپەردىن خاتىرىلەر» ناملىق قولىيازما توپلام
ئىشلىگەن. بۇ توپلام شائىرنىڭ يەنە بىر قولىيازما ئە-
سىرى «چەشمە يىتىمى» (پەند - نەسىھەت خاراكتېرىدى-
كى ئەسەر) بىلەن بىللە كېيىنكى كۈنلەردە يوقىلىپ كەت-
كەن. ئۇنىڭدىن باشقا شائىرنىڭ يەنە ئەرەب ۋە پارسچى-
دىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان ئەسەرلىرى، تارىخ ۋە

لارغا دىننى بىلىم ۋە قىرائەت ئۆگىتىدىكەن. بايھەمياش بىر خەنزۇ دائىم ئۇنىڭ ئىشىك تۈۋىگە كېلىپ تالىپلارغا ئۆگەتكەن بىلىم ۋە قىرائەتلىرىنى قىزىقىپ ئاڭلايدىكەن. بۇ خەنزۇ بىر كۈنى ئىسمايىل موللامغا:

— ماڭىمۇ ساۋاق بەرگەن بولسىلا، — دەپ ئىلتىماس قىپتۇ. ئىسمايىل موللام:

— سىز دېگەن خەنزۇ تۇرسىڭىز، سىز قانداقمۇ قىرائەت ئۆگىنەلەيسىز، — دەپتۇ.

— مەن ئىمان ئېيتىپ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىمەن، — دەپ تۇرۋاپتۇ خەنزۇ.

شۇنداق قىلىپ بۇ خەنزۇ ئىسمايىل موللامغا شاگىرت بوپتۇ. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي قاپاقلا دېگەن جايدىن نامىر ھاجىم، مەتنىياز ھاجىم، بەردى ھاجىم قاتارلىق كىشىلەر تىجارەت بىلەن يەكەنگە چىقىپ، قايتار چېغىدا ئىسمايىل موللامنى مۇدەررىسلىككە تەكلىپ قىلىپ بىللە باشلاپ كەپتۇ. ھېلىقى خەنزۇمۇ ئىسمايىل موللامغا ئەگىشىپ بىللە كەپتۇ. ئەمما يۇرت خەلقى بۇ خەنزۇنى ئارىغا ئالماي:

— قاراقاشتا تۇرۇپ قالغۇڭ بولسا مۇشۇ يەردە تىرىكچىلىك قىلغىن، — دەپ مەھەللىدىن يىراق بولغان، ئادەم ئولتۇراقلاشمىغان جاينى — ھازىرقى باشلەڭگەر كەنتىدىكى زاراتگاھلىقنىڭ ئەتراپىنى كۆرسىتىپ قويۇپتۇ. خەنزۇ بۇ جايدا ماكانلىشىپ تېرىقچىلىق قىلىپ دەل — دەرەخ تىكىپ يېڭى مەھەللە بىنا قىپتۇ. ئۆزى مەبلەغ چىقىرىپ بەھرام سۈيى ئۆستىڭىنىڭ بۇزۇلۇپ كەتكەن كۆۋرۈكىنى ياساپ يولنى راۋانلاشتۇرۇپتۇ، كېيىن بۇ كۆۋرۈكنىڭ يېنىغا چوڭ مەسچىت ۋە ئون ئېغىزلىق ھۇجرا سېلىپ ئىسمايىل موللامنى بۇ مەسچىتكە ئىماملىققا ۋە تالىپ تەربىيىلەشكە تەكلىپ قىپتۇ. تالىپلاردىن ئاشقان ھۇجرى-

چەلپكارلىق بولغاندىن تاشقىرى ۋەزىن ئېتىبارى تويۇنۇپ جارى قىلدۇرۇلىدۇ.

يىتتىمىنىڭ شېئىرلىرىمۇ يۇقىرىقىدەك خۇسۇسىيەتلەردىن مۇستەسنا ئەمەس. بىز يىتتىمى شېئىرلىرىدىكى مەزمۇن تەكرارلىقى، دىنىي تۈيغۇ قويۇقراق بولۇشتەك پاسسىپ ئامىللارنىمۇ، شائىردىكى يۈكسەك قىزغىنلىق شېئىرنىڭ تىلى ۋە ۋەزىن جەھەتلەردىكى تەلەپكارلىقىغا ئوخشاش ياخشى تەرەپلەرنىمۇ تەڭ ئېتىبارغا ئېلىپ لىللا باھا بېرىشىمىز كېرەك. ھەر ھالدا شائىر يىتتىمى قىزغىنلىق بىلەن ئۆگەنگەن، ئۆز ھالىغا يارىشا ئىختىيارا قىلغان، ھاياتىدىن ئىز قالدۇرغان، ئۆگىنىش ۋە زېھىن يېتىلدۇرۇشتە قىممەت ياراتقان كىشىدۇر.

شائىر 1964 - يىلى 8 - ئاينىڭ 16 - كۈنى يۈرەك كېسىلى بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەن.

## باشلەڭگەر

1996 - يىلى 12- ئاينىڭ 26 - كۈنى مەن بۇ كەنتكە كېلىپ 103 ياشلىق بارات ئاخۇن، 70 ياشلىق ئابدۇلرەھىم ئاخۇن، 60 ياشلىق مەتتۇرسۇن ئاخۇنلار بىلەن پاراڭلاشتىم. ئۇلارنىڭ بايانلىرىدىن مەلۇم بولدىكى، مەتتۇرسۇن ئاخۇننىڭ بوۋىسى ئىسمايىل ئاخۇن ئەسلى يەكەنلىك بولۇپ، ئۆلىمالىقتا شۇ قەدەر ۋايىغا يەتكەن كىشى ئىدىكى، تېنىدىن جۇدا قىلىنغان ئىككى قوچقارنىڭ كاللىسىنى بىر ئايەت ئوقۇپلا تىرىلدۈرۈپ دەرەخ ئىگىزلىكىدە سەكرىتىپ «جاڭ - جاڭ» ئۇسسۇشتۇرەلەيدىكەنمىش. ئىسمايىل ئاخۇن بۇ كارامەتلىرى بىلەن يەكەندە ئەۋلىيالىق ھۆرمەت - ئىززەتكە ئېرىشىپتۇ. ئۇ نۇرغۇن تالىپ-

تۇرۇشلۇق 110 ياشلىق ئېلى ئاخۇن سۇندۇك، 85 ياشلىق سەرىدىن ئاخۇن قاتارلىق پېشقەدەملەرنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە، 700—800 يىل ئىلگىرى بۇ جايلار يانتاق-قومۇشلۇق جاڭگال ئىكەن. بۇ جايدا دەسلەپتە ئولتۇراقلاشقانلارنىڭ① نەۋرىلىرى دادىلىرىدىن:

— بۇ ياقا يۇرتقا نەدىن كۆچۈپ كەلگەن بولغىيدىلە؟ — دەپ سوراپتۇ.

دادىسى قۇياشنى كۆرسىتىپ:

— بوۋاڭلار قۇياش چىققان تەرەپتىن كەلگەنىكەن، — دەپتۇ. شۇ چاغدىن باشلاپ بۇ مەھەللە «قۇياش» دەپ ئاتىلىپ، كېيىنچە «قاياش» قا ئۆزگىرىپ قالغانىكەن.

بۇ كەنتتە ھازىر تۆت مەھەللە، 188 ئائىلە، 763 نوپۇس، 742.5 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## دۈشەنبە بازار

«گۈك غوجىلار» ئۆزى ئولتۇرۇشلۇق مەركىزىي ئورۇننى ھەپتىنىڭ 1 - كۈنى (دۈشەنبە)، ئىككىنچى كۈنى ئۇنىڭدىن تۆۋەن دەرىجىدىكى ئەمەلدار تۇرىدىغان ئورۇننى بازار قىزىيدىغان جاي قىلىپ بېكىتكەن. مۇشۇ رەت تەرتىپى بويىچە «گۈك غوجىلار» «دۈشەنبە بازار»، «سەيشەنبە بازار»، «چارشەنبە بازار»، «ئەسكى پەيشەنبىسى»... دېگەندەك بازارلارنى قىزىتىشقا تەستىقلىغان. (بۇ بازار قىزىيدىغان جايلار ھېلىمۇ شۇنداق ئاتىلىدۇ. ئەمما، ئۇ جايلارنىڭ ھېچقايسىسىدا بازار قىزىمايدۇ.)

«دۈشەنبە بازار» 1850 - يىللىرى ئەتراپىدا قىزىشقا

① ئاڭلاشلارغا قارىغاندا بۇ جايغا بۇرۇن ئولتۇراقلاشقانلارنىڭ بىر قىسمى ناماڭگاندىن، بىر قىسمى قاراشەھەردىن كەلگەنىكەن.

لارنى يولۇچىلارنىڭ قونۇپ ئۇخلىشىغا ھەقسىز بېرىدىـ-تۇ
شۇ چاغدا بۇ يەر لەڭگەر دەپ ئاتىلىپتۇ. يەنە بىر رىۋا-
يەتكە قارىغاندا، بۇ خەنزۇ مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ
بىر تال «مۇھى مۇبارەك» نى (مۇبارەك ساقىلىنى) 50 يا-
مبۇغا ھەدىيە قىلىپ (سېتىۋېلىپ) ئۆزى قاتۇرغان شامگۆر
ئىچىدە قويغانىكەن. بۇ «مۇھى مۇبارەك» نى ئاقتاملىق
بۇرھان ھەزرەت بىر يىلدا بىر قېتىم سىرتقا ئېلىپ چىـ-
قىدىكەن. ھەقىقىي مۇسۇلمانلار دۇئا قىلسا شىشە ئىچىدى-
كى «مۇھى مۇبارەك» ئاستا يۇقىرى كۆتۈرۈلىدىكەن، يالـ-
غان مۇسۇلمان ياكى گۇناھى ئېغىر كىشىلەر دۇئا قىلسا
«مۇھى مۇبارەك» تەۋرەپمۇ قويمايدىكەن. جامائەت ئالدى-
دا ھېلىقى خەنزۇ شىشىگە قاراپ دۇئا قىلغانىكەن، «مۇھى
مۇبارەك» يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپتۇ. جامائەت «بۇ خەنزۇنىڭ
ئىسلامغا بولغان چىن پىدالىقى ئاللانى رازى قىپتۇ» دې-
يىشىپ، ئۇنىڭغا پىدا بەگ① دەپ ئىسىم قويۇپتۇ. بۇ جاي
پىدا بەگنىڭ لەڭگىرى دەپ ئاتىلىپتۇ. مەھەللە بارا -
بارا كېڭىيىپ بۇ جاي لەڭگەر دېگەن يۇرتنىڭ بېشىدا بو-
لۇپ قالغانلىقتىن باشلەڭگەر دەپ ئاتىلىپتۇ.

ھازىر بۇ كەنتتە 261 ئائىلە، تۆت مەھەللە، 1174 نوپۇس،
1793.5 مو تېرىلغۇ يەر بار. بۇ كەنتتىكى دېھقانلار ئەلاسۇپەت-
لىك ئاشلىق ئۇرۇقى يېتىشتۈرۈش بىلەن كىرىمىنى ئا-
شۇرماقتا.

## قاياش

1995 - يىلى 6 - ئاينىڭ 23 - كۈنى بۇ كەنتتە ئول-

① پىدا بەگنىڭ قەبرىسى بۇ جايدىكى زاراتگاھلىقتا باشقا قەبرىلەردىن
ئېگىز كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

بولغان 169 يىل ئىچىدە ھېزىم ھېكىمبەگنىڭ ئوغلى خوشكىپەك، خوشكىپەكنىڭ ئوغلى مۇبارەكشاھ، مۇبارەكشاھنىڭ ئوغلى مۇھەممەت ئېلى، مۇھەممەت ئېلىنىڭ ئوغلى مۇسا، مۇسانىڭ ئوغۇللىرى ناسىر، ئەپرۇز، زايىت، مۇھەممەتجان، ئىمىن قاتارلىق بىر نەچچە ۋارىسلىرى ئۆتكەندى. ئەنە شۇ ۋارىسلار مۇھەممەت ئېلى دەۋرىگە كەلگەندە، ئۆزىنىڭ ھوقۇق - ئىمتىيازىنى كۈچەيتىش مەقسىتىدە مۇھەممەت ئېلىنى بېيجىڭ خانى ئالدىغا خوتەننىڭ ۋەكىلى سالاھىيىتى بىلەن ئەۋەتىپتۇ.

مۇھەممەت ئېلى بىر توپ نەشپۈت كۆچىتىنى يىلتىزىغا دەخلى قىلماي ناھايىتى كۆپ توپا بىلەن قومۇرۇپتۇ. كېيىن ئۇنى ھارۋىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ساندۇققا پەم بىلەن كۆچۈرۈپ يولغا چىقىپتۇ. يولبويى ئۇنىڭغا سۇ قۇيۇپ پەرۋىش قىلىپ مېڭىپتۇ. ئۇ ئارىدىن ئالتە ئاي ئۆتكەندە يەنى نەشپۈت تازا پىشقان چاغدا بېيجىڭگە يېتىپ كەپتۇ.

خان بۇ سوۋغاتنى ئاجايىپ قىزغىنلىق بىلەن قوبۇل قىپتۇ ۋە ئۇنى بىر نەچچە كۈن ئوبدان مېھمان قىلغاندىن كېيىن «گۆك» دېگەن مەنسەپ نامىنى بېرىپتۇ. ھېزىمشاھ ھېكىمنىڭ مەنسەپ ۋارىسلىرى ئەنە شۇ مۇھەممەت ئېلى «گۆك» دەۋرىدىن باشلاپ «گۆك غوجىلار» دەپ ئاتىلىپتۇ.

«گۆك» دېگەن ئاتالغۇ شۇ ۋاقىتتىكى ھاكىمىيەتنىڭ قانۇنىدا «مۇئاۋىن باشلىق» (باشلىق «ۋاڭ» ئىدى) دېگەن مەناغا ئىگە بولۇپ تامغىدىكى خەت «گۆك يىچۇ» ئىكەن. «ۋاڭلار» قۇمۇل، تۇرپان، كۇچا قاتارلىق جايلاردا، «گۆك»لار خوتەن تەۋەلىكىدە ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزگەنىكەن.

باشلىغان بولۇپ، 1953- يىلى قىزىشتىن توختىدى. بازار ئەتراپىدا ئولتۇراقلاشقان ئائىلىلەرمۇ (ئاساسلىقى تىجارەتچىلەر بولغاچقا) تەدرىجىي تارقىلىشىپ بازار ئورنى تېرىم يېرىگە ئۆزگەرتىۋېتىلدى. ئەمما، بازار ئەتراپىغا يۇمىلاق دائىرىدە تىكىلگەن ئورمانلار ھېلىھەم شۇ پېتى ساقلىنىپ كەلمەكتە. «دۈشەنبە بازار» دېگەن ئىسىممۇ كەنت نامى بولۇپ قوللىنىلىپ كەلمەكتە.

بۇ كەنتتە 1996 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئالتە مەھەللە، 242 ئائىلە، 890 نوپۇس، 1081 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## گۆڭ غوجىلار

مەنچىڭ خاندانلىقى دەۋرىدە (1780 - يىللىرى) يەكەننى مەركەز قىلىپ تۇرغان ئامبال (خەنزۇ) پۈتۈن جەنۇبىي شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغانىدى. شۇ چاغدىكى بېيجىڭ خانى ھازىرقى قاراقاش بازىرىغا قاراشلىق «دۈشەنبە بازار» كەنتىدىن ھېزىم ئاخۇن دېگەن كىشىنى ئاۋام خەلقىنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن يەكەندىكى ئامبال يامۇلىغا قاتناشتۇرغانىدى.

ھېزىم ئاخۇن يەكەنگە بارغانىدىن كېيىن، ئامبالغا كۆرسەتكەن سادىقلىقىنىڭ بەدىلىگە «ھەششا قىز»، «ئىشقى بەگ» دېگەندەك ناملارغا مۇۋەپپەق بولۇپتۇ، كېيىن «ھېكىم» دېگەن چوڭ مەنسەپكە ئېرىشىپ خوتەنگە ئەۋەتىلگەنىكەن.

ئۇ خوتەنگە كەلگەندىن كېيىن پۇقرالارنىڭ كۈچى بىلەن ئاچقان يەرلەرنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك ئۆزى ئىگەلەپ، ئاز بىر قىسمىنى دېھقانلارغا تۇتقۇزۇپتۇ.

ھېزىم ھېكىمبەگنىڭ 1780 - يىلدىن 1949 - يىلغىچە

تۇلغانىكەن. «گۇڭ» لارنىڭ تۇرلۇك خىراجەتلىرىنى بولسا، قارا قاش تەۋەيىدىن يىغىدىغان «تۇياق بېجى» ئارقىلىق قامداش بەلگىلىنىپتۇ. ئەمما، بىر نەچچە يىلدىن كېيىن، ئايلىق مائاش بېرىشنى يولغا قويۇپ «گۇڭ» لارغا خوتەندىكى ئاشلىق سېڭىدىن كۆپ مىقداردا بۇغداي مائاش ئورنىدا بېرىلگەنىكەن.

«گۇڭ» لار ئۆزىنىڭ تەخت ۋارىسلىق تۈزۈمىنى قوغداش ئۈچۈن ئۆز دەرگاھىغا 16 نەپەر قوراللىق ئەسكەر تۇرغۇزۇپ، ئالاھىدە ئىمتىيازغا ئىگە بوپتۇ. ئۇلار سەپەرگە چىققاندا ياكى مېھماندارچىلىققا ماڭغاندا سېرىق، قىزىل، قارا ئۈزۈن كىيىملەرنى كىيىپ «جو» ئۈستىگە چىقىپ ئولتۇراتتى. «جو» نى 24 ئادەم يەلكىسىگە ئېلىپ، تاۋۇت كۆتۈرگەندەك كۆتۈرۈپ ماڭاتتى. ئالدى - كەينىدە بىر قانچە ساقچى، پايلاقچى ۋە يايىلار سۈرەن - چۇقان كۆتۈرۈپ داغدۇغا پەيدا قىلاتتى.


بەدەۋلەت ھاكىمىيىتى تىكلەنگەن 18 يىل ئىچىدە (بۇ چاغدا مۇسا «گۇڭ» لۇق تەختىدە ئولتۇراتتى) «گۇڭ» لارنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقى زور دەرىجىدە ئاجىزلاپكەتتى. ئەنە شۇ چاغدىن باشلاپ «گۇڭ» لارنى «ئامباللار» باشقۇرىدىغان بولدى. لېكىن بەدەۋلەت ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن، بېيجىڭدىن ئۈرۈمچىگە رەئىس قىلىپ ئەۋەتىلگەن دۇرۇ ئىسىملىك خەنزۇ ئۈرۈمچىدىن مەخسۇس ئادەم ئەۋەتىپ ئۆزلىرىنىڭ ھۆكۈمىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلغان مۇھەممەتئېلى گۇڭ بىلەن مۇسا گۇڭلارنى ئىزدەپ تېپىپ بېيجىڭگە بىللە ئېلىپ بارىدۇ. بېيجىڭخانى مۇسا گۇڭغا قايتىدىن «گۇڭ» لۇق مەنسىپى بىلەن تامغا تۇتقۇزۇپ قايتۇرىدۇ. ئۇ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن دۇرۇ مۇساگۇڭنىڭ ئوغلى ناسىر گۇڭنى چەرچەن ناھىيىسىگە ئامباللىققا، زايىت گۇڭنى ھەربىي باشلىقلىققا،

«گۇڭ» لار شۇ چاغدا يەرلىك ئەمەلدارلارنى مەنسە-
كە قويۇش، قالدۇرۇش، يۆتكەش ھەتتا ئامباللارنى-
خالىغانچە مەنسەپتىن ئېلىۋېتىش، قويۇش ھوقۇقىغا ئىـ
بولغانىدى.

«گۇڭ» لار ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرلەردە قاراقاش
دائىرىسىدە «ئاق مەدرىسە»، «چوڭ مەدرىسە»، «چاقا-
مەدرىسە»، «قوخكۆل مەسچىت»، «سىرلىق مەسچىت» قاتار
لىق مەدرىس، مەسچىتلەرنى سالدۇرغانىدى.

«گۇڭ»لار بۇ مەدرىس-مەسچىتلەرگە «باش ھەرپى «ق»
بىلەن باشلانغان بارلىق كەنتلەرنىڭ يەر - زېمىنلىرىنى
ۋەخپە قىلدىم» دەپ تۆلىيە (ئىسپات خېتى) قىلىپ، بۇ
خەتكە ئاقسارايلىق توپاق ئەلەم قاتارلىق ئالتە ئاخۇن
مۆھۈرلىرىنى بېسىشقانىكەن، بۇ يەرلەر ھازىرقى قاراقاش
ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمى بىناسى ئەتراپىدىن
(كونا ئىسمى «قۇملۇق» دەپ ئاتىلاتتى)، 500 مو، قۇدۇق
لىدىن 300 مو، قارا باغدىن 400 مو، قارامانىدىن 400 مو،
ھازىرقى پۇرچاقچى يېزىسىنىڭ قۇمئېرىق كەنتىدىن 400
مو بولۇپ، جەمئىي 2000 مودىن ئارتۇق يەرنى ئۆز ئە-
چىگە ئالغانىكەن.

شۇ يىللىرى خان يارلىق چۈشۈرۈپ قاراقاشتىن ئەل-
لىك ئۆيلۈك نامرات دېھقانلارنى «گۇڭ»لارنىڭ خىزمىتىنى
قىلىشقا قويۇپتۇ. بۇ يوقسۇل دېھقانلار يىلبويى «گۇڭ»
لارنىڭ ئەڭ ئېغىر ئەمگەكلىرىنى (يەر ئېچىش، يەر تې-
رىش، ئۆي ئىشى) ئۈستىگە ئاپتۇ. ئەمما، ئۇلارنىڭ ئەۋ-
لادلىرى كۆپەيگەنسېرى «گۇڭ» لارنىڭ زۇلمى چېكىدىن
ئېشىپ كۈن بويى ئاچ - زارلىقتا قالىدىغان بوپتۇ. بۇ-
نىڭغا چىدىمىغان بۇ دېھقانلار قاراقاشنىڭ ئامبىلى «بىڭ
دارىن» غا «گۇڭ» لارنىڭ ئۈستىدىن ئەرز - شىكايەت قىلىپ-
تۇ. «بىڭ دارىن» بېيجىڭدىكى خانغا ئەھۋالنى مەلۇم قىل-
غاندىن كېيىن، بۇ قۇللار «گۇڭ» لارنىڭ زۇلمىدىن قۇ-


توخۇلا يېزىسى
1:125 000

سىيىت گۈكنى يىگىسار ناھىيىسىگە كۆكلۈققا تەيىنلەيد
بىر نەچچە يىل ئامبال ۋە ھەربىي باشلىق بولۇپ تۇرغ
بۇ «گۈك» لار «تۈكلۈغ»، «تۈكلۈغ باشلىقى» دېگەن نا
لار بىلەن ئاتىلىپتۇ. كېيىنكى يىللاردا زايىت گۈك غو
جا، ئاقسۇ، كۇچا، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلاردا ۋالى
بانكا باشلىقى بولۇپ ئىشلەپتۇ. ئەپرۇز بەگ بولسا ق
راقاش ئىككى مىڭلىكىگە بەگ بولۇپ، ئۆمرىنىڭ ئاخ
رىغىچە شۇ خىزمەتتە بوپتۇ. مۇھەممەتجان غوجا قاراقا
نىڭ بېگى ھەم ماخوسەن دەۋرىدە ئامبال، گومىنداڭ دە
رىگە كەلگەندە ئۇيغۇر ئۇيۇشمىغا رەئىس بولۇپ ئىشلەپ
1948 - يىلى قاراقاش «قۇملۇق» تىكى ئۆيىدە ۋاپات بو
تۇ. ئىمىن ئەلەم بىر نەچچە يىل قاراقاشقا «ئەلەم» بو
غاندىن كېيىن، 1933 - يىلى يەكەننىڭ ۋالىيسى، ماخو
سەن دەۋرىدە قاراقاشنىڭ ئامبىلى بولدى. كېيىن شېڭ
شىسەي تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ تۈرمىدە ئۆلدى. 1949
يىلى 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىت
قۇرۇلغاندىن كېيىن، ھېزىمشاھ ھېكىمدىن باشلانغان «گۈ
غوجىلار» مەنسەپ ۋارىسلىق تۈزۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى
«گۈك» لارنىڭ خوتەن، كېرىيەنىڭ لايسۇ، ئاقسۇ
نىڭ «گۈك ئارال» قاتارلىق جايلىرىدا ئۇرۇق - تۇغقان
لىرى بار. ئۇنىڭدىن باشقا «ئېگىز ئېرىق غوجىلار» بى
لەنمۇ (ئەخمەتتوختى ئەلەم، ھەبىبۇللا مۇپتاجى) قۇدا -
باجىلىق مۇناسىۋىتى بار ئىدى.
زايىت گۈكنىڭ ئوغلى ئەرشىدىن زايىت (ھازىرمۇ
ھايات بار، 82 ياش) قا قەدەر «گۈك» لارنىڭ ئەجدادلى
رىدىن ھېزىمشاھ بېيجىڭدە قازا قىلغاندىن باشقا، خوش
كېپەك، مۇبارەكشاھ، مۇھەممەتئېلى، مۇسا، ناسىر، ئەپ
روز، مۇھەممەتجان، زايىت قاتارلىق «گۈك» لارنىڭ ھەم
مىسى ھازىرقى «چاقار مەدرىسى» ئالدىدىكى شامگۆر قى
لىنغان مەقبەرىگە دەپنە قىلىنغانىكەن.

507 نوپۇس، 15 مىڭ 704 مو تېرىلغۇ يەر بار. پۈتۈن يىل-لىق ئاشلىق مەھسۇلاتى 7 مىليون561 مىڭ 295 كىلوگرام-غا يېتىپ، بولتۇرقىدىن ئاشتى. پاختا (چىگىتسىز) 172 مىڭ 1 كىلوگرامغا توۋەنلەپ بولتۇرقىدىن 3929 كى-لوگرام كېمەيدى، يىلە مەھسۇلاتى 13 مىڭ 802كىلوگرام-غا مۇقىملاندى. چارۋا 29 مىڭ 307 تۇياققا يېتىپ بول-تۇرقىدىن 8.71% ئاشتى. كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىم 496 يۈەنگە توۋەنلەپ بول-تۇرقىدىن 74 يۈەن ئازايدى.

## توخۇلا يېزىسىدىكى كەنت ناملىرى

⊙ يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى ئورگىنى

1. قارىمان
2. تاشكەنت
3. بۇغىچى
4. باراتلا
5. بورىچى
6. گۇرا
7. ئاياغگۇرا
8. قارا تام
9. يېڭىباغ
10. توخۇلا
11. بازار بويى

**چېگرىداش يېزا - بازارلاردىن خەرىتىگە چۈشكەن كەنتلەر**

ماڭلاي يېزىسىدىن: 12. تاخسا
قاراقاش بازىرىدىن: 13. قاپاقلا
ئاقساراي يېزىسىدىن: 14. باشچىلغا، 15. باش تو-قاچلا، 16. توقاچلا 17. ئۈزۈن-ئېرىق
جاھانباغ يېزىسىدىن: 18. دۆڭ ھويلا

# توخۇلا يېزىسى

مۇھەممەتئىمىن قۇربان

توخۇلا يېزىسى ناھىيىمىزنىڭ ئوتتۇرا قىسمى
جايلاشقان بولۇپ، شەرقتە جاھانباغ، جەنۇبتا ئاقسارا
كۆيا، غەربتە ماڭلاي يېزىلىرى، شىمالدا قاراقاش باز
رى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. جەنۇبتىن-شىمالغا تۇخۇم شە
لىدە سەل - پەل سوزۇلغان تەكشى يېشىللىقتۇر.

1800 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە جەنۇبىي قىسمى
ماكۆيا مىڭلىكىگە، شىمالىي قىسمى بەھرام سۇيى مىڭلى
كىگە تەۋە بولغانىكەن. ناھىيە تەسىس قىلىنغاندى
كېيىن غەربىي قىسمى باش بەھرام سۇيى مىڭلىكىگە
شەرق قىسمى باش قاياش مىڭلىكىگە تەۋە بولدى. 1937
يىلدىن كېيىن 1 - رايون، 1944 - يىلدىن كېيىن مەركى
زىي بازار مولچىلىق يېزىسى بولدى. 1948 - يىلدىن كې
يىن ھاياتلىق بازىرى شادلىق يېزىسىغا تەۋە بولدى
1950 - يىلدىن كېيىن كۆپ قىسمى 11 - رايونغا، ئاز بى
قىسمى 1 - رايونغا تەۋە بولدى. 1956 - يىلدىن كېيىن
10 - رايون بولدى. 1958 - يىلى «يۇقىرى ئۆرلەش»خەلق
كوممۇنىسى (گۇڭشې) قۇرۇلدى. 1978 - يىلى توخۇلا گۇڭ
شېسى، 1984 - يىلى توخۇلا يېزىسى دەپ ئاتالدى
سەككىز كەنتى جاھانباغ، ماڭلاي يېزىلىرىغا
ۋە قاراقاش بازىرىغا تەۋەبولدى.

1996 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا بۇ يېزىدا 42 مەمۇرىي مە
ھەللە، 11 مەمۇرىي كەنت، 3 مىڭ 913 ئائىلە، 15 مىڭ

لەر ماكانلاشقانلىقتىن، ئۇلار ئەسلى يۇرتىنىڭ نامىنى يېڭى يۇرتىغا قويغانىكەن.

1996 - يىل ئاخىرىدىكى سانلىق مەلۇماتتا بۇ كەنتتە ئۈچ مەھەللە، 268 ئائىلە، 1341 نوپۇس، 1606.5 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## بۇغىچى

بەلقۇمىدىن كۆچۈپ چىقىپ توخۇلىدا دەسلەپتە ئولتۇراقلاشقان ئەرخوتۇننىڭ ئەۋلادلىرىدىن بىر ئائىلىلىك كىشى تەخمىنەن 700 يىل بۇرۇن خوخا، قومۇشلار قاپلىغان، بۇغا - مارال قاتارلىق ياۋايى ھايۋاناتلار ياشىغان بۇ جايدا يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلغان، بۇغا تۇتۇش بىلەن شۇغۇللانغانىكەن. شۇ يىللاردا ئەنجان تەرەپتىن بىر جەمەتلىك بىر نەچچە كىشى كېلىپ بۇ جايدا ماكانلىشىپ، تېرىقچىلىق ۋە ئوۋچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپتۇ. بۇ دەۋرلەردە ھازىرقى قاراقاش ناھىيە مەركىزى بىر كىچىك لەڭگەر، خوتەن بىر بەگلىك بولۇپ، قەشقەرنىڭ باشقۇرۇشىدا ئىكەن، ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، قەشقەرنىڭ باش ئەمەلدارى ئېغىر كېسەلگە مۇپتىلا بولۇپ، مەشھۇر تېۋىپلار ئۇنىڭغا بۇغىنىڭ گۆشىنى، بۇغىنىڭ قېنى ۋە مۈڭگۈزى قوشۇلغان دورىنى يېيىشنى بۇيرۇپتۇ. باش ئەمەلدار قەشقەردىكى چوڭ سارايغا كېلىپ (بۇ سارايدا جىمىكى يۇرتلارنىڭ سودىگەرلىرى قونىدىكەن ھەم سودا قىلىدىكەن) سودىگەرلەردىن قەيەردە بۇغا تۇتقىلى بولىدىغانلىقىنى سورۇشتۇرۇپتۇ. خوتەنلىك بىر سودىگەر بۇ خەۋەرنى ئېلىپ كېلىپ بۇ جايدا ئولتۇراقلاشقان ئەنجانلىق كىشىلەرنى ۋاقىپلاندۇرۇپتۇ. ئەنجانلىق كىشىلەر بۇغىنى

## قارىمان

بۇ جاي ئەسلىدە ھازىرقى قارا قاش بازىرىنىڭ ـ زى كەنتىگە تەۋە زەيكەشلىك بولۇپ، ئەنجانلىق قارى ھا جىم دېگەن كىشى ئولتۇراقلاشقانىكەن. بۇ كىشى يەرلىك ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى بىلەن زىددىيەتلىشىپ قالغا لىقتىن، ئەمەلدارلار ئۇنى تۇتۇپ تۈرمىگە سولىماقچ بولۇپ يايى (ساقچى) چىقارتىپتۇ. يايىلار ئۇنىڭ ئائىل قاچان قېچىپ كەتكەنلىكىنى بىلىپ «قارى يامان ئا دەم ئىكەن» دەپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن «قارى يامان» دې گەن ئاتالغۇ بۇ جاينىڭ نامىغا ئايلىنىپ، يىللارنىڭ ئۆ تۈشى بىلەن تىلدا ئۆزگىرىش ياساپ، كىشىلەر تىلى «قارىمان» دەپ ئۆزلىشىپ قاپتۇ. ئېرىق ۋە يوللارنى ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ بۇ جاي توخۇلا يېزىسىغا تەۋە بو لۇپ قالدى.

قارىمان دېگەن ئاتالغۇ توغرىسىدا يۇقىرىدىكىگ ئوخشىمايدىغان بۇنداق بىر بايان بار: 1860 ـ يىللىرى پەيالمىدا ياقۇپبەگ قوشۇنلىرى بىلەن جەڭ قىلىۋاتقان ئابدىراخمانخان قوماندانلىقىدىكى خوتەن ئەسكەرلىرىگ يەتكۈزۈپ بېرىلىدىغان ئوزۇق ـ تۈلۈكلەر بۇ جايدىن ئې لىپ مېڭىلغاندا بۇ يەرلىك كىشىلەر بۇلاپ ـ تالاپ يە ۋالغانلىقتىن «قارنى يامان» دەپ ئاتىلىپ، بارا ـ بارا «قارىمان» غا ئۆزگىرىپ قالغانىكەن.

1996 ـ يىل ئاخىرىدىكى سانلىق مەلۇماتتا بۇكەنت ـ تە تۆت مەھەللە، 361 ئائىلە، 1561 نوپۇس، 1959.1 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## تاشكەنت

بۇ جايغا ئەڭ دەسلەپتە تاشكەنتتىن كۆچۈپ كەلگەن ـ

## باراتلار

ئىسلام دىنىدىكى ئۆلكەنلەرنى سېغىنىدىغان خاتىرە كۈننى ئىپادىلەيدىغان باراتەت دېگەن ئاتالغۇ كىشىلەر تىلىغا بارات دەپ ئۆزلىشىپ قالغانىكەن، بۇ جايدىكى كىشىلەر باراتەت كۈنىدە قوشنا مەھەللىلەردىن بۇرۇن ھەم جىق قويماق پىشۇرۇشقا ئادەتلەنگەنلىكتىن باراتەت-لەر دەپ ئاتالغانىكەن.

بۇ كەنتتە 1996 ـ يىل ئاخىرىدا ئۈچ مەھەللە، 235 ئائىلە، 946 نوپۇس، 1267.9 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## بورىچى

نەچچە يۈز يىللار داۋامىدا ماكۇي ئۆستىڭىنىڭ سۈيى قەيەر چوڭقۇر بولسا شۇ يەردىن ئېقىپ، قىرغاقلارنى يېقىـ تىپ ئۆز دىنىڭ ئېقىنى بويلىرىدا يۈزلىگەن قولتۇق-ساھىلـ لارنى ھاسىل قىلغانىكەن. بۇ ساھىللار تەبىئىي قومۇشـ لۇققا ئايلىنىپ كەتكەنىكەن. بۇ جايدىكى كىشىلەر ئۆز تەۋەسىدىكى ساھىللارنىڭ قومۇشلىرىنى ئوروۇپ، بورا توـ قۇپ سېتىشقا ئادەتلەنگەنلىكتىن بۇ يەر بورىچى دەپ ئاتالغانىكەن.

1960 ـ يىللىرىدىن كېيىن ماكۇي ئۆستەڭ ئۇدۇللىـ نىپ، قاشلىرىغا تاش تېزىلىپ، ئەسلىدىكى ساھىللار تېـ تىزلىققا ئايلىنىپ كەتتى. قومۇشمەنبەسى يوقىلىپ كېـ تىپ، بۇ يەرلىك كىشىلەر بورا توقۇمايدىغان بولغان بولـ سىمۇ، كەنتنىڭ نامى يەنىلا بورىچى دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە.

1996 ـ يىل ئاخىرىدىكى سانلىق مەلۇماتقا ئاساسـ لانغاندا، بۇ كەنتتە ئۈچ مەھەللە، 210 ئائىلە، 838 نوپۇس، 856.2 مو تېرىلغۇ يەر بار.

ئۆلتۈرۈپ قويماسلىق ئۈچۈن مىلتىق بىلەن ئاتماي، قى
ماق بىلەن تىرىك تۇتۇپ قەشقەرگە ئېلىپ بېرىپ با
ئەمەلدارغا ھەدىيە قىپتۇ. باش ئەمەلدار خۇشال بول
سوۋغات ئېلىپ بارغان كىشىلەرگە قانچىلىك يەر ئىگ
لىسە چەكلىمەسلىك، باج - سېلىق تۆلىمەسلىك قاتارلى
ئىمتىيازلارنى بېرىپ مۆھۈر بېسىپ بېرىپتۇ. شۇ چاغلا
دىن باشلاپ بۇ جاي بۇغىچى دەپ ئاتالغانىكەن. ئەي
يىللاردا بۇغا تۇتقان قىسماقلارنى كۆرگەن كىشىلەر يېقىنقى
يىللاردا ئۆلۈپ كېتىپتۇ.

38 بۇ كەنتتە 1996 - يىل ئاخىرىدا تۆت مەھەللە، ئائىلە، 1001 نوپۇس، 1629.2 مو تېرىلغۇ يەر بار.

### تايلاق لەقەملىكلەر

بۇغىچى كەنتىدە تايلاق لەقەملىك بىر جەمەت بار. تېكىلىك تېغىدىن چۈشۈپ قەشقەردە ئولتۇراقلىشىپ قال غان كىشىلەردىن موللا تۆمۈر، موللا ئىمىر قاتارلىق بىر تۇغقان تۆت ساياھەتچى يۈرت كېزىپ بۇ جايغا كەلگەندە ئۇلار مىنىپ كەلگەن تۆگىلەر تايلاقلاپتۇ (يەرلىك كىشى لەر ئۇلارغا «تايلاقلار» دەپ لەقەم قويۇپتۇ). ساياھەتچى لەر بۇ جايدا تۇرۇپ قېلىشقا مەجبۇر بولۇپ، بۇغا تۇ تۇش بىلەن شۇغۇللىنىپتۇ. كېيىنچە بۇغىلارنى قەشقەرگە ئېلىپ بېرىپ سېتىشنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. ئۇن نەچچە يىل دىن كېيىن بۇلاردىن ئىككىسى بۇ جايدا ئۆيلىنىپ ماكان لىشىپ قاپتۇ. بۇلارنىڭ يەتتىنچى ئەۋلادى رىجەپ دامول لام(70 ياش) بىلەن ناسىر قارىم(69 ياش)1995 - يىلى 7 - ئاينىڭ 12 - كۈنى يۇقىرىدىكى ۋەقەلەرنى سۆزلەپ بەردى.

غانلىقىنى سۈرۈشتۈردۈم. ئۆمەر ئاخۇننىڭ بۇۋىسىنىڭ دادىسى — مەتسالى ئاخۇننىڭ لەقىمى يېكەن ئىكەن. يازنىڭ ئىسسىق بىر كۈنى بىر نەچچە يولۇچى قالماق (موڭغۇل) ھاردۇق ئېلىپ سالقىنداش ئۈچۈن بىر تۈپ قېرى تېرەك تۈۋىدە توختاپتۇ. كۆپ ئىززەتلىك چاپانلىرىنى سېلىشىپ ئاتلىرىنىڭ ئۈستىگە ئارتىپ قويۇپ سۇغا چۆمۈلۈپ ئۇخلىشىپتۇ. مەتسالى ئاخۇننىڭ ئىككى كىچىك بالىسى ئۇلارنىڭ ئۈچ چاپىنىنى تېرەكنىڭ كامىرىغا تىققىپ قويۇپتۇ. قالماقلار چاپانلىرىنى تاپالماي يولغا كېتىۋېرىپتۇ. كۈز پەسلى كېلىپ سوغۇق باشلانغاندا مەتسالى ئاخۇن تېرەكنىڭ كامىرىدىكى قالماقچە چاپانلارنى ئېلىپ كېلىپ بىر تۇغقانلىرى بىلەن كىيىپتۇ. قوشنىلىرى بۇلارنى كۆرۈپ «قالماقلار كەلدى، قالماقلار» دەپ كۈلۈشۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇلارغا «قالماق» دەپ لەقەم سىڭىپ قاپتۇ.

ئەمەر ئاخۇن قالماقنىڭ ھازىر سەككىز ئوغلى، ئىككى قىزى، 56 نەۋرىسى، 11 پەيىنەۋرىسى بار.

## يېڭىباغ

بۇ جاي زەيكەش بولسىمۇ زېمىنى پەس، سۇغىرىشقا ئەپلىك بولغانلىقتىن، بەلقۇمدىن كۆچۈپ چىققان ياش ئەر - خوتۇننىڭ ئەۋلادلىرىدىن بىر ئائىلىلىك كىشى بۇ جايدا ماكانلىشىپ تېرىقچىلىق قىلغان ۋە ئېتىز - ئېرىق بويلىرىدا ناھايىتى نۇرغۇن ئۈجمە كۆچىتى يېتىشتۈرگەنلىكتىن بۇ جاي ئۈجمىلىك دېيىلىپتۇ. كېيىن كۆچۈپ كەلگەنلەر بۇ جايدا كۆپ باغ بىنا قىلغانلىقتىن يېڭىباغ دەپ ئاتىلىپتۇ.

## باشگۇرا

بۇ جايدا دەسلەپتە ئولتۇراقلاشقان كىشىلەر گۇرا (كەپتەرنىڭ بىر تۈرى) بېقىشقا ئامراق بولغانلىقتىن، بۇ كىشىلەرگە «گۇرا» دەپ لەقەم سىڭىپ قالغانىكەن. بۇ ئاتالغۇ كېيىنچە كەنتنىڭ نامى بولۇپ قاپتۇ. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ كەنت كېڭىيىپ باشگۇرا، ئاياغگۇرا دەپ ئاتىلىدىغان بولدى.

1996- يىل ئاخىردا بۇ كەنتتە ئۈچ مەھەللە، 269 ئائىلە، 1015 نوپۇس، 1096.6 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## قاراتام


بۇنىڭدىن تەخمىنەن 400 يىل ئىلگىرى قوساق لەقەملىك لىتىپ باي دېگەن كىشى ئەنجاندىن كۆچۈپ كېلىپ بۇ جايدا زېمىن سېتىۋېلىپ ئولتۇراقلاشقانىكەن. ئون نەچچە يىلدىن كېيىن ئايۋان - سارايلىق ئۆي سېلىپ تاملىرىنى گەج بىلەن ئاقارتىپ زەڭگەر رەڭدە بويىغاندىن كېيىن تاملار قاپقارا پارقىرىغان. دەرۋازىنىمۇ قاپقارا سىرلىغانىكەن. بۇ قارا تاملار ۋە قارا دەرۋازا ئوغلى نىياز ھاجىمنىڭ دەۋرىگىچە ساقلانغانىكەن. قاراتام دېگەن ئاتالغۇ شۇنىڭدىن كېلىپ چىققانىكەن.

بۇ كەنتتە 1996- يىل ئاخىردا ئالتە مەھەللە، 636 ئائىلە، 2394 نوپۇس، 1754.3 مو تېرىلغۇ يەر بار.

### قالماق لەقەملىكلەر

بۇ كەنتتە قالماق لەقەملىك بىر جەمەت بار. 1995- يىلى 7- ئاينىڭ 12- كۈنى 94 ياشلىق ئۆمەر ئاخۇن قالماقنىڭ ئۆيىگە بېرىپ بۇ لەقەمنىڭ قانداق كېلىپ چىق-

ئېگىز دۆڭلۈك بولۇپ، بۇ دۆڭلۈكنىڭ يېنىدىكى ئېقىن بويىدا تەخمىنەن ئۈچ مو كېلىدىغان تۈزلەڭلىك يەر بار ئىكەن. بۇ ياش ئەر - خوتۇن دۆڭلۈكنىڭ ئۈستىگە قومۇشتىن كەپە ياساپ ئولتۇرۇپ، تۈزلەڭ يەرگە بۇغداي تېرىپتۇ. ئۇ زاماندا بۇغداينى «بوداي» دەيدىكەن. بۇ ياش ئەر - خوتۇن تۈگمەن تاپالماي بۇغداينى شۇ پېتى قاينىتىپ يەپ جان بېقىپتۇ. ئۇلار تۆت ئوغۇل، ئىككى قىزچاق قىلىپ، 100 ياشقا كىرگەندە بالا ۋە نەۋرىلىرى ئون ئائىلىگە كۆپەيگەنىكەن.



ئاردىن ئۈچ ئەسىرچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئەۋلادىدىن بولغان قۇستىكام① دېگەن كىشىنىڭ ئۆي ئەتراپى ئەڭ بۇرۇن مەھەللىگە ئايلىنىپ، زاۋىدىن قاراقاشقا كىرىدىغان چىغىر يول بۇ مەھەللىدىن ئۆتكەنىكەن. بىر جۈمە كۈنلۈكتە 20—30 ئادەم چىغىر يول بويىدىكى مەسچىتتە جۈمە نامىزى ئوقۇپ سىرتقا چىققاندا بىر كىشى مەسچىت ئالدىدا ئىككى توخۇنى قولتۇقلاپ تۇرۇپتۇ. «ساتامىلا»، «ساتسام ساتاي» دېگەن گەپلەر بىلەن توخۇنىڭ سودىسى بولۇپتۇ. بۇ مەھەللە شۇ چاغدىن باشلاپ «توخۇلا» دەپ ئاتىلىپتۇ. (ئۇ چاغدا پۇل يوق، مالغا مال ئالماشتۇرۇلىدىكەن) شۇنىڭدىن كېيىن ھەر جۈمە كۈنى كىشىلەر بۇ مەسچىتنىڭ ئالدىدا توخۇ، قوي، يەل - يېمىش، ئاشلىق سودىسى قىلىشقا ئادەتلىنىپتۇ. كېيىنچە ئاشپەز - ناۋايلار دۇكان سېلىپ جۈمە بازىرى شەكىللىنىپتۇ. نەچچە ئون يىلدىن كېيىن بۇ بازارنىڭ ۋاقتى پەيشەنبىگە ئۆزگىرىپ، پەيشەنبە بازار

① بۇ كىشىنىڭ ئالتىنچى ئەۋلادى، 56 ياشلىق ئوبۇلقاسىم. ھازىر توخۇلا يېزىلىق خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ باشلىقى.

بۇ جاي ئىلگىرى توخۇلا كەنتىگە تەۋە ئىدى، 1984-يىلدىن كېيىن ئۆز ئالدىغا كەنت بولدى.

1996 - يىل ئاخىرىدىكى سانلىق مەلۇماتقا قارىغاندا بۇ كەنتتە تۆت مەھەللە، 313 ئائىلە، 1340 نوپۇس، 1271 مو تېرىلغۇ يەر بار.


## توخۇلا

بۇ جاي ئىلگىرى يېڭىباغ كەنتىنىڭ تەۋەلىكىدە ئىدى. 1984 - يىلى ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل كەنت بولدى. بۇ كەنت ئىلگىرى توخۇلا، هازىر بازاربويى دەپ ئاتالغان كەنتكە تۇتاش بولغانلىقتىن توخۇلا دېگەن ئاتالغۇ بۇ كەنتنىڭ نامى قىلىپ مۇقىمدالدى.

بۇ كەنتتە 1996 - يىل ئاخىرىدا ئۈچ مەھەللە، 231 ئائىلە، 982 نوپۇس، 817.4 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## بازار بويى

بۇنىڭدىن تەخمىنەن 1000 يىل ئىلگىرى ئەتىياز پەسلىنىڭ بىر ئاخشىمى هازىرقى بەلقۇم خارابىسىنىڭ جەنۇبىدىكى يۇرتتا دەھشەتلىك بوران چىقىپ ئۆي ئىچىدە ئۇخلاپ قالغان، سىرتتا بولسىمۇ تېنى ئاجىزلار، بالىلار، قېرىلار، ئىككى قات ئاياللار قۇمغا كۆمۈلۈپ قاپتۇ، ئېتىز - باغلار، ئېرىق - ئۆستەڭلەرمۇ قۇمنىڭ ئاستىدا قاپتۇ. بىر مەھەللىدىن ئون نەچچە ئادەم قول تۇتۇشۇپ خامانغا قوشقان كالىلاردەك چۆرگىلەۋېرىپتۇ. تاڭ ئېتىپ بوران توختىغاندا قارىسا ئۆزلىرىنىڭ قۇم دۆۋىسى ئۈستىگە چىقىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدىن بىر ئائىلىلىك ياش ئەر - خوتۇن قۇملۇقنى كولاپ ئۆيىنى تېپىپ بىر كىگىز، بىر بوز گىلەم هەم بىر خۇرجۇن بۇغداينى ئېلىپ تىرىكچىلىك قىلىدىغان ماكان ئىزدەپ مېڭىپتۇ. هازىرقى توخۇلا يېزىلىق خەلق هۆكۈمىتى ئورگىنى ئۇدۇلىدىكى ياڭاقلىقنىڭ ئورنى — قومۇش ئۆسكەن


1:50000
1:100000

دەپ ئاتىلىپتۇ.

يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى، ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپ، تەمىنات - سودا كوپېراتىپ، پوچتا - تېلېگراف، بانكا تىجارەت پونكىتلىرى، خەلق دوختۇرخانىسى قاتارلىق ئورۇنلار بۇ كەنتنىڭ تەۋەلىكىدۇر.

1996- يىلدىكى سانلىق مەلۇماتتا بۇ كەنتتە ئالتە مەھەللە، 594 ئائىلە، 2380 نوپۇس، 1589.7 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## پۇزۇل مەھەللە

بۇ كەنتتە پۇزۇل مەھەللە دېيىلىدىغان بىر جاي بار.

ھىدايىتۇللا ئىشان يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن ئىلىم - پەن بىلەن شۇغۇللانغان ۋە ھىمايە قىلغان شەرىئەت ئېقىمىدىكى موللا - ئاخۇنلاردىن 200 دىن ئارتۇق كىشىنى خوتەنگە سۈرگۈن قىلىدۇ. («شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» نىڭ 17 - سانىغا قاراڭ.) شۇلاردىن بىرسى — يەكەنلىك ھەيدەر دامموللام دەسلەپكى بىر نەچچە يىلدا قاراقاشتا پۇزۇل (دۇكان) ئېچىپ مىخ، سەرەڭگە، شام، دورا - دەرمەك، زىبۇ - زىننەت... قاتارلىقلارنى سېتىش بىلەن شۇغۇللىنىپتۇ. كېيىن توخۇلىدىن يەر - زېمىن سېتىۋېلىپ ماكانلىشىپ دېھقانچىلىق قىپتۇ. پۇزۇل دېگەن سۆز ئۇنىڭ ۋە بالا - چاقىلىرىنىڭ لەقىمىگە، ئۇلار ئولتۇراقلاشقان مەھەللىنىڭ نامىغا ئايلىنىپ قاپتۇ.

ھەيدەر دامموللام چوڭقۇر بىلىملىك، ئەدەب - ئەخلاقلىق، كىشىلەر بىلەن سىرداش بولۇشتەك پەزىلەتلىرى بىلەن يۇرتنىڭ ھۆرمىتىگە ئىگە بولۇپ، دىنىي ئىمتىيازى كۈچىيىپ كەتكەنىكەن. ئۇنىڭ ئوغلى پەزلە ھاجىم 1800- يىللىرى سالدۇرغان چوڭ مەسچىت 1960 - يىلى يىقىلىپ بىر قۇچاق تومۇلۇقتىكى ياغاچلىرى شۇ يىللاردىكى «يۇقىرى ئۆرلەش» گۇڭشىنىڭ كۇلۇبىنى سېلىشقا ئىشلىتىلدى. پەزلە ھاجىمنىڭ پەينەۋرىسى ئەركىن مەتقۇربان (45 ياش) توخۇلا يېزىلىق مەدەنىيەت پونكىتىدا خىزمەت قىلىۋاتىدۇ.

ييتىپ، بۇلتۇرقىدىن 1.53% ئاشتى. پاختا (چىگىتسىز) 142 مىڭ 196 كىلوگرامغا تۆۋەنلەپ بۇلتۇرقىدىن 27 مىڭ 581 كىلوگرام كېمەيدى. پىلە مەھسۇلاتى 12 مىڭ 556 كىلو-گرامغا مۇقىمدالدى. چارۋا 33 مىڭ 503 تۇياققا يېتىپ بۇلتۇرقىدىن 2.57% ئاشتى. كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىم 517 يۈەنگە تۆۋەنلەپ بۇل-تۇرقىدىن 47 يۈەن ئازايدى. 15 مىڭ 700 مو شاللىق يېرى بولۇپ، ناھىيە بويىچە ئومۇمىي شاللىق كۆلىمىنىڭ 47 پىرسەن-تىنى ئىگىلەيدۇ.

## جاھانباغ يېزىسىدىكى كەنت ناملىرى

### ⊙ يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى

1. دۆڭباغ
2. چوناقلا
3. چاقار
4. ئايماق
5. ئاقساراي
6. دۆڭئېرىق
7. قاياش
8. جاھانباغ
9. ئۇزۇنئېرىق
10. قاراقۇشقاچ
11. دۆڭ ئويلە
12. دەريا بويى
13. داراسكال
14. بۇلاقبېشى
15. باش داراسكال
16. ئىشقىللار
17. باشئىشقىللار
18. دۆڭئارىش
19. چاھار باغ
20. باشچاھارباغ

## قوشنا يېزىلاردىن خەرىتىگە چۈشكەن كەنتلەر

ئاقساراي يېزىسىدىن: 21. باشئارىغول، 22. ئاياغ قومباغ، 23. كىتىكلا، 24. ھالۇ ئېرىق، 25. كەتمەن، 26. تاقايلا.

# جاھانباغ يېزىسى

مۇھەممەتئىمىن قۇربان، رۇزىمۇھەممەت مۇتەللىپ

شەرقتىن-غەربكە بەش كىلومېتىر، جەنۇبتىن-شىمالغا 15 كىلومېتىر سوزۇلغان بۇ يېزا شىمالدا قاراقاش بازىرى، غەربتە توخۇلا ۋە ئاقساراي يېزىلىرى بىلەن، جەنۇبتا ھەم شەرقتە قاراقاش دەرياسى بىلەن ياندىشىپ تۇرىدۇ.

بۇ يەرلەر 1900-يىلىنىڭ ئالدى-كەينىدە بەھرام سۇيى مىڭلىكىگە، 1930-يىللىرى يۇقىرى بەھرام سۇيى مىڭلىكىگە تەۋە بولدى. 1940-يىللىرى 1-رايوننىڭ داراسكال، ئىشقىلار كەنتلىرىنىڭ دائىرىسىدە بولدى. 1950-يىلىنىڭ ئالدىدا «مولچىلىق» ۋە «پەزىلەت» يېزىلىرىغا تەۋە بولدى. 1956-يىلىغىچە دۆڭ داراسكال، داراسكال، ئىشقىلار، ئىشتاچى، ئېلىشبېشى يېزىلىرى دەپ ئاتالدى. 1958-يىلدىن كېيىن باش تەرەپلىرى «جىددى ئىلگىرىلەش»، ئاياغ تەرەپلىرى «يۇقىرى ئۆرلەش» گوڭشېسىغا تەۋە بولدى. باش تەرەپلىرى 1962-يىلدىن كېيىن «ئالغا» گوڭشېسىغا، 1978-يىلدىن كېيىن ئاقساراي گوڭشېسىغا تەۋە بولدى. 1984-يىلى ئاقساراي ۋە توخۇلا يېزىلىرىدىن بۆلۈنۈپ ھازىرقى دائىرىسىدە جاھانباغ يېزىسى قۇرۇلدى.

1996-يىلىنىڭ ئاخىرىدا بۇ يېزىدا 20 مەمۇرىي كەنت، 90 مەمۇرىي مەھەللە، 5194 ئائىلە، 20 مىڭ 353 نوپۇس، 25 مىڭ 886 مو تېرىلغۇ يەر بار. پۈتۈن يىللىق ئاشلىق مەھسۇلاتى 12 مىليون 361 مىڭ 227 كىلوگرامغا

پۈرسەتنىڭ قەدىر - قىممىتىنى سەگەكلىك بىلەن سېزى-
ۋېلىپ يولبويىغا① ئۇن نەچچە ھۇجرىلىق چوڭ ساراي
سالدۇرۇپ تاملىرىنى گەج بىلەن ئاقارتىپتۇ. بۇ قونالغۇ
ئاقساراي دەپ ئاتىلىپتۇ. سارايىنىڭ غىزالىنىش، ئارام
ئېلىش، ناماز-ئىبادەت قىلىش، ئات - تۆگىلەرنى بېقىش
شارائىتى ئوبدان بولغانلىقتىن، غەربتىن ھەم شەرقتىن
كەلگەن سودىگەرلەرنىڭ ئۇچرىشىدىغان، سودا - سېتىق
قىلىدىغان، مال ئالماشتۇرىدىغان كىچىك بازىرىغا
ئايلىنىپتۇ.

قاراقاش دەريا بويىدا،
سۆگەت سىرىيدۇ تۆگىلەر.
كېچىسى سارايدا ياتساق،
پەللەكنى چاقتى بۆگىلەر.

دېگەن قوشاق شۇ يىللاردا تارقالغانىكەن.

18- ئەسىردە ئاقساراي دېگەن ئاتالغۇ يۇرتنىڭ نامىغا ئايلىنىپ ھازىرقى چاقار ئايماق كەنتلىرىنى چارباغ ۋە ئاقساراي كەنتلىرىنىڭ يېرىمىنى ئۆز ئىچىگە ئاپتۇ. 1958- يىلى بۇ يۇرت تۆت چوڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىگە (تۆت دادۇيگە) ئايرىلدى. 1985- يىلى بۇ كەنتنىكى باياۋال، قانجۇق، تەلپەك، خەلپە ئايماقلىرى ئىچىدە يېقىملىقراق ئاڭلانغان «خەلپە ئايماق» دېگەن ئاتالغۇ كەنتنىڭ نامى قىلىپ مۇقىملىنىپ، تېخىمۇ ئىخچام بولسۇن ئۈچۈن «ئايماق» دەپ ئاتالدى.

1996- يىل ئاخىرىدا بۇ كەنتتە تۆت مەھەللە، 218 ئائىلە، 824 نوپۇس، 1110 مو تېرىلغۇ يەر بار.

① بۇ قەدىمكى يولنىڭ 500 قەدەمچە قالدۇقى تاشمازارنىڭ جەنۇبىدا ساقلىنىپ تۇرماقتا.

توخولا يېزىسىدىن: 27. قارىمان، 28. بازار بويى 29. تاشكەنت، 30. بۇغىچى.

## چۇناقلا

ئىسلام ئەسكەرلىرىنىڭ سانىنى، ناماز ئوقۇيدىغان ھەم ئۇخلايدىغان يېرىنى بۇددا قوشۇنلىرىغا مەلۇم قىلىغان بىر كىشىنى ئىسلام ئەسكەرلىرى تۇتىۋېلىپ ئۇنىڭ قۇلىقىنى كېسىۋېتىپتۇ. ئەتراپتىكىلەر ئۇنى «چۇناق» دەپ ئاتىغانلىقتىن بالا - چاقىلىرىغا «چۇناقلا» دەپ لەقەم سىڭىپتۇ.

بۇ كەنت ئاقساراي كەنتىدىكى چۇناقلا كەنتى بىلەن ماكۇي ئۆستىڭى ئارقىلىق ئايرىلىپ تۇرىدۇ.

بۇ كەنتتە 1996- يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئۈچ مەھەللە، 155 ئائىلە، 592 نوپۇس، 700 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## ئايماق

مەۋلانە خەلپە ماكانلىشىپ بىر نەچچە يىلدىن كېيىن چوڭ ھويلىلىق كاتتا ئۆيلەرنى سالغان مەھەللە ھالايلى ① دەپ ئاتىلىپتۇ.

شۇ يىللاردا يەكەن يولى (خانلىق يول، ئۇلۇغيول دەپمۇ ئاتىلىدۇ) بۇ مەھەللىنى كېسىپ ئۆتىدىكەن، بۇ يولدا كېرىيىلىك، خوتەنلىك، يەكەنلىك، قەشقەرلىك كۇچالىق سودىگەر - كارۋانلار ئۈزۈلمەي ئۆتۈشۈپ تۇرىدىكەن، دەرياغا كەلكۈن كېلىپ قالسا بىر نەچچە كۈن توختاپ تۇرۇشقا توغرا كېلىدىكەن. مەۋلانە خەلپە بۇ

① ھالايلى — ھويلا ئالدى دېگەن مەنادىكى يەرلىك شېۋە.

قانائەتلىنىشىپتۇ. كۆتەكچىرىقلىق كىشىلەر:

— قەلەندەرلەر بىلەن قوشنا بولساق يۈز-ئابرويىمىزغا نوقسان يېتىدۇ، — دېيىشىپ ئۇلارنىڭ گەدە-كەپىلىرىگە ئوت قويىۋېتىپتۇ. مەۋلانە خەلىپىنىڭ ئوغۇللىرى قارچۇغىلىرىنى①، قىزلىرى قۇرئانلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ كەپىدىن قېچىپ چىقىپتۇ. مەۋلانە خەلىپە بالىلىرىنىڭ ئوت ئىچىدىن ئەڭ مۇھىم نەرسىلەرنى قۇتۇلدۇرغانلىقىنى كۆرۈپ خۇشال بولۇپ:

— ئەي ئوغۇللىرىم، سىلەرنىڭ ۋە ئەۋلادلىرىڭلارنىڭ بېشىدىن ئەمەل-مەنسەپ قۇشى نېرى كەتمىگەي، ئەي قىزلىرىم، سىلەرنىڭ لەۋزىڭلار ئوتلۇق بولغاي②، — دەپ دۇئا ئوقۇپتۇ. (تاكى يېقىنقى زامانلارغىچە خوتەننىڭ دىنىي ھوقۇقى سۇلايمان ئەلەم قاتارلىق خەلىپە ئەۋلادلىرىنىڭ قولىدا بولغانلىقى، قىزلىرىنىڭ دۆلەتمەن ئائىلىلەرگە تالالىق بولغانلىقى ئەنە شۇ دۇئانىڭ ئىجابىتىدىن ئەرمىش)

بۇ كىشىلەرنىڭ ئىسھاق غوجا ③ ئىسىملىك ئۇستازى بىر لېگەنگە ئاچقۇچ، ئوت، كېپەكنى قويۇپ، شاگىرتلىرىغا خالىغاننى تاللاپ ئېلىشنى بۇيرۇپتۇ. مەۋلانە خەلىپە سەگەك بولغاچقا ئاچقۇچنى دەسلەپتە ئېلىۋالغانلىقتىن ئەۋلادلىرىغىچە ئەمەل ۋە يەر ئېچىش بىلەن خەزىنىگە ئىگە بولۇپ ياشاپتۇ. ئوتنى تاللىغان شاگىرتى ئىمان ۋە ئۇلۇغلۇق بىلەن شۆھرەت قازىنىپتۇ. كېپەكنى تاللىغان شاگىرتى تىبابەتچىلىك بىلەن نام چىقىرىپتۇ.

① ئوۋ قۇشى، ② تىلەكلىرىڭلار ھەل بولغاي، ئارزۇ-ئارمانلىرىڭلارغا يەتكەيسىلەر دېگەن مەنىدىكى ئىبارە، ③ ئاڭلاشلارغا قارىغاندا بۇ كىشىنىڭ قەبرىسى چىرا ناھىيىسىدە ئىكەن

... بۇ كەنت 1995- يىللىق ھەر خىل ۋەزىپىلەرنى ئاشۇرۇپ ئورۇنداشتا جاھانباغ يېزىسى بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالىنىپ، ناھىيىلىك ئۈچ دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنىدا مۇكاپاتلاندى.

## ھەزرىتى مەۋلانە خەلىپە توغرىسىدا

1996- يىلى 1- ئاينىڭ 22- كۈنى ئايماق كەنتىدە ئولتۇرۇشلۇق 72 ياشلىق بۇرھان خەلىپە، 60 ياشلىق مۇھەممەتتوختى ئاخۇن، 50 ياشلىق خەبەر ئاخۇن، 28 ياشلىق ئابدىغېنى ئاخۇن (تاشمازار مەسچىتىنىڭ ئىمامى)لار بىلەن پاراڭلاشتىم. ئۇلار:

— بىز ھەزرىتى مەۋلانە خەلىپىنىڭ قىزلىرىنىڭ 12- ۋە 13- ئەۋلادلىرى بولىمىز، — دېيىشتى.

نەسەبنامە ۋە تارىخىي مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، تەخمىنەن 700 يىل ئىلگىرى بۇخارادا ئەبۇ ھاپىزكەبىرى، خارەزىمدە شەيخ نەجمىدىن كۇبرا قاتارلىق ئالىملاردىن بىلىم ئېلىۋاتقان 60 مىڭ تالىپ ئىچىدە ھەزرىتى ئېلىنىڭ 21- ئەۋلادى يۈسۈپ خوجەمۇ بار ئىدى. كىشىلەر ئۇنى ھۆرمەتلەپ «ھەزرىتى مەۋلانە خەلىپەم» دەپ ئاتىشاتتى. چىڭگىزخاننىڭ قىرغىنچىلىق خەۋپىدىن چۆچىگەن تالىپلار ئۆزى خالىغان يۇرتلارغا كېتىشكە ئىجازەت ئالغاندىن كېيىن، ھەزرىتى مەۋلانە خەلىپە بەلىخ ئارقىلىق قەشقەرگە كېلىپ بىر نەچچە يىل، يەكەنگە كېلىپ بىر نەچچە يىل تۇرۇپتۇ. ھەمسەپەرلىرىدىن ئالتە كىشىنى باشلاپ قاراقاشقا كېلىپ مازايى - ماشايىقلارنى تاۋاپ قىلغاندىن كېيىن، ئاۋۋال كۆيا يېزىسىنىڭ دەرۋىش كەنتىدە، كېيىن زاۋا يېزىسىنىڭ كۆتەكئېرىق كەنتىدە ما-

بىلەن ۋاپات بولغىنىغا بۇ يىل تەخمىنەن 760 يىل بوپتۇ. ئۇنىڭ جەسىتى ئۆزىنىڭ ۋەسىيىتىگە بىنائەن ھازىرقى ئاقساراي يېزىسىنىڭ تاقايلا كەنتىدىكى زاراتگاھلىققا دەپنە قىلىنىپتۇ. (ئېھتىمال قەبرىسىنى دەريا ئېقىنى بۇزۇۋېتىشىدىن ئەنسىرىگەن بولۇشى مۇمكىن) ئۇنىڭ جەسىتى يۇيۇلغان جاي ھازىرقى تاشمازار خانىقاسىنىڭ جەنۇبىي بۇرجىكىگە توغرا كېلىدىكەن. جەسەت يۇيۇلغاندا تۆكۈلگەن سۇ يېقىنقى يىللارغىچە كاتەكتە سىڭمەي تۇرغانىمىش. كۆپلىگەن ساقايمىغان جاراھەت-يارىلارغا بۇ سۇدىن بىر نەچچە تامچا تېمىتىپ قويۇلسا ئاغرىق سەللىمازا ساقىيىپ كەتكەنىمىش.

## تاشمازار توغرىسىدا

بۇ مازارنىڭ دائىرىسى تەخمىنەن 20 مو كېلىدۇ. كونا - يېڭى قەبرىلەر توغراقلىق ۋە قومۇشلۇقلار ئارىسىدا چوقچىيىپ كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

بۇ جاي ئەسلىدە دەريا ئېقىنى لاي تاشلىغانلىقتىن ھاسىل بولغان سېغىزلىق بولۇپ، ئېقىن يۆتكەلگەنىدىن كېيىن قۇرۇقلۇققا ئايلىنىپ قاپتۇ. مەۋلانە خەلپە ھايات ۋاقتىدا ئۇنىڭ بىر قىزى ئۆلۈپ كېتىپ بۇ جايغا دەپنە قىلىنغاندىن كېيىن بۇ جاي بارا - بارا قەبرىستانلىققا ئايلىنىپ كېتىپتۇ. بۇ مازاردىكى قەبرىلەرنىڭ كۆپىنچىسى خەلپە ئايىمىقىدىن بولمىغانلارنىڭ قەبرىسىدۇر. خەلپە ئايىمىقىدىكىلەر ئۆلسە «مەۋلانە خەلپىنىڭ روھىغا ئەگىشىپ» تاقايلىدىكى مازارلىققا دەپنە قىلىنىش ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

1960- يىللىرى ماكوي ئۆستەڭنى ئۇدۇللاپ قېزىش،

مەۋلانا خەلپە ئۇستازىدىن:

— بۇ يەردىكى تۇرالغۇمىز كۆيۈپ كەتتى. ئەمدى مەن نەدە ماكانلىشىمەن؟ — دەپ سوراپتۇ. ئۇستازى:

— ھاسىڭىز نەدە كۆكلەپ قالسا شۇ يەردە ماكانلىنىشىڭ، — دەپتۇ. مەۋلانە خەلپە يۇرت - مەھەللىلەرنى ئايلىنىپ ھازىرقى تاشمازار دېگەن جايغا كەپتۇ. بۇ جايدا بىر گۇم ① بار ئىكەن. مەۋلانە خەلپە گۇمنىڭ تېشىغا ھاسىسىنى سانجىپ، ھاسىنىڭ ئۇچىغا سەللىسىنى ئىلىپ قويۇپتۇ. سۇ ئىچىپ ھاردۇق ئالغاندىن كېيىن قارىسا ھاسا ياشىرىپ شاخ - پۇتاق چىقىرىپ قاپتۇمىش، (ئارىدىن 600 يىلچە ئۆتكەندىن كېيىن بۇ قېرى تېرەكنىڭ ئىچى پورلىشىپ كەتكەنلىكتىن بىر قېتىملىق قاتتىق بوراندا يىقىلىپ كەتكەن ۋە خەلپە ئايمىقىدىن بىر نەچچە ئائىلە ئۈچ يىل يېقىلغۇ قىلغانىكەن. يىلتىزىدىن ياشىرىپ چىققان نوتىلار خۇلاچقا پاتمىغۇدەك يوغىناپ كەتكەنلىكتىن 1954- يىلى كېسىپ شال تىلىنىپ خوتەن لاسكۈي يىپەكچىلىك فابرىكىسىنىڭ بىنالىرىنى سېلىشقا ئىشلىتىلىپتۇ) مەۋلانە خەلپە بۇ يەردە تۇرالغۇ ياساشقا ھازىرلىق قىلىۋاتقاندا قىزلىرىدىن بىرسى:

— دەريانىڭ قىرغىقىغا جايلاشساق كۆڭلىمىز ئەمىن تاپماسمىكىن؟ — دەپتۇ. مەۋلانە خەلپە:

— دەريا ئۇ تەرەپكىراق ئاققاي، — دەپتۇ. شۇ چاغدىن باشلاپ دەريا ئېقىنى مىڭ قەدەمچە شەرق تەرەپكە سۈرۈلگەنمىش.

مەۋلانە خەلپە بۇ جايدا ئاقسارايىنى بىنا قىلىپ ۋە بىر ئۆمۈر دىنىي تەرغىبات بىلەن شۇغۇللىنىپ، كېيەل

① گۇم — سۇ ئېقىنىدىن تەبىئىي شەكىللەنگەن چوڭقۇرلۇق (كۆل)

ئەنەشۇ چاغلاردىن باشلاپ ئېقىن ھېلى ئۇ قىرغاققا، ھېلى بۇ قىرغاققا ئۆسسۈپ ئاقىدىغان بولۇپ قاپتۇ. ھازىرقى قارا قاش دەرياسى كۆۋرۈكىنىڭ ئورنىغا كەلگەندە سۇ تېز ئېقىپ ئاقساقالنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كېتىپتۇ. بۇنى غايىبانە كۆرۈپ تۇرغان مەۋلانە خەلىپە ①:

— ھاي - ھاي سۇ، توختايدىغان يەرگە بېرىپ قالدىڭىز، - دەپتۇ. سۇ دەرھال ئاياغقا ئېقىشتىن توختاپتۇ. سۇنىڭ كۆۋرۈكنىڭ تېگىدىن ئۆتۈپلا شارقىرىماي ئاستا ئېقىشى شۇ سەۋەبتىن ئىمىش. بۇ بىر رىۋايەت بولسىمۇ، ئېقىننىڭ رۇس ئاقمايدىغانلىقى، دەريانىڭ كۈن پېتىش تەرەپتىكى قىرغىقى بويىدا نەچچە ئون بۇلاقنىڭ بارلىقى، سۇ شارقىراپ ئېقىپ كېلىپ كۆۋرۈكنىڭ ئاستىدىن ئۆتكەندە كۆل سۈيىدەك ئاستا ئاقىدىغانلىقى ھەممىگە ئايان پاكىتتۇر.

## ئاقساراي

بۇ جاي ئىلگىرى تۇڭگۇز ئايمىقى دېيىلگەنىكەن. مەۋلانە خەلىپىنىڭ سەپەرداشلىرىدىن بىر كىشى ئۇنىڭ سودا-سېتىق ئىشلىرىنى قىلىدىغان خىزمەتكار ئىكەن. بىر قېتىملىق سودا-سېتىقتا بۇ خىزمەتكارنىڭ سەممىيەتسىزلىك قىلىپ بىر نەچچە تەڭگە پۇلنى يوشۇرۇۋالغانلىقى ئاشكارىلىنىپ قاپتۇ. مەۋلانە خەلىپە غەزەپلىنىپ ئۇنى:

— تۇڭگۇز! - دەپ تىللاپتۇ. بۇ خىزمەتكار خىجالەتچىلىكتە ھالايلىدىن بۇ يەرگە كۆچۈپ كەپتۇ. تۇڭگۇز ئايمىقىدىكىلەر شۇ خىزمەتكارنىڭ ئەۋلادلىرى ئىكەن.

① ھەزرىتى مەۋلانە خەلىپە توغرىسىدا تەپسىلىي بىلىشنى خالىسىڭىز «قارا قاش تارىخ ماتېرىياللىرى» (1- قىسىم) غا قاراڭ.

سۇ سىڭمەسلەشتۈرۈش، سېمونت توسمىلارنى ياساش قۇرۇلۇشىغا لازىملىق تاشلار بۇ مازارنىڭ يېنىدىكى تاشلىقتىن توشۇلغانلىقتىن تاشمازار دەپ ئاتىلىپ قاپتۇ.

## دەريا نېمىشقا تۈز ئاقمايدۇ؟

رىۋايەت قىلىنىدۇلەركى، بىر يىلى ئەتىيازدا دەريادا سۇ ئۈزۈلۈپ قېلىپ ئاياغ يۇرتلار (ھازىرقى قاراقاش بازىرى، توۋەت يېزىسى قاتارلىق جايلار) دىكى زىرائەتلەر قۇرۇپ كېتىپتۇ. بۇ يۇرتتىكى كىشىلەرنىڭ ئاقساقىلى ئەۋلىيا دەپ نامى تارقالغان مەۋلانە خەلپىنىڭ ئالدىغا كېلىپ يۇرتنىڭ ئاھۇ-زارىنى بايان قىپتۇ. مەۋلانە خەلپە ئاقساقالغا بىر نەچچە پوتاقلىق شاخنى تۇتقۇزۇپ:

— بۇ شاخنى سۆرەپ كەينىڭىزگە قارىماي مېڭىۋېرىسىڭىز، شاخنىڭ ئىزىدىن سۇ ئاقىدۇ، -دەپتۇ. ئاقساقال تەزىم بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن يۇرتىغا قاراپ يولغا چىقىپتۇ. مەۋلانە خەلپە قىبلىگە قاراپ:

— ئەي ھەممىگە قادىر ئۇلۇغ ئاللا ئىگەم، ئاچارچىلىق خەۋپىگە ئۇچراۋاتقان ئاشۇ بىچارە بەندىلىرىڭنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلغايسەن، - دەپ دۇئا ئوقۇپتۇ. ئاللا ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجاۋەت قىلىپ دەريانىڭ كۈن پېتىش تەرىپىدىكى قىرغاقنى بويلاپ نەچچە ئون بۇلاقنى پەيدا قىپتۇ. بۇلاقلارنىڭ سۇلىرى دەرياغا قويۇلۇپ شاخنىڭ پوتاقلىرى ئىزىدىن تارامىلارغا بۆلۈنۈپ ئېقىپتۇ. ئاقساقال سۇنىڭ ئېقىشىنى كۆرىمەن دەپ پات - پات كەينىگە بۇرۇلۇپ قاراپتۇ. بۇ چاغدا ئۇ سۆرەپ كېلىۋاتقان شاخمۇ يانغا سۈرۈلگەنلىكتىن سۇمۇ بۇرۇلۇپ ئېقىپتۇ.

لى 70 يېشىدا قازا قىلدى. كاللەك لەقەملىكلەر ھازىر 15 تىن ئاشتى. ئۇلار ئەسلى يۇرتىدىكى تۇغقانلىرى بىلەن باردى - كەلدىسىنى داۋاملاشتۇرماقتا.

1996 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا بۇ كەنتتە بەش مەھەللە، 201 ئائىلە، 784 نوپۇس، 650 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## جاھانباغ

ئاڭلاشلاردىن مەلۇم بولۇشىچە، تەخمىنەن 1000 يىل ئىلگىرى رەھىمسىز ۋابا كېسىلى تارقىلىپ نۇرغۇن كىشىلەر ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن يۇرتلىرىدىن قېچىپ چىقىشىپتۇ. ئەنە شۇ قاچاقلاردىن ئون نەچچە كىشى بۇجايدىكى ئېگىزلىكنىڭ ئەتراپىدىن گەمە كولاپ ئولتۇراقلىشىپتۇ ①. ھەر بىر ئادەم ئاز - ئازدىن باغ بىنا قىپتۇ. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ پارچە - پارچە باغلار بىر - بىرىگە تۇتىشىپ كەڭ مېۋىزارلىققا ئايلىنىپتۇ. ئەرەب ئەللىرىدىن كەلگەن يوغان سەللىلىك بىر ئىمام بۇ باغدا ھاردۇق ئېلىپ راھەتلەنگەندىن كېيىن «جاھانچە كەڭ باغ ئىكەن» دەپتۇ. جاھانباغ دېگەن ئاتالغۇ شۇ چاغدا پەيدا بولغانىكەن.

1996 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا بۇ كەنتتە تۆت مەھەللە، 233 ئائىلە، 882 نوپۇس، 1043 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## ئۈزۈنئېرىق

جەنۇبتىن-شىمالغا قاراپ يەتتە - سەككىز كىلومېتىر سوزۇلغان ئېرىق بويىدىكى بۇ يۇرتنىڭ نامى نەچچە يۈز يىللاردىن بۇيان ئۈزۈنئېرىق دەپ ئاتىلىپ كېلىۋاتىدۇ.

① ھازىرمۇ بۇ ئېگىزلىكنىڭ قالدۇقلىرى بار.

1950 - يىللىرى بۇ ھاقارەتلىك ئاتالغۇدىن قۇتۇ-
لۇش ئۈچۈن ، بۇ يەرنىڭ ئاقساراي دېگەن يۇرتقا تەۋە
بولغانلىقى كۆزدە تۇتۇلۇپ، ئاقساراي كەنتى دەپ ئا-
تالدى.

بۇ كەنتتە 1996 - يىلىنىڭ ئاخىردا ئالتە مەھەل-
لە، 290 ئائىلە، 1129 نوپۇس، 1092 مو تېرىلغۇ يەربار.

## دۆڭئېرىق

كەنت تەسىس قىلىنىشتىن ئىلگىرى پايكا مەھەللە،
ياغ مەھەللە (بۇرۇنقى توغۇز لەقەملىكلەر)، كۇراك مەھەل-
لە، ئاياغ مەھەللە دەپ ئاتىلاتتى. بۇ كەنتتە ئىككى تە-
رەپى پەس بولغان ئېرىق بولغانلىقى كۆزدە تۇتۇلۇپ ،
1985 - يىلدىن ئېتىبارەن دۆڭئېرىق كەنتى دەپ ئاتالدى
(98 ياشلىق مەتناسىر ھاجىم سۆزلەپبەردى).

بۇ كەنتتە ھازىر تۆت مەھەللە، 215 ئائىلە، 772 نو-
پۇس، 799 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## قاياش

بۇ جاي ئەسلىدە يەرلىك كىشىلەر ۋەباشقا يۇرتلار-
دىن كېلىپ قالغانلار تارقاق ئولتۇراقلاشقان مەھەللە ئى-
دى. 1890 - يىللىرى قارا قاش بازىرى قاياش كەنتىدىن
كالىلەك لەقەملىك مۇھەممەت ئاخۇن، باقى ئاخۇن، مەت-
كېرىم ئاخۇنلار ھەر بىرى يۈز مودىن يەر سېتىۋېلىپ بۇ
جايغا كۆچۈپ چىقىپتۇ. بۇلارنىڭ ئىگىلىگەن يەرلىرى
جىق بولغانلىقتىن، بۇ مەھەللە پارچە قاياش دەپ ئاتى-
لىپتۇ. 1985-يىلدىن بۇيان قاياش كەنتى دەپ ئاتالدى. مۇ-
ھەممەت ئاخۇننىڭ بالىسى مەتتۇرسۇن ئاخۇن 1995 - يى-

# پادىشاھتىن ئۆچ ئېلىش

(چۆچەك)

بۇنىڭدىن 600 يىللار بۇرۇن جاھانباغ دېگەن يۇرتتا بىر قەبىلە ياشايدىكەن. بۇ قەبىلىنىڭ پادىشاھىنىڭ چوڭ تەرەت قىلىش ئەزاسى يوق ئىكەن. چوڭ تەرەت چىقىرىشقا ئامالى بولمىغانلىقتىن ئاشلىق ياكى گۈرۈچ غىزالىرىنى يېيىشكە پېتىنالمايدىكەن. ھەر كۈنى ئون قوينىڭ يىلىكىنى ئىچىپ ئۆزىنى قۇۋۋەتلەندۈرىدىكەن. ئاي - يىللار ئۆتۈپ بۇ قەبىلىدە بىرمۇ قوي قالماپتۇ، پۇقرالار مال - مۈلۈكلىرىگە قوشنا قەبىلەردىن قوي تېگىشىپ كېلىپ پادىشاھنىڭ سېلىقىنى تاپشۇرۇپ، يىلدىن - يىلغا نامراتلىشىپ كېتىۋېرىپتۇ. پادىشاھ قويدىن باشقا ھەرخىل ئالۋاڭ - سېلىقلارنىمۇ كۆپەيتىۋېتىپتۇ.

پۇقرالار پادىشاھنىڭ زۇلمىدىن قاتتىق نارازى بولۇپ، ئىككى كىشىنى ۋەكىل سايلاپ رەھىم - شەپقەت تىلەش ئۈچۈن پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئەۋەتىپتۇ. پادىشاھ:

— ئىككىڭلار ئاۋامنى ماڭا قارشى تۇرۇشقا قۇتراتقىنىڭلارنى ئۆزۈڭلار ئاشكارا قىلدىڭلار، - دەپ بۇ ئىككى ۋەكىلنى زىندانغا تاشلىتىۋېتىپتۇ.

پادىشاھنىڭ ئاق كۆڭۈل، رەھىمدىل بىر ۋەزىرى بار ئىكەن. بۇ ۋەزىر پۇقرالارنىڭ دەرد-ئەلەملىرىگە ئۇزۇندىن بۇيان ئىچ ئاغرىتىپ كەلگەنىكەن. ئۇ پادىشاھقا نەسىھەت قىلىپ ھېچبىر نەتىجىگە ئېرىشەلمەپتۇ. ئۇ يېقىن پۇقرالىرىدىن بىرسىگە:

— بىر جام سۈتكە ئارپا ئۇنى ئارىلاشتۇرۇپ ماڭا

1985 - يىلى بۇ يۇرتنىڭ ماكوي ئۆستەڭنىڭ شەرق تەرەپتىكى بۆلىكى جاھانباغ يېزىسىغا تەۋە قىلىنىپ يەنە ئۇزۇنئېرىق دەپ ئاتالدى (ئېرىقمۇ بۇ كەنتنىڭ تەۋەلىكىدە).

1996 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا بۇ كەنتتە تۆت مەھەللە 196 ئائىلە، 1711 نوپۇس، 720مو تېرىلغۇ يەر بار.

ئۇزۇنئېرىق كەنتىدە «قارا ساقال مازار غوجام»دەپ ئاتىلىدىغان بىر قەبرە بار. بۇ قەبرە توغرىسىدا خەلق ئارىسىدا مۇنداق بىر رىۋايەت سۆزلىنىپ كەلمەكتە:

بەش - ئالتە يۈز يىللار بۇرۇن بۇ يەردىكى ئۆستەڭنىڭ سۈيى قىرغاقنى بۇزۇپ يېيىلىپ ئېقىپتۇ. كىشىلەر بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ لاي ئارىسىدىكى ئۇزۇن ساندۇقنى كۆرۈپ قاپتۇ. بۇ ئىشتىن يۇرت ئاقساقاللىرىنى خەۋەرلەندۈرۈپتۇ. ئاقساقال دەرھال يېتىپ كېلىپ ساندۇقنى ئېچىپ قارىسا قارا ساقاللىق جەسەت يېتىپتۇ. ئاقساقال كېچىسى ئۇخلاۋېتىپ چۈش كۆرۈپتۇ. چۈشىدە بۇ قارا ساقاللىق كىشى بىر نەچچە يۈز لەشكەرگە باشلامچىلىق قىلىپ مايمۇن يۈزلۈك دۈشمەنلەر بىلەن قىلىچ چېپىشىۋاتقۇدەك. مايمۇن يۈزلۈكلەر پايپېتەك بولۇپ قېچىۋاتقۇدەك. ئەتىسى سەھەردە ئاقساقال ئاۋامنى (جامائەتنى) يىغىپ:

— چۈشۈمگە ئايان بولدى. بۇ زات ئادەتتىكى ئادەم ئەمەس. بىز سەجدە قىلىدىغان ئۇلۇغ ئادەمدۇر، - دەپتۇ ۋە مېيىت نامىزىنى قايتىدىن داغدۇغىلىق ئۆزىتىپ، دەپنە رەسمىيەتلىرىنى بېجىرىپ چوڭ قەبرە ياساتتىپتۇ. بۇ قەبرە «قارا ساقال مازار غوجام» دەپ ئاتىلىپتۇ.

يەنە بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ مازار 41 چىلتەن بىلەن سەپەرداش بولغان ئىمامى مۇھەممەد خۇراساننىڭ قەبرىسى ئىكەن.

## بورىچى لەقەملىكلەر

بۇ يەرگە دەسلەپتە كۆچۈپ كەلگەن كىشىلەر بىر قىسىم چوڭقۇر ئازگاللاردا ئۆسكەن بورا قومۇشلىرىدا بورا توقۇپ ساتقانىكەن. هازىرقى روزى ئاخۇن (100 ياش ) نىڭ تەخمىنەن ئالتىنچى بوۋىسى دەۋرىدىلا بۇلارغا بورىچى دېگەن لەقەم ئومۇملىشىپ قاپتۇ. هازىر بورىچى لەقەملىكلەر كەنت تەۋەسىدىكى 117 ئائىلىنىڭ 40 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. ئۇلار هېلىهەم بورىچىلىق كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

قارا قۇشقاچ كەنتىدە 1996 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئىككى مەھەللە، 117 ئائىلە، 414 نوپۇس، 6309 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## دۆڭئۆيلەر

بۇ كەنتنىڭ ئەسلى ئىسمى «بۇغچى» بولۇپ «بۇرغۇيچى (كانايچى)» دېگەن ئىسىمنىڭ ئېغىز تىلىدا ئۆزگىرىپ قېلىشى ئىكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا تەخمىنەن يۈز نەچچە يىللار ئىلگىرى بۇ يەردە قاسىم ئاخۇن دەيدىغان بىر تۆگمەنچى بولۇپ، ئۇ نەگىلا بارسا بېلىگە ياغاچ بۇرغۇيىنى قىستۇرۇپ ماڭىدىكەن. ئۇ تۆگمىنىنىڭ ئۆگزىسىدە تۇرۇپ ئۈگۈت چىللاپ بۇرغۇيىنى بىر چالىدىغان بولسا يىراق - يىراقلاردىكى كىشىلەرمۇ ئاڭلاپ دەرھال ئۈگۈت ئېلىپ كېلىدىكەن. كېيىن قاسىم ئاخۇنغا «بورغۇيچى» دېگەن لەقەم سىڭىپ قاپتۇ ۋە ئاستا- ئاستا «بۇغچى» غا ئۆزگىرىپ كەنت نامىغا ئايلىنىپتۇ.

1984 - يىلى بۇ كەنتتىكى ئۆيلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ دېگۈدەك دۆڭگە سېلىنغانلىقى ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن يېزا

ئەكىلىپ بېرىڭ، ـ دەپتۇ. پوقرا ئۇنىڭ دېگىنىنى بەجـ
كەلتۈرۈپتۇ. ۋەزىر جامنى قارىسا ئارپا ئۇنى ئارىلاشتۇ-
رۇلغان سۈت بەئەينى قوينىڭ يىلىكىگە ئوخشاپتۇ.

پادىشاھ ۋەزىرگە:

ــ مېنىڭ يىلىك ئىچىدىغان ۋاقتىم ئۆتۈپ كەتكىلى نە-
ۋاخ، ـ دەپ ۋارقىراپتۇ. ۋەزىر جامنى شاھقا سۇنۇپتۇ. قور-
سىقى ئېچىپ كەتكەن شاھ «يىلىك» نى بىر سۈمۈرگەنچە
يۇتۇۋېتىپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي شاھنىڭ قورسىقى گۈمبەزدەك
كۆپۈپ ئاغرىققا چىدىيالماي داد-پەرياد ئىچىدە جان ئۈ-
زۈپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن پوقرالار ئالۋاڭ ـ سېلىقتىن ئا-
زاد بولۇپ باياشات تۇرمۇش كەچۈرۈشكە باشلاپتۇ.

سۆزلەپ بەرگۈچى: كاۋاك يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى-
دىن: نۇرمەمەت

## قارا قۇشقاچ

نەچچە يۈز يىللار ئىلگىرى بۇ يەرنىڭ ئورنى قويۇق
قومۇش قاپلىغان جاڭگاللىق بولۇپ، قاراقۇشقاچلار ناھايىـ
تىمۇ تولا ئىكەن. شۇ يىللاردا كىشىلەر تەرەپ ـ تەرەپتىن
بۇ يەرگە كېلىپ تور قۇرۇپ قارا قۇشقاچ تۇتۇپ
كېتىدىكەن.

كېيىنچە كىشىلەر بۇ يەرگە ئۆي سېلىپ ئولتۇراقـ
لىشىشقا باشلاپتۇ. ئۇلار قاراقۇشقاچلارنىڭ تولىلىقىغا
پايلىماي كۆچۈپ كەلگىنىكەن. تەدرىجىي بۇ يەردە ئادەمـ
لەر كۆپىيىپ، بىنام يەرلەر ئېچىلىپتۇ ۋە بۇرۇندىنلا «قاـ
را قۇشقاچ جاڭگىلى» دەپ ئاتالغان يەر «قارا قۇشقاچ
كەنتى» گە ئۆزگىرىپ قاپتۇ.

تۇرىسىدىكى بۇ پاسىل ئارالچە دەريانىڭ بۇقىتىغا ئۆتۈپ قاراقاشقا تەۋە يۇرتقا ئايلىنىپ «دەريا بويى» دىگەن نام بىلەن ئاتىلىپتۇ.(ھىلىمۇ بۇ كەنت ئەتراپىدىن 10 مىڭ موغا يىقىن تىپىردىم يەرلەرگە خوتەن ناھىيىسىدىن ئۆتۈپ ئىگىدارچىلىق قىلماقتا.)

بۇ كەنتتە ھازىر تۆت مەھەللە، 226 ئائىلە، 938 نوپۇس، 1508 مو تىرىلغۇ يەر بار.

## داراسكال

1996 – يىلى 1 – ئاينىڭ 13 – كۈنى مەن تۆۋەن داراسكال كەنتىنى ئايلىنىپ 49 ياشلىق ئىمام غاپپار ئاخۇن، كەنت باشلىقى – 53 ياشلىق شىكەر ھاجىم، 67 ياشلىق داۋۇت قارى ھاجىم، 75 ياشلىق تۇرسۇن ئاخۇن، 95 ياشلىق تۇردى ئاخۇنلار بىلەن ئۇچراشتىم. ئۇلارنىڭ ئىيتىشىچە، تەخمىنەن 1500 يىلدىن كۆپرەك ئىلگىرى قاراقاش دەرياسىنىڭ ئاساسىي ئىقىنى بۇ يەردىن شەرققە 1000 مىترچە يۆتكىلىپ بۇ جايدا جەنۇبتىن – شىمالغا ئالتە – يەتتە كىلومىتىر، شەرقتىن – غەربكە بىر – ئىككى كىلومىتىرلىق سازلىق پەيدا بوپتۇ. بۇ ئۇزۇن سازلىق جىلغا دارازا ئازگال (ئۇزۇنغا سوزۇلغان چوڭقۇرلۇق دىگەن مەنادىكى ئەرەبچە ئاتالغۇ)دەپ ئاتىلىپ، زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن «داراسكال» غا ئۆزگىرىپ قالغانىكەن. يەنە بىر ئاڭلاشلاردىن قارىغاندا نەچچە يۈز يىللار ئىلگىرى بۇ يۇرتنىڭ بىر ئاقساقىلى بار ئىكەن، بۇ ئاقساقال قولىدىن دەررە (بىر خىل جازا قورالى) چۈشۈرمەي تەنقىد، ئىزا بىرىشكە تىگىشلىك سەۋەنلىكلىرى ئۇچۇرنىمۇ كىشىلەرنى ئۇرۇپ جازالايدىكەن. كىشىلەر ئۇنى كۆرسە «دەررە ئاقساقال

تەرىپىدىن «دۆڭگۈيلەر» دېگەن سۆز كەنت نامى قىـ
مۇقىملاندى.

بۇ كەنتتە 1996- يىلىنىڭ ئاخىرىدا تۆت مەھەـ
335 ئائىلە، 957 نوپۇس، 1184 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## دەريا بويى

تەخمىنەن 350 يىللار ئىلگىرى بۇ يەر ئىككى دەر
نىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئارالچە ئىكەن. بۇ دەريانىڭ ب
تارمىقى هازىرقى دەريا ئورنىدا، يەنە بىر تارمىقى
رىمان كەنتىنى بويلاپ ئاقىدىكەن. شۇ يىللىرى بۇ يە
تۇنجى قېتىم ئاپىسىل هاجىم دېگەن بىر ئادەم تۈگمەن ما
دۇرۇپتۇ. كېيىن بۇ يەرنىڭ سۇ ۋە يەر ئالاھىدىلىكى ياخ
بولغاچقا، خوتەندىن، ھەتتا يەكەن قاتارلىق يىراق جا
لاردىنمۇ ئادەم كېلىپ تۈگمەن ماڭدۇرۇشقا باشلاپتۇ. شۇ
داق قىلىپ بۇ يەردە «قۇم تۈگمەن (قۇم راباتپاشايىم
تەۋە)»، «خۇشۇپ تۈگمەن»، «چوڭ تۈگمەن»، «سادىق ھاج
تۈگمەن»، «زەي تۈگمەن»، «كالتا تۈگمەن» دېگەنده
بىر تالاي تۈگمەنلەر مېڭىشقا باشلاپتۇ. بۇنىڭغا ئەگىش
بۇ يەردە ئادەملەرمۇ ئولتۇراقلىشىپ قاپتۇ، «ئەڭ بۇرۇ
ئولتۇراقلىشىپ دېھقانچىلىق قىلغان ئادەم يەكەنلىك ي
كەن موللام ئىكەن، دېيىشىدۇ كونىلار. ئۇلار ھازىرق
«يەكەن» لەقەملىك ئادەملەرنىڭ كۆپلىكىنى ئىسپات ق
لىشىدۇ. («يەكەن» لەقەملىكلەر تەخمىنەن 25 — 30 ئ
ئىلىگە يېتىدۇ.)

تەدرىجىي غەرب تەرەپتىكى دەرياغا سۇ چىقماس ب
لۇپ قاپتۇ ۋە ئاستا- ئاستا دەريا ئورنى تېرىم يەرلەر
ئۆزگىرىپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قاراقاش- خوتەن ئو

لىقنى ئاساس قىلىپ، چوڭ تراكتور، شال ئاقلاش زاۋۇتى بىلەن تىجارەت قىلىپ يىلدىن ـ يىلغا بېيىدى. شۇ چاغدىن 1995 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر دۆلەتكە 166 مىڭ جىڭ ئاشلىق سېتىپ بەردى.

1990 ـ يىلى 200 كىلوگرام سۇ مېيى، 4000 كىلوگرام گۆرۈچ، سەككىز قوي ئېلىپ ئاقتۇ ناھىيىسىگە بېرىپ بارىن يېزىسىدىكى بىر ئۇچۇم مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلارنىڭ قوراللىق توپىلىڭىنى باستۇرۇش داۋامىدا قۇربان بولغان خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلىرىنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىدىن ھال سورىغانلىقتىن ناھىيە، ۋىلايەت، ئاپتونوم رايون، مەملىكەت بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى نەمۇنىچىسى بولۇپ تەقدىرلەندى. ئۇ يىللاردىن بۇيان، 35 مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى ئاشلىق ـ ياغ، ئوتۇن ـ كۆمۈرنى ئۆز يۇرتىدىكى نامراتلارغا ياردەم قىلدى. ئۇ ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق 8 ـ قېتىملىق خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى.

### تۆگمەنبېشى مەھەللىسى

1850 ـ يىللىرىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە بىر تاشلىق ياقا تۆگمەن، بىر تاشلىق كالتە تۆگمەن، ئىككى تاشلىق قوشتۆگمەن، ئۈچ تاشلىق ئارا تۆگمەن بارلىقى كەلگەنلىكتىن، بۇ جاي تۆگمەنبېشى دەپ ئاتالغانىكەن. بۇ مەھەللە قاراقاش ناھىيىسىنىڭ مەركىزىگە يېقىن بولغانلىقتىن ئاشپەز ـ ناۋايلارنىڭ ۋە ئاھالىلەرنىڭ بۇغداي ـ قوناقلىرىنى بۇ تۆگمەنلەردە ئۇن تارتىشى 1980 ـ يىللىرىغا قەدەر داۋاملاشتى. ئېتىز ـ ئېرىقلارنىڭ رەتلىنىشىگە، توك تۆگمەنلىرىنىڭ كۆپىيىشىگە

كەلدى» دەپ چۆچۈشىدىكەن. بۇ ئاقساقال ئۆلگەندىن ئ
يىن ئۇنىڭ مەھەللىسى «دەررە ئاقساقال» دەپ ئاتىل
ۋاقىت ئۆتكەنسېرى «داراسكال» غا ئۆزگىرىپ قاپتۇ.

بۇ جايغا ئەڭ دەسلەپتە ئاقساراي، سايباغلىق كى
لەر ئولتۇراقلاشقاندىن كېيىن لوپنىڭ يۇرۇڭقاش ھ
جىيادىن بىر نەچچە ئائىلىلىك كىشى كۆچۈپ كەلگەنىكە

داۋۇت قارى ھاجىمنىڭ بوۋىسىنىڭ دادىسى توخ
غوجى سوپى مەشەدە تۇغۇلغانىكەن. توختىغوجى سوپىنى
چوڭ بوۋىسى ئامانگەندىن كەلگەن دېگەن گەپلەرمۇ بار
60 ياشلىق ماخمۇتاخۇن قورۇقنىڭ بوۋىسى رېخىم ھاج
بىلەن ئىسلامشاكاملار 1880- يىللىرى ئامانگەندىن كۆچۈ
كەلگەنىكەن.

باشقا يۇرتلاردىن بۇ جايغا كېلىپ بايلارنىڭ سا
لىقتىن يەر ئېچىش، شال تېرىش، ھوسۇل يىغىش ئىشلىر
نى ئىشلىشىپ بەرگەن ئىشلەمچىلەردىن بەزىلىرى بۇ جاي
دا قېلىپ ماكانلىشىپتۇ. 1920 - يىللىرى زاۋا ھەم ئۆزۈن
ئېرىق دېگەن يۇرتلاردىن كەلگەن ئىشلەمچىلەردىن ئىمىر
ئاخۇن چېكە، مەھەممەتاخۇن راۋاپ، سېپەر ئاخۇن مۇزلا
بۇ جايغا كېلىپ ئىشلەمچىلىك قىلىپ يۇرتىغا قايتماي
ماكانلىشىپ قاپتۇ.

داراسكال — ئىلگىرى بىر يۇرت ئىدى، 1960 - يىللى
رىدىن كېيىن باشداراسكال، بۇلاقبېشى، داراسكالدىن
ئىبارەت ئۈچ مەمۇرىي كەنتكە بۆلۈپ باشقۇرۇلماقتا.
1996- يىل ئاخىرىدا بۇ كەنتتە يەتتە مەھەللە، 400
ئائىلە، 1627 نوپۇس، 2718 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## داۋۇت قارى ھاجىم توغرىسىدا

داۋۇت قارى ھاجىم 1982 - يىلدىن باشلاپ تېرىقچى

ۋەرتاپقاندىن كېيىن «قانداق سارالڭ گادايكەن بۇ» دەپ كۈلۈشۈپتۇ. ئېلىپشاكامنىڭ «ساراڭ» لەقىمى ھازىر 55 ياشلىق نەۋرىسى تۇراخانغا قەدەر داۋاملىشىپ كەلمەكتە. ساراڭ لەقەملىكلەر ھازىر 20 ئائىلىدىن ئاشتى.

### شېكەر ئايمىقى:

ھازىرقى كەنت باشلىقى شېكەر ھاجىمنىڭ بوۋىسىنىڭ ئىسمى شېكەر ئاخۇن ئىكەن. بالاچاقىلىرىنىڭ ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا دادىسىنىڭ ئىسمى قوشۇپ چاقىرىلغانلىقتىن شېكەر ئايمىقى شەكىللىنىپتۇ. ياسىن ئاخۇن دادىسىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن ئوغلىغا شېكەر دەپ ئات قويۇپتۇ. شېكەر ئايمىقىدىكىلەر ھازىر 30 دىن ئاشتى.

### بۇلاقبېشى

بۇ جاي ئىلگىرى داراسكالنىڭ لاس، زەرگەر، باي، بۇرۇچ، قارا مەھەللىلىرى ئىدى. 1971 - يىلى قارىمان كەنتىدىن دەريا بويى كەنتىگە ئۇدۇللاپ يول سېلىنغاندا ئىككى يولنىڭ كېسىشكەن يېرىدىن بۇلاق ئېتىلىپ چىقتى. 1985- يىلى بۇ كەنت بۇلاقبېشى دەپ ئاتالدى.

1996- يىلىنىڭ ئاخىرىدا بۇ كەنتتە ئالتە مەھەللە، 406 ئائىلە، 1542 نوپۇس، 2444 مو تېرىلغۇ يەر بار.

### باش داراسكال

ئەسلىدە بۇ جايدىكى ئۇزۇن مەھەللە، ئوينىاق مەھەللە، موزاي مەھەللە، لاس مەھەللىلەر داراسكالغا تەۋە ئىدى. زېمىنى زەيكەش بولغاچقا، شورلۇق دېگەن ئورتاق نام بىلەنمۇ ئاتىلاتتى. 1985-يىلى كەنت ناملىرى مۇقىملاشقاندا بەزى مويسىپىتلار «ئادەمنىڭ لەۋزى ئۇلۇغ، شورلۇق دەپ ئاتىساق يۇرتىمىز راستىنلا قايتىدىن شورلى-


ئەگىشىپ تۈگمەنلەر يوقىلىشقا يۈزلەندى. ھازىر قوشتۇ
مەن بىلەن ئارا تۈگمەنىنىڭ كونا - ۋەيرانە ئۆيلەر
كىشىلەرگە ئۆتمۈشنى ئەسلىتىپ تۇرماقتا.

## ئاق دۆۋە

ئاڭلاشلارغا قارىغاندا مەقبەرە- قەبرىلە
بىلەن تولغان بۇ چوڭ ئېگىزلىكنى يۆتكەلگەن دەريا ئې
قىنى ئىككىگە بۆلۈۋېتىپ، شەرق تەرەپتىكى ئېگىزلىك ئا
دۆۋە دەپ ئاتالغانىكەن. 19- ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن باش
لاپ قارا ئايمىقى ۋە سارىك ئايمىقىدىكى كىشىلەر ئا
دۆۋىدە نەچچە يۈز مو يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلغانىكەن.
1960 - يىللىرىدىن كېيىن تەشكىل دېھقانلارنى لەمپىنگە
بوز يەر ئېچىشقا يۆتكىگەنلىكتىن ئاق دۆۋە قايتىدىن يان
تاق- قومۇشلۇققا ئايلىنىپ قالدى. 1978 - يىلى ئاياغ
دارىسكال كەنتىدىن 63 نوپۇسلۇق، 20 ئائىلىلىك دېھقان
بۇ جايغا كۆچۈپ ئولتۇراقلاشتى، ئاقدۆۋە ھازىر بىر مە-
مۇرىي مەھەللە بولۇپ قالدى.

## سارىك ئايمىقى

ئېلىپشاكام ئىسىملىك كىشى «كۆنجۈرە
بىلەن ئەي قىلسا شال ئوخشايدىكەن، ياغ قويسام
شال تېخىمۇ ئوخشىماسمۇ» دېگەن خىيال بىلەن بىرمو شال-
لىق يېرىگە بىر نەچچە قاپاق ياغ چېچىپتۇ. شالىلىقنىڭ
سۈيى يار كېتىپ ئېرىقتا ياغ لەيلەپ ئېقىپتۇ. كىشىلەر
ياغنى قاچىلارغا سۈزۈۋېلىپ«بۇ ياغنى كىم تۆكۈۋەتكەندۇ؟»
دەپ سۈرۈشتۈرۈپتۇ. ئۇلار ئېلىپشاكامنىڭ شالىلىقىنى مول
ھوسۇل ئالىمەن دەپ ئېتىزلىققا ياغ چاچقانلىقىدىن خە-


1:150000
1:70000

شىپ كېتىدۇ» دەپ شورلۇق دەپ ئاتاشنى رەت قىلغانلى تىن باشدار اسكال دەپ ئاتالدى.

بۇ كەنتتە 1996 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا يەتتە مەھەل 441 ئائىلە، 1667 نوپۇس، 2653 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## ئىشقىلار

بۇ كەنتتە ئولتۇرۇشلۇق 74 ياشلىق خۇدۇمبەر ئاخۇننىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە، خوتەن خەلقى بۇددا دىن دىن ۋاز كېچىپ ئەمدىلا ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىش باشلىغان يىللاردا ئىسلام ئەللىرىدىن كەلگەن يولۇچىل (يەرلىك خەلق «ئۇلۇغلىرىمىز» دەپ ئاتىغان كىشىلە بىپايان سازلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بۇ دۆڭ مەھەللىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ سۇ ئىچىپ سەگىۋالماقچى بوپتۇ. بۇلار دىن يېشى چوڭراق بىرسى بىر ئۆينىڭ ئالدىغا كەل ئىشىك قۇلۇپلاغلىق تۇرۇپتۇ. يەنە بىر ئۆيگە كىرىپ قا رىسا بۇ ئۆيدىمۇ ئادەم يوق، بىرنەچچە ئۆينىڭ ئالدىغ بارسا ئەھۋال بايىقىغا ئوخشاشلا، بۇ كىشى چەتتىكى بى ئۆيگە كىرسە بىر كېسەلچان بوۋاي يالغۇز يېتىپتۇ. يولۇچى:

— بۇ مەھەللىدىكىلەر نەگە كەتتى؟ — دەپ سوراپتۇ. بوۋاي:

— ھەممىيلەن ئېتىزلىققا ئىش قىلغىلى كەتتى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. يولۇچى ھەمراھلىرىغا:

— باشقا يۇرتلاردىن ئۆتكەن ۋاقتىمىزدا ھەممىيلەر قىلىۋاتقان ئىشلىرىنى توختىتىپ بىزنى ئورۇۋېلىشقانتى بۇ يەرنىڭ ئادەملىرى بىز بىلەن چاتىقى يوق، ئۆز ئىش لىرى بىلەن بوپتۇ. ئەجەپ ئىش قىلار ئادەملەركەن بۇ، دەپتۇ. «ئىشقىلار» دېگەن ئاتالغۇ شۇنىڭدىن كېلىپچىقىپ دەۋرلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن «ئىششىقلا»غا ئۆزگىرىپ قاپتۇ

بۇ كەنتتە 1996 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا بەش مەھەللە 395 ئائىلە، 1477 نوپۇس، 2131 مو تېرىلغۇ يەر بار.

گۈلباغ، قۇمباغدىن ئىبارەت ئالتە يېزىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. 1956 - يىلى 1- رايوندىن ئىشقىلار، 11 - رايوندىن ئۈزۈنتېرىق 2- رايونغا تەۋە قىلىپ سەككىز يېزىغا كۆپەيدى. 1958 - يىلى «سەكرەش» گۇڭشېسى، 1978 - يىلى «ئاقساراي گۇڭشېسى»، 1984- يىلىدىن ئېتىبارەن «ئاقساراي يېزىسى» دەپ ئاتالدى.

بەھرامسۇيى، ماكۇي، كۇيا، زاۋا ئۆستەڭلىرىنىڭ بۇ يېزا دائىرىسىدىن كېسىپ ئۆتكەنلىكى بۇ يېزىنىڭ ئېتىز - ئېرىقلارنى پىلانلاش، رەتلەش ئىشلىرىغا بەلگىلىك ئوڭۇشسىزلىقلارنى كەلتۈرگەن بولسىمۇ، ئەمگەكچان ئاقساراي خەلقى ئېتىزلىقلارنى سالالاشتۇرۇش، سۇغىرىشنى يۈرۈشلەشتۈرۈش بىلەن يىلمۇ يىل شۇغۇللىنىپ، سۇ مەنبەسى مول بولغان پايدىلىق ئىمكانىيەتنى ياراتتى.

1996- يىلىنىڭ ئاخىرىدا بۇ يېزىدا 100 مەمۇرىي مەھەللە، 23 مەمۇرى كەنت، 5015 ئائىلە، 21 مىڭ 76 نوپۇس، 24 مىڭ 770 مو تېرىلغۇ يەر بار. پۈتۈن يىللىق ئاشلىق مەھسۇلاتى 8 مىليون 25 مىڭ 528 كىلوگرامغا يېتىپ، بۇلتۇرقىدىن 3.4% ئاشتى، پاختا (چىگىتسىز) 308 مىڭ 668 كىلوگرامغا تۆۋەنلەپ بۇلتۇرقىدىن 125 مىڭ 445 كىلوگرام كېمەيدى، پىلە 24 مىڭ 825 كىلوگرامغا مۇقىملاندى. چارۋا 39 مىڭ 596 تۇياققا يېتىپ بۇلتۇرقىدىن 6.2% ئاشتى. كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن يىللىق ئوتتۇرچە كىرىم 460 يۈەنگە تۆۋەنلەپ ئالدىنقى يىلدىكىدىن 55 يۈەن ئازايدى.

ياڭاق — بۇ يېزىنىڭ ئەنئەنىۋى ئەۋزەللىكى بولۇپ، ياڭاقنىڭ تۈپ سانى 57 مىڭ 70 تۈپكە، يىللىق مەھسۇلاتى 80 مىڭ 500 كىلوگرامغا يەتتى.

# ئاقساراي يېزىسى

مۇھەممەتئىمىن قۇربان

بۇ يېزىنىڭ زېمىنى ئۈچ بۇرجەك شەكىلدە جەنۇبتىن-شىمالغا تارايغان بولۇپ، غەربتىن - شەرققە كەڭلىكى بەش كىلومېتر، جەنۇبتىن - شىمالغا ئۇزۇنلۇقى 12 كىلومېتىر، ئومۇمىي دائىرىسى 60 كۋادرات كىلومېتر كېلىدۇ. شىمالدا ماڭلاي، كۇيا، غەربتە زاۋا، غەربىي جەنۇبتا سايباغ، شەرقتە جاھانباغ يېزىلىرى بىلەن ۋە قاراقاش دەرياسى بىلەن تۇتىشىپ تۇرىدۇ.

يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى ئۆرگىنى ئارىباغ كەنتىگە جايلاشقان بولسىمۇ، نەچچە يۈز يىللاردىن بۇيان يىراق-يېقىنلارغا تونۇلغان مەشھۇر يۇرت — ئاقسارايىنىڭ نامى بۇ يېزىنىڭ ئىسمى قىلىپ مۇقىمدالدى. (ئاقساراي كەنتىنىڭ 1984 - يىلدىن كېيىن جاھانباغ يېزىسىغا تەۋە بولۇپ كەتكەنلىكىنى كىتابخانلىرىمىز ئۇنتۇپ قالمىغاندۇ.)

بۇ يېزىنىڭ دائىرىسى 1920-يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە بەھرامسۇيى مىڭلىكىگە تەۋە بولۇپ، 1936 - يىلدىن كېيىن كۆپ قىسمى 1 - رايونغا، ئاز بىر قىسمى 6 - رايونغا تەۋە بولدى. 1944 - يىلدىن كېيىن ئاساسىي قىسمى «پەزىلەت» يېزىسىغا، كىچىك بىر قىسمى «مولچىلىق» يېزىسىغا تەۋە بولدى. 1948 - يىلى بىرلىككە كېلىپ «پەزىلەت» يېزىسى بولدى. 1950 - يىلدىن كېيىن 2 - رايون بولۇپ، ئاقساراي، چوناقلا، ئېلىشبېشى،

يىللىرىدىن ئېتىبارەن توقا لەقەملىك نىياز ئاخۇن مىراپ ئىگىدارلىق قىلغانلىقتىن هازىرغىچە توقا جاڭگىلى دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە.

نىياز ئاخۇن بۇ جاڭگالدا ئون نەچچە يىل تېرىقچىلىق قىلغاندىن كېيىن پاتاڭ لەقەملىك زۇمرەتشاھ، قادىر ئاخۇن، تارى ئاخۇن دېگەن ئۈچ بىر تۇغقانغا سېتىپتۇ. هازىر بۇ ئارالدا 29 ئائىلە بار بولۇپ، 23 ئائىلە پاتاڭ لەقەملىكلەردۇر.

بۇ مەھەللىدە 132 نوپۇس، 1407مو تېرىلغۇ يەر بار.

(ئېلىشبېشى كەنتىدە ئولتۇرۇشلۇق 77 ياشلىق تۇرسۇن ئاخۇن، 80 ياشلىق روزى مۇھەممەت ئاخۇن، 70 ياشلىق مېھمان ئاخۇنلار سۆزلەپ بەردى).

## ئېلىشبېشى



تۇرسۇن ئاخۇن، مېھمان ئاخۇن، روزىمۇھەممەت ئاخۇن قاتارلىق پېشقەدەملەرنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە، بۇ جاي ئىلگىرى ئازغان بوغاز دەپ ئاتىلاتتى. بۇ ئاتالغۇ يۇرتلىرىدىن ئازغان، سەپەردە ئازغان مۇساپىر ۋە يېتىملارنىڭ بۇ جايدا ئولتۇراقلىشىپ قالغانلىقىدىن كېلىپ چىققانىكەن. تۇرسۇن ئاخۇننىڭ ئانىسىنىڭ بوۋىسى كېپەكباي ئەسلىدە قەشقەرلىك بولۇپ، بۇ جايدا ماكانلىشىپ قالغانىكەن. 1700 - يىللىرى

## ئاقساراي يېزىسىدىكى كەنت نامىلىرى

### ⊙ ئاقساراي يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى ئورگىنى

1. ئېلىشبېشى
2. باشئارىغول
3. ئارامازار
4. ئاياغ ئارىغول
5. ئۆجمىلىك
6. چوناقلا
7. تاقايلا
8. باشباغئېرىق
9. ئاياغباغئېرىق
10. چىنارباغ
11. گۈلباغ
12. ھالئېرىق
13. ئارىباغ
14. كېتىكلا
15. باش ئىشتاچى
16. ئاياغ ئىشتاچى
17. ئاياغ قۇمباغ
18. ئۈزۈنئېرىق
19. يىكچى
20. خۇمدان
21. باشقۇمباغ
22. باشجىلغا
23. ئاياغ جىلغا

### چېگرىداش يېزىلاردىن خەرىتىگە چۈشكەن كەنتلەر

سايباغ يېزىسىدىن: 24. تامىلىق، 25. دۆۋە سايباغ، 26. خەلپەسايباغ 27. ئىمام ئەپتەر

جاھانباغ يېزىسىدىن: 28. دۆڭباغ، 29. ئۈزۈنئېرىق، 30. قاياش.

زاۋا يېزىسىدىن: 31. لەڭگەر.

خوتەن ناھىيىسىنىڭ لايقا يېزىسىدىن: 32. تاللىق – ئېرىق

### توقا جاڭگىلى

قاراقاش دەرياسى ئېقىنى ئىچىدىكى بۇ ئارال زېمىن ئەزەلدىن يۇلغۇنلۇق جاڭگال بولۇپ، تەخمىنەن 1850 –

ئىككى ئۆستەڭگە تۇپلىشىپ سۇ بويىدا يېتىشۋالغانلىقتىن ئاغرىق - سىلاقتىن ئامان قالغانلىقىنى بىلىپتۇ ۋە «ئارىغوللۇقلارنى خۇدا يىم ساقلاپتۇ» دەپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ جاي ئارىغول دەپ ئاتىلىپ كېلىۋاتىدۇ.

1960 - يىلدىن كېيىن بۇ كەنت باشقۇرۇشقا قولايلىق بولۇش ئۈچۈن باشئارىغول ۋە ئاياغ ئارىغولدىن ئىبارەت ئىككى مەمۇرىي كەنتكە بۆلۈۋېتىلدى.

1996-يىلىنىڭ ئاخىرىدا باشئارىغول كەنتىدە ئۈچ مەھەللە، 138 ئائىلە، 534 نوپۇس، 851 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## ئارا مازار

بۇددا قوشۇنلىرى بىلەن بولغان جەڭدە ئارىدا (قورشاۋدا) قالغان ئىسلام ئەسكەرلىرىنىڭ ئۆلگەنلىرى كۆمۈلگەن قەبرىستانلىق ئارا مازار دەپ ئاتىلىپتۇ. بۇ نام كېيىنچە مازار ئەتراپىدىكى كەنتنىڭ ئىسمى بولۇپ قاپتۇ.

1996 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا بۇ كەنتتە تۆت مەھەللە، 200 ئائىلە، 811 نوپۇس، 1310 مو تېرىلغۇ يەر، 2172 تۇياق چارۋا بار.

## ئۈجمىلىك

89 ياشلىق روزى ئاخۇننىڭ ئېيتىپ بېرىشىدىن مەلۇم بولدىكى، بۇ جايلارنى ئەسلىدە ھارۇنخان، قۇناخۇن، مۇھەممەتاخۇن ئىسىملىك بىر تۇغقانلار ئىگىلىگەنىكەن. ئۇلار يول بويلىرىغا، ئېرىق ياقىلىرىغا ناھايىتى كۆپ ئاق ئۈجمىلەرنى تىكىپتۇ. يىراق - يېقىندىكى كىشىلەر بۇ جايغا كېلىپ ئۈجمە يېگەنلىكتىن بۇ جاي ئۈجمىلىك دەپ ئاتىلىپتۇ. 40 — 50 يىلىنىڭ ئالدىدا تومۇقى

بۇ جايدا ئاران يەتتە ئائىلىلىك كىشى ياشىغانىكەن.
قاراقاش دەرياسىغا چوڭ ياغاچ ئازما سېلىنىپ دە-
يا سۈيى توققۇز ئۆستەڭگە تەڭشىلىدىغان بولغاندىن كې-
يىن، بۇ جاينىڭ نامى بارا ـ بارا ئېلىشبېشى دەپ ئاتى-
لىدىغان بولدى. «ئېلىشبېشى» دېگەن بۇ ئاتالغۇ — ئۆز-
لىرىنىڭ ئۆستەڭگە تەقسىم بولغان سۈنى ئالىدىغان جاي-
ئۆستەڭنىڭ بېشى دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرىدۇ.
1996 ـ يىلى ئاخىرىدىكى مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا
بۇ كەنتتە ئۈچ مەھەللە، 236 ئائىلە، 822 نوپۇس، 1145 م-
تېرىلغۇ يەر بار.

## ئارىغول

76 ياشلىق ئابلىز ئاخۇن قاتارلىق پېشقەدەملەرنىڭ
بايان قىلىشىغا ئاساسلانغاندا، تەخمىنەن 250 يىل ئىل-
گىرى گۈلباغلىق ھارۇنخان غوجا بۇ جايدىن ئۇزۇن ئېرىق-
لىق مەڭلىك ئاخۇنغا 125 يامبۇلۇق يەر سېتىپ بەرگەن-
دىن كېيىن بۇ جايدا تېرىقچىلىق باشلىنىپتۇ. شۇ چاغلار-
دىن باشلاپ بۇ كەنتنىڭ باش تەرىپى ئايماق كەنتكە يې-
قىن بولغانلىقتىن باشئاقساراي، ئاياغ تەرىپى تاقا يىل-
كەنتىدىكى چوڭ مازارلىققا يېقىن بولغانلىقتىن مازار بې-
شى دەپ ئاتىلىپتۇ. تەخمىنەن 100 يىل ئىلگىرى ۋابا (ئاغ-
رىق ـ سىلاق) تارقىلىپ ئەتراپتىكى يۇرتلاردا كىشىلەر
تۈركۈملەپ ئۆلۈپ كەتسىمۇ، بۇ جايدا ئۆلۈم ـ مۇسىبەت
ئېغىر بولماپتۇ. بۇ ئىش ئەتراپقا ئاڭلانغاندىن كېيىن
يۇرۇڭقاشلىق كىشىلەر كېلىپ سۈرۈشتۈرۈپ، بۇ جاي ئىك-
كى ئۆستەڭنىڭ ئارىسىدا بولغانلىقىنى، ئەتراپتا ئاغ-
رىق ـ سىلاق تارقىغاندا بۇ مەھەللىدىكى كىشىلەرنىڭ

كېلىشىۋاتقانلىقى توغرىسىدا خەۋەر كەپتۇ. قوماندان:

— قوراللىرىمىزنى تەقلەپ ئۈلگۈرەلمەيمىز. دەرھال تارقايلى!- دەپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ جاي «تارقايلى» دەپ ئاتىلىپ، كېيىنچە «تارقايلا» غا ئۆزگىرىپ قاپتۇ.

يەنە بىر ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، تەخمىنەن 170 يىل ئىلگىرى ئېگىزئېرىق كەنتىدىكى غوجىلار باش ئەجدادى مەۋلانە خەلپىنىڭ قەبرىسى يېنىدىكى خانىقانى يېڭىلاپ سېلىش، خانىقاغا تاقا ياساش ئۈچۈن يەكەندىن ئىسمايىل ئاخۇن قاتارلىق بىر نەچچە ئۇستىنى تەكلىپ قىلىپ كەلتۈرۈپتۇ. ئىسمايىل ئاخۇن «قېنى لاي، قېنى خىش» دەپ توختىماي ۋارقىراپ، ئىشلەۋاتقانلارغا ئارام بەرمەيدىكەن. ئۇ نىياز ئاخۇن ئىسىملىك كىشىنى «خىشنى ئۈلگۈرتەلمىدىڭ» دەپ سۇنۇق خىش بىلەن ئۇنىڭ بېشىغا ئۇرغانىكەن. تاقا ھەم ئېگىز ھەم ھەشەمەتلىك ياسالغانلىقتىن خوتەن، چىرا، كېرىيىلىك كىشىلەر كېلىپ كۆرۈشكەنىكەن. تاقايلا — «تاقا ئالدى» دېگەن ئاتالغۇنىڭ ئۆزگەرگەن تەلەپپۇزى ئىكەن.

1995 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا بۇ كەنتتە يەتتە مەھەللە، 264 ئائىلە، 958 نوپۇس، 1553 مو تېرىلغۇ يەر، 1733 تۇياق چارۋا بار.

## باش باغئېرىق

گۈلباغ دېگەن يۇرتقا ئاقىدىغان ئېرىقنىڭ بويىدىكى بىر نەچچە مەھەللە نەچچە يۈز يىللاردىن بۇيان باغئېرىق دەپ ئاتىلىپ كېلىۋاتقانىدى. 1987 - يىلدىن باشلاپ باش باغئېرىق دەپ ئاتىلىدىغان بولدى.

1996 - يىل ئاخىرىدا بۇ كەنتتە بەش مەھەللە،

قۇچاققا پاتمايدىغان، شاخلىرى يىراقلارغا كۆرۈنىدىغان ناق ئۈجمە دەرەخلىرىنى ھەممە تەرەپتە كۆرگىلى بولىدىكەن. ئېتىزلىقلارنى سالالاشتۇرۇش، يول، ئېرىق - ئۆستەڭلەرنى رەتلەش داۋامىدا قېرى ئۈجمە دەرەخلىرىدىن بىرسىمۇ قالمىدى.

ھازىر بۇ كەنتتە ئۈچ مەھەللە، 137 ئائىلە، 475 نوپۇس، 743 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## چۇناقلا

ئىسلام ئەسكەرلىرىنىڭ سانىنى، ناماز ئوقۇيدىغان ئۇخلايدىغان يېرىنى بۇددا قوشۇنلىرىغا مەلۇم قىلغان بىر كىشىنى ئىسلام ئەسكەرلىرى تۇتىۋېلىپ ئۇنىڭ قۇلىقىنى كېسىۋېتىپتۇ. يۇرتداشلىرى ئۇنى چۇناق، بالا - چاقىلىرىنى چۇناقلا دەپ ئاتاپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ ئاتالغۇ كەنتنىڭ نامى بولۇپ كەلمەكتە.

بۇ كەنت جاھانباغ يېزىسىدىكى چۇناقلا كەنتى بىلەن ماكۇي ئۆستەڭ ئارقىلىق ئايرىلىپ تۇرىدۇ.

1996 - يىلى ئاخىرىدا بۇ كەنتتە ئۈچ مەھەللە، 153 ئائىلە، 578 نوپۇس، 872 مو تېرىلغۇ يەر، 1155 تۇياق چارۋا بار.

## تاقايلا

ئىسلام دىنى ھۆكۈمرانلىق ئورنىغا چىقىشقا يۈزلەنگەن يىللاردا ئىسلام دىنى قوشۇنلىرى بىلەن يەرلىك پىدائىيلار قالدۇق بۇددا دىنى قوشۇنلىرىغا زەربە بېرىش مەجلىسى ئۈچۈن بۇ جايغا يىغىلىپتۇ. دەل شۇ پەيتتە بۇددا قوشۇنلىرىنىڭ شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلىپ يېقىنلاپ

## مۇغا لەقەملىكلەر

بۇ جايلار ئەسلىدە چىغلىق ۋە يانتاقلىق ئوتلاق ئىكەن، قەيەرگە قارىسا مۇغا ۋە مۇغا ئۇۋۋىلىرى ئۇچرايدىكەن. بۇ جايغا دەسلەپتە ئولتۇراقلاشقان ئائىلىلەرگە مۇغا دەپ سىڭىپ قالغاندىن باشلاپ هازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

## كاساڭ لەقەملىكلەر

تەخمىنەن 180 يىل ئىلگىرى توختەممەت هاجىم دېگەن كىشى تەڭنە - كاساڭ ياساپ سېتىش بىلەن تىجارەت قىلغانلىقتىن، بۇ كىشىگە كاساڭ دېگەن لەقەم سىڭىپ قاپتۇ. بۇ لەقەم ئۇنىڭ نەۋرە - چەۋرىلىرىگىچە داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

ساقاللىق ئايال هەۋزىخان ئۇنىڭ 4 - ئەۋلادىدۇر.

## هەۋزىخان توغرىسىدا

هەۋزىخان 16 يېشىدا هازىرقى ئېرى ئەخمەد ئاخۇنغا ياتلىق بولۇپ، ئۈچ يىلدىن كېيىن ئۇشتۇمتۇت ساقال چىقىشقا باشلاپ بىر يىلدا 8 — 10 سم ئۆسۈپ ئاندىن توختاپتۇ. هەۋزىخانغا ساقال چىقىپ قالغانلىقى ئەر - خوتۇنلۇق مۇهەببىتىنى سۇسلاشتۇرالماپتۇ. ساقالنىڭ تېخىمۇ قويۇق ۋە ئۇزۇن ئۆسۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن بىر قېتىممۇ ساتىراشقا بېرىپ باقماپتۇ. ئۇ بازارغا بارسا ئۇنىڭغا هەيرانلىق بىلەن قارايدىغانلار كۆپ بولسىمۇ، ئۆز مەهەللىسىدە هېچكىم ئەجەبلىنەرلىك هېس قىلمايدۇ. ئۇ بۇ يىل 75 ياشقا كىردى. تالالىق بولغان بىر قىزى، ئۆيلەنگەن بىر ئوغلى بار.

289 ئائىلە، 1130 نوپۇس، 2652 مو تېرىلغۇ يەر، 1708 تۇ-ياق چارۋا بار.

## ئاياغ باغئېرىق

1996 - يىل 2 - ئاينىڭ 15 - كۈنى بۇ كەنتتىكى 85 ياشلىق ئەخمەت ئاخۇن، 70 ياشلىق قاسىمخان قا-تارلىق پېشقەدەملەرنىڭ سۆزلەپ بېرىشىدىن مەلۇم بول-دىكى، ئەسلىدە بۇ جاي كەتمە ئايىمىقى دېيىلەتتى. تەخ-مىنەن 700 يىل ئىلگىرى بۇ جاي ئوتلاق ئىكەن. باشقا - باشقا يۇرتلاردىن كەلگەن بىر نەچچە ئائىلىلىك مۇساپىر (تىلەمچى) لەر بۇ جايدا ئولتۇراقلىشىپ مەھەللە بىنا قىپتۇ. بىر نەچچە يىلدىن كېيىن بۇلارنىڭ بەزىلىرى ئەس-لىدىكى يۇرتىنى سېغىنىپ قايتىپ كەتمەكچى بوپتۇ. بىر مويسىپىت كىشى:

— كەتمە، ئۆز ئارا ئوبدان چىقىشىپ، تۇغقانلار-دەك بولۇپ قالدۇق. كەتمە،- دەپتۇ. كەتمەكچى بولغانلار-نىڭ ئاقساقىلى:

— ئەمىسە سەنمۇ كەتمە، بىزمۇ كەتمەيلى، بۇ جايدا يىلتىزلاپ قالايلى،-دەپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ مە-ھەللە كەتمە دەپ ئاتىلىپتۇ.

1987 - يىلى كەتمە، مۇغا، كاساك ئايماقلىرى بىر-لەشتۈرۈلۈپ بىر مەمۇرىي كەنت تەسىس قىلىندى. بۇجاي باغئېرىق كەنتىنىڭ ئاياغ تەرىپىدە بولغانلىقى نەزەردە تۇتۇلۇپ ئاياغباغئېرىق كەنتى دەپ ئاتالدى.

1995 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا بۇ كەنتتە تۆت مەھەللە، 211 ئائىلە، 881 نوپۇس، 1051 مو تېرىلغۇ يەر، 1037 تۇ-ياق چارۋا بار.

رۇپتۇ. ئەسھابىلار ھەر ئامال قىلىپمۇ سېپىلىنى ياكى شەھەر دەرۋازىسىنى بۇزالماپتۇ. ھەممەيلەن قانداق قىلىش توغرىسىدا باش قاتۇرۇپ تۇرغاندا ئىلى رەزىيەللا ئەنھۇ①:

— دەرۋازىنى مەن ئاچىمەن، — دەپتۇ. لەشكەرلەردىن بىرسى يېنىدىكى چوڭ بىر توپ چىنارنى كۆرسىتىپ:

— دەرۋازىنى ئاچقىدەك كۈچىڭىز بولسا بۇ بىر توپ چىنارنى يۇلۇپ بېقىڭ، بولمىسا گېپىڭىزگە ئىشەنمەيمىز، — دەپتۇ. ئىلى چىنارنى بىر تارتقانىكەن، چىنار ئىككى پارچە بولۇپ يۇلۇنۇپ چىقىپتۇ. ئۇ بۇ ئىككى پۇتاق چىنارنى باش ئۈستىدە ئايلاندۇرۇپ ئاسمانغا ئاتقانىكەن، بىر پۇتىقى ئەختام② كەنتىگە چۈشۈپ يىلتىزى ئۈستىدە، شاخلىرى ئاستىدا تەتۈر ياشىرىپ قاپتۇ. (بۇ چىنار 1960 - يىلى ئاتىزىم تەشۋىقاتى قانات يايدۇرۇلغاندا قومۇرۇپ تاشلاندى) يەنە بىر پۇتىقى بۇ جايغا چۈشۈپ ياشىرىپ قاپتۇ. ئەسھابىلار بىر كۈن ئۇرۇش قىلىپ بىر شەھەرنى، ئالتە كۈن ئۇرۇش قىلىپ پۈتۈن خەيبەر شەھىرىنى ئىگىلەش جەريانىدا چىنارغا ھەر كۈنى بىر پۇتاق ياشىرىپ چىقىپتۇ. كىمدە - كىم بۇ چىنارنىڭ ئەتراپىنى ئالتە قېتىم ئايلىنىپ ئىلىنىڭ روھىغا ئاتاپ دۇئا قىلسا بۇ كىشىنىڭ بېشىغا كېلىدىغان ئاپەتلەردىن ئالتە قېتىملىقى كەچۈرۈم بولارمىش.

(قاراقاش ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشتىن ئابدۇقادىر ئاخۇن سۆزلەپ بەرگەن.)

## گۈلباغ

بىر جاينى مۇقىم ماكان تۇتمىغان، يۆك - تاقلىرى

① رەزىيەللا ئەنھۇ — خۇدا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن. ② ئەختام — قاراقاش بازىرى تەۋەلىكىدىكى بىر كەنت.

هازىر بۇ كەنتتە تۆت مەھەللە، 211 ئائىلە، 892 نو-پۇس، 971.2 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## چىنارباغ

بۇ كەنتنىڭ دائىرىسى 1987 - يىلى گۈلباغ كەنتىدىن بۆلۈپ چىقىرىلىپ چىنارباغ دەپ ئاتالدى.

1996 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا بۇ كەنتتە ئۈچ مەھەللە، 151 ئائىلە، 640 نوپۇس، 749 مو تېرىلغۇ يەر، 967 تۇياق چارۋا بار.

بۇ كەنتنىڭ تەۋەلىكىدە بىر تۈپ قېرى چىنار بار. بۇ چىنارنىڭ ئېگىزلىكى 34.6 مېتىر، توملۇقى يەتتە ئا-دەمنىڭ غۇلىچىغا باراۋەر كېلىدۇ. شاخلىرى جەنۇبتىن-شىمالغا 30 مېتىر، غەربتىن - شەرققە 28 مېتىر يېيىلغان بو-لۇپ، 1.5 مو يەرنى ئىگىلەپ تۇرىدۇ. چىنارنىڭ غولى 3.5 مېتىر ئېگىزلىكتە ئالتە چوڭ پۇتاققا ئايرىلغان بو-لۇپ، پۇتاقلارنىڭ ئوتتۇرىچە توملۇقى (ئايلانمىسى) 3.5مېتىر كېلىدۇ. بۇ چىنار توغرىسىدا كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا بۇن-داق بىر رىۋايەت ساقلىنىپ كەلمەكتە.

مۇھەممەت پەيغەمبەر ئۆزىنىڭ ئەسھابىي لەشكەر-لىرىگە:

— خەيبەر شەھىرىدىكى بۇتپەرەست خەلقنى ئىمانغا دەۋەت قىلىڭلار. رازىلىق بىلەن ئىمان ئېيتسا قىلىچە زى-يان - رەخمەت يەتكۈزمەڭلار. قارشىلىق كۆرسەتسە بەيـ-ئەت (تەسلىم) بولغىچە ئۇرۇش قىلىڭلار، - دەپ بۇيرۇپتۇ. لەشكەرلەر مەككىدىن يولغا چىقىپ خەيبەر شەھىرىنىڭ چېگرىسىغا كېلىپ، بۇتپەرەستلەرنىڭ شەھەر دەرۋازىسىنى مەھكەم تاقاپ پۇختا مۇداپىئەدە تۇرىۋاتقانلىقىنى كۆ-

دىنقى رەتتىكى كىشىنىڭ پەللىكىگە ئۇسسۇپ سالغانلىقتىن ئۇنىڭ ئالدىدا بىر كىشىلىك ئورۇن بوش تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئېغىرلىقى 440 جىڭ، مۈرىسىنىڭ كەڭلىكى 90 س م بولغاچقا، ۋېلسىپىتى تېز كېرەكتىن چىقىدۇ. ئۇ ئولتۇرغان ھارۋىنىڭ چاقى دەرھال ئېزىلىدۇ. ئاپتوبۇسقا چىقىپ قالسا، شوپۇر:

— سىز ئىككى كىشىدىنمۇ ئېغىر. شۇڭا ئىككى كىشىلىك كىرا تۆلەڭ دېسە، ئانايەت:

— مەن يەنىلا بىر نوپۇس، بىر كىشىلىك كىرا تۆلەيمەن، — دەپ، بىر نەچچە قېتىم چىقتى. ئۇنىڭ بېشىنىڭ چوڭلۇقى يەرلىك كالىنىڭ بېشىغا باراۋەر كېلىدۇ. ئۇنىڭ بەتىنكىسىنىڭ چوڭلۇقى 65 - نومۇرغا توغرا كېلىدۇ. (ئادەتتە ئەڭ چوڭ بەتىنكە 44 - نومۇرلۇقتىن ئاشمايدۇ.)

ئانايەت 20 يېشىدا ناھىيىلىك تەنتەربىيە كومىتېتىنىڭ چېلىش كوماندىسىغا قاتنىشىپ ئۈرۈمچىگە بارغاندا ئوخشاش ئېغىرلىقتىكى رەقىبلىرىدىن بىرنىمۇ يىقىتالمىدى. چېلىش كوماندىسىدىكىلەر ئالتايغا ئېكىسكۇرسىيىگە بارغاندا ئانايەتنى كۆرىدىغانلار جىق بولۇپ كەتكەنلىكتىن، كوماندا مەسئۇللىرى ئۇنى مەخسۇس ئۆيدە ھەقلىق كۆرگەزمە قىلىپ 360 يۈەنگە بىلەت ساتتى.
1996- يىلى 2 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئاكىسى ھېمىت ئاخۇننىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، ئانايەت تۇغۇلغاندىلا باشقا بوۋاقلاردىن چوڭ بەدەنلىك ئىكەن. ئانىسى تۇغۇتتا زەخمىلىنىپ ئاغرىپ قالغانلىقتىن ئەمچىكىدىن سۈت چىقماي ئانايەتنى بىر يېرىم ياشقىچە كالا سۈتى بىلەن بېقىپتۇ. ئانايەت ھازىر بىر كۈندە بەش-ئالتە قېتىم تاماق يەيدىكەن. قورسىقى ئېچىپ قالسا بىر دەممۇ تەخىر قىلالمايدىكەن.

يوق، نەدە كەچ بولسا شۇ يەردە قونغان، قەيەردە قور
قى ئاچسا شۇ يەرلىك خەلقتىن ئاش ـ تاماق تىلەپ
گەن، جەندە ـ كۇلا كىيىشكەن يەتتە ئاشىقنىڭ ياشتاچ
راقىۋە كېيى ئۆتكۈررەكى مەۋلانە خەلپە ئىكەن. بۇلار نە
بارسا يەرلىك خەلقنىڭ «سەييىد ئەۋلادى»، «يەتتە غوجا
بۇزرۇكۋارىمىز»، «ئۇلۇغلىرىمىز» دەپ ھۆرمەتلەپ قار
ئېلىشىغا سازاۋەر بوپتۇ. بۇ يەتتە دەرۋىش بۇ جايغا كە
گەندە چوڭ ـ كىچىك ھەممەيلەن ئالدىغا چىقىپ قارش
ئاپتۇ. جامائەت ئىچىدىن ياش بىر يىگىت مەۋلانە خەل
پىگە بىر تال گۈلنى سۇنۇپتۇ. مەۋلانە خەلپە گۈلنى خ
شاللىق بىلەن قولىغا ئېلىپ:
— يۇرتۇڭلار گۈلباغ بولۇپ كەتكەي، ـ دەپ دۇئا قى
تۇ. شۇ چاغلاردىن باشلاپ بۇ يەر گۈلباغ دەپ ئاتىلى
كەلمەكتە.

1996 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا بۇ كەنتتە ئۈچ مەھەللە
188 ئائىلە، 687 نوپۇس، 1028 مو تېرىلغۇ يەر، 1263 تۇ
ياق چارۋا بار.

بۇ يەردىكى كىشىلەر ئەزەلدىن ئۆرۈك يېتىشتۈرۈشك
خۇشتار بولۇپ، ھەممە ئۆيلەرنىڭ ئالدى ـ كەينى ئۆرۈ
دەرەخلىرى بىلەن قاپلىنىپ تۇرىدۇ. ئەتىيازدا جىمى تە
رەپ ئاپئاق ئۆرۈك چېچەكلىرىگە پۈركەنسە، يازدا يېشىل
يوپۇرماقلار ئارىسىدىكى ئالتۇنرەڭ غۇژمەك ـ غۇژمەك ئۆ
رۈكلەر كۆزلەرنى قاماشتۇرىدۇ.

بۇ كەنتتە بۇ يىل 29 ياشقا كىرگەن ئانايەت ئى
سىملىك بىر يىگىت بار. ئۇنىڭ ئېگىزلىكى بىر مېتىر
98 س.م بولۇپ، بازاردىكى ئادەملەر دېڭىزىدا خۇددى
پاراخوتنىڭ ماچتىسىدەك ئېگىز كۆرۈنىدۇ. بويى ئۇزۇن
بولغاچقا مەسچىتتە ناماز ئوقۇپ، سەجدە قىلغاندا ئال

غان بولۇپ، ئاتا مىراس لەقىمى «چۇراڭ» ئىكەن. ئۇنىڭ
تاختا گۈگۈت قىيىش ھۈنىرى بولغاچقا كىشىلەر ئۇنى
«راخمان گۈگۈت» دەپ ئاتىشىدىكەن.

1917 ـ يىلى خوتەننىڭ ئامبىلى چىڭ دارىن قارا-
قاشنىڭ ھەممە يېرىدىن لەمپىدە بوز يەر ئېچىشقا قوزغى-
غان نەچچە مىڭ دېھقاننىڭ ئىچىدە قاسىمخاننىڭ دادىسى
ئىسمايىل ئاخۇن بىلەن راخمان گۈگۈتمۇ بار ئىكەن. چىڭ
دارىن كەپىدە سايىداپ ئولتۇرۇپ قول ئاستىدىكى ئەمەل-
دارلار ئارقىلىق دېھقانلارنى ئىشقا سالىدىكەن. ئەمگەك-
نىڭ ئېغىرلىقى، ھاۋانىڭ ئىسسىقلىقى، ئاش ـ ئوزۇق-
نىڭ يېتىشمەسلىكى ئۈستىگە ئەمەلدارلارنىڭ ئۇرۇپ ـ
قىيناشلىرى، خوتۇن ـ قىزلارنى دەپسەندە قىلىشلىرى دېھ-
قانلارنىڭ كۈچلۈك نارازىلىقىنى قوزغاپتۇ. غەزىپىنى با-
سالمىغان راخمان گۈگۈت ئەمەلدارلارغا تونۇلۇپ قالماس-
لىقى ئۈچۈن پوتا بىلەن يۈزىنى يۆگەپ، گۈگۈت قىيىدى-
غان ئۇرغاق شەكىللىك تۆمۈر سايمىنىنى كۆتۈرۈپ:

— چىڭ دارىننى ئۆلتۈرىمەن، ـ دەپ ۋارقىراپ مېڭىپ-
تۇ. دېھقانلاردىن نەچچە يۈز كىشى ئۇنىڭغا ئەگىشىپ مې-
ڭىپتۇ. چىڭ دارىن بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئېتىغا ئىگەر تو-
قۇشقىمۇ ئۈلگۈرمەي مىنىپ قېچىپتۇ. قاراقاش دەرياسىدا
سۇ ئۇلۇغ بولغانلىقتىن ئات قۇيرۇقى سۇدا لەيلىگەن ھال-
دا دەريادىن كېچىپ ئۆتۈپتۇ. چىڭ دارىن يېڭىئېرىق ئارقى-
لىق شەھەرگە كىرىپ سېپىل ئىچىگە يوشۇرۇنۇۋاپتۇ. راخ-
مان گۈگۈت نەچچە يۈز دېھقان بىلەن چىڭ دارىننى قوغ-
لاپ سېپىل دەرۋازىسىغىچە كەپتۇ. راخمان گۈگۈت ئوقتىن
ساقلىنىش ئۈچۈن سۇغا چىلانغان كىگىز توقامنى يېپىنىپ
تۇرۇپ سېپىل دەرۋازىسىغا ئوت قويۇپتۇ. دەرۋازىنى بۇ-

ئۇنىڭ جىسمانىي تۇرقى شۇنچىۋالا زور بولسىمۇ، ئانچە
يۈرەكلىك - جىگەرلىك ئەمەسكەن. ئۇخلاپ ئويغانـ
دادىسى كېرىمۇللاكام ۋارقىراپ چاقىرمىغىچە ئورنىدىـ
تۇرمايدىكەن. ئۇ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بازاردا قوغ
ئېلىپ - سېتىشنى (بېدىكلىكنى) ئۆزىنىڭ خىراجەت مەن
بەسى قىلىپ تاللىدى.

## ھالئېرىق

خان يولىنىڭ① بويىغا سېلىنغان كاتتا ئايۋان-سارايلىق ئۆيلەرنىڭ ئالدى— ھالايلى دەپ ئاتالغانىكەن. كېيىن بۇ جايغا چوڭ كۆل كولىنىپتۇ. سەپەرچىلەر ۋە يۇرت خەلقى بۇ كۆل بويىدا ھال - مۇڭ ئېيتىشىپ ھاردۇق ئالغانلىقتىن ھالكۆل دەپ ئاتىلىپتۇ. شۇ يىللاردا يۇرتنىڭ ھوكۇمەتكە تاپشۇرىدىغان ئاشلىق، پاختا، ئوتۇن-سامان، قوي - ئۆچكە قاتارلىق باج - سېلىقلىرى بۇ كۆلنىڭ بويىغا توپلىنىدىكەن. كېيىنچە بۇ يەردىكى مەھەللىلەر كۆلگە سۇ كېلىدىغان ئېرىقنىڭ نامى بىلەن ھالئېرىق دەپ ئاتىلىپتۇ.

*1996* - يىلىنىڭ ئاخىرىدا بۇ كەنتتە تۆت مەھەللە، *210* ئائىلە، *798* نوپۇس، *926* مو تېرىلغۇ يەر، *1306* تۇياق چارۋا بار.

## راخمان گۇگۇت توغرىسىدا

*1996* - يىلى *2* - ئاينىڭ *14* - كۈنى ئاياغ باغئېرىق كەنتىدىن *70* ياشلىق قاسىمخان بىلەن پاراڭلاشتىم. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، راخمان گۇگۇت ھالئېرىق كەنتىدە تۇغۇلـ

① ئۇلۇغيول، يەكەن يولى دەپمۇ ئاتىلاتتى.

ئۇرۇق - تۇغقانلىرى چىڭ دارىنىغا رەھمەت ئېيتىشىپ خۇشال - خۇرام قايتىپ كېتىپتۇ، چىڭدارىن ئەتىسى ئەتىگەندە تۆت نەپەر چېرىككە:

— بۇ گۇناھكارنى ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا تاپشۇرۇپ بېرىپ كېلىڭلار، - دەپتۇ. چېرىكلەر ئاتقا مىنىپ، راخمان گۇگۇت پىيادە يولغا چىقىپتۇ، پېشىن ۋاقتى بىلەن بولار ھالىبىرىق كەنتىگە يېقىنلىشىپتۇ، چىڭ دارىنىنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە تۆت چېرىك راخمان گۇگۇتنى باغلاپ تاشلىق يولدا ئاتقا سۆرۈتۈپ ئاتنى يۈگۈرتىپتۇ. راخمان گۇگۇتنىڭ تۇغقانلىرى ئۇنىڭ بەدىنىدىن ئاجراپ كەتكەن تاشتەك، ياڭاقتەك گۆش ھەم سۆڭەكلەرنى يولدىن ئىزدەپ يىغىپ تەخمىنەن جايىغا كەلتۈرۈپ ھازىرقى يېزىلىق مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپكە يېقىن جايدىكى زاراتگاھلىققا دەپنە قىپتۇ. (ھازىر چۇراڭ لەقەملىك 60 ياشلىق ئابدىجېلىل ئاخۇن، 70 ياشلىق ئابدىراخمان ئاخۇنلار راخمان گۇگۇتنىڭ نەۋرىلىرىدۇر.)

شۇ ۋەقەدىن كېيىن چىڭ دارىن شىنجاڭنىڭ باش ئەمەلدارىغا «قاراقاشتىكى ئىككى بەگلىكتە نوپۇس ئاۋۇپ كەتتى، باشقۇرۇشمۇ تەس بولۇپ قالدى، شۇنىڭ ئۈچۈن قاراقاشنى ناھىيە قىلىپ ئەستىقلاپ بېرىلسە» دېگەن مەزمۇندا مەلۇمات يوللىغانلىقتىن، 1919- يىلى قاراقاش ناھىيىسى تەسىس قىلىنغانىكەن.

## ئاراباغ

78 ياشلىق مەتتىمىن ساۋۇتنىڭ سۆزلەپ بېرىشىدىن ئايان بولدىكى، تۆت ئىمام زەبىبۇللا بۇ جايدا 40 يىل تۇرۇش جەريانىدا لەشكەرلىرىنى ۋە يەرلىك خەلقنى تەش-

زۇشقا ئامال قىلالماي راخمان گۆكگۆت ۋە ئىسيانچى دې-
قانلار ئۆزىنىڭ يۇرتلىرىغا قايتىپ كېتىپتۇ.
ئۈچ كۈندىن كېيىن سېتىلما پايلاقچىلار تەمىنلىگە-
يول بىلەن چىك دارىن ئۆزى چېرىكلىرىنى① باشلاپ ك-
لىپ كېچىسى راخمان گۆكگۆتنى ئۇخلىغان يېرىدىن تۇتىۋاپتى-
خوتەن چوڭ بازارنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇشلۇق 90 ياش-
لىق مۇھەممەت ئابدۇللا بەگ (ئەپرۇز بەگنىڭ نەۋرىسى-
نىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە، غازىرقى گۈلباغ سودا بازىرىنىڭ
ئورنى ئەينى يىللاردا ئېگىز سەھنىسى بار چوڭ يىغى-
مەيدانى ئىدى. چىك دارىن بۇ سەھنىدە راخمان گۆكگۆتنى
سوراق قىلىپ:
— نېمە ئۈچۈن ماڭا قارشى ئىسيان كۆتەردىڭ؟ - دە-
سوراپتۇ. راخمان گۆكگۆت بىپەرۋالىق بىلەن:
— چۈشۈمدە ئاللا ماڭا سېنى ئۆلتۈرۈش توغرۇلۇق ۋە-
ھى قىلدى، - دەپتۇ.
چىك دارىن ھەر ئايدا بىر قېتىم راخمان گۆكگۆتنى
سوراق قىلىدىكەن. راخمان گۆكگۆت ئۇنىڭ ھەممە سوئال-
لىرىغا بىر خىللا:
— مەن تىرىكلا بولسام سېنى ئۆلتۈرمەي قويمايمەن، -
دەپ جاۋاب بېرىدىكەن.
راخمان گۆكگۆتنىڭ ئۇرۇغ - تۇغقانلىرى قىممەت با-
ھالىق سوۋغا - سالاملار بىلەن چىك دارىننىڭ ئالدىغا
كېلىپ ئۇنىڭ گۇناھىنى ئەپۇ قىلىشنى تەلەپ قىپتۇ. چىك
دارىن ئۇلارغا:
— سىلەر قايتىپ تۇرۇڭلار، مەن ئەتە راخماننى يۇر-
تۇڭلارغا يەتكۈزۈپ بېرەي، - دەپتۇ. راخمان گۆكگۆتنىڭ

① چېرىك — ئەسكەر.

بىلەن «كېتىكلا» غا ئۆزگىرىپ قاپتۇ. يەنە بىر رىۋايەتكە قارىغاندا، تەكلىماكاندىكى شەھەرلەرنى قۇم باسقاندا جېنىنى قۇتقۇزۇشقا ئۇلگۇرۇپ باشقا جايلارغا كېتەلىگەنلەر ۋە بۇلار بىنا قىلغان يېڭى مەھەللىلەر «كېتىكلا» دەپ ئاتالغانىكەن.

ھازىر بۇ كەنتتە تۆت مەھەللە، 245 ئائىلە، 1059 نوپۇس، 1065 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## باش ئىشتاچى

يەتتە دەرۋىشنىڭ بۇ جايغا كەلگەن ۋاقتى رامىزان كۈنلىرىگە ئۇدۇل كەلگەنلىكتىن ئەتىۋارلىق مېھمان سانىلىپ يەرلىك خەلقنىڭ ئۆيلىرىدە نۆۋەتبويىچە بىر نەچچە كۈن ئېتىبار قىپتۇ. دەرۋىشلەر ساھىبخانىلارنى «ئىپتارچى» (ئىپتار قىلدۇرغۇچى مەنىسىدە) دەپ ئاتاپتۇ. زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن تىلدا ئۆزگىرىش بولۇپ «ئىپتارچى» دېگەن ئاتالغۇ «ئىشتاچى» غا ئۆزگىرىپ قاپتۇ.

يەنە بىر ئاڭلاشلارغا قارىغاندا تەخمىنەن 250 يىل ئىلگىرى تۆت ئائىلىلىك بىر تۇغقان كىشىلەر 2500 مو تېرىلغۇ يەر ۋە ئوتلاقتا ئىگىدارچىلىق قىلىدىكەن. بۇلار بۇ زېمىننىڭ تۆت بۇرجىكىگە ئۆي سېلىپ ئولتۇرغان ھەم ئۆز تەۋەلىكىنى قوغداش ئۈچۈن بىر نەچچىدىن ئىت باقىدىكەن. بۇ كىشىلەر زېرىككەندە ئىت تالاشتۇرۇپ كۆڭۈل ئاچىدىكەن. ئۇلارنىڭ بالا - چاقىلىرىمۇ ئىت تالاشتۇرۇشقا ئادەتلەنگەنلىكتىن «ئىشتاچى» دەپ لەقەم سىڭىپ، بۇ لەقەم مەھەللىنىڭ نامى بولۇپ قاپتۇ.

## چۈجە لەقەملىكلەر

تەخمىنەن 150 يىل ئىلگىرى چاچۇق لەقەملىك

كىللەپ ھازىرقى بەھرام سۇيى، ماكۇي، كۇيا، قاراسا ئۆستەڭلىرىنى قازدۇرغانىكەن ھەم بۇ تۆت ئۆستەڭنىڭ ئې رىلىشىدىكى باراقسان يۇرتنى ئاراباغ دەپ ئاتىغانىكەن. بۇ تۆت ئۆستەڭ ھازىرمۇ ئاراباغ كەنتىنى ئارىلا ئاقماقتا.

بۇ كەنتتە قارىيە مەستۇرەم دەپ ئاتالغان قەدىمكى زاراتگاھلىق بار. يېزىت دېگەن خاۋارىجنىڭ لەشكەرى بەسىرسالىخ دېگەن كىشىنى شېھىت قىلىۋېتىپتۇ. بەسىر سالىخنىڭ قارىيە، مەستۇرەم ئىسىملىك ئىككى قىزى دا-دىسىنىڭ قىساسىنى ئېلىش ئۈچۈن يېزىتنىڭ لەشكەرلىرى بىلەن جەڭ قىلىپ بۇ جايدا قۇربان بولغان ھەم دەپنە قىلىنغانىكەن.

ھازىر ئاراباغ كەنتىدە يەتتە مەھەللە، 233 ئائىلە، 919 نوپۇس، 952 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## كېتىكلا

دەسلەپتە ئولتۇراقلاشقان كىشىلەرنىڭ بەزىلىرى بۇ جايغا كۆنەلمەي ئەسلى يۇرتىغا قايتىپ كېتىپ بىر نەچ-چە يىلدىن كېيىن قايتىپ كەپتۇ. بۇلارنىڭ بەزىلىرى بىر مەزگىلدىن كېيىن يەنە كۆچۈپ كېتىپتۇ. باشقىلار بۇلارنى «كېتىدىغانلار دېگەن مەنادا» دەپ مەسخى-رە قىپتۇ. بۇ ئاتالغۇ بارا - بارا «كېتىكلا» غا ئۆزگى-رىپ، مەھەللىنىڭ نامى بولۇپ قاپتۇ. يەنە بىر ئاڭلاش-لارغا قارىغاندا، ھەزرىتى مەۋلانە خەلىپە قاتارلىق يەت-تە دەرۋىش بۇ جايدا بىر نەچچە كۈن قېتىق بىلەن ناندا غىزالانغانلىقتىن ساھىبخانىلارنى «قېتىقلا» دەپ ئاتىغا-نىكەن. «قېتىقلا» دېگەن بۇ ئاتالغۇ يىللارنىڭ ئۆتۈشى

يىكچى دەپ ئاتالدى.

1996 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا بۇ كەنتتە تۆت مەھەللە، 190 ئائىلە، 777 نوپۇس، 1308 مو تېرىلغۇ يەر، 1151 تۇياق چارۋا بار.

مەشھۇر خەلق داستانچىسى ئابلىمىت قارىنىڭ تەرجىمىھالى ۋە سەنئەت پائالىيىتى «قاراقاش خەلق داستانلىرى» ناملىق كىتابتا ۋە «ئاسىيا كىندىكى» گېزىتىدە تونۇشتۇرۇلغانلىقتىن بۇ يەردە قايتا توختالمىدىم.

## خۇمدان

بۇ جاي ئەسلىدە توقاچلا كەنتىنىڭ تەۋەلىكىدە ئىدى. يۇرتىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ 1987 - يىلى ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل كەنت تەسىس قىلىندى. شۇ يىللاردا بىر قانچە ئائىلىلىك دېھقانىنىڭ خۇمدان قۇرۇپ خىش پىشۇرغانلىقى كۆزدە تۇتۇلۇپ، كەنتىنىڭ نامى «خۇمدان» دەپ مۇقىملاشتى. ھازىر بۇ خۇمدانلار يوق بولسىمۇ، كەنتىنىڭ نامى خۇمدان دەپ ئاتالماقتا.

بۇ كەنتتە 1996 - يىل ئاخىرىدا ئۈچ مەھەللە، 166 ئائىلە، 627 نوپۇس، 729.8 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## باشقۇمباغ

بۇ جاينىڭ يېرىمى باغ، يېرىمى قۇملۇق ئىكەن، مەۋلانە خەلپە ئۆزىگە قىزغىن پوزىتسىيىدە بولغان بۇ مەھەللىلىك كىشلەرنى «قۇمباغلىقلار» دەپ ئاتىغانىكەن، «قۇمباغ» دېگەن بۇ ئاتالغۇ ھازىرغىچە ئۆزگەرمەي كەلمەكتە.

بۇ كەنتتە ھازىر بەش مەھەللە، 265 ئائىلە، 1005 نوپۇس، 1424 مو تېرىلغۇ يەر بار.

قـادىر ئاخۇن بالا ۋە نەۋرىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ مەسچىتكە، بېرىپتۇ. قادىر ئاخۇننىڭ بىر ئاغىنىسى چاقچاق قىلىپ:
— توخۇ چۈجىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ يۈرگەندەك كەپسىلەر، — دەپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ بالىلارغا «چۈجە» دەپ لەقەم سىڭىپ قاپتۇ. ھازىر چۈجە لەقەملىك كىشىلەر 10 ئائىلىگە يەتتى. ھەتتۇرى ھاجىم قادىر ئاخۇننىڭ پەي-نەۋرىسىدۇر.
ھازىر بۇ كەنتتە ئۈچ مەھەللە، 215 ئائىلە، 910 نو-پۇس، 744 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## ئۈزۈنئېرىق

جەنۇبتىن-شىمالغا يەتتە - سەككىز كىلومېتر سو-زۇلغان ئېرىق بويىدىكى بۇ يۇرتنىڭ نامى نەچچە يۈز يىللاردىن بۇيان ئۈزۈنئېرىق دەپ ئاتىلىپ كېلىۋاتىدۇ.
بۇ يۇرتنىڭ ماكۇي ئۆستەڭنىڭ غەربىي تەرىپىدى-كى قىسمى 1985 - يىلىدىن كېيىن ئاقساراي يېزىسىغا تەۋە قىلىنىپ يەنىلا «ئۈزۈنئېرىق» دەپ ئاتالدى.
ھازىر بۇ كەنتتە تۆت مەھەللە، 250 ئائىلە، 1070 نوپۇس، 779.2 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## يىكچى

بۇ جاي يېقىنقى يىللارغىچە توقاچلا دەپ ئاتىلاتتى. توقاچلا دېگەن بۇ ئاتالغۇ يەرلىك خەلقنىڭ خونچە ئا-ياقلار (ياغاچ لېگەن) لەرگە توقاچلارنى تىزىپ يەتتە دەرۋىشنىڭ ئالدىغا چىقىپ قارشى ئالغانلىقىدىن كېلىپ چىققانىكەن. بۇ جايدا بىر نەچچە ئائىلىلىك يىكچى يا-شاۋاتقانلىقى نەزەرگە ئېلىنىپ، 1987 - يىلىدىن باشلاپ

جەنۇبىي تەرىپىدىكى پەسلىكتە سىزىندى سۇ يىغىلىپ ئې-
رىق بولۇپ ئاقىدىكەن، كىشىلەر بۇ ئېرىقنىڭ ئايىغىغا
بىر تاش تۈگمەن چۆرۈپتۇ. تۈگمەنگە كېلىپ - كېتىدىغان-
لارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىگەنلىكتىن ئېرىقنىڭ بويىدا يول
پەيدا بوپتۇ. ئېرىقنىڭ ئەتراپى پەس ھەم تاشلىق بول-
غانلىقتىن جىلغا دەپ ئاتىلىپتۇ. ئەسىرلەرنىڭ ئۆتۈشى
بىلەن بۇ يۇرت شەرقتىن - غەربكە كېڭەيگەنلىكتىن باش
جىلغا ۋە ئاياغ جىلغا دەپ ئاتىلىدىغان بولدى.

بۇ كەنتتە ھازىر توققۇز مەھەللە، 348 ئائىلە، 1668
نوپۇس، 1500 مو تېرىلغۇ يەر بار.

ئارا مازار، چوناقلا، تاقايلا، گۈلباغ، ھالئېرىق،
كېتىكلا، ئىشتاچى، ئۈزۈنئېرىق، يېڭىچى، خۇمدان، قۇم-
باغ، جىلغا كەنتلىرىنىڭ نامىنىڭ قانداق كېلىپ چىققان-
لىقىنى 1996- يىلى 2- ئاينىڭ 10- كۈنىدىن 17- كۈنىگىچە
باش ئىشتاچى كەنتىدىن 96 ياشلىق مەتنۇرى ھاجىم،
110 ياشلىق مەتنىياز گاراي، يېڭىچى كەنتىدىن خەلق
داستانچىسى ئابلىمىت قارى، گۈلباغ كەنتىدىن 52 ياشلىق
ھېمىت ئاخۇن، تاقايلا، ئارا مازار، ھالئېرىق كەنتلىرى-
نى باشقۇرغان 67 ياشلىق ئەخمەتنىياز جۇمە قاتارلىق
كىشىلەر سۆزلەپ بەردى.

## تىبابەت ئالىمى - جامالىدىن ئاقساراي

جامالىدىن ئاقساراي 19 - ئەسىردە ئۆتكەن ئۇيغۇر
تىبابەت ئالىمى. باشلانغۇچ ساۋاتىنى ئۆز يېزىسىدىكى
دىنىي مەكتەپلەردە چىقارغاندىن كېيىن، خوتەن مەدرىس-
لىرىدە ئىلىم تەھسىل قىلىپ، ئەرەب، پارس، ئوردۇ تىل-
لىرىنى پۇختا ئۆزلەشتۈرۈۋالغاندىن باشقا، ئەدەبىيات، ئى-
لمىي نۇجۇم، تىبابەت، دىن، شەرىئەت قاتارلىق ساھەلەر-
دە ئەتراپلىق بىلىم تەھسىل قىلىپ مۇكەممەل بىلىم

## نەزەر لەقەملىكلەر


قاراقاش ناھىيىلىك ئۇيغۇر شىپاخانىسىنىڭ دوختۇرى 40 ياشلىق مۇھەممەت سالى ھاجىمنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە، ئۇنىڭ يەتتىنچى بوۋىسى خۇدابەردىكام خوتەندىكى قاتچى دېگەن يېردىن كۆچۈپ كېلىپ بۇ جايدا ئولتۇراقلىشىپتۇ. خۇدابەردىكام كۆچۈپ كېلىشتىن ئىلگىرى بۇ جايدا ئون نەچچە مۇسۇلمان ئۇيغۇرلار ئائىلىسىدىن باشقا بىر نەچچە قالماق ۋە ئالمان (ئىسلام دىنىغا كىرمىگەن تۈركلەر) ئائىلىرىمۇ بار ئىكەن. بىر كۈنى خۇدابەردىكام ئېتىزلىقتا كۆيۈپ - پىشىپ ئىشلەۋاتسا ئاقساقاللىق خىزىر كېلىپ:

— ئىشلىرىڭىزدىن بەرىكەت تاپقايسىز، - دەپ دۇئا قىپتۇ. شۇ كۈنى كەچتە ئۇ ئائىلىسىدىكىلەرگە ۋە قوشنىلىرىغا خۇشخەۋەر يەتكۈزۈپ:

— خىزىر ماڭا نەزەر كۆزىنى سالدى، - دەپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ كىشىگە نەزەر دەپ لەقەم سىڭىپ قاپتۇ. نەزەر لەقەملىكلەر ھازىر 20 ئائىلىگە يەتتى. مۇھەممەتسالى ھاجىمنىڭ بوۋىسىمۇ، دادىسى مەنسۇر ھاجىمۇ ئۇستا تېۋىپ ئىدى. مۇھەممەت سالى ھاجىمنىڭ ئاكىسى مۇھەممەت ئۆمەر ھاجىم ھازىر تۈركىيىدە تېۋىپلىق قىلماقتا.

## ئاياغ جىلغا

تەخمىنەن 1000 يىل ئىلگىرى قاراقاش دەرياسىنىڭ بىر تارمىقى بۇ يەردىن ئاقىدىكەن. (بۇنداق سۆزلىگۈچىلەر يەرنى بىر- ئىككى مېتىر كولىسا تاش ياكى سېغىز قاتلىمى چىقىدىغانلىقىنى ئىسپات كەلتۈرىدۇ.) قاشنىڭ



سايباغ يېزىسى
1:5000
1:200000
1:300000

ئېگىسى بولۇپ يېتىشكەن. بولۇپمۇ ئۇنىڭ تىبابەتچىلى
ئىلمىدە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى گەۋدىلىك بولۇپ
يەرلىك تېۋىپلارنىڭ كېسەل كۆرۈش ۋە داۋالاش ئۇسۇللى
رىنى تەتقىق قىلىپ، ئۇنى ئىلمىي يۈكسەكلىككە كۆتۈر
گەن ھالدا داۋالاش رېتسېپلىرىنى تۈزگەن، ھەر خىل شى
پالىق دورىلارنى ياسىغان، يىراق - يېقىندىن كەلگەن بى
مارلارنى داۋالاپ ساقايتىش بىلەن خەلقنىڭ دەردىگ
دەرمان بولغان.

جامالىددىن ئاقسارايي ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىنىڭ كۆپ
ئەسىرلىك تەجرىبىلىرىنى توپلاش، تەتقىق قىلىش ۋ
ئۆزىنىڭ بىۋاستە داۋالاش ئەمەلىيىتىدىن ھاسىل قىلغان
تەجرىبە - ساۋاقلىرىنى يەكۈنلەش ئاساسىدا «كىتابى
تىب ئاقسارايي» ناملىق ئەسىرىنى يېزىپ چىققان بولۇپ
ئۇنىڭدا ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىنىڭ ئەنئەنىۋى قانۇن -
قائىدىلىرى، كېسەل كۆرۈش، داۋالاش ئۇسۇللىرى، شىپا
لىق دورىلارنى ياساش، ئىشلىتىش ئۆلچەملىرى، دورىگەر
لىك سايمانلىرى ۋە دورا مەنبەلىرى قاتارلىق مەزمۇنلا
تونۇشتۇرۇلغان. ئالىمنىڭ ئەرەب تىلىدا يېزىلغان ب
ئەسىرى 1899 - يىلى ھىندىستاننىڭ لاكنو شەھىرىدە نە
شىر قىلىنغان ۋە مۇشۇ ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىغا قەدە
ھىندىستاننىڭ دېھلى شەھىرىدىكى ئىسلام تىبابىتى دارىل
فۇنۇنىدا دەرسلىك قىلىنغان. جامالىددىن ئاقسارايي تىبا
بەتچىلىك ئىلمىي ساھەسىدە خەلقئارالىق يۈزلەنگەن مۆ
تىۋەر ئالىم سۈپىتىدە مەدەنىيەت تارىخىمىزدىن ئورۇ
ئالىدۇ.

(«دېڭىز ئۈنچىلىرى» ناملىق كىتابتىن ئېلىندى.)

تىكلار، - دەپتۇ. ئەسكەرلەر ئۇنىڭ بۇيرۇقىنى بەجا كەلتۈرۈپتۇ. كېيىنكى يىلى ئىسلام قوشۇنلىرى بۇرۇنقىدىن بىر نەچچە ھەسسە كۆپىيىپ كېلىپ بۇ جاينى ئىگىلەپتۇ. بۇ جايدا دەسلەپتە سەيۋىلىك باغ كۆزگە چېلىققانلىقتىن بۇ يەر «سەيۋە باغ» دەپ ئاتىلىپ، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن «سايباغ» قا ئۆزگىرىپ قالغانىكەن.

قاراقاش ناھىيىسى تەسىس قىلىنىشىنىڭ ئالدى - كەينىدە بۇ يۇرت تاغ مىڭلىكى دەپ ئاتىلىپ خوتەننىڭ بىۋاسىتە باشقۇرۇشىدا بولغانىكەن. 1927 - يىلىدىن كېيىن قاراقاش ناھىيىسىنىڭ 8 - رايونى بولدى. 1944 - يىلىدىن كېيىن ھازىرقى 1 -، 2 -، 3 - ئۇچاستكىلار (تاغلىق كەنتلەر)، خەلق يېزىسى، 4 -، 5 -، 6 - ئۇچاستكىلار (تۈزلەڭلىكلەر)، ئامانلىق يېزىسى، 1948 - يىلى بۇ ئىككى يېزا بىرلەشتۈرۈلۈپ خەلق يېزىسى دېيىلدى. 1950 - يىلدىن كېيىن 3 - رايون بولۇپ قوشلۇق، سايباغ، توقايار، توزاقچى، ئۇچات، ئۆزۈنئارالدىن ئىمارەت ئالتە يېزىنى ئۆز ئىچىگە ئالدى. 1958 - يىلى 4 - رايون (زاۋا) بىلەن قوشۇلۇپ «جىددىي ئىلگىرىلەش» خەلق گۇڭشېسى قۇرۇلدى. 1962 - يىلى ئۆز ئالدىغا ئايرىلىپ چىقىپ «ئالغا» خەلق گۇڭشېسى بولدى. 1978 - يىلى سايباغ گۇڭشېسى، 1984 - يىلى بىر ئۇچاستكا (ئۆچ كەنت) ئايرىۋېتىلىپ سايباغ يېزىسى دەپ ئاتالدى.

سايباغ يېزىسى ناھىيىمىزنىڭ جەنۇبىي تەرىپىگە، ناھىيە مەركىزىدىن 27 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان بولۇپ، تاغلار ئارىسى — دەريا بويلىرىدىكى بوستانلىقلار بۇ يېزىنىڭ زېمىنىدىن كۆپ قىسمىنى ئىگىلەيدۇ. بۇ يېزىنىڭ شىمال، غەربىي شىمال تەرەپلىرى ئاقساراي، زاۋا يېزىلىرى بىلەن، غەرب تەرىپى ساي - ئېدىرلار بى-

# سايباغ يېزىسى

مۇھەممەتئىمىن قۇربان

سايباغ دېگەن ئاتالغۇ تۇغرىسىدا بۇنداق ئىككى خىل پىكىر بىللە مەۋجۇت بولۇپ كەلمەكتە. بىر خىلى: 1000 يىل ئىلگىرى بۇ جاي بىپايان تاشلىق ساي بولۇپ، ئاھالىلار ناھايىتى شالاڭ ئولتۇراقلاشقانىكەن. بۇ كىشىلەر ئۇزۇن مۇددەت جاپالىق مېھنەت سىڭدۈرۈپ، سايلىقلاردا تېرىقچىلىق قىلغان ھەم ئۈزۈم، ياڭاق، ئەنجۈر، ئانار، شاپتۇل، ئۆرۈك قاتارلىق مېۋىلەرنى يېتىشتۈرگەنىكەن، سايباغ دېگەن ئاتالغۇ شۇنىڭدىن كېلىپچىققانىكەن.

يەنە بىر خىلى: ئەرەبىستاندىن كەلگەن ئىسلام قوشۇنلىرى بۇ جايدا بۇددىزم ئەسكەرلىرى بىلەن دەھشەتلىك ئۇرۇش قىپتۇ. ھەر ئىككى تەرەپ يا ئالغا ئىلگىرىلىيەلمەپتۇ ياكى چېكىنمەپتۇ. ئىسلام قوشۇنلىرى يەرلىكخەلققە باغ بىنا قىلىپ بېرىش ئۈچۈن ئۆزى بىللە ئېلىپ كەلگەن ھەر خىل ئۈزۈم ئۇرۇقلىرىنى تېرىپ ياشارتىپتۇ. بىر قېتىملىق جەڭدە ئىسلام قوشۇنلىرى يېڭىلىپ، چېكىنمەكچى بوپتۇ. بىرەيلەن باشلىقتىن:

— ئۈزۈم تاللىرىنى خاۋارىچلارغا (بۇددىستلارنى دېمەكچى) قالدۇرغىچە يۇلۇۋەتمەيلىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ، باشلىق ئويلىنىۋېلىپ:

— سەيۋە ① يېتىشتۈرمەك ئاسان ئەمەس، سەيۋىنى تۈۋىدىن كېسىۋېتىڭلار. باشقا ئۈزۈم تاللىرىنى يۇلۇۋې-

① سەيۋە — ئۈزۈمنىڭ بىر خىلى

11. تۇزاقچى
12. قۇملۇق
13. دۇتار
14. توغرا سۇ
15. تاشلىق
16. توقايىيار
17. تاملىق
18. قوتاز سايباغ
19. خەلپە سايباغ
20. قىشلاق
21. قوشلۇق
22. تامئېغىل
23. تاشئېغىل
24. كامپا
25. چىگىلىك

### قوشنا يېزىلاردىن خەرىتىگە چۈشكەن كەنتلەر

ئاقساراي يېزىسىدىن: 26. ئېلىشبېشى، 27. ئارا مازار،
زاۋا يېزىسىدىن: 28. ئېگىزئېرىق 29. ناھىيىلىك
ئۇرۇقچىلىق مەيدانى

## كارۇك سايباغ

70 ياشلىق ئىمىنىياز ھاجىم، 80 ياشلىق مەتىمىن ئاخۇن كارۇكنىڭ بايانلىرىدىن مەلۇم بولدىكى، تەخمىنەن 400 يىل ئىلگىرى ھازىرقى ئۆزبېكىستاننىڭ ئەنجان ۋىلايىتىدە يۈز بەرگەن دىنىي مەزھەپ قىرغىنچىلىقىدىن قاچقانلارنىڭ ئىچىدە خىمىتىكام ئىسىملىك بىر كىشىمۇ بار ئىكەن. خىمىتىكام بۇ جايغا كېلىپسۇ ۋە يەر شارائىتىنىڭ ياخشىلىقىغا قىزىقىپ قاپتۇ. بۇ جايلارنى ئالىقاچان مەۋلانە خەلپىنىڭ ئەۋلادلىرى ئىگىلەپ بولغانىكەن، خىمىتىكام ئابدۇشۈكۈرخان غوجىدىن بۇ جايدا تېرىقچىلىق قىلىپ جان ساقلاش ئىمكانىيىتى بېرىشنى تەلەپ قىپتۇ. ئابدۇشۈكۈرخان ئۇنىڭغا ئاچقان يەرنىڭ

لەن، جەنۇب تەرىپى كوئېنلۈن تاغ تىزمىلىرى بىلەن، شەرق تەرىپى قاراقاش دەرياسى بىلەن گىرەلىشىدۇ.

1996 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا بۇ يېزىدا 113 مەمۇرىي مەھەللە، 26 مەمۇرىي كەنت، 6 مىڭ 203 ئائىلە، 24 مىڭ 475 نوپۇس، 30 مىڭ 647 مو تېرىلغۇ يەر بار. پۈتۈن يىللىق ئاشلىق مەھسۇلاتى 11 مىليون 791 مىڭ 169 كىلوگرامغا يېتىپ، بۇلتۇرقىدىن 1.5% ئاشتى. پاختا (چىگىتسىز) 270 مىڭ 792 كىلوگرامغا تۆۋەنلەپ، بۇلتۇرقىدىن 33 مىڭ 856 كىلوگرام كېمەيدى، پىلە 29 مىڭ 701 كىلوگرامغا مۇقىمدالدى، چارۋا 53 مىڭ 702 تۇياققا يېتىپ، بۇلتۇرقىدىن 7.48% ئاشتى. كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىم 580 يۈەنگە تۆۋەنلەپ ئالدىنقى يىلدىكىدىن 48 يۈەن ئازايدى.

تېرىلغۇ يەرنىڭ سىرتىدا 6 مىڭ 384 مو مېۋىلىك باغ (بۇنىڭ ئىچىدە 6 مىڭ 186 مو ئۈزۈملۈك باغ) بولۇپ، تارقاق ۋە كۆلەملىك ياڭاق دەرىخى 15 مىڭ 346 تۈپكە يەتتى. ئۈزۈمنىڭ يىللىق مەھسۇلاتى 2 مىليون 768 مىڭ 437 كىلوگرامغا، ياڭاق مەھسۇلاتى 16 مىڭ 887 كىلوگرامغا يەتتى.

## سايباغ يېزىسىدىكى كەنتناملىرى

⊙ يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى ئورگىنى

1. كارۇك سايباغ
2. ئۇلۇغئاتا
3. يېڭىئاۋات
4. بوستانتوغراق
5. پۈكا
6. كۈسۈي
7. ئۈزۈن ئارال
8. ئۆجات
9. باغدات
10. لەڭگەر

خىسمىغا ئاساسلانغاندا ① «ئىلمىي ئىمانىنىڭ مېھرىبانـ
لىرى، قىرائەت گۈلىستانىنىڭ خۇش ئاۋاز ئۆلىمالىرى بۇنـ

① سايباغ يېزىلىق پارتكوم بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ كادىرى قۇربان نىياز بۇ يېزىدىكى ئابدۇۋاھاپ مەخسۇم، ئابدۇللا ھاجىم، ئابدىقادىر ئاخۇنۇم، روزىمۇھەممەت ھاجىم قاتارلىق ئۆلىمالارنى تەشكىللەپ تەرجىمە قىلدۇرغان بۇ تەزكىرىگە ئاساسلانغاندا، ئىمامى ئەپتەھ بولسا ئىمامى ھۇسەيىنىنىڭ 9 ـ ئەۋلادى، ئىمامى قاسىمنىڭ يەتتە ئوغلىنىڭ ئۈچىنچىسى بولۇپ، ئۆت ئىمامى زەيىنۇللانىڭ دادىسىدۇر. ئىمامى ئەپتەھ ئاكا ـ ئۇكىلىرىدىن قابىلىيەت ۋە ئەمەلدە يۇقىرى تۇرغانلىقتىن مازارنىڭ نامى ئۇنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتالغانىكەن.

يەتتە ئىمامنىڭ جەسىتى بۇ تاشلىققا دەپنە قىلىنىپ ئىمامى ئەپتەھ مازىرى بارلىققا كەلدى، ئۇ چاغلاردا بۇ يەرنىڭ ئەتراپىدا مەھەللە يوق ئىدى. يەكەن، قەشقەر، خوتەن، كېرىيىلەردىنمۇ ئىبادەتچىلەر كېلىپ دۇئا ئوقۇپ قايتىشاتتى. تەخمىنەن 400 يىل بۇرۇن بۇ يەتتە قەبرىنى ئىچىگە ئېلىپ پىششىق خىشلىق ئۆي سېلىنىدى. ھازىر يەتتە قەبرە ئورۇنلاشقان ئۆينىڭ كۆلىمى 820 كۋادرات مېتىرغا، جەمەنىڭ ئىچكىرى ـ تاشقىرى نامازخانىسى، تاھارەت ئېلىش ئۆيلىرى، سۇمەخانا، ھويلا، تاقا ئورنىنىڭ كۆلىمى 13 مىڭ 370 كۋادرات مېتىر (20 مودىن كۆپرەك) غا يەتتى، 30 مېتىر ئېگىزلىكتىكى ھەيۋەتلىك نەقىشلىك تاقا يىراق ـ يىراقلاردىن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. بۇ مازاردا ھازىر تەخمىنەن 15 مىڭدىن ئارتۇق كونا يېڭى قەبرە بولۇپ، يىلىغا تەخمىنەن 300 قەبرە قوشۇلۇپ تۇرماقتا. مازارنىڭ دائىرىسى 350 مو بولۇپ، تېرىلغۇ ئېتىزلىرىغا دەخلى قىلماي كېڭەيتىش ئىمكانىيىتى بار. زاپاس يېرى 200 مو كېلىدۇ. قەبرىلەر ھازىرقى سۈرئەتتە كۆپىيىپ ماڭسا يەنە 20 — 30 يىلدا گۆرلۈك يەر تۈگەپ كېتىدۇ. بۇ مازارنىڭ ئۈستى ھەم ئاستى تاشلىق بولغانلىقتىن گۆر كولاش قىيىن، ئەمما دۇئا ـ ئىبادەت قىلىدىغانلار كۆپ بولغانلىقتىن، ئاقساراي، زاۋا يېزىلىرىنىڭ بىر نەچچە جايلىرىدىكى كىشىلەرمۇ بۇ مازارغا دەپنە قىلىنىۋاتىدۇ.

بۇ جەمەگە جۈمە نامىزىنى ئوقۇش ئۈچۈن ئادەتتە 10 مىڭ، ھېيت نامىزىنى ئوقۇش ئۈچۈن 15 مىڭ ئادەم توپلىنىدۇ. قاغىلىق، قەشقەر، چىرا، كېرىيىلەردىن مەخسۇس ئىمامى ئەپتەھنىڭ روھىغا ئاتاپ دۇئا ـ تەكبىر ئوقۇش ئۈچۈن كېلىدىغانلارمۇ بار.

ھەر يۇرتنىڭ بازىرى ئادەتتە شۇ يۇرتنىڭ ئادەم كۆپ، ئاۋات يېرىدە قىزىيدۇ. لېكىن بۇ مازارنىڭ يېنىدىكى جۈمە بازىرى ئىمامى ئەپتەھ مازىرىغا تاۋاپ ـ ئىبادەت قىلىشقا كېلىدىغان كىشىلەرنىڭ كۆپ بولغىنى ئۈچۈنلا يۇرتنىڭ چېتىگە ـــ تاشلىق سايغا مۇقىملىنىپ قالدى.

ئۇچتىن بىر قىسمىنى خانىلىققا، ئۇچتىن بىر قىسمىنى دىنىي خىراجەتكە، ئۇچتىن بىر قىسمىنى ئۆزىگە مەنسۇپ قىلىش شەرتى بىلەن يەر ئېچىشقا ئىجازەت قىپتۇ. خىزمەتكام بىر نەچچە ھەمراھى بىلەن گەمە كولاپ ماكانلىشىپتۇ. بىر نەچچە يىلدىن كېيىن بۇ جايدا بىنا بولغان كىچىك مەھەللىنى خىزمەتكام ئانا يۇرتىنى ئەسلەپ تۇرۇش ئۈچۈن «كارۇك مەھەللە» دەپ ئاتاپتۇ. خىزمەتكامنىڭ چەۋرىسى تۇرسۇنمەھتىكام ئۆزىنىڭ تۇنجى ئوغلىغا خەمىت دەپ ئىسىم قويۇپ چوڭ بوۋىسىنىڭ ئىسمىنى ياشارتىپتۇ. ھازىر ھايات ياشاۋاتقان مەمتىمىن ئاخۇنخەمىت ئاخۇننىڭ ئىككىنچى ئوغلىدۇر. كارۇك مەھەللە كېڭىيىپ كەنتكە ئايلانغاندىن كېيىن كارۇكلارنىڭ سايلىقتا باغ - ئېتىزلارنى بىنا قىلغانلىقىنى ئىپادىلەپ كەنتنىڭ نامى كارۇك سايباغ دەپ ئاتالدى. ھازىر بۇ كەنتتە كارۇك لەقەملىك 28 ئائىلە بار.

1996 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا بۇ كەنتتە ئالتە مەھەللە، 263 ئائىلە، 1051 نوپۇس، 1650 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## ئىمامى ئەپتەھ مازىرى

كارۇك سايباغ دېگەن نام سايباغ يېزىسىنىڭ كەنتلەر تىزىملىكىدە قوللىنىلسىمۇ، لېكىن يىراق - يېقىندىكى خەلقلەر بۇ جاينى قەدىمدىن ھازىرغىچە «ئىمامى ئەپتەھ» دەپ ئاتاپ كېلىۋاتىدۇ.

بۇ مازارنىڭ ئەرەب يېزىقىدىكى تەزكىرىسىنىڭ 1995 - يىل 4 - ئايدا تەرجىمە قىلىنغان ئۇيغۇرچە نۇس-

دەريا بويىغا، تاغ ئىچىگە جايلاشقان بۇ كەنتنىڭ كىشىلىرى ئەزەلدىن بۇيان چارۋىچىلىق ۋە دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلدى.

1996 - يىلى ئاخىرىدىكى ستاتىستىكىلىق مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا بۇ كەنتتە ئۈچ مەھەللە، 140 ئائىلە، 654 نوپۇس، 1097.5 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## يېڭىئاۋات

بۇنىڭدىن 80 يىل بۇرۇن مەمتىلىخان غوجا تاغ ئارىلاپ، دەريا بويلاپ شىكاردىن قايتىپ كېلىۋېتىپ، تۇپرىقى مۇنبەت بۇ جايغا كۆزى چۈشۈپتۇ. بۇ جايغا سۇ باشلاپ كېلىش ئۈچۈن تاغ باغرىدىن ئېرىق چېپىش ئىمكانىيىتى بار بولسىمۇ، ھازىرقى بويناق دېگەن جايدىكى ئۇلگۈجە قورام تاشنى يېرىپ سۇ ئۆتكۈزۈشكە كۆزى يەتمەي بېشى قېتىپتۇ. ئاخىرى ئۇلۇغ ئاتلىق تاشپولات ئاخۇنغا بۇ تاشتىن بىر قەدەم ئېرىق چاپسا بىر سەر كۈمۈش پۇل بېرىشكە ۋەدە بېرىپ تىلخەت يېزىپ بېرىپتۇ. تاشپولات ئاخۇن قوشنىلىرىنى ۋە تۇغقانلىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ لوم - تۆمۈر، بولقىلار بىلەن تاش يېرىپ، ئۈچ يىل قىش پەسلىدە ئىشلەپ ئېرىقنى پۈتكۈزۈپتۇ، مەمتىلىخان ئېرىقنىڭ پۈتكەنلىكىنى خەۋەر قىلىپ كەلگەن تاشپولات ئاخۇنغا ئىگەر - يۈگەنلىك بىر ئات، 15 چارەك ئاق ئۇن مۇكاپات بېرىپتۇ ھەم ھۆجرىدارى روزى كۆز قاتارلىق كىشىلەرنى باشلاپ چىقىپ 30 قەدەم ئېرىققا 30 سەر كۈمۈش پۇلنى نەق ساناپ بېرىپتۇ. مەمتىلىخان زاۋىدىكى سۇپىلىرىدىن ئون ئائىلىلىك ئادەمنى كۆچۈرۈپ چىقىپ بۇ جايدا ئولتۇراقلاشتۇرۇپتۇ، شۇنىڭدىن كېيىن بۇ جاي يې-

داق رىۋايەت قىلىدۇلەركى... مىلادىيە 1026 ـ يىلى ئە-
مامى ئەھمەد، ئىمامى زەينۇل ئابىدىن، ئىمامى مۇھەم-
مەت، ئىمامى ئەپتەھ، ئىمامى ئىلى ئەكبەر، ئىمامى ئىلى
ئەنۋەر، ئىمامى ئىلى ئەسقەرلەر قەشقەر، يەكەنلەرنى
بەيئەت قىلدۇرغاندىن كېيىن خوتەننى بويسۇندۇرۇش ئۈ-
چۈن بۇ جايغا كەلدى. بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىۋاتقان
خوتەن خەلقىنىڭ ئاكا ـ ئۇكا چوكتىرىشىت، نوكتىرىشىت
ئىسىملىك باشلىقلىرى جاھىللىق ھەم جان پىدالىق بىلەن قار-
شىلىق كۆرسىتىپ جەڭ قىلدى. ئون نەچچە قېتىملىق جەڭ-
لەردە بالدۇر ـ كېيىن بولۇپ يەتتە ئىمام ۋە ئۇلارنىڭ
يەتتە قىزى شېھىت بولدى.

## ئۇلۇغئاتا

رىۋايەت قىلىنىشىچە، تەخمىنەن 1000 يىل ئىلگىرى ×
پەيغەمبەرنىڭ ئەلچىسى ئۇلۇغ ئىسىملىك كىشى بۇ جايدا
غازات قىلىپ تاغ باغرىغا كۆمۈلگەنىكەن. قەبرە بېشىغا
تىكلەنگەن تېرەك خادىسى ياشىرىپ قالغانىكەن. 1970 ـ
يىللىرى بۇ تېرەك تۆۋىدىكى قەبرىلەر ئونغا يەتكە-
نىكەن.
ئاقسارايلىق ئېلىخان خەلپەمنىڭ قويلىرىنى باقى-
دىغان دەريا خەلپەمدىگەن كىشى بۇ مازارلىقتا يەرلىك
كىشىلەرنى يىغىپ بىر نەچچە كېچە ھەلقە ـ سۆۋەت قىلىپ
بۇ مازارغا دۇئا قىلغانىكەن.
بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ جايدا بىر نەچچە ئائى-
لىلىك كۆچمەن موڭغۇل ماكانلىشىپ قالغان بولۇپ، بىر
نەچچە يۈز يىللىق ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت داۋامىدا بارا-
بارا ئۇيغۇرلىشىپ كەتكەنىكەن.

# بوستان توغراق

1964 - يىلى 8 - ئاينىڭ بىر كۈنى هاۋا تونۇردەك قىزىق ئىدى. مەن دەرەخسىز تاغ جىلغىلىرىدا پىيادە ۋە ئېشەك بىلەن تۆت سائەتچە يول يۈرگەندىن كېيىن تاغ تۈۋىدە ياپيېشىل بوستانلىق كۆرۈندى. پاھ! نەقەدەر چىرايلىق يۇرت - ھە!؟ ھېرىپ - چارچاپ كەلگەندە بۇ ياپيېشىل مەنزىرىگە قاراپ كۆڭلۈم ياشىرىپ ھارغىنلىقىم يوقاپ كەتتى. مەن تىك داۋانلىق چىغىر يولدىن چۈشۈپ، جەنۇبتىن-شىمالغا ئاققان ئېرىقنى بويلاپ مېڭىپ مەھەللىنىڭ ئىچىگە كىردىم. دەريانىڭ شاۋقۇنى، سالقىن هاۋا كۆڭلۈمنى راھەتلەندۈرۈۋەتتى. كۆڭلۈمدە «كىشىلەرنىڭ نەزەرىدىن يوشۇرۇنۇپ تۇرغان بۇ زېمىندا قانداق بولۇپ بۇ قەدەر گۈزەل ماكان پەيدا بولغاندۇ؟» دېگەن قىزىقىش جۇش ئۇردى. بۇ توغرۇلۇق 60 ياشلىق سەلىمەخان موماي بىلەن ئۇزۇن پاراڭلاشتىم.

— مېنىڭ بوۋام ئەسلىدە زاۋۇتلىق ئىكەن، - دەپ گېپىنى باشلىدى ئۇ، - بوۋام ئۆز يۇرتىدا خاتىرجەملىك تاپالماي چوڭ ئانامنى باشلاپ يۇرتىدىن قېچىپ چىقىپتۇ. ئۇ ئادەمزاتتىن يىراق جايدا ياشاشقا نىيەت باغلاپ، تاغ-سايلارنى كېزىپ بۇ يەرگە كېلىپ قاپتۇ. بۇ يەرنىڭ تىرىكچىلىك قىلىشقا ئەپلىك ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئېرىق چېپىپ، يەر ئېچىپ زىرائەت تېرىپتۇ. بىر نەچچە ئايدىن كېيىن خوتەننىڭ ئاتچۇي دېگەن يېرىدىن سوپاخۇن ئىسىملىك بىر كىشى خوتۇنى بىلەن كېلىپ بوۋاملارغا ھەمراھ بوپتۇ. ئۇلار شۇ يىلى كۈزدە زىرائەتلەردىن مول ھوسۇل ئېلىپ ئاش - ئوزۇق ئۈچۈن باشقا يۇرتلارغا بارمايدىغان بوپتۇ. كېيىنكى يىلى ئۇلار ئېتىزلىقتا ئىشلەۋاتقاندا دەريانىڭ

گىئاۋات دەپ ئاتىلىپتۇ. 1984 - يىلىدىن كېيىن بۇ جاي يېڭىئاۋات كەنتى دەپ ئاتالدى.

ھازىر بۇ كەنتتە ئۈچ مەھەللە، 105 ئائىلە، 476 نوپۇس، 784 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## روزى كۆز توغرىسىدا

كونىلەرنىڭ بىرىدە مەتىلىخان ئۆزىگە ۋەكالىتەن ئۇلۇغئاتىنى باشقۇرىدىغان ئاقساقىلى روزاخۇن قاتارلىقلار بىلەن شىكارغا چىقىپتۇ. بىر نەچچە جىلغا، بىر نەچچە داۋاندىن ئۆتۈپ، قارىسا تىك تاغ ئۈستىدە بىر ئانا كېيىك ئوغلىقى بىلەن سەكرىشىپ ئويناۋېتىپتۇ. روزاخۇن مەتىلىخاندىن:

— ئاتايمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. مەتىلىخان:

— ياق. ئاتمىسىلا، ئوغلىقىنى چوڭ قىلىۋالسۇن، — دەپتۇ. ئوغلاق ئانىسىغا ئەركىلەپ سەكرەپ ئويناۋېرىپتۇ. روزاخۇن زوقلىنىپ كېتىپ:

— ۋاي، ۋاي، ۋاي... ئەجەب شوخلاپ كەتتىغۇ بۇ ئوغلاق. ۋاي، ۋاي، بۇ ئوغلاقنىڭ چىرايلىقلىقىنى...، — دەپتۇ. شۇ ھامان ئوغلاق سەكرەپ، تىك قىيادىن پەسكە چۈشۈپ كېتىپتۇ. بۇ كىشىلەر ئاتلىرىنى چاپتۇرغان پېتى قىيانىڭ تۈۋىگە كەلسە ئوغلاق چالا ئۆلۈك ياتقۇدەك. بىرەيلەن:

— روزى ئاخۇن بۇ ئوغلاقنى مىلتىقتا ئاتماي كۆزى بىلەن ئاتتى، — دېسە يەنە بىرەيلەن:

— روزى ئاخۇننىڭ كۆزى يامان ئىكەن، بىر قاراپلا بىر كېيىكنى ناكا قىلدى، — دەپتۇ. شۇندىن كېيىن كىشىلەر روزى ئاخۇننى روزى كۆز دەپ ئاتايدىغان بوپتۇ.

مەن سەلىمخاننىڭ ئەسلىمىسىگە ئاساسلىنىپ بوستان توغراقتا ئادەم ياشىغىنىغا 160 يىلدىن ئاشقانلىقىنى ھېسابلاپ چىقتىم.

كەنت پارتىيە ياچېيكا شۇجىسى تۇردى نىياز بىلەن ئەھۋاللىشىپ بۇ كەنتتە 500 مو تېرىلغۇ يەر، 710 تۇياق چارۋا، 120 نوپۇس بارلىقىنى، ساۋاتلىقلار 40 تىن ئاشقانلىقىنى بىلدىم. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە: بۇ كەنتتىكى ئادەملەر باشقا يۇرتلارنى بىلمەيدىكەن، ناھىيە بازىرىغا بېرىپ كەلگەنلەر 10 دىن ئاشمايدىكەن، بىرەر ئىش بىلەن سىرتتىن كەلگەن كىشىلەرگە ھەيرانلىق بىلەن قارىشىدىكەن.

1993 - يىلى خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن بوستان توغراق كەنتىگە ئىككىنچى قېتىم باردىم. يول راۋانلىشىپ چوڭ - كىچىك ئاپتوموبىللار قاتنىيالايدىغان، دېھقانلار يېزا ۋە ناھىيە بازارلىرىغا بارالايدىغان بوپتۇ.

ھازىر بۇ كەنتتە ئىككى مەھەللە، 83 ئائىلە، 350 نوپۇس، 564 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## پۇكا

خوتەن خەلقى بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان زامانلاردا پۇكې ئىسىملىك بىر كىشى بۇ جايدا قازا قىلغان ۋە دەپنە قىلىنغانىكەن. بۇ جاي شۇ چاغلاردا پۇكې دەپ ئاتىلىپ دەۋرلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن كىشىلەر تىلىدا پۇكا دەپ ئۆزلىشىپ قالغانىكەن.

ھازىر بۇ كەنتتە ئۈچ مەھەللە، 145 ئائىلە، 581 نوپۇس، 448 مو تېرىلغۇ يەر بار.

يۇقىرى تەرىپىدىن سۆلەتلىك بەش-ئالتە كىشى ئاتقا مى
كېلىشىپتۇ. ئۇلار زاۋىلىق ھاجىخان غوجا قاتارلىق بايلار-
لۇپ ئوۋچىلىقتىن قايتىپ كېلىشى ئىكەن. ھاجىخان ئېتىزلا
قاراپ كۆزى قىزىرىپ كۆڭلىگە بىر پىلاننى پۈكۈپ:
— سەنلەر كىمدىن سوراپ مېنىڭ ئىما
كىمدىكى بۇ زىمىندىن يەر ئېچىشتىڭ؟ نەدىن كەلگە
بولساڭ شۇ يەرگە كېتىشكىن! - دەپ ۋارقىراپتۇ. بوۋام:
— تەقسىر، بۇ يەرگە بىزنىڭ قان - تەرىمىز تۆ
كۆلدى. بۇ يەردىن بىزنى ھەيدىۋەتمىسىلە، - دەپ يالۋۇ-
رۇپتۇ. ھاجىخان:
— ھوسۇلنىڭ يېرىمىنى بىزگە بېرىشكە چىدىسا
مەيلى. چىدىمىساڭ نەگە بېرىشساڭ شۇ يەرگە بېرىش،
دەپتۇ. بوۋام بىلەن سوپاخۇن ھاجىخان غوجىنىڭ تەلىپى
گە رازىلىق بىلدۈرۈپتۇ. بىر ھەپتىدىن كېيىن چىرايىدىن
مۇز ياغىدىغان بىر كىشى كېلىپ ئۆي سالدۇرۇپ
ئولتۇرۇپتۇ. بۇ كىشى — ھاجىخاننىڭ بۇ زې-
مىننى ئىگىلەپ تۇرۇشقا ئەۋەتكەن ھۆجرىدارى — ھاشىم
ئىكەن. ئون نەچچە يىلدىن كېيىن بۇ ئىككى ئۆيلۈك دې-
قاننىڭ بالا - چاقىلىرى كۆپىيىپ، باغ - ئېتىزلىرى كې-
ڭىيىپ، جىرىم - كۆچەتلىرى چوڭ بولۇپ بۇ يەر كىچىك
مەھەللىگە ئايلىنىپتۇ. ھاجىخان ئۆلگەندىن كېيىن بۇ
مەھەللە ئۇنىڭ ئوغلى مەمتىلىخان غوجىغا مىراس قال-
غان ئىكەن. ئۆزى ئۈنۈپ ياشىرىپ قالغان توغراقلارنىڭ
جىقلىقىغا قاراپ بوۋاملار بۇ مەھەللىنى بوستان توغراق
دەپ ئاتىغان ئىكەن. مەن ئەقلىمگە كەلگەندە بۇ مەھەللى-
مىزدە ئون ئىككى ئۆيلۈك ئادەم بار ئىدى. ھەممىمىز ئاۋ-
ۋالقى ئىككى ئائىلىلىك كۆچمەننىڭ بالا - چاقا، نەۋرە-
چەۋرىلىرى ئىدۇق.

## ئۇچات

ئىسلام قوشۇنلىرى، بۇددىست ئەسكەرلىرىنىڭ باشلىقلىرى بولغان نوقتۇرۇش، چوقتۇرۇشلارنى خوتەن تەرەپتىن قوغلاپ كېلىپ بىر كىشىدىن:

— بۇددىستلارنىڭ قايسى تەرەپكە قاچقىنىنى كۆردىڭىزمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. ئۇ كىشى دەريانىڭ غەربىي قىرغاق تەرىپىنى كۆرسىتىپ:

— ئۇ چاتقا ئۆتۈپ كەتتى، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ. شۇ چاغلاردىن باشلاپ بۇ جاي ئۇچات دەپ ئاتىلىپتۇ.

هازىر بۇ كەنتتە بەش مەھەللە، 345 ئائىلە، 1340 نوپۇس، 927.5 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## قۇيرۇقلۇق ئادەملەر توغرىسىدا

«ئۇچاتلىقلار ئارىسىدا قۇيرۇقلۇق يەتتە ئادەم بار» لىقى توغرىسىدىكى غەلىتە رىۋايەتنى ئاڭلىمىغانلار يوقتۇر بەلكىم. زادى كىملەرنىڭ قۇيرۇقى بار؟ ئۇچاتلىقلارمۇ بىر - بىرىدىن گۇمانلىنىدۇ.

ئىسلام قوشۇنلىرى ناماز ئوقۇۋاتقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۇچاتلىق بىر كىشى ئۇلارنىڭ مىلتىقلىرىنىڭ تۆشۈكىگە قۇم تۇشقۇزۇپ قويۇپتۇ. ئۇرۇش باشلانغاندا مىلتىقلىرىنى تازىلاپ ئۈلگۈرەلمىگەن ئىسلام ئەسكەرلىرى يېڭىلىپ قاپتۇ - دە، قېچىش ئۈچۈن ئاتلىرىغا مىنەكچى بولۇپ قارىسا ئۈزەڭگىلەرنىڭ سول پۇت تەرىپى كېسىكلىك تۇرغۇدەك. ئۈزەڭگىلەرنى ئوڭشاپ بولغىچە بۇددىست ئەسكەرلىرى ئىسلام قوشۇنلىرىدىن نەچچە يۈز كىشىنى چېپىپ تاشلاپتۇ. خوتەندە ئىسلام دىنى ئۈستۈنلۈككە ئېرىشكەندىن كېيىن سۈرۈشتۈرۈلۈپ، ئىسلام ئەسكەر-

## كۇسۇي

موسىپىتلارنىڭ ئېيتىشىچە، نەچچە يۈز يىللار ئىلگىرى بۇ جايغا ئىگىدارلىق قىلغان باينىڭ ئىسمى — كۇسۇي ئىكەن. بۇ كەنت شۇ كىشىنىڭ نامى بىلەن ئاتىلىپ كەلمەكتە.

بۇ كەنتتە كېرىيە دەپ ئاتىلىدىغان بىر مەھەللە بار. نەچچە يۈز يىللار ئىلگىرى كېرىيە ناھىيىسىدىن بىر نەچچە ئائىلىلىك كىشىلەر ئالتۇن قېزىشقا كېلىپ يۇرتىغا قايتماي بۇ جايدا ماكانلىشىپ قالغانىكەن. ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى ئانا يۇرتىنى ئۇنتۇپ قالماسلىق ئۈچۈن ئۆز مەھەللىسىنى كېرىيە دەپ ئاتىغانىكەن.

ھازىر بۇ كەنتتە ئۈچ مەھەللە، 222 ئائىلە، 876 نوپۇس، 1114 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## ئۈزۈنئارال

ئۈچ تەرىپىنى تاغ - ئېدىرلار ئوراپ تۇرغان، شەرق تەرىپى دەرياغا ياندىشقان، سۆگەت يوپۇرمىقى شەكلىدىكى ئۇزۇنچاق يېشىللىقنى كىشىلەر ئۈزۈنئارال دەپ ئاتاشقانىكەن.

بۇ جاي ئەسلىدە چىغلىق - يۇلغۇنلۇق بولۇپ، 1700 - يىللىرىدىن كېيىن كىشىلەر ماكانلىشىپ چارۋىچىلىق ۋە دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشقا كىرىشكەنىكەن.

بۇ كەنتتە تاغار دەپ ئاتىلىدىغان بىر مەھەللە بار. بۇ جايدىكى كىشىلەر ئەزەلدىن تاغار توقۇش بىلەن شۇغۇللانغانلىقتىن ئۇلارنىڭ مەھەللىسى تاغار دەپ ئاتالغانىكەن.

ھازىر بۇ كەنتتە بەش مەھەللە، 303 ئائىلە، 1230 نوپۇس، 1411 مو تېرىلغۇ يەر بار.

لىق بىلەن قارشىلىق قىلغانىكەن. شۇ چاغدا «توساقچى» دېگەن ئاتالغۇ پەيدا بولۇپ، بارا-بارا «تۇزاقچى» غا ئۆزگىرىپ قالغانىكەن.

يەنە بىر خىلى: مەھەللە پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرى بۇ جاي چىغ، قومۇش، يانتاقلىق بولۇپ، باشقا يۇرتلۇقلار بۇ جايدا تۇزاق (قىسماق) قۇرۇپ كېيىك، توشقان، تۈلكە قاتارلىق ياۋايى ھايۋانلارنى تۇتىدىكەن. بۇ جايدا دەسلەپتە ئولتۇراقلاشقان كىشىلەرمۇ بۇ كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغانلىقتىن «تۇزاقچى» دەپ ئاتالغانىكەن.

ھازىر بۇ كەنتتە تۆت مەھەللە، 234 ئائىلە، 812 نوپۇس، 936.5 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## يېڭىمازار قەدىمكى قەبرىستانلىقى

مەزكۇر قەبرىستانلىق — سايباغ يېزىسىنىڭ جەنۇبىدىكى تۇزاقچى ئالتۇن كان ئەتراپىدا بولۇپ، جەنۇب تەرىپىدە تاغ، شەرق-غەرب تەرىپى تاغ باغرىدىكى يانتۇ ئېگىزلىك، شىمال تەرىپى پەس بولۇپ بۇ يەردىن خوتەن-پىيالما ئۆستىڭى ئېقىپ ئۆتىدۇ.

1993-يىلى 1-ئايدا بۇ قەبرىستانلىق «ئالتۇن ئىزدىگۈچىلەر» تەرىپىدىن كولانغان. كولانغان بىر قەبرىنىڭ جەنۇبتىن-شىمالغا ئۇزۇنلۇقى تۆت مېتىر، شەرقتىن-غەربكە كەڭلىكى 3.25 مېتىر، چوڭقۇرلۇقى ئۈچ مېتىر بولۇپ، قەبرە تۈزۈلۈشى ۋە دەپنە قىلىش ئادىتى لوپ سامپۇل قەبرىستانلىقى دەۋرى (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 3-ئەسىردىن مىلادى 1-ئەسىرگىچە) غا ئوخشايدۇ.

مەزكۇر قەبرىدە كۆپلىگەن جەسەتلەر دەپنە قىلىنغان بولۇپ، ئالدى بىلەن ياغاچتا سۆچەك ياساپ، شاخ-شۇم-

لىرىگە دۈشمەنلىك قىلغان ئۇ گۇناھكارنىڭ ئاللىقاچان
ئۆلۈپ كەتكەنلىكى، لېكىن ئۇ گۇناھكارنىڭ يەتتە بالى
سى ھايات ياشاۋاتقانلىقى مەلۇم بوپتۇ. دادىسىنىڭ ئىن
تىقامى ئۈچۈن بالىسىنى ئۆلتۈرۈش ئىسلام ئەقىدىلىرىگ
ئۇيغۇن بولمىغانلىقتىن، ئاچچىق - غەزىپىنى پەسەيتىش
ئۈچۈن ئىسلام ئەسكەرلىرىنىڭ ئىمامى: «ئەبەدىي ئەيىب
لىك بولغايسەن، سانىڭ ئاشمىغاي، ئاز قالمىغاي» دەپ
قارغاپتۇ. شۇ چاغدىن باشلاپ ئۇچاتتىكى قۇيرۇقلۇق كىشى
لەر سەككىزگە يەتكەن كۈنى بىرسى ئۆلەرمىش، ئالتىسى
قالغان كۈنى بىرسى تۇغۇلارمىش.

## باغدات

ئەرەب قوشۇنلىرى بىلەن خوتەن بۇددىست ئەسكەر-
لىرى ئۇرۇش قىلغاندا ئىراقلىق شەيخجالالىدىن باغداتى
ئىسىملىك كىشى بۇ جايدا شېھىت بولغان ھەم ئۇنىڭ نا-
مىدا مازار تىكلەنگەنىكەن. شۇ زامانلاردىن باشلاپ بۇ
جاي باغدات دەپ ئاتىلىپ كېلىۋاتىدۇ.

ھازىر بۇ كەنتتە ئالتە مەھەللە، 459 ئائىلە، 1651
نوپۇس، 1322.4 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## تۈزاقچى

تۈزاقچى دېگەن ئاتالغۇنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرى-
سىدا بۇنداق ئىككى خىل كۆز قاراش مەۋجۇت بولۇپ
كەلمەكتە.

بىر خىلى: ئۇلۇغلىرىمىز (ئىسلام ئەسكەرلىرى) خو-
تەنگە يۈرۈش قىلغاندا بۇ جايدىكى ئادەملەر يول - يول-
لارغا توساق قۇرۇپ ئۇلارنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە تەرسا-

ـاق بولمىغۇدەك ئۇ دۇتار باشلارغا، ـ دەپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ كىشىلەرگە «دۇتارباش» دەپ لەقەم سىڭىپ قاپتۇ. ئۇلارنىڭ مەھەللىسى «دۇتار» دەپ ئاتىلىپتۇ.

ھازىر بۇ كەنتتە تۆت مەھەللە، 280 ئائىلە، 1002 نوپۇس، 1065 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## تۇغراسۇ

بۇ جاينىڭ يەر شەكلى مۇرەككەپ، چوڭقۇرلۇقلار بىلەن ئېگىزلىكلەر گىرەلىشىپ كەتكەنلىكتىن، جەنۇب تەرەپتىن كەلگەن سۇ دۆڭلۈككە ئۇسسۇپ شەرق تەرەپكە بۇرۇلۇپ ئاققانىكەن، تۇغرا سۇ دېگەن ئاتالغۇ شۇنىڭدىن كېلىپ چىققانىكەن.

ھازىر بۇ كەنتتە بەش مەھەللە، 230 ئائىلە، 902 نوپۇس، 1312.7 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## توقاييار

بۇ جاينىڭ ئوتتۇرىسىدا جەنۇبتىن-شىمالغا ئاققان ئېرىق شەرق ۋە غەرب تەرەپلەرگە يار كېتىپ ھەممە يەردە قولتۇق شەكلىدە يارلىق كۆرۈنگەنلىكتىن، بۇ كەنت توقاييار دەپ ئاتالغانىكەن.

ھازىر بۇ كەنتتە تۆت مەھەللە، 225 ئائىلە، 991 نوپۇس، 1444 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## تاملىق

تەخمىنەن 200 يىل ئىلگىرى ئاقسارايلىق نەششىكام دېگەن كىشى بۇ جايغا كۆچۈپ كېلىپ ئىككى ئېغىز ئۆي بىنا قىلىش ئۈچۈن تام ساپتۇ.

بىلارنى قويۇپ، ئۈستىگە جەسەت ياتقۇزۇلغان. سۆچە
ئاستىغا ساپال كوزا قويۇلغان. بۇ ئېھتىمال جەسەت كۆ
قاچىلانغان ساپال كوزىلار بولسا كېرەك. بۇ قەبرىدىن يە
ئالتە ـ يەتتە دانە ياغاچ ئاياق، 16 ـ 17 دانە ساپال كو
قاتارلىق مەدەنىيەت يادىكارلىق بۇيۇملىرى تېپىلغان
بۇ قەبرىدىن ياغاچ تاۋۇتقا سېلىپ دەپنە قىلىنغان جەسە
لەرمۇ تېپىلدى.

تەكشۈرۈشتىن قارىغاندا، مەزكۇر قەبرىستانلىقتىـ
يەنە مۇشۇنىڭغا ئوخشايدىغان قەدىمكى قەبرىلەر ناھايىتى
كۆپ. 1993 ـ يىلى بۇ قەبرىستانلىق ــ ناھىيە دەرىجىلىك
قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى قاتارىغ
كىرگۈزۈلۈپ مۇھاپىزەت قىلىنىدى.

(بۇ ماقالىنى مەتكېرىم ئىسمايىل تەييارلىغان)

## دۇتار

بۇ جايغا ئەڭ دەسلەپتە لايىقلىق ئادەملەر كۆچۈپ
كېلىپ ماكانلاشقانىكەن. بۇ كىشىلەرنىڭ كاللىسى دۇتار
نىڭ قۇرسىقىدەك سوقا ئىكەن. بۇنىڭدىن 180 يىل ئىلگىرى
مەتتوختىخان غوجا (مەتتۇرسۇنخان ھاجىنىڭ بوۋىسى) نىڭ
ئېتىزلىقلىرىغا ئېقىۋاتقان سۇ ئازىيىپ قاپتۇ. مەتتوخـ
تىخان ھوجرىدارنى سۇ ياقىلاپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ. ھوجـ
رىدار ئېرىقنىڭ بېشىغا چىقىپ سۇنى ئۇلغايتىپ كەپتۇ.
مەتتوختىخان ئۇنىڭدىن:

— سۇنى بىر كىم باغلىۋاپتىكەنمۇ؟ ـ دەپ سوراپتۇ.
ھوجرىدار:

— دۇتار باشلار باغلىۋاپتىكەن، ـ دەپتۇ. مەتتوختىخان

— ئۇ دۇتار باشلار بىزدىن سۇ تالىشىپ نېمىشقا
نوچىلىق قىلىدىكەن؟ ئۆزەمنى بىر كۆرسىتىپ قويمى

## قىشلاق

قىش ۋە ئەتىيازغا يېتەرلىك پىچان- سامان قاتار- لىق يەم- خەشەكلەر بۇ جايغا تاغدەك دۆۋىلىنىپ، غوجى- لارنىڭ نەچچە مىڭلاپ چارۋا-ماللىرى بۇ يەردە قىشلىتىل- غانلىقتىن «قىشلاق» دەپ ئاتالغانىكەن.

هازىر بۇ كەنتتە تۆت مەھەللە، 202 ئائىلە، 872 نوپۇس، 1049.5 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## كامپا

ئەسلىدە بۇ جايدا بىر نەچچە مىڭ مو دائىرىسىدە تەبىئىي چوڭقۇرلۇق بار ئىكەن. ئىلەكنىڭ (تەبىئىي ئې- قىنىنىڭ) سۈيى بۇ يەرگە چىڭقىلىپ تۇرىدىكەن. ئەتراپ- تىكى كىشىلەر بۇ جاينىڭ تۈگمەننىڭ خامپىسىدەك پەس بولغىنىغا قاراپ بۇيەرنى خامپا دەپئاتاپتۇ. ۋاقىت ئۆت- كەنسېرى خامپا دېگەن بۇئاتالغۇ كىشىلەر تىلىغا «كامپا» بولۇپ ئۆزلىشىپ قاپتۇ. تۇردى ئاخۇن قاتارلىق پېشقە- دەملەرنىڭ ھېسابلىشىچە، بۇ جايدا ئادەم ئولتۇراقلاشقى- نىغا تېخى 200 يىل بولماپتۇ.

هازىر بۇ كەنتتە تۆت مەھەللە، 250 ئائىلە، 850 نوپۇس، 1093 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## تامئېغىل

بۇنىڭدىن 130 يىل ئىلگىرى ئىسمايىلخان غوجىنىڭ چارۋا - ماللىرى بۇ جايدا بېقىلىدىكەن. چارۋا-ماللارنى كېچىسى سولاپ قويۇش ئۈچۈن بىر نەچچە جايدا تام سېلىپ ئېغىل ياسالغانلىقتىن بۇ جاي «تامئېغىل» دەپ ئاتال- غانىكەن.

— بۇ تاملارنى كىم سالدى؟
— نەششىكامىنىڭ سالغان تاملىرى،— دېگەندەك سو...
ئال - جاۋابلار تەكرارلىنىپ بۇ جاي دەسلەپتە «نەشش...
كامىنىڭ تاملىقى»، كېيىنچە «تاملىق» دەپ ئاتىلىپت...
(نەششىكامىنىڭ پەيغەۋرىسى بۇ يىل 55 ياشقا كىردى.)
كەنتتە نەششىكامىنىڭ ئەۋلادلىرى ئاز سانلىقنى، لايىقىد...
كۆچۈپ كەلگەنلەر كۆپ سانلىقنى ئىگىلىدى.

هازىر بۇ كەنتتە بەش مەھەللە، 239 ئائىلە، ...4
نوپۇس، 1784 مو تېرىلغۇ يەر بار.

بۇ كەنتتە سايىت دەپ ئاتىلىدىغان بىر مەھەل...
بار. سايىت — بۇ جايدا ئەڭ دەسلەپ ئولتۇراقلاشقان ك...
شىنىڭ ئىسمىدۇر.

## قۇتاز سايباغ

بۇنىڭدىن 200 يىل بۇرۇن لايىقلىق يۈسۈپ هاجى...
دېگەن كىشى بۇ سايلىقتا قوتاز باققانىكەن. ئۇنىڭ ئەۋ...
لادلىرى ۋە باشقا جايلاردىن كۆچۈپ كەلگەن كىشىلەر ب...
سايلىقتا تېرىقچىلىق قىلىپ، ئېتىز - باغلارنى بىنا قىل...
غانلىقتىن بۇ مەھەللە «قوتاز سايباغ»دەپ ئاتالغانىكەن...

هازىر بۇ كەنتتە ئالتە مەھەللە، 304 ئائىلە ، 263...
نوپۇس، 1459 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## خەلپە سايباغ

بۇ ئاتالغۇنىڭ ئۆزىدىنلا بۇ جاينىڭ ئىلگىرىكى ز...
ماندا سايلىقتا باغ بىنا قىلغان خەلپىلەرگە مەنسۇ...
بولغانلىقى چىقىپ تۇرىدۇ.

هازىر بۇ كەنتتە بەش مەھەللە، 168 ئائىلە، ...63
نوپۇس، 1373.8 مو تېرىلغۇ يەر بار.

لىقلاردىن باشقا، مىس پۇل پارچىلىرى، نەقىشلىك مىس تامغا، مارجان، ساپال پارچىلىرى قاتارلىق مەدەنىيەت يادىكارلىق بۇيۇملىرىنى ئۇچراتتۇق.

دەۋرى تەخمىنەن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 2- ئەسىردىن مىلادى 10- ئەسىرگىچە بولۇپ، خوتەننىڭ جۈملىدىن قارا-قاشنىڭ ئاھالىلار جايلىشىش ئەھۋالى ۋە ئەينى دەۋردىكى مەدەنىيەت تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا مەلۇم قىممەتكە ئىگە.

(بۇ ماقالىنى مەتكېرىم ئىسمائىل تەييارلىغان)

## تۆمۈرچوق قەدىمكى خۇمدان ئىزى

مەزكۇر خارابە سايباغ يېزىسىنىڭ جەنۇبىدىكى ساي-غا جايلاشقان بولۇپ، غەربىدە زاۋا داۋبەن، شىمالىدا «يوگخۇك» ئۆستىڭى بار. بۇ يەرنىڭ دائىرىسى كەڭ بو-لۇپ، تەخمىنەن بىر كۋادرات كىلومېتر كېلىدۇ. 14 يەردە قەدىمكى ساپال خۇمدىنىنىڭ ئىزى بار. بۇ خۇمدانلارنىڭ بەزىلىرى قىسمەن بۇزۇلغان بولسىمۇ، كۆپ قىسمى ئا-ساسەن ياخشى ساقلانغان. بەزىلىرىدە ئوچاق ئىزلىرى ھازىرمۇ ئېنىق كۆرۈنىدۇ.

خۇمدان جايلاشقان دائىرە چوڭ تۈزلەڭ بولۇپ، خۇم-دانلار خۇددى تۆگە لوكىسىدەك تەرەپ - تەرەپكە چېچىلغان. يەر يۈزىدىن ئېگىزلىكى ئىككى-ئۈچ مېتىر، ھەتتا بەزىلىرى ئۇنىڭدىنمۇ ئېگىز.

خۇمدان ئەتراپىدا ساپال بۇيۇم پارچىلىرى ئىنتا-يىن كۆپ بولۇپ، يەر يۈزىنىمۇ كۆرگىلى بولمايدۇ.

هازىر بۇ كەنتتە تۆت مەھەللە، 236 ئائىلە،
نوپۇس، 1169 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## يۇمىلاق چاشقان①

ئىلگىرى بۇ جاي چىغ- قومۇش، يۇلغۇنلار ئۆسك... جاڭگال ئىدى. 1960- يىلدىن باشلاپ «ئالغا» گۇڭشېسى د... بەرلىكى نوپۇسى جىق، يېرى ئاز بولغان ئۇچات، تۇز... چى، قوشلۇق كەنتلىرىدىن 30 دىن ئارتۇق دېھقان ئائى... سىنى كۆچۈرۈپ ئولتۇراقلاشتۇردى.

يەر ئېچىپ ئېرىق چاپقاندا، بېلى قىسقا كالتا چ... قانلار قەدەمدە بىر ئۇچراپ تۇرغانلىقتىن كىشىلەر:

— قەيەرگە كەتمەن سالساق شۇيەردە يۇمىلاق چا... قاننىڭ ئۇۋىسى بار ئىكەن.


— نەگە قارىساق شۇ يەردە يۇمىلاق چاشقان كۆرۈنىدۇ... دېيىشكەنلىكتىن بۇ جاينىڭ نامى «يۇمىلاق چاشقا... بولۇپ قالدى.

هازىر بۇ كەنتنىكى مەھەللە بەشكە، ئائىلە 215 ك... نوپۇس 785 كە، تېرىلغۇ يەر 1144 موغا يەتتى.

## يۇمىلاق چاشقان خارابىسى

مەزكۇر خارابە — قاراقاش ناھىيە زاۋا يېزىسىنى... شەرقىي جەنۇبىغا جايلاشقان بولۇپ، ئومۇمىي دائىرىس... هازىرقى تۇز زاۋۇتىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا بى... كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ يەردىن قەدىمكى ئاھال... رايونى، تاشلاندۇق ئۆيلەر، ساپال خۇمدان ئىزى قا تا...

① يېقىنقى ئىككى يىلدىن بۇيان «چىگىلىك» دەپ ئاتىلىدىغان بولد...


1:66.000

مەزكۇر قەدىمكى خومدان ئىزلىرى خوتەننىڭ سا
چىلىق تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم تەتقىقات قىم
تىگە ئىگە. دەۋرى تەخمىنەن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 2-
سىردىن مىلادى 10- ئەسىرگىچە.

## سېغىزچوق خومدان ئىزى

مەزكۇر خارابە-تۆمۈر چىق خومدان ئىزىنىڭ شە
تەرىپىدە بولۇپ، دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ. ئۈچ-تۆت يې
ساپال خومدىنىنىڭ ئىزى بار.

بۇ يەردىن ھەر خىل رەڭدىكى ساپال بۇيۇم پارچىلى
تاش قورال پارچىلىرى، مىس بۇيۇم پارچىلى
مارجان، ساپال قورچاق پارچىسى قاتارلىق قىمم
لىك مەدەنىيەت يادىكارلىق بۇيۇملىرى تېپىلدى.

دەۋرى تەخمىنەن 10- ئەسىردىن بۇرۇن. بۇ خوت
ننىڭ قەدىمكى زاماندىكى ساپال قۇيمىچىلىق تارىخ
ئەكس ئەتتۈرىدىغان بىردىنبىر ماددىي مەدەنىيەت يادىك
لىقتۇر.

(بۇ ماقالىنى مەتكېرىم ئىسمائىل تەييارلىدى)

ئۇن نەچچە كىشى ئۇنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن زاۋىغا چىقىپتۇ. شۇ يەردە بولغان بىر قىزىملىق مۇتالىئەدە باشقىلار ئۇنى شېئىر ئوقۇپ بېرىشكە تەكلىپ قىپتۇ. تەجەللى ئوقۇغان شېئىردا:

ئۇندا دەردلەرگە دەۋا بار بۇندا ھاجەتلەر راۋا،

ياخشىراقتۇر بەلىخ بۇخارادىن زاۋا.

دېگەن مىسرالارمۇ بار ئىكەن. قاراقاش ناھىيىسى تەسىس قىلىنىشىنىڭ ئالدى - كەينىدە زاۋا مىڭلىكى خوتەننىڭ بىۋاسىتە باشقۇرۇشىدىكى جاي بولۇپ، ھەربىي ۋە مەمۇرىي ئورگانلار قۇرۇلغان ھەم خوتەننىڭ دەرۋازىسى بولغانىكەن. 1937- يىلىدىن كېيىن قاراقاش ناھىيىسىنىڭ 6- رايونى ۋە 8- رايونىنىڭ بىر قىسمى بولدى. 1944- يىلىدىن كېيىن قاتناش تۈگۈنى باي يېزىسى ئىلگىرىلەش يېزىسىغا ئايرىلدى. 1948- يىلى قاتناش يېزىسى ئازادلىقتىن كېيىن 4- رايون بولۇپ، يار بېشى، قۇمئېرىق، باشاقچى، ئۆتەك، باشئۆرىچى، ئۆرىچى، جايتېرەكتىن ئىبارەت يەتتە يېزىنى ئۆز ئىچىگە ئالدى.

1958- يىلى 3- ۋە 4- رايون بىرلەشتۈرۈلۈپ «جىددى ئىلگىرىلەش» گۇڭشېسى قۇرۇلدى (1962- يىلى ئەسلىدىكى 3- رايون بۆلۈپ چىقىرىلىپ «ئالغا» گۇڭشېسى قۇرۇلدى). 1978- يىلى زاۋا گۇڭشېسى، 1984- يىلى زاۋا يېزىسى دەپ ئاتالدى.

زاۋا يېزىسى ناھىيىمىزنىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ، ئاقساراي، سايباغ، ئۆرىچى، كۆيا يېزىلىرى بىلەن چېگرالىنىدۇ. يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى خوتەن-قەشقەر ماي يولى بويىغا ئورۇنلاشقان بولۇپ، ناھىيە مەركىزى بىلەن بولغان مۇساپىسى 11 كىلومېتىر كېلىدۇ.

1996- يىل ئاخىرىدىكى سانلىق مەلۇماتلارغا ئاسا-

# زاۋا يېزىسى

مۇھەممەتئىمىن قۇربان، ئىمىرجان راخمان،
روزى مۇھەممەت مۇتەللىپ

قەدىمكى ئىران شاھزادىسى سىياۋۇش كېرىيە دۆ
تىگە كېلىپ پادىشاھ ئابدۇللا شاپۇغا كۆيئوغۇل بولغ-
ھەم كېرىيە دۆلىتىنىڭ بىر قىسىم جايلىرىنى باشقۇرغا
كەن. قەدىمكى ئىراندىن كەلگەن زاۋار ئىسىملىك ب
كىشى سىياۋۇشنىڭ يۇرت باشقۇرۇشىغا بۇ يەردە ئۆ
تەك قېزىشىغا ھەمكارلاشقانىكەن. بۇ كىشىنى خاتىرىلە
ئۈچۈن ئۆستەڭنى ئۇنىڭ ئىسمى بىلەن «زاۋار» دەپ ئ-
تاشقانىكەن. بۈگۈنكى زاۋا دېگەن يەر نامى ئەنە
«زاۋار» دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققانىكەن.

بەزى كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە: زاۋا دېگەن سۆز
چەت، ياقا، بۇرجەك دېگەن مەنادىكى «زابا» (ئەرەبچ-
دېگەن سۆزدىن تىلىمىزغا ئۆزلەشكەن تەلەپپۇز ئىكەن.

گۇاڭجۇدىكى ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن كېيىن قورچاقمە
چىڭ ھۆكۈمىتى ئەنگلىيە تاجاۋۇزچىلىرىنى ئەپۇ سور
ۋەتەنپەرۋەر قەھرىمان لىن زېشۈينى شىنجاڭغا سۈرگۈن ق
لىدۇ. لىن زېشۈي شىنجاڭنى ئايلىنىش سەپىرىدە ز
ۋادا ئىككى كېچە قونغان ۋە خاتىرىسىگە: «زاۋان-
تېرەكلىرى يىراقتىن كۆرۈنىدۇ. ئادەملىرى ئېگىز بوي
چېلىشچۇمار، تۇپرىقى يۇمشاق» دەپ يازغانىكەن.

ئۆز دەۋرىنىڭ مەشھۇر شائىرى تەجەللىنىڭ كېل-
ۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قاراقاشنىڭ ئالىم - ئۆلىمالىردى

27. خېنى
28. ئايا غمازار
29. خۇمدان
30. توغرا يار
31. توپچا
32. ئۇرىچى
33. بارامسۇيى
34. قاشبويى

خەرىتىگە چۈشكەن چېگرىداش يېزىلاردىكى كەنتلەر

ئۇرىچى يېزىسىدىن: 35. چۇقۇ جىلغا، 36. توغراق ئالدى

كۇيا يېزىسىدىن: 37. قارا قىزۇق، 38. قاقلىق.

سايباغ يېزىسىدىن: 39. قوشلۇق، 40. قىشلاق، 41. چىگىلىك، 42. ناھىيىلىك ئۇرۇقچىلىق مەيدانى، 43. ناھىيىلىك پىلە ئۇرۇقچىلىق مەيدانى

## قوقان

69 ياشلىق سۇلايمان ئاخۇننىڭ 1949 - يىلى بوۋىسىدىن ئاڭلىغانلىرىنى ئەسلەپ بېرىشىچە، 1860 - يىللىرى خوتەننىڭ ئەلمى ھەبىبۇللا مۇپتى ھاجىم ياقۇپ بەگنىڭ ھۇجۇمىدىن مۇداپىئە كۆرۈش ئۈچۈن بۇجايغا ناھايىتى چوڭ قورغان①سالدۇرغانلىقتىن بۇ جاينىڭ «سېرىق سۇ» دېگەن نامى «قورغان» غا ئۆزگەرگەنىكەن. (بۇ يەردە كەڭ سازلىق بولۇپ سۇيى سېرىق كۆرۈنگەچكە، كىشىلەر بۇ جاينى سېرىقسۇ دەپ ئاتاشقانىكەن.) «قورغان»

① بۇ قورغاننىڭ ئىزناسى ھازىرمۇ ئۇچرايدۇ.

لانغاندا، بۇ يېزىدا 162 مەمۇرىي مەھەللە، 34 مەمۇرى كەنت، 9092 ئائىلە، 40 مىڭ 367 نوپۇس، 4 مىڭ 626 مو تېرىلغۇ يەر بار. پۈتۈن يىللىق ئاشلىق مەھسۇلاتى 16 مىليون 657 مىڭ 14 كىلوگرامغا يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 3.93% ئاشتى. پاختا 680مىڭ 96 كىلوگرامغا تۆۋەنلەپ بۇلتۇرقىدىن 256 مىڭ 225 كىلوگرام كېمەيدى. پىلەغوزىسى42 مىڭ 198 كىلوگرامغا مۇقىملاندى

چارۋا 89 مىڭ 700 تۇياققا يېتىپ، بۇلتۇرقىدىن 2.73% كۆپەيدى. كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىم 555 يۈەنگە چۈشۈپ، بۇلتۇرقىدىن 21 يۈەن ئازايدى.

## زاۋا يېزىسىدىكى مەمۇرىي كەنت ناملىرى

### ⊙زاۋا يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى ئورگىنى

1. قوقان
2. يار بېشى
3. شاخلىق
4. ئېگىز ئېرىق
5. لەڭگەر
6. شەيدان
7. قۇمئېرىق
8. توغراق مازار
9. سايىنغۇچ
10. كۆتىرەم
11. شورلۇق ئېرىق
12. كۆتەكئېرىق
13. زاۋا
14. ئارىغول
15. باشاقچى
16. كۆلئېرىق
17. بۇغداي ئېرىق
18. تېرەك ئايلا
19. ئۆتەڭ
20. ئۈجمە ئايلا
21. يېڭىمۆستەڭ
22. مازار ئايلا
23. جايتېرەك
24. تۆگە توغراق
25. چوكان جىلغا
26. باشئۈرىچى

قۇر ھەم كەڭ بولغاچقا، بۇ ئەتراپتا ئولتۇراقلاشقان مە-
ھەللىلەر «يار بېشى» دەپ ئاتىلىپتۇ.
ھازىر بۇ كەنتتە بەش مەھەللە، 255 ئائىلە، 1182
نوپۇس، 1868 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## شاخلىق

بۇ جاي نەچچە يۈز يىللار ئىلگىرى توغراق-يۇلغۇن-
لار بىلەن قاپلانغان چاتقاللىق ئىكەن، ئەتراپتىكى كى-
شىلەر يېقىلغۇ قىلىش ۋە ئۆي-ماكان سېلىش ئۈچۈن لازىم
بولغان ئوتۇن، شاخ، تاتىلارنى بۇ يەردىن ئېلىپ كەتكەن-
لىكتىن بۇ جاينى شاخلىق دەپ ئاتىغانىكەن.
ھازىر بۇ كەنتتە تۆت مەھەللە، 267 ئائىلە، 1098 نو-
پۇس، 2666 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## «كالا تېرىسىچىلىك زېمىن لازىم»

خوتەن يەكەن خانلىقىغا قارايدىغان زامانىنىڭ بىر
يىلى يەركەنخانى شاخلىقتىكى غوجىلارنىڭ ۋەكىلىنى ئۆ-
زىنىڭ ھۇزۇرىغا چاقىرىپ بۇيرۇقنامە ئەۋەتىپتۇ. ياشتا-
چوڭراق بىر غوجا شاھنى خۇشال قىلىش ئۈچۈن چوڭ يا-
غاچ ساندۇق ياسىتىپ توپا قاچىلاپتۇ. پىشقىلى بىر ھەپ-
تە قالغان ئىككى توپ تاۋۇزنى توپا بىلەن يىلتىزىنى ئاج-
رىتىۋەتمەي بۇ «ساندۇق ئېتىز» غا ئاۋايلاپ كۆچۈرۈپتۇ.
تاۋۇزلارنىڭ قۇرۇپ كەتمىگىنىگە ئىشەنگەندىن كېيىن
ساندۇقنى ئات ھارۋىسىنىڭ ئۈستىگە ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. يول-
بويى تاۋۇز يىلتىزلىرىنىڭ زەخىملەنمەسلىكى ئۈچۈن ئات-
لارنى ئاستا، يولنىڭ تۈز يېرى بىلەن ھەيدەپ، تاۋۇزغا
سۇ قويۇپ — ئەيقىلىپ مېڭىپتۇ. ئۇلار بىر ھەپتىدىن كې-

سۆزى ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن «قوقان» غا ئۆزگىرىد-
قاپتۇ.

1880 - يىللىرى مەنچىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ خوتەندىك-
باش ئەمەلدارى بۇ قورغاننى مۇستەھكەملەپ دەرۋا
زىسىنى يېڭىلاپ باج ۋە تاموژنا ئىشخانىلىرىنى تەسى-
قىپتۇ. سودىگەر - كارۋانلارنى باشقا يولدىن مېڭىشنىچەك
لەپ بۇ دەرۋازىدىن ئۆتكۈزۈپ رەسمىيەت بېجىرىپ بېرد
دىكەن.

بۇ جاينىڭ ئىسمىنى «قورغان ئەمەس، قوقان» دەب
چۈشەندۈرگۈچىلەر مۇبار. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە، قورغار
دەرۋازىسىدىن ئۆتكەن كىشىلەرنىڭ پۇل - ماللىرى چېرىك-
لەرنىڭ تالان - تاراج قىلىشىغا ئۇچراپ تۇرغانلىقتىن، بۇ
دەرۋازىدىن ئۆتۈش كىشىلەرنى ۋەھىمىگە سالىدىغان بولۇپ
قاپتۇ. كىشىلەر بىر - بىرىگە:

— قورغاندىن قورقاڭ، - دەپ تەۋسىيە قىلىدىكەن
«ئېھتىيات قىلىڭ» دېگەن مەنادىكى «قورقاڭ» سۆزى كى-
شىلەرنىڭ كەيپىياتىنى ئۇدۇل ئىپادە قىلغانلىقتىن دەر-
ۋازا ئەتراپى قورقاڭ دەپ ئاتىلىپ قاپتۇ. يىللارنىڭ ئۆ-
تۈشىگە ئەگىشىپ بۇ ئاتالغۇ «قوقان» غا ئۆزگىرىپ كەنت-
نىڭ نامى بولۇپ قاپتۇ.

1996 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا بۇ كەنتتە ئالتە مەھەللە
385 ئائىلە، 1575 نوپۇس، 2604 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## يار بېشى

بۇ كەنت ياۋا يېزىسىغا سۇ بارىدىغان ئۆستەڭنىڭ
باغرىدا جايلاشقان بولۇپ، بۇنىڭدىن نەچچە يۈز يىل ئىل
گىرى ئۆستەڭنىڭ قېشىدىن يار ئېلىپ كېتىپتۇ. يار چوڭ

مۆھۈر بېسىپ بېرىپتۇ. غوجا شاخلىقتا قايتىپ كېلىپ چوڭ بىر كالىنىڭ تېرىسىنى ئۈستىرا بىلەن قىلدىنمۇ ئىنچىكە تىلىپتۇ. ئۇنى تارتىپ ماڭغانچە، بىر ئۇچى خوتەننىڭ پوكا، ئەگرىساي، لاگزۇ، يەنە بىر ئۇچى قاراقاشنىڭ ئۇجات، تۇزاقچى، قوقان، زاۋا، ياۋا دېگەن يەرلىرىگىچە سوزۇلۇپتۇ، خاننىڭ يارلىقىغا ئاساسەن غوجا كالا تېرىسى سوزۇلۇپ بارغان ھەممە يەرگە ئىگىدارلىق قىلىشقا باشلاپتۇ.

بۇ بىر رىۋايەتمۇ ياكى شۇنداق بىر ئىش بولۇپ ئۆتكەنمۇ؟ بۇنى سۈرۈشتۈرۈپ ئولتۇرمايلى، لېكىن غوجىلارنىڭ يۇقىرىدىكى جايلاردا نەچچە مىڭ مو ئېتىزلارنى، جىلغا، ساي، جاڭگاللارنى ئىگىلەپ كەلگەنلىكى راست.

## شاخلىق فېئوداللىق قورۇسى

شاخلىق كەنتىدە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى — «شاخلىق فېئوداللىق قورۇسى» بار.

مەتتۇرسۇنخان غوجا 1925 - يىلى بىنا قىلغان 31 مو كۆلەمدىكى بۇ ئارامگاھ باغ، ئېگىز تام بىلەن قورشالغان بولۇپ، باغنىڭ غەربىي شىمال تەرىپىدە ياۋروپا نۇسخىسىدا سېلىنغان تۆت ئېغىزلىق ئۆي بار. بۇ ئۆيگە ئىشلىتىلگەن پەنەركە ۋە رەڭلىك ئەينەكلەر ھىندىستاندىن كەلتۈرۈلگەنىكەن.

باغدا ھەممە يەردە ئۇچراپ تۇرىدىغان ئۆرۈك، شاپتۇل، ئاق ئالما، توغاچ، ئەينۇلىلاردىن باشقا، چەت ئەللەردىن كەلتۈرۈلگەن، نۇرغۇن كىشىلەر كۆرمىگەن سىرتى-

يېڭى رەپەكەنگە كېلىپ خاننىڭ ئالدىغا كىرىپتۇ. خ

ئۇنىڭدىن:

— ئاڭلىشىمچە، جەمەتىڭلاردىكى كىشىلەر بىر ـ
رىنى پالانىخان، پۈستانىخان دەپ چاقىرىشىدىكەنىمىل
سىلەخانلىقتا بىز بىلەن ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرۇپسىلەر. بىز ك
سىلەكىم بۇنىمۇ بىلمەمسىلەر؟ ـ دەپ سوراپتۇ. غوجا ئېگىل
تەزىم قىلىپ:

— يوغسۇ شاھىم، ئۆزلىرى بىلەن خانلىق تالىشىش
ھەددىمىز يوق، بىز تېرىقچىلىق قىلىدىغان خەقبىز. ئۆز
ىمىزنىڭ داخان ① ئىكەنلىكىمىزنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئې
مىمىزنىڭ ئاخىرىغا خان دەپ قوشۇپ قويۇپتىمىز، ئۆز
لىرى دۇرۇس كۆرمىسىلە ئۇنداق ئاتاشمايلى، ـ دەپتۇ.

پەمىسىزخان ئۇنىڭ گېپىگە ئىشىنىپ:

— مەيلى، يامان نىيەتتە بولماپسىلەر، قانداق چا
قىرىشساڭلار ئىختىيارىڭلا، ـ دەپتۇ. غوجىنىڭ ئىشارىتى بىلەن
ئۇنىڭ ھەمراھلىرى تاۋۇزلارنى ساندۇق بىلەنلا خاننىڭ
ئالدىغا ئېلىپ كىرىپتۇ، غوجا:

— پېقىر قۇللىرى خان ئۇلۇغلىرىغا بىر ئەرزىمەس
سوۋغاتنى ئېلىپ كەلگەنىدىم، ـ دەپتۇ. خان ئۇنىڭ سادا
قىتىگە ۋە پەم ـ پاراسىتىگە قايىل ھەم ھەيران بولۇپ:

— بارىكاللا، بارىكاللا، ھەر قانداق تەلىپىڭىز بول
سا دەڭ، مەن قوبۇل قىلىمەن، ـ دەپتۇ. غوجا:

— چوڭ تەلىپىم يوق، پەقەت كالا تېرىسىچىلىك زې
مىن تەلەپ قىلىمەن، ـ دەپتۇ. خان: «كالا تېرىسى دائى
رىسىدىكى زېمىننى ئۆزى خالىغان جايدىن تاللىسۇن، بۇ
يەرگە باج ـ سېلىق تاپشۇرمىسۇن» دەپ پەرمان يېزىپ

① دېھقان دېگەن مەنادىكى يەرلىك شىۋە.

غىلدىن چىققان كاللاردەك بولۇپ قالسا سەت تۇرىدۇ، بۇنىڭدىن كېيىن مەتتۇرسۇنخان هاجىم يولدا باشتا ماڭسۇن، داستىخاندا تۆردە ئولتۇرسۇن، ئۇنىڭ يېنىغا جالالىدىنخان غوجام، ئۇنىڭ يېنىغا،... دەپ 10 نەچچە غوجىنىڭ مېڭىش - ئولتۇرۇش تەرتىپىنى بەلگىلەپ قويغانىدى. مەتتۇرسۇنخان هاجىم ياشتا جالالىدىنخاندىن كىچىك بولسىمۇ، بىلىم مەرتىۋىسى ئارتۇق بولغاچقا هۆرمەتتە يۇقىرى هېسابلىناتتى.

هاجىم خوتۇن - باللىرىغا قاتتىق، ئىنچىكە تەلەپ قويىدىغان سەپرا مىجەزلىك كىشى ئىكەن، يوتقىنىدىن بىر غېرىچچە يىپ چىقىپ قالغانلىقتىن خوتۇنى گۆھەر تاجىخانغا:

— ياتىدىغان يېرىم نېمىشقا پاكىز تۇرمايدۇ؟ - دەپ ۋارقىراپ ئىككى تەستەك سالغانىكەن، گۆھەر تاجىخان ئېرىنىڭ بۇ قەدەر زىرىكلىق بىلەن باشقۇرىشىغا چىدىماي دۆلەتمەن ئائىلىدىن، «غوجا هاجىمنىڭ خېنىمى» بولۇشتەك مەرتىۋە - ئىناۋەتتىن ۋاز كېچىپ ئاجرىشىپ كەتكەنىكەن. هاجىم بىر كۈنى توقايىيا كەنتىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ بىر ئۆيگە كىرىپ قاپتۇ. بۇ ئۆينىڭ ئىگىسى قاسىماخۇن قۇشتاچ — نامرات بولسىمۇ، دىيانەتلىك، ئىمانى كامىل كىشى ئىكەن. هاجىم ئۇنىڭغا هېسداشلىق قىلىپ بۇ كەنتنىكى يەرلىرىدىن ئون مو ئىلتىپات قىپتۇ. بۇنىڭ بەدىلىگە:

— مەن بۇ يەرگە كېلىپ قالسام ئات - ئۇلاغلىرىمغا ئوت - بوغۇز بېرىپ قويغايلا. ئېرىق بويىدىكى دەل - دەرەخلىرىمگە قاراپ قويغايلا، - دېگەنىكەن. قاسىماخۇن قۇشتاچ بۇ ئون مو يەردە تىرىشچانلىق قىلىپ هال - كۈنى يىلمۇ - يىل ياخشىلىنىپ قالغانىكەن.

ئۇ 1948 - يىلى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسـ

گۈل، كاپۇستا، چىنار، سوپۇن دەرىخى، ئارچا، قارى
قاتارلىق زىننەت دەرەخلىرىمۇ بار. سوپۇن دەرىخى
تىكىنى مىختەك قاتتىق ھەم ئۇچلۇق بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى
20~2 سانتىمېترغىچە كېلىدۇ. يەرلىكلەر «مىخ
دەرىخى» دەپمۇ ئاتايدۇ. بۇ باغدا پاكار غوللۇق، كەڭ ب
پۇرماقلىق ئۇجمە ئېتىزلىرىمۇ بار. 1945 - يىلى مە
تۇرسۇنخان ھەجدىن قايتىش سەپىرىدە ھىندىستاندىن ب
نەچچە تۈپ ئۇجمە كۆچىتىنى يىلتىزى بىلەن لايغا ۋەرە
كە ئوراپ ئۆزى ئېلىپ كەلگەن ۋە باغقا كۆچۈرۈپ پاشا
تىپ كۆپەيتكەنىكەن. بۇ باغ ئازادلىقتىن كېيىن ناھ
يىلىك دېھقانلار جەمئىيىتى تەرىپىدىن، 1962 - يىلدى
كېيىن ناھىيىلىك پارتكوم تەرىپىدىن باشقۇرۇلۇپ، 1983
يىلىدىن كېيىن ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى
باشقۇرۇش ئورنىنىڭ ئىگىدارلىقىغا ئۆتتى.

## مەتتۇرسۇنخان ھاجى توغرىسىدا

ئىسمايىلخان غوجا ئوغلى مەتتۇرسۇنخان 1902 - يى
لى شاخلىقتا تۇغۇلغان.

ئۇ شىنجاڭدا ۋە سابىق سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدا نەش
قىلىنغان گېزىت - ژۇرناللارنى ھەر كۈنى ئوقۇيتتى. دەل
دەرەخ ئۆستۈرۈش، مېۋىلىك دەرەخلەرنى ئۇلاشقا ئامرا
ئىدى. مەمتىلىخان غوجا ئۆزىنى كۆرسىتىشكە ئامراق ب
لۇپ، يولدا باشقا، داستىخاندا تۆرگە ئۆتۈۋالاتتى. ب
قېتىملىق مېھماندارچىلىقتا غوجىۋىللاخان نارازى بولۇپ

— ئاتا - بوۋىلىرىمىزدىن تارتىپ نەسەب - ھۆ
مەت تەرتىپىمىز بىلەن ماڭىدىغان - ئولتۇرىدىغان قائى
دە - يوسۇنىمىز بار. يۈرۈش - تۇرۇشىمىز بىزنىداق ئ

كۆلەمدە ئېگىز قۇملۇق بار ئىدى.

1700 - يىللىرى زىكىياخان ۋە يەھياخانغوجىلار بۇ قۇملۇقنىڭ ئەتراپىدا يەر ئېچىش ئۈچۈن بىر نەچچە يۈز سوپى - مۇرىتلىرىنى ۋە يىللىقچى - ئوتاقچىلىرىنى يىغىپتۇ. ئىشقا چىقىشقا چاقىرىش ۋە كەيپىياتىنى جانلاندۇرۇش ئۈچۈن ئىككى ئادەمنى دۆڭلۈكنىڭ ئېگىز يېرىگە چىقىپ ناغرا چېلىشقا بۇيرىغانىكەن، شۇندىن كېيىن بۇ ئېگىزلىك ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدا بىنا بولغان مەھەللە «ناغرا دۆڭ» دەپ ئاتىلىپ كېلىۋاتىدۇ.

«ناغرا دۆڭ» توغرىسىدا يۇقىرىدىكىگە ئوخشىمايدىغان بۇنداق بىر بايانمۇ بار. 1864 - يىلى خوتەننىڭ ئەلىمى ھەبىبۇللا مۇپتى ھاجى قوماندانلىقىدىكى بىر قوشۇن قۇملۇقنىڭ شىمالىي تەرىپىگە يوشۇرۇنۇپتۇ. ياقۇپ بەگنىڭ پىيالما تەرەپتىن كەلگەن تاجاۋۇزچى قوشۇنلىرى بۇ قۇملۇقنىڭ يېنىدىكى يولدىن جەڭسىز — خاتىرجەم ئۆتۈپ خوتەنگە قاراپ ئىلگىرىلەپتۇ. قۇملۇقنىڭ ئېگىز يېرىدە يوشۇرۇنۇپ تۇرغان ئىككى كۆزەتچى ناغرا چېلىپ بەلگە بېرىپتۇ، تەييارلىنىپ تۇرغان خوتەن قوشۇنلىرى شۇ ھامان دۈشمەننىڭ كەينىدىن ھۇجۇم قىلىپ تىرىپىرەن قىلىۋېتىپتۇ. شۇندىن كېيىن بۇ قۇملۇق، ناغرا دۆڭ دەپ ئاتالغانىكەن. 1958 - يىلدىن باشلاپ بۇ قۇملۇقنىڭ ئەتراپىدىكى ئېتىزلىقلار كېڭەيدى، ئولتۇراقلاشقان ئائىلىلەر كۆپەيدى. قۇملۇقنىڭ ئىزناسى بىرمو ئەتراپىدا كىچىكلەپ قالدى.

بۇ مەھەللە 1984 - يىلدىن باشلاپ زاۋا يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بىۋاسىتە باشقۇرۇشىدىكى باغۋەنچىلىك مەيدانىغا تەۋە بولدى.

نىڭ غەربىي شىمالىغا يۈرۈش قىلغانلىقىدىن خەۋەر ت
پىپ مەمتىمىن بۇغرا، مەتتوختى ئەلەم، قۇربان بەگ ھ
جى قاتارلىقلار بىلەن سەئۇدى ئەرەبىستانىغا چىقىپ كە
بكەن بولۇپ، 1980- يىلى ھەرەمدە ۋاپات بولغانلىقى مەلۇ

## ئېگىز ئېرىق

يۈز نەچچە يىلدىن كېيىن، بۇرۇنقى بىر نەچچە ئا
ئىلىلىك غوجىلارنىڭ ئوغۇللىرى ئۈيلۈك - ئوچاقلىق بو
لۇپ ئون نەچچە ئائىلىگە كۆپەيدى. بۇلار شاخلىقتىلا قىـ
تىلىشىپ ئولتۇرۇشنى راۋا كۆرمىدى. ھەر بىر ئائىلە ئۆز
لىرىگە تەۋە نۇرغۇن باغ - ئېتىزلىقلىرىنىڭ، ئورمانلىق
لىرىنىڭ بولۇشىنى ئارزۇ قىلاتتى. شۇڭلاشقا ئۇلار «كا
ئېرىقى» دائىرىسىگە كىرگەن جايلاردا يەر ئېچىشنى بىر
يىلمۇ ئۈزۈپ قويمىدى.

1700 - يىللىرى زىكياخان، يەھياخان غوجىلار يې
يىق① تەرەپتىن ئېرىق چېپىشنى باشلاپ بەنەم دېگەن
قومۇشلۇقىچە ئۇزارتىپ باردى. كۈن چىقىش تەرەپتىن
قارىغاندا بۇ ئېرىقنىڭ ئورنى تامدەك ئېگىز كۆرۈنگەنـ
لىكتىن ئېگىز ئېرىق دەپ ئاتالدى. بۇ يەردە پەيدا بولـ
غان مەھەللىمۇ ئېرىقنىڭ نامى بىلەن ئاتالدى، بۇ ئېـ
رىقتا ھازىرمۇ سۇ ئېقىپ ئۆز ئەتراپىغا ھاياتلىق ئاتـ
قىلماقتا.

ھازىر بۇ كەنتتە ئالتە مەھەللە، 270 ئائىلە، 132
نوپۇس، 1433 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## ناغرا دۆك

ئېگىز ئېرىقنىڭ شىمالىي تەرىپىدە تەخمىنەن 200 م

① شاخلىقنىڭ باش تەرىپىدىكى ئەت

ئېرىقنىڭ باش قىسمىدا مۇشۇ كەنتنىڭ دانا بەگ، سېرىق-بەگ ۋە سەيداخۇن دېگەن ئۈچ ئادەم ئايرىم تۈگمەن چۆرىگەنىكەن. كېيىنچە بۇ تۈگمەنلەرنىڭ تەسىرىدىن ئېرىقنىڭ تۆۋەن قىسمىنى قۇم بېسىپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن كەنتكىمۇ مۇشۇ ئېرىقنى كۆزدە تۇتۇپ «قۇمئېرىق» دەپ نام سىڭىپ قالغانىكەن.

ئېرىقنىڭ قۇم بىلەن پۈتۈپ قېلىشىغا سەۋەب بولغان تۈگمەنلەر ئەمدىگىچە بار بولۇپ، 1992-يىلى ئېرىق ئۆزگەرتىشتە ئەمەلدىن قالدى. ھازىر بۇ كەنتتە بەش مەھەللە، 289 ئائىلە، 1307 نوپۇس، 1509 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## توغراق مازار

بۇرۇندىن باشلاپ كەنتنىڭ جەنۇب قىسمىدا بىر توغراقلىق مازار بولۇپ، بۇ مازار 1968- يىلى بۇزۇپ يەر قىلىنغانىدى. 1984 - يىلى ئايرىم كەنت تەسىس قىلىنىغاندا، مۇشۇ يەردە ئولتۇراقلاشقان «توغراق مازار» مەھەللىسىنىڭ نامى بىلەن كەنتكە يەنىلا ئاشۇ نام مۇقىمدالدى.

ھازىر بۇ كەنتتە بەش مەھەللە، 335 ئائىلە، 1405 نوپۇس، 1628 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## ساينوغۇچ

100 ياشلىق ئەخمەت ئاخۇن تاۋۇزنىڭ بايانىدىن مەلۇم بولدىكى، بۇرۇن بۇ كەنتنىڭ شەرق تەرىپى سايلىق ئىكەن، 150 يىل ئىلگىرى كىشىلەر بۇ سايلىقتىن ئېرىق چېپىپ كەنتكە كېلىدىغان سۇ مەنبەسىنى ئاۋۇتۇپتۇ. بۇ ئېرىق نوغۇچتەك تۈز چېپىلغانلىقتىن «ساينوغۇچ» دەپ

## لەڭگەر

ئىلگىرى ئىمامى ئەپتەر مازىرىغا بارىدىغان تاۋ
چىلار بۇ يەردىن ئۆتىدىكەن. ئەمما، كېچىسى كېلىپ ق
غان كىشىلەر مۇشۇ يەردىكى بىر ئېقىندىن ئۆتۈشتىن ق
قۇپ قونۇپ قالىدىكەن. يىللارنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىش
بۇ يەرمۇ تەبىئىي ھالدىلا قونالغۇغا ئايلىنىپ «لەڭگە
دېگەن نام بىلەن ئاتىلىپ قاپتۇ. (شۇ كەنتتىن با ك
بارات سۆزلەپ بەردى)

ھازىر بۇ كەنتتە تۆت مەھەللە، 195 ئائىلە، 2
نوپۇس، 1098 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## شەيدان

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇنىڭدىن نەچچە ئەسىرل
بۇرۇن بۇ جايدا ئىسلام ئەسكەرلىرى بىلەن بۇددا قوشۇن
لىرى ئۇتتۇرىسىدا ناھايىتى دەھشەتلىك جەڭ بولۇپ ئۆت
كەنىكەن. بۇ جەڭدە ئىسلام ئەسكەرلىرى زور تالاپەتك
ئۇچراپ كۆپلىرى قىرىلىپ كېتىپتۇ ۋە مۇشۇنى كۆزدە تۇ
تۇپ، بۇ يەرنى «شېھىتدان» دەپ ئاتىشىپتۇ. يىللارنىڭ
ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ بۇ سۆز «شەيدان» غا ئۆزگىرىپ كەنت
نامى بولۇپ قاپتۇ.

ھازىر بۇ كەنتتە تۆت مەھەللە، 180 ئائىلە، 86
نوپۇس، 956 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## قۇمئېرىق

ئابدىجېلىل ئاخۇننىڭ (47 ياش) سۆزلەپ بېرىشىچە
بۇنىڭدىن 130 يىللار ئىلگىرى بۇ كەنتكە سۇ كېلىدىغان

«قەلەمقاش بەگ» نىڭ قوماندانلىقىدا بىر نەچچە مىڭ ھاشارچى توپا يۆتكەپ كېلىپ كۆتۈرۈشكە باشلاپتۇ. ئۇلار بىر نەچچە ئاي ئىشلەپ 500 مېتىردەك ئېرىقنى كۆتۈرۈپ بولغاندا مۇنداق بىر ۋەقە يۈز بېرىپتۇ: يەنى، «قەلەمقاش بەگ» كە مۇشۇ ئورمانلىقتا بىر يولۋاسنىڭ بارلىقى مەلۇم بوپتۇ. «قەلەمقاش بەگ» دەرھال بۇيرۇق چۈشۈرۈپ ئورمانلىقنى يۇمىلاق دائىرىدە قورشاشنى، يولۋاس كىمنىڭ ئالدىغا چىقسا كەتمەن بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈشنى جاكارلاپتۇ. راست، يولۋاس چىقىپتۇ، ئەمما، يولۋاس «قەلەمقاش بەگ» نى دەھشەتلىك سوقۇپ قېچىپتۇ. «قەلەمقاش بەگ» شۇ يەردىلا جان ئۈزۈپتۇ ۋە ئاشۇ ئېرىقنىڭ قېشىغا دەپنە قىلىنىپتۇ. ئېرىق كۆتۈرۈشمۇ شۇنىڭ بىلەن توختاپ قاپتۇ. (قەلەمقاش بەگنىڭ قەبرىسى ھېلىمۇ بار، ئېرىقمۇ شۇ پېتى تاشلاپ قويۇلغان.) كېيىنچە بۇ يەردە ئاھالە كۆپىيىپ ئاشۇ ئېرىقنىڭ نامى بىلەن «كۆتىرەم» دەپ ئاتىلىپتۇ.

### كېلە لەقەملىكلەر

ھازىرقى كۆتىرەم كەنتىدە ئولتۇرۇشلۇق 96 ياشلىق ئىمىن ئاخۇن «كېلە» نىڭ بوۋىسى قاسىم ئاخۇننىڭ لەقىمى «نەغمىچى» ئىكەن. ئەمما، ئۇ دائىم كولۇپلا يۈرگەچكە «نەغمىچى» لەقىمى تاشلىنىپ «كولەر» دېگەن لەقەم سىڭىپ قاپتۇ. ئۇنىڭ ھازىرقى ئەۋلادلىرىغا سىڭگەن «كېلە» لەقىمى ئاشۇ «كولەر» نىڭ ئۆزگەرمىسى ئىكەن. «كېلە» لەقەملىكلەر ھازىر 15 ئائىلىگە يەتتى.

### شورلۇقئېرىق

70 ياشلىق رەھمەت ئاخۇن قاتارلىق پېشقەدەملەرنىڭ

ئاتىلىپ بارا - بارا كەنتنىڭ نامى بولۇپ قاپتۇ.

بۇ كەنتتە مۇشۇك مەھەللە دەپ ئاتالغان بىر
بار. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا بۇ جايدىكى كىشىلەر
دىنىنى قوبۇل قىلىپ بىر مەزگىلدىن كېيىن ئەسلىدە
دىنىغا يېنىۋالغانلىقتىن «مۇشرىك» دەپ ئەيىبلىنىپتۇ.
مۇشرىك دېگەن بۇ ئاتالغۇ يىللارنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ
كىشىلەرنىڭ تىلىغا «مۇشۇك» بولۇپ ئۆزلىشىپتۇ.

بۇ كەنتتە تۆت مەھەللە، 203 ئائىلە، 784 نوپۇس
1241 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## ئۆتەك

بۇ كەنتلىك پېشقەدەملەرنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە
1830 - يىللىرى بۇ كەنتنىڭ دوقمۇشىغا چوڭ كۆل كۆلىنىپ
تۇ. يولدىن ئۆتكەنلەر بۇ كۆل بويىدا سايىداپ، سۇ ئىچىپ
دەم ئالىدىكەن، ئات - ئۇلاغلىرىنى سۇغۇرۇپ هاردۇق ئال
دۇرىدىكەن. شۇ چاغلاردىن باشلاپ بۇ يەر «ئۆتەك» دەپ
ئاتالغانىكەن.

بۇ كۆل 1976-يىلى تىندۇرۇلۇپ تېرىلغۇ يەر قىلىنىدى
لېكىن كۆلنىڭ ئورنى يەنىلا پەس كۆرۈنىدۇ.

بۇ كەنتتە تۆت مەھەللە، 258 ئائىلە، 1221 نوپۇس
115.7 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## كۆتىرەم

بۇنىڭدىن 120 نەچچە يىللار ئىلگىرى بۇ كەنتنىڭ
ئورنى ناھايىتى بۈك- باراقسان ئىپتىدائىي ئورمانلىق
ئىكەن. شۇ يىللاردا بۇ يەردىن سۇ ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن بىر
ئېرىقنى 20 مېتىر ئېگىزلىكتە كۆتۈرۈشكە توغرا كەپتۇ ۋ

## باشاقچى

86 ياشلىق ئابدۇلمۆئمىن مەخسۇم ھاجىمنىڭ ھېكايىتىدىن مەلۇم بولدىكى، تەخمىنەن 210 يىل ئىلگىرى، بىر دېھقان مەھەللىنىڭ غەرب تەرىپىدىكى يانتاق ـ قومۇش قاپلىغان جاڭگاللىقتا تۇنجى قېتىم تېرىغان بۇغداي راسا ئوخشاپ يوغان ـ يوغان باشاق تۇتۇپتۇ. كىشىلەر بۇ ئېتىزلىقنى باشاقچى دەپ ئاتاپتۇ. يىللارنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ باشاقچى دېگەن بۇ ئاتالغۇ كەنتنىڭ نامى بولۇپ قاپتۇ.

يۇقىرىدىكىگە ئوخشىمايدىغان بۇنداق پاراڭلارمۇ بار: ياقۇببەگ دەۋرىدە ئالۋاڭ ـ ياساق ھەددىدىن ئېشىپ كېتىپتۇ. يەرلىك ئەمەلدارلار ئالۋاڭ ـ ياساق تاپشۇرالمىغان پۇقرالارنىڭ ئۆيلىرىدىن قازان ـ چۆمۈچ، توخۇ ـ قويلىرىنى يىغىۋېلىش ئۇچۇن كەلسە، ھېچكىمنىڭ ئۆيىدىن تۇتامغا چىققۇدەك مال ـ مۈلۈك تاپالماپتۇ. ئەسلىدە پۇقرالار توخۇ ـ قويلىرىنى يىراقتىكى تۇغقانلىرىغا ئاپىرىپ بېرىپ، پۇللۇق مال ـ مۈلۈكلىرىنى كۆلدىكى سۇغا چۆكتۈرۈۋەتكەنىكەن. يۇرت بويىچە ئېچىلغان چوڭ يىغىندا يەرلىك ئەمەلدار ئۇلارنى:

— باشباشتاقلار (باشقۇرۇشقا بويسۇنمايدىغانلار) دەپ تەنقىد قىپتۇ. ئۇلارغا «باشتاقچى» دەپ لەقەم سىڭىپ بارا ـ بارا كىشىلەر تىلىغا «باشاقچى» دەپ سىڭىپ قاپتۇ.

بۇ كەنتتە بەش مەھەللە، 284 ئائىلە، 1101 نوپۇس، 1112 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## كۆلئېرىق

ئېلى قۇربانىنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە، ئىلگىرى بۇ كەنتنى

سۆزلەپ بېرىشىچە، كىشىلەر مەھەللىنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى شورلۇقتىن ئېرىق قېزىپ سۇ باشلاپ كېلىپ بۇ ئېرىقنى «شورلۇقئېرىق» دەپ ئاتاپتۇ. بۇ ئاتالغۇ بارا-بارا كەنتنىڭ ئىسمى بولۇپ قاپتۇ.

بۇ كەنتتە تۆت مەھەللە، 178 ئائىلە، 684 نوپۇس 765 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## كۆتەكئېرىق

ئابلىز روزىمۇھەممەتنىڭ سۆزلەپ بېرىشىگە قارىغاندا، بۇنىڭدىن 110 يىل ئىلگىرى (1887- يىلى) كەنتكە سۇ ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن كىشىلەر مۇۋاپىق دەپ قارىغان يەردىن بىر ئېرىق چېپىپتۇ. ئەمما، ھە دېگەندىلا ئېرىق ئورمان كۆتەكلىرىگە توغرا كېلىپ قېلىپ، تېخى پۈتمەي تۇرۇپلا «كۆتەكئېرىق» دەپ ئاتىلىپ قاپتۇ. ھازىرقى «كۆتەكئېرىق» دېگەن كەنت نامى ئەنە شۇ چاغدا پەيدا بولغانىكەن.

ھازىر بۇ كەنتتە تۆت مەھەللە، 194ئائىلە، 847 نوپۇس، 891 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## ئارىغول

ئەسلىدە بۇ جاي «كوچا بويى» دەپ ئاتىلىدىكەن. ئۆيلەر يۇرتنىڭ ئارىسىغا يېقىن - يېقىن سېلىنغانلىقى ۋە كىشىلەر غوم (ئىناق - ئىجىل) ياشىغانلىقى ئۈچۈن باشقا يۇرتلۇقلار ھەۋەسلىنىپ «ئارىغول» دەپ ئاتاشقانىكەن.

بۇ كەنتتە بەش مەھەللە، 291 ئائىلە، 1133 نوپۇس، 1432 مو تېرىلغۇ يەر بار.

بۇ يەرگە ئاشۇ «مايمۇن» لەقەملىكلەرنىڭ بىر ئەۋلادى كېلىپ ئولتۇراقلىشىپتۇ ۋە «تېرەكئالدى» دەپ ئاتىلىپتۇ، كېيىن بۇ سۆز «تېرەكئايلا» غا ئۆزگىرىپ قالغانىكەن.

هازىر بۇ كەنتتە تۆت مەھەللە، 310 ئائىلە، 1433 نوپۇس، 1598 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## ئۈجمە ئايلا

56 ياشلىق مەتتۇرسۇن ئاخۇننىڭ ئېيتىپ بېرىشىدىن مەلۇم بولدىكى، بۇ يەردە ھېلىمۇ تارىخى تەخمىنەن 150 يىلدىن ئاشىدىغان ئىككى تۈپ قېرى ئۈجمە بار.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئىلگىرى بۇ كەنتنىڭ كىشىلىرى ئۈجمە يېتىشتۈرۈشكە ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىدىكەن. يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئۈجمىلەر بوك - باراقسان ئۆسكەن بولۇپ، يولغا ئاپتاپ چۈشمەيدىكەن. شۇڭا كىشىلەر بۇ جاينى «ئۈجمە ئالدى» دەپ ئاتاپتۇ. بۇ ئاتالغۇ بارا - بارا ئۆزگىرىپ كىشىلەرتىلىغا «ئۈجمە ئايلا» دەپ سىڭىپ قاپتۇ.

هازىر بۇكەنتتە ئۈچ مەھەللە،205 ئائىلە، 858 نوپۇس، 766 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## مازار ئايلا

ئېيتىشلارغا قارىغاندا كەنت تەۋەسىدىكى هازىرقى «قىرمىش تاقىم» مازىرىغا ئىلگىرى ناھايىتى كۆپ تاۋاپچىلار كېلىپ تۇرىدىكەن.① ئۇلار مازارغا يېقىن جايلارنى «مازار ئالدى» دەپ ئاتاپتۇ. يىللارنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ بۇ سۆز «مازار ئايلا» غا ئۆزگىرىپتۇ ۋە كەنت

① بۇ مازار هازىرمۇ بار

كېتىپ ئۆتىدىغان ئېرىق ھەم كەڭ ھەم چوڭقۇر ب
غاچقا كۆلئېرىق دەپ ئاتىلىپتۇ ۋە بۇ كەنتكە ئىسىم ب
لۇپ ئۆزلىشىپتۇ.

بۇ كەنتتە بەش مەھەللە، 231 ئائىلە، 1037 نوپۇ
1142 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## بۇغدايئېرىق

ئابدۇلمۆئمىن مەخسۇم ھاجىمنىڭ بايانىدىن م
لۇم بولدىكى، تەخمىنەن 210 يىل ئىلگىرى بىر دېھقا
مەھەللىنىڭ غەرب تەرىپىدىكە ئېرىق چېپىپ، سۇ باشلاپ ك
لىپ بۇغداي تېرىپتۇ. بۇغداي راسا ئوخشىغىنىغا قارا
باشقا دېھقانلارمۇ كۆچۈپ بېرىپتۇ. بۇ دېھقانلار كېيىنك
يىلى ئېرىقنى كېڭەيتىپ بۇغداينى تېخىمۇ كۆپ تېرىپتۇ
ئېرىقنىڭ «بۇغدايئېرىق» دېگەن نامى كېيىنچە بۇ كەنت
نىڭ ئىسمى بولۇپ قاپتۇ. بۇ كەنتتە تۆت مەھەللە
158 ئائىلە، 648 نوپۇس، 845 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## تېرەكئايلا

ئەسلى بۇ كەنتنىڭ ئورنى جاڭگاللىق
ئىكەن. بۇ جاڭگاللىقتا يېقىن ئەت
راپتىكى مەھەللىدىكىلەرنىڭ بىر قەبرىستانلىقى بولۇپ
بۇ قەبرىستانلىقتا بىر كونى «مايمۇن» لەقەملىك «ئ
مىنكام» ۋە «چىمنكام» دېگەن ئىككى ئادەم پەيدا بولۇپ قاپتۇ. ئ
لار بۇ جايدا بىر كوندەك تۇرۇپ، قەبرىستانلىقنىڭ يېنىغا بى
تۈپ تېرەك سېلىپتۇ ۋە ئىچىدىغان بىر قاپاق سۇيىنى ئۇ
نىڭغا قويۇۋېتىپ كېتىپتۇ. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ب
تېرەك ئايىنىپ ناھايىتى ھەيۋەتلىك يوغىناپتۇ. كېيىنچ

راھىب (دىن تەرغىباتچىسى) تۆگىگە مىنىپ كېلىپ بۇجاي-
دا دىنىي تەشۋىقات بىلەن شۇغۇللىنىپتۇ. ئۇنىڭ تۆگىسى
ئۆلۈپ قېلىپ بۇ جايغا كۆمۈلۈپتۇ، كېيىن تۆگىنىڭ قەب-
رىسى ئەتراپىغا قېلىن توغراق ئۈنۈپ چىقىپ كۆكلەپتۇ.
شۇنىڭدىن بۇيان بۇ جاي تۆگەتوغراق دەپ ئاتىلىپ
كەپتۇ.

بۇ كەنتتە سەككىز مەھەللە، 349 ئائىلە، 1609 نو-
پۇس، 1847 مو تېرىلغۇ يەر بار.

1995-يىلى 2-ئاينىڭ 13-كۈنى بۇ كەنتتە تۇغۇلۇپ
ئۆسكەن ئاكا-ئۇكا مىجىت ھاجىم (45 ياش) بىلەن ئاب-
دۇغېنى ھاجىم (42 ياش) 40 مىڭ يۈەنلىك نەقپۇل، رەخت
ۋە ئاشلىقنى ئۆز يېزىسىدىكى نامرات ئائىلىلەرگە ھەدى-
يە قىلدى.

ئۇلار 1980-يىلدىن كېيىن پارتىيىنىڭ ئىسلاھات
ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش سىياسىتىنىڭ
يېتەكچىلىكىدە ھالال ئەمگىكى ۋە ئەقىل-پاراسىتىگە تا-
يىنىپ ئالدىن بېيىغانلاردۇر. ئۇلارنىڭ قاراقاش ۋە
خوتەن شەھىرىدە قۇرۇق يېمىش دۇكانلىرى بولغاندىن تاش-
قىرى، چەت ئەللەر بىلەن بولغان سودا مۇناسىۋىتىمۇ ئو-
ڭۇشلۇق روناق تاپتى. ئۇلارنىڭ مۇقىم ۋە كۆچمە مەبلىغى
2 مىليون يۈەندىن ئاشتى، مىجىت ھاجىم ھازىر خو-
تەن شەھەرلىك تاشقى سودا شىركىتىنىڭ دىرېكتورى. بۇ-
لارنىڭ 1980-يىلدىن تا ھازىرغىچە ئۆز يېزىسىدىكى دېھ-
قانلارغا ئىئانە قىلغان نەقپۇل، ئاشلىق، ئوغۇت، رەخت
ھارۋا قاتارلىق ماددىي بۇيۇملىرىنىڭ ئومۇمىي قىممىتى
200 مىڭ يۈەندىن ئاشتى.

خامۇش بولۇپ قاپتۇ. (شۇ كەنتلىك مىجىت روزى سۆزلەپ
بەردى).

هازىرقى كەنتتە ئۈچ مەھەللە، 191 ئائىلە، 743 نو
پۇس، 847 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## جايتېرەك

تەخمىنەن 250 يىللار ئىلگىرى بۇ جايدىكى خەلق
ئىسلام ئەقىدىلىرىنى تەشۋىق - تەرغىب قىلىشقا كەلگە
غوجاخۇن خەلپەت دېگەن كىشى بۇ يەردىكى تومۇلۇقتا ئۆ
ئادەمنىڭ قۇچىقى يەتمىگۈدەك بىر تۈپ قېرى تېرەكك
بىر نەچچە قېتىم يۆلىنىپ ئولتۇرغانىكەن. يەرلىك مۇسۇل
مانلارنىڭ نەزەرىدە بۇ بىر تۈپ تېرەك تەۋەررۈك دەرەخ
ئايلىنىپ قاپتۇ ۋە ئۇنى ھېچكىمنىڭ زىيانغا ئۇچرىتىشىغ
يول قويماپتۇ. 1880- يىللىرىغا كەلگەندە بۇ تېرەك تۈۋى
مەجلىس ئاچىدىغان، يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ گۇناھكار
لارنى جازالايدىغان (تېرەك پۇتاقلىرىغا ئاسىدىكەن)جاي
غا ئايلىنىپ قاپتۇ. شۇ چاغلاردا كىشىلەر «تېرەك تۈۋى
يىغىلىدىغان جاي»، «جازا ئىجرا قىلىنىدىغان جاي» ..
دېگەندەك گەپلەرنى قىلىدىكەن. بارا - بارا بۇ سۆزلە
«جايتېرەك» دېگەن نامغا يىغىنچاقلىنىپ كەنت نامىغا قو
يۇلۇپ قاپتۇ.

بۇ تېرەك 1948- يىلى قاراقاش دەرياسىغا سېلىنى
دىغان كۆۋرۈككە ئىشلىتىش ئۈچۈن كېسىلدى.

بۇ كەنتتە يەتتە مەھەللە، 349 ئائىلە، 1391 نوپۇس
1922 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## تۆگەتوغراق

رىۋايەت قىلىنىشىچە، نەچچە يۈز يىللار ئىلگىرى بە

ھەللىلەردىمۇ مۇۋاپىق مىقداردا خانلىق يېرى بارئىكەن، ھازىرقى «خېنى» نىڭ ئورنى بۇرۇنقى خانلىق يېرى بولۇپ، باشاقچى، بۇغدا يئېرىق تەۋەلىكىدە ئىدى.

1984- يىلى ئايرىم كەنت قىلىپ تەسىس قىلىنغاندا بۇ يەر خېنى (خان يېرى) مەھەللىسىنىڭ نامى بىلەن ئاتالدى. (شۇ كەنتتىن ھەبىبۇللا ئاخۇن سۆزلەپ بەردى).

بۇ كەنتتە ھازىر ئۈچ مەھەللە، 176 ئائىلە، 750 نوپۇس، 1009 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## ئاياغمازار

بۇنىڭدىن 100 يىل ئىلگىرى زاۋا ئۆستەڭنىڭ ئايىغى توختىغان بۇ جاي ئاياغيۇرت ھېسابلىناتتى. بۇ چاغدا بارلىققا كەلگەن زاراتگاھلىقىمۇ ئاياغمازار دەپ ئاتالغانىدى. 1950- يىللىرىدىن ئېتىبارەن بۇ جايلار يىلدىن - يىلغا ئاۋاتلىشىپ1984- يىلدىن كېيىن ئاياغمازار كەنتى دەپ ئاتالدى.

بۇ كەنتتە ئالتە مەھەللە، 293 ئائىلە، 1208 نوپۇس، 1546 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## خۇمدان

1900- يىللىرى ھازىرقى زاۋا يېزىسىنىڭ مەركىزىدىن ئۆستەڭ بويلاپ تۆت كىلومېتىر ئاياغدا، تۇداخۇن بەگ دېگەن كىشىنىڭ تەۋەلىك دائىرىسىدە ئۆستەڭدىن غەرب تەرەپكە 6000 قەدەم (تەخمىنەن تۆت كىلومېتىر) ئېرىق چېپىلغانىكەن. بۇ ئېرىق تار ھەم چوڭقۇر بولغانلىقتىن كىشىلەر «خۇمداندەك چوڭقۇر ئېرىق بوپتۇ» دېيىشىپ كېيىنچە بۇ ئېرىق «خۇمدانئېرىق»، بۇ ئېرىقنىڭ سۈيىنى

## چوكانچىلىغا

بۇرۇنقى زاماندا ياۋا دەرياسى بۇ يەردىن ئاقىد
كەن. دەريانىڭ ئېقىنى يۆتكەلگەندىن كېيىن بۇ جاي
گەتلىك جىلغىغا ئايلىنىپتۇ.

بۇ كەنتتە بەش مەھەللە، 327 ئائىلە، 1281 نوپۇس
1669 مو تېرىلغۇ يەر بار.

ئاپتونوم رايونلۇق 8- نۆۋەتلىك خەلق ۋەكىللى
قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، ئاپتونوم رايون بويىچە مائارىپ
قوللاش نەمۇنىچىسى، ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋ
كارخانىچى، قاراقاش ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ
مۇئاۋىن رەئىسى قاسىم ئىمىن بۇ كەنتتە تۇغۇلۇپ ئۆس
كەن، پارتىيىنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش سىياسىتىنىڭ
ئىلھامى بىلەن ئالدىن بېيىغان دېھقان كارخانىچىدۇر
ئۇ زامانىۋى خىش زاۋۇتى، ئۇن زاۋۇتى، قاتناش - ترا
سپورت كارخانىسىنى قۇرۇشتىن تاشقىرى، دېھقانچىلىق
چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىق بىرلەشكەن ئىگىلىك گەۋدى
ياراتتى. ئۇ 139 نوپۇسلۇق 34 ئائىلىنى نامراتلىقتىن
قۇتۇلدۇردى. نامراتلارنىڭ 45 پەرزەنتىنى ئىشقا ئورۇ
لاشتۇرۇپ 1993- يىلىلا 225 مىڭ يۈەن ئىش ھەققى تا
قاتتى. ئۇنىڭ مۇقىم مۈلكى 300 مىڭ يۈەنلىكتىن، كۆچ
مە مەبلىغى 200 مىڭ يۈەندىن ئاشتى. ئۇ 1989- يىلى ئو
يېزىدىن 130 مىڭ يۈەن مەبلەغ چىقىرىپ باشلانغۇچ مەك
تەپ، 1991- يىلى 20 مىڭ يۈەن خەجلەپ بەش ئېغىزلى
دوختۇرخانا سېلىپ بەردى.

## خېيىنى

خانلىق تۈزۈم ۋاقتىدا چەت - ياقا جايلاردىكى م

شىچە، 1850- يىللىرى تاغ مىڭلىكى ① بىلەن قاياش مىڭلىكىدىن 74 ئائىلە مۇشۇ يەرگە كۆچۈپ كىرىپ ئولتۇراقلىشىپتۇ. ئۇلارنىڭ كىچىك دائىرىدە توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقانلىقىنى كۆرگەن كىشىلەر بۇ يەرنى «توپچە» دەپ ئاتاپتۇ. كېيىن بۇ سۆز توپچاغا ئۆزگىرىپ قاپتۇ.

بۇ كەنتتە ئۈچ مەھەللە، 183 ئائىلە، 863 نوپۇس، 995 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## ئۈرچى

19- ئەسىرنىڭ 70- يىللىرىدا خوتەننىڭ باش ئەمەلدارى ھەزتۇللا پۇقرالارنى قوزغاپ ھازىرقى زاۋا يېزىسىنىڭ غەربىي شىمال تەرىپىدە بوز يەر ئېچىپ يۇرت بىنا قىلىپ، بۇ يۇرتنى «ئۈرچى» دەپ ئاتاپتۇ. قارا قاش ناھىيىسى تەسىس قىلىنغان 1919- يىلىدىن باشلاپ 1974- يىلىغىچە «ئۈرچى» دېگەن يۇرت زاۋا يېزىسىغا تەۋە بولغان، 1975- يىلى «ئۈرچى» دېگەن بۇ يۇرتنىڭ ئاز بىر قىسمى «شەرق شامىلى» گۇڭشېسىغا بۆلۈپ بېرىلىپ، كۆپرەك قىسمى «جىددىي ئىلگىرىلەش» گۇڭشېسىغا تەۋە بولۇۋەرگەن. ھازىرقى ئۈرچى كەنتى ئۆز ۋاقتىدىكى «ئۈرچى» دېگەن يۇرتنىڭ كىچىك بىر بۆلىكىدۇر.

## غالداي ئايىمىقى

تەخمىنەن 1930- يىللىرى غالداي لەقەملىك ئالىم ئاخۇن دېگەن ئادەم بىر نەچچە ئائىلىلىكلەر بىلەن بۇ يەرگە كىرىپ ئولتۇراقلىشىپ قاپتۇ ۋە

① سايباغ يېزىسى نەزەرگە ئېلىنىدۇ
② قاراقاش بازىرى، ماڭلاي يېزىسى نەزەرگە ئېلىنىدۇ.

ئىچىدىغان كىشىلەر «خۇمدانئېرىقلىقلار» دەپ ئاتىلىپتۇ①
يىللار ئۆتۈپ مەھەللە ئەسلىدىكىدىن بىر نەچچە ھەس
كېڭەيگەن بولسىمۇ، يەنىلا «خۇمدانئېرىق» دېيىلىپت
كېيىنچە «ئېرىق» دېگەن سۆز چۈشۈپ قېلىپ كىشىلەر تىل
غا «خۇمدان» دەپ ئۆزلىشىپتۇ. ھازىر «خۇمدان» دېگەن
ئاتالغۇ توپچا، خۇمدان، توغرىيار دىن ئىبارەت ئۈچ كەن
نىڭ بىر تۇتاش گەۋدىسىنى ئىپادىلەيدۇ.

بۇ كەنتتە بەش مەھەللە، 278 ئائىلە، 1100 نوپۇس
1507 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## توغرا يار

ئابلىكىم غوپۇرنىڭ سۆزلەپ بېرىشىدىن مەلۇم بول
دىكى، بۇ كەنتنى كېسىپ ئۆتىدىغان بىر ئېرىق بولۇپ
بۇ كەنتمۇ 1954- يىلغا قەدەر مۇشۇ ئېرىقنىڭ نامى بى
لەن «كۆلئېرىق» دەپ ئاتىلىپ كەپتۇ. 1955- يىلى بۇ
ئېرىق يار ئېلىپ كېتىپ، كەنتنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆ
قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر تىلىغا ئەسلىدىكى نام ئۇن
تۇلۇپ، «توغرايار» دېگەن سۆز ئومۇملىشىپ قاپتۇ
ۋە كەنتمۇ شۇنداق ئاتىلىپتۇ.

بۇ كەنتتە ئالتە مەھەللە، 328 ئائىلە، 1273 نوپۇس
1626 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## توپچا

كەنت سېكرېتارى مەمەت ئەمەرنىڭ سۆزلەپ بېرىد

① 1975- يىللىرى ئېتىز - ئېرىقلارنى سالالاشتۇرغاندا بۇ ئېرىق، تۈز-
لۈپتىلدى. ھازىر ھېچقانداق ئىزناسى يوق.

ھېلىقى پاۋان بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەنى بايان قىپتۇ. ئۇنىڭ سۆزىدە «ئۇر» دېگەن سۆز كۆپ تەكرارلانغانلىقتىن پاۋانلار بۇ يەرنى «ئۇرچى» دەپ ئاتاپتۇ. كېيىنچە بۇ يەردىن ئۆتكەن - كەچكەنلەر «ئۇرچىغا باردۇق»، «ئۇرچىدىن ئۆتتۇق» دېگەن گەپلەرنى تەكرارلىشىپتۇ. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ جاينىڭ نامى كىشىلەرنىڭ تىلىدا «ئۇرچى» دەپ ئۆزلىشىپ قاپتۇ.

يەنە بىر ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، «ئۇرچى» دېگەن بۇ ئاتالغۇ ئۇزۇنلۇق ئۆلچەم بىرلىكى بولۇپ، ئەينى يىللاردا بۇ جاڭگال كىشىلەرگە ئۇرچىدا بۆلۈپ بېرىلگەنلىكتىن، بۇ جايغا «ئۇرچى» دەپ ئىسىم سىڭىپ قالغانىكەن.

## قاشبويى

بۇلاق سۇلىرىدىن ھاسىل بولغان تەبىئىي ئېقىن بۇ جاي بىلەن كۇيا يېزىسىنى ئايرىپ تۇرىدۇ. بۇ تەبىئىي ئېقىننىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى قاشبويى بۇ جايدا ئەڭ دەسلەپتە ئېچىلىپ تېرىلغۇ باشلانغان يەر بولغانلىقتىن، بۇ مەھەللە قاشبويى دەپ ئاتالغانىكەن، مەھەللە كېڭىيىپ كەنتكە ئايلانغاندىن كېيىنمۇ قاشبويى دەپ ئاتالماقتا.

بۇ كەنتتە تۆت مەھەللە، 268 ئائىلە، 960 نوپۇس، 1721 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## قۇم رابات پاشىم قەدىمكى بۇتخانا ئىزى

(تارىختىن سۆز)

مەتكېرەم ئىسمايىل

مەزكۇر بۇتخانا ئىزى — قاراقاش ناھىيە زاۋا يېزىسىنىڭ غەربىدىن تەخمىنەن 15 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى قۇم بارىخانلىرى ئارىسىغا جايلاشقان بولۇپ، يەر يۈزى-

يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىپتۇ. بىر نەچچە يىللار
كېيىن بۇ يەرگە يەنە قاراساي، ياۋا، كۈيا يېزىلىرىد
نەچچە ئون ئائىلىلىك دېھقان - چارۋىچى كىرىپ ئو
راقلىشىپ قالغان بولسىمۇ، يەنىلا ئالىم ئاخۇننىڭ ل
مى بىلەن غالداي ئايىمىقى دەپ ئاتالماقتا.

بۇ كەنتتە يەتتە مەھەللە، 405 ئائىلە، 1571 نوپۇ
2305 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## ئۈرچى دېگەن ئاتالغۇ توغرىسىدا

300 يىل بۇرۇن بۇ يەر يانتاق - قومۇشلار قاپلى
جاڭگال ئىكەن. پاۋانلار بۇ يەرگە كېلىپ ياۋايى ھايۋ
لارنى ئوۋلايدىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىر پاۋان تو
ئوۋلاپ كېلىۋېتىپ ئۇشتۇمتۇت بەش - ئالتە ياۋا توڭغۇ
ئۇچراپ قاپتۇ. توڭغۇزلار مەرگەن چىشلىرىنى پارقىرىت
بۇ يالغۇز ئادەمگە خىرىس قىپتۇ. پاۋان مىلتىقىغا
بەتلەپ ئۆلگۈرەلمەسلىكىنى چاغلاپ يېقىن كەلگەنلى
توڭغۇزنى مىلتىقىنىڭ پايىنىكى بىلەن ئۇرۇپ، نەيزى
بىلەن سانجىپ يېرىم سائەتچە جەڭلەشكەندىن كېيىن
رىلانغان توڭغۇزلار قېچىپتۇ. پاۋاننىڭ مىلتىقىنىڭ پ
نىكىمۇ سۇنۇپتۇ، پاۋانمۇ ھېرىپتۇ. ھېچيېرى زەخىملەن
گەن بىر توڭغۇز پاۋانغا خىرىس قىلىشتىن توختىماپ
پاۋان ئۆلگەن بولۇپ يېتىۋېلىپ غۇرۇلداپ، كەلگەن ت
غۇزنىڭ تۇمشۇقىغا مىلتىقىنىڭ نەيزىسى بىلەن سانج
نىكەن، توڭغۇز چىرقىرىغانچە قېچىپتۇ. پاۋان ھاردۇق
لىپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇدۇل تەرەپتىن تونۇش پاۋانلار كېل
تىنچلىق سوراشقاندىن كېيىن:

— مىلتىقلىرىنىڭ پايىنىكى سۇنۇق تۇرىدىغۇ؟ - د
سوراپتۇ.

داق مەلۇمات يوق. بۇ يەردىن تېپىلغان نەرسىلەردىن قارىغاندا، تاڭ دەۋرىگە مەنسۇپ خارابە، دەپ قارالغان.

## سېرىقلىق بۇددا ئىبادەتخانا خارابىسى

مەزكۇر خارابىنى كىشىلەر «چىنماچىن شەھىرى» دەپمۇ ئاتايدۇ (1956 - يىلى سىزىلغان خەرىتىدە مۇشۇ دائىرە «چىنماچىن» دەپ كۆرسىتىلگەن).

بۇ خارابە ئاقساراي يېزىسىنىڭ 60 - يىللاردىكى دېھقانچىلىق مەيدانى دائىرىسىدە بولۇپ، ھازىرقى ئورنى زاۋا يېزىسىنىڭ غەربىگە توغرا كېلىدۇ. بوستانلىقتىن بەش-ئالتە كىلومېتىر ئايرىلىپ تۇرىدۇ. 75- يىلىدىن باشلاپ بۇ يەردە ئولتۇراقلاشقان دېھقانلار بىر-بىرلەپ چىقىپ كەتكەچكە ھازىر ساھىبخان ئىسىملىك بىر ئايالنىڭ ئۆيىلا قالغان.

مەزكۇر بۇتخانا خارابىسى — دەل ساھىبخاننىڭ ئۆيىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدە بولۇپ، ھازىر قۇم ئاستىدا قالغان. بۇ يەردە يەنە قەدىمكى ئاھالە رايونىنىڭ خارابىلىرى بار. بۇ يەردىن رەڭلىك تام رەسىم پارچىلىرى، ساپال - گەج بۇت - ھەيكەللەر، مىس پۇللار، توقۇمىچىلىق سايمانلىرى ۋە ھەر خىل رەڭدىكى نەقىشلىك ساپال پارچىلىرى قاتارلىق قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تېپىلدى. 1985 - يىلى بۇ يەر «ناھىيە دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى» قىلىپ بېكىتىلدى. دەۋرى تەخمىنەن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 2 - ئەسىردىن مىلادى 9 - ئەسىرگىچە.

مەزكۇر خارابە جەنۇبىتا قۇمرابات بۇتخانا خارابىسى، شىمالدا بەلقۇم بۇتخانا خارابىسى ۋە ئارىلىقتىكى تېتىرلىق بىلەن قوشقاندا — بىر لىنىيەدىكى دەۋرداش خارابىلاردۇر.

دىن يېرىم مېتىرچە كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدۇ. تەكشۈرۈشىمىزچ
يەر ئۈستىدە كۆرۈنۈپ تۇرغان بۇ خارابە — بۇتخانا ت
مىنىڭ يۇقىرى قىسمى بولۇشى مۇمكىن. شەرقتىن-غەرب
ئۇزۇنلۇقى 17 مېتىر، جەنۇبتىن-شىمالغا 10 مېتىر، شەرق
بۇرجەكتىكى بىر تامدىن ئېچىلىپ قالغان تام رەسىملىر
ئالاھىدە بولۇپ، تامىنىڭ ھەر 20×15 سانتىمېتىر يېر
بىردىن كىچىك مىڭ بۇت سۈرىتى بار. قۇم كۆمۈپ تۇ
غاچقا، رەڭلىرى ئەينەن ساقلىنىپ قالغان. يەر يۈز
گەجدىن ياسالغان ئادەم چوڭلۇقىدىكى بۇتلارنىڭ پارچ
لىرى چېچىلىپ ياتىدۇ. بەزى بۇت پارچىلىرىدىكى ئالتۇ
ھەللەر تېخىچە ئۆچمىگەن. بۇلارنىڭ ئارىسىدا يەنە پې
بېشى، رەڭلىك كۆپتۈرمە نەقىش قاتارلىق تام بېزەكلىرى
تام رەسىم پارچىلىرى، سېغىز ۋە گەجدىن ياسالغان كى
چىك بۇتلارنىڭ باش، گەۋدە، پۇتلىرى بار. مەزكۇر خا
رابىنىڭ غەربىي جەنۇبىي تەرىپىدە كۆيدۈرۈلگەن ئۈس
تىخان پارچىلىرى، جەسەت كۆلى قاچىلانغان كوزا-كو
زەك پارچىلىرى قاتارلىق نەرسىلەر چېچىلىپ ياتىدۇ
بۇتخانا خارابىسىنى مەركەز قىلغان 200 مېتىر دائىرە ئى
چىدە ساپال پارچىلىرى، تۆمۈر رودىسى قاتارلىقلار ناھا
يىتى كۆپ. بۇ يەردىن يەنە كۆپلىگەن مىس پۇل (تا
دەۋرىنىڭ كەييۈەن مىس پۇلى)، مىس يىڭنە، ئوق ئۇچ
قاتارلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تېپىلدى. خارابـ
نىڭ دائىرىسى كەڭ بولۇپ، شەرقىي شىمال تەرىپىدە يە
نە بەش يەردە كىچىك خارابە بار. بۇلارمۇ ئاساسەن بۇ
خانا خارابىلىرى.


مەزكۇر خارابە ھەققىدە تارىخىي كىتابلاردا ھېچقا

# ئۆرىچى يېزىسى

مۇھەممەتئىمىن قۇربان، تۇرسۇنجان ناسىر

1958 - يىلدىن باشلاپ بۇ جايغا «1 - ماي» (ھازىرقى قاراقاش بازىرى)، «نۇرلۇق» (ھازىرقى كۇيا يېزىسى) «سەكرەش» (ھازىرقى ئاقساراي يېزىسى)، «جىددىي ئىلگىرلەش» (ھازىرقى زاۋا يېزىسى) گوڭشېلىرى بىر نەچچە يۈز ئائىلىلىك دېھقانلارنى كۆچۈرۈپ ئولتۇراقلاشتۇرۇپ ئۆز ئالدىغا دېھقانچىلىق مەيدانى قۇردى. 1975 - يىلى پۈتۈن دېھقانچىلىق مەيدانى بىرلەشتۈرۈلۈپ «شەرق شامىلى» گوڭشېسى تەسىس قىلىندى. بۇ يېڭى يۇرت زاۋا يېزىسىنىڭ ئۆرىچى دېگەن يېرىگە تۇتاش بولغانلىقى ھەم ئۆرىچىنىڭ بىر قىسمى بۇ يېزىغا تەۋە قىلىنغانلىقتىن 1984 - يىلى بۇ يېزىغا «ئۆرىچى» دەپ نام بېرىلدى.

1996 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا بۇ يېزىدا 19 مەمۇرىي كەنت، 89 مەمۇرىي مەھەللە، 3049 ئائىلە، 16 مىڭ 625 نوپۇس، 30 مىڭ 209 مو تېرىلغۇ يەر بار. پۈتۈن يىللىق ئاشلىق مەھسۇلاتى 7 مىليون 922 مىڭ 281 كىلوگرامغا يېتىپ بۇلتۇرقىدىن 7.49% ئاشتى. پاختا (چىگىتسىز) 435 مىڭ 813 كىلوگرامغا تۆۋەنلەپ، بۇلتۇرقىدىن 125 مىڭ 903 كىلوگرام كېمەيدى. پىلە مەھسۇلاتى 23 مىڭ 732 كىلوگرامغا مۇقىمدالدى، چارۋا 46 مىڭ 811 تۇياققا يېتىپ بۇلتۇرقىدىن 7.71% ئاشتى. كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىم 488 يۈەن 50 پۇڭغا تۆۋەنلەپ بۇلتۇرقىدىن 98 يۈەن 50 پۇڭ ئازايدى.


1:66000
1:75000

كۆلنىڭ بىر يېرىدە كىچىككىنە بالىسىنى بىرگە ئېلىپ، قومۇش يىغىشقا مېڭىۋاتقان تۇرسۇن ئاخۇن پەتەك دېگەن كىشى بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، ئۇنىڭ بالىسى «جىگدە يەيمەن» دەپ تۇرىۋاپتۇ. تۇرسۇن ئاخۇن پەتەك ئەمدىلا تۆت تال جىگدە ئېلىپ تۇرۇشىغا، بارات ئاخۇن دېگەن ئادەم يۈگرەپ كېلىپ: «سېنىڭ بۇ جىگدىلەردە ھەققىڭ يوق، قولۇڭ بولسا سەنمۇ جىگدە سېلىپ، ئۆزۈڭنىڭكىنى يە» دەپ ئۇنى كەتكۈزۈۋېتىپتۇ. بۇ ئىش تازا ھار كەلگەن تۇرسۇن ئاخۇن پەتەك بىر نەچچە كۈنگىچە دەممۇ ئالماي ئېرىق چېپىپ ھازىرقى بازار بويى كەنتىگە سۇ باشلاپ كەپتۇ ۋە نۇرغۇن جىگدە ھەم مېۋىلىك دەرەخلەرنى تىكىپتۇ، كېيىن ئۇ ئۆزىمۇ بۇ يەرگە كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلىشىپتۇ. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن سالغان دەرەخلەر مېۋە بېرىپتۇ. ئېچىلغان يەرلەر كۆپىيىپ زىرائەتلەرمۇ تازا ئوخشاپتۇ. شۇنداق قىلىپ، بۇ يەرگە تۇرسۇن پەتەكنىڭ ئۇرۇق - تۇغقان ۋە يۇرتلۇقلىرىمۇ كۆچۈپ كەپتۇ ۋە «پەتەك» مەھەللىسىنى ھاسىل قىپتۇ.

1958 - يىلىدىن كېيىن كۇيا يېزىسىدىن نەچچە ئون ئائىلىلىك دېھقان بۇ يەرگە كۆچۈرۈلۈپ ئولتۇراقلاشتۇرۇلدى.

1974 - يىلى «شەرق شامىلى» گۇڭشېسى تەسىس قىلىنغاندا ئەزەلدىن يالغۇز ئوغۇل مازىرى يېنىدا قىزىپ كېلىۋاتقان بازار گۇڭشې ئورگىنى يېنىغا يۆتكەپ كېلىندى. 1984 - يىلى بازار بويىغا ئورۇنلاشقانلىقى ئۈچۈن بۇ جاي«بازار بويى كەنتى» دەپ ئاتالدى.

1996 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ستاتىستىكىلىق مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، بۇ كەنتتە ئالتە مەھەللە، 190 ئائىلە، 946 نوپۇس، 1886 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## ئۈرۈمچى يېزىسىدىكى كەنت نامىلىرى

### ⊙ ئۈرۈمچى يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى

1. بازار بويى
2. ئاۋات
3. ئۈرۈمچى
4. ئىسلام ئاۋات
5. خۇشئاۋات
6. مىللەتئېرىق
7. توغراق ئالدى
8. چوكان جىلغا
9. پادا ئېغىل
10. ئۇجمىلىك
11. قاراقىر
12. تېرەك بوستان
13. يالغۇز ئوغۇل
14. تۆگمەنبېشى
15. سېغىزلىق
16. شېكەر قومۇش
17. قاراكغۇ توغراق
18. تاۋىغاز
19. شەرق شامىلىسۇ ئامبىرى

### قوشنا يېزىلاردىن خەرىتىگە چۈشكەن كەنتلەر

زاۋا يېزىسىدىن: 20. توپچا، 21. خۇمدان، 22. ئۈرۈمچ
23. قاشبويى، 24. بارامسۇيى .
كۇيا يېزىسىدىن: 25. ئاچچىغۆي، 26. ئاتئېغىل
ياۋا يېزىسىدىن. 27. غارالىق

### بازار بويى

1920 - يىللاردىن ئىلگىرى بۇ كەنتنىڭ ئورنى يا
ئۆت - چۆپلەر بىلەن قاپلانغان ياپلاق ئىكەن. يېق
ئەتراپىدىكى كىشىلەر بۇ يەردىن قومۇش، يانتاق يىغىۋ
لىدىكەن. شۇ يىللاردا ئۈرۈمچى بىلەن كۇيا يېزىسىنى ئا
رىپ تۇرىدىغان ھازىرقى ئېقىن بويىغا بارات ئاخۇن ئى
سىملىك بىر كىشى ئورغۇن جىگدە يېتىشتۈرگەنىكەن.

لۇپ، كۆچۈپ كىرگەن كەنتىنىڭ نامى بىلەن «باشاقچى كەنت» دەپ ئاتىلىپ كەلگەنىدى. 1984- يىلى يەر نامىلىرىنى مۇقىملاشتا يەنىلا ئىسلام مارجان دېگەن كىشىنىڭ تۆھپىسىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئەسلىدىكى «ئىسلام ئاۋات» دېگەن نام ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

هازىر بۇ كەنتتە تۆت مەھەللە، 107 ئائىلە، 470 نوپۇس، 943 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## خۇشئاۋات

1926 - يىلى نىياز بەگ هاجى دېگەن كىشى70 — 80 نەپەر ئەمگەكچى بىلەن ئۆستەڭ قېزىپ، هازىرقى قوشئاۋات كەنتىنىڭ ئورنىغا كەلگەندە ئېگىز بىر دۆڭگە دۇچ كەپتۇ. ئەمگەكچىلەر قاتتىق هېرىپ كەتكەچكە بۇ دۆڭنى يېرىشقا ماغدۇرى يەتمەپتۇ. ئاخىر بارات موللام دېگەن كىشى ئاشۇ ئەمگەكچىلەر ئىچىدىن 20 نەپەر ياشنى تاللاپ، ئۇلارغا ئۆزىنىڭ بورداۋاتقان قويىنى كاۋاپ قىلىپ يېگۈزۈپتۇ. ئاندىن ئۆزى باشلامچى بولۇپ هېلىقى دۆڭگە تۇتۇش قىپتۇ. بىر نەچچە كۈن قەيسەرلىك بىلەن ئىشلەش ئارقىلىق ئاخىر دۆڭنى يېرىپ سۇ ئۆتكۈزۈپتۇ. بۇنىڭ شەرىپى ئۈچۈن نىياز بەگ هاجى ئەمگەكچى يىگىتلەرگە بىر كېچە مەشرەپ قىلىپ بېرىپتۇ ۋە ئەمدى «جاڭگال ئاۋات بولىدىغان بولدى» دەپ تەنتەنە قىلىپتۇ. كېيىن دېگەندەك جاڭگال ئاۋات بولۇپ يۇرت شەكىللىنىپتۇ. ئېرىقنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى يۇرتلارنى كىشىلەر «قوشئاۋات» دەپ ئاتىشىپ كەپتۇ. ئەمما، ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي قۇم - بوران هەم قۇرغاقچىلىقنىڭ هۇجۇمى بۇ يېڭى يېشىللىقنى چۆل - جەزىرىگە ئايلاندۇرۇۋېتىپتۇ.

## ئاۋات

ھازىرقى ئاۋات كەنتىنىڭ ئورنى ئىلگىرى چەكە
كەتكەن يايلاق ئىكەن. ئەپروز بەگ بۇ يايلاقنى ئوتتۇ
رىدىن كېسىپ، ئۆستەڭ قازدۇرۇپ يالغۇز ئوغۇل مازىر
يېنىدىكى چوڭ كۆلگە سۇ باشلاپ كەپتۇ. سۇ قىيىنچىلىقى
ھەل بولغاندىن كېيىن، نۇرغۇن بايلار، ئوتاقچىلار ئەپ
روز بەگدىن ئۆستەڭنىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى يەرلەرنى
سېتىۋېلىپ ئاۋات يۇرتقا ئايلاندۇرۇپتۇ. كىشىلەر ب
جاينى «ئاۋات يەر»، «مازار ئاۋات» ... دېگەندەك ناملا
بىلەن ئاتاپ كەلگەنىكەن.

1984 - يىلى بۇ يەر «ئاۋات» كەنتى دەپ مۇقىمدالدى
1996 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا بۇ كەنتتە تۆت مەھەللە،
258 ئائىلە، 1194 نوپۇس، 1825 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## ئىسلام ئاۋات

ھازىرقى ئىسلام ئاۋات كەنتىنىڭ ئورنى ئەسلىدە
ئەپروز بەگنىڭ مال باقىدىغان يايلىقى ئىكەن. كۆيا يې
زا قالىق كەنتىدىن ئىسلام مارجان ۋەپۇرچاقچى يېزىس
دىن غوجاخۇن خەلپىتىم دېگەن ئىككى كىشى بىرلىشىپ بۇ
يەردە يەر ئېچىپ ئىگىلىك تىكلەش ئۈچۈن بەگدىن 100مو
يەر سېتىۋاپتۇ. ئاندىن ھازىرقى «ھال ئامبار» دىن
شەرققە ئۈچ كىلومېتىر ئەتراپىدا ئۆستەڭ قېزىپ سۇ باش
لاپ كەپتۇ. شۇنداق قىلىپ بۇ يەردە تەدرىجىي بىر يۇرت
شەكىللىنىپتۇ. بۇرۇن «ئىسلام ئاخۇن ئاۋات قىلغان يەر
يەنى «ئىسلام ئاۋات» دەپ ئاتىلىپ قاپتۇ.

1958-يىلدىن كېيىن بۇ يەرگە زاۋا يېزا باشاقچى كەنتى
دىن نەچچە ئون ئائىلىلىك دېھقان كۆچۈرۈپ ئولتۇراقلاشتۇرۇ


ھۇجۇم قىپتۇ، تەييارلىقسىز تۇرغان بىر شەھەر خەلقىنى
قىرىپ - چېپىپ ئىرىقلاپ قان ئاققۇزۇپتۇ. بۇ شەھەرنىڭ
پادىشاھى دەرغەزەپ بولۇپ ئېتىغا مىنىپتۇ - دە، ئىككى
غۇلاچ قىلىچىنى ئوينىتىپ يا ئۆلۈم يا كۆرۈم، دەپ قايتۇر-
ما ھۇجۇمغا ئۆتۈپتۇ. قىلىچنى بىر قېتىم ئايلاندۇرۇشتىلا
بەش- ئالتە دۈشمەننىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىپتۇ. پا-
دىشاھنىڭ باتۇرلۇقىنى، قىلىچىنىڭ ئۆتكۈرلىكىنى، ئېتى-
نىڭ ئۇچقۇرلۇقىنى كۆرگەن دۈشمەنلەر پاتىپاراق بولۇپ
قېچىپتۇ، پادىشاھ بىر كېچە - كۈندۈز توختىماي جەڭ قى-
لىپ تاجاۋۇزچىلارنى تامامەن چېكىندۈرۈپتۇ، پادىشاھ ھې-
رىپ - تالچىقىپ كەتكەنلىكتىن ئوردىغا كېلىپلا يىقىلىپ
جان ئۈزۈپتۇ. شەھەر خەلقى پادىشاھنى قىلىچى بىلەن
بىللە دەپنە قىلىپ كاتتا قەبرە ياساپ قىرىق كېچە -
كۈندۈز مۇسىبەت تۇتۇپتۇ. «قىلىچىقان» دېگەن بۇ مازارئە-
نە شۇ قىلىچى قانغا بويۇلۇپ كەتكەن پادىشاھنىڭ قەبرى-
سى ئىكەن.

بۇ مازارنى «قىلىچ - قالقان» دەپ ئاتايدىغانلار بۇنى-
داق بىر رىۋايەتكە ئاساسلىنىدۇ: بۇرۇنقى زاماندا بۇ
يەرلەر كاتتا شەھەر بولۇپ، ھۈنەردە كامالەتكە يەتكەن بىر
تۆمۈرچى ئۇستام ياشىغانىكەن. خوتەن شاھى زاۋا يېزى-
سىنىڭ قوغان دېگەن يېرىدە لەشكەر توپلاپ، تاجاۋۇز
قىلىپ كەلگەن دۈشمەن قوشۇنلىرىغا قارشى قانلىق جەڭ
قىپتۇ. ئۇ تۆمۈرچى خوتەن لەشكەرلىرىگە ياراملىق قىلىچ-
قالقانلارنى ياساپ بېرىپتۇ. خوتەن لەشكەرلىرى قىلىچ
بىلەن ھۇجۇم قىلىپ قالقان بىلەن قوغدىنىپ جەڭدە غە-
لىبە قازىنىپتۇ. خوتەن شاھى تۆمۈرچىنىڭ تۆھپىسى ئۈ-
چۈن ئۇنىڭغا خوتەننىڭ قىلىچ - قالقىنى دەپ نام بېرىپتۇ.
بۇ مازار ئەنە شۇ تۆمۈرچىنىڭ قەبرىسى ئىكەن. يىللارنىڭ

1958 - يىلىدىن باشلاپ بۇ يەردە چۆلنى بوستانلى
ئايلاندۇرۇش جېڭى قايتىدىن باشلىنىپ كەتتى. 1975 - ي
لىغىچە «نۇرلۇق» گۈڭشېسىنىڭ دېھقانچىلىق مەيدانى ت
ۋەلىكىدە، 1984 - يىلىغىچە «شەرق شامىلى» گۈڭشېسىنى
تەۋەلىكىدە بولدى. 1984 - يىلى بۇ كەنتنىڭ نامىنى
تېخىمۇ يېقىملىق ئاڭلىنىشى ئۈچۈن «خۇشئاۋات» دە
مۇقىملاندى.

هازىر بۇ كەنتتە بەش مەھەللە، 207 ئائىلە، 033
نوپۇس، 1805 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## بىر مازارغا ئۈچ نەزەر



خۇشئاۋات كەنتىد
بىر قەدىمكى مازار بار
بۇ مازارنى بەزىلەر «قىلى
چىقان»، يەنە بەزىلەر «قى
لىچ-قالقان» دەپ ئاتايدۇ
«قىلىچىقان» مۇ ئەمەس
«قىلىچ - قالقان» مۇ ئە
مەس، «خېلىچخان» دەپ
ئاتايدىغانلار مۇ بار.
«قىلىچىقان» دەپ ئا
تايدىغانلار بۇ رىۋايەتنى ئا
ساس قىلىدۇ: ناھايىتى قەدىمكى زامانلار ئىلگىرى بۇ يەرد
كاتتا بىر شەھەر بولغانىكەن. بۇ شەھەرنىڭ پادىشاھ
پۇقرالىرىغا، پۇقرالىرى پادىشاھقا سادىق ئىكەن. شۇڭ
كۆڭۈللەر خاتىرجەم، تۇرمۇش پاراۋان، يۇرت - مەھەل
ئاۋات ئىكەن. كونىلارنىڭ بىردە يات بىر مەملىكەتنىڭ
تومەنلىگەن لەشكەرلىرى تۇشتۇمتۇت كېلىپ بۇ شەھەرگ

كىمى لوقماننىڭ قايسى زىندانغا تاشلانغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپتۇ. پادىشاھنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن خانىش بىر نەچچە خىزمەتچىنى ئەگەشتۈرۈپ كېلىپ ھېلىقى زىنداننىڭ تۈگۈلۈكىدىن قارىغۇدەك بولسا ئۆلۈك دېسە تىرىكتەك، تىرىك دېسە ئۆلۈكتەك بىر بوۋاي تىزىنى مەيدىسىگە تېگىپ ياتقۇدەك. خانىش شوتا بىلەن زىندانغا چۈشۈپ بوۋاينىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ھېكىمى لوقمان دېگەن تېۋىپ ئۆزلىرىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. ئۇ كىشى كۆزىنىمۇ ئاچالماي، ئاڭلىنار - ئاڭلانماس ھالسىز ئاۋازى بىلەن:

— مەن شۇ، — دەپتۇ. خانىش زۆرۈرىيەتنى سۆزلەپ ئۇنىڭ رازىلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، خىزمەتچىلەرگە:

— بۇ كىشىنى كۆتۈرۈپ ئوردىغا ئېلىپ بېرىڭلار، — دەپتۇ.

— ياق، — دەپتۇ ھېكىمى لوقمان، — مەن بەكمۇ زەئىپلىشىپ كەتتىم، قەيەرىمنى تۇتساڭلا شۇيېرىم بەدىنىمدىن ئاجراپ كېتىدۇ.

— قانداق قىلىمىز ئەمىسە؟ — دەپ سوراپتۇ خانىش ۋە ئۇنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن ئون تۆت ياشلىق ئىككى قىزنى ئۇنىڭ ئوڭ ۋە سول تەرەپلىرىگە تېگىپتۇ، بىر دەمدىن كېيىن بۇ ئىككى قىز ئۆلۈپ ھېكىمى لوقماننىڭ بارماقلىرى ھەرىكەتكە كەپتۇ. يەنە ئون تۆت ياشلىق ئىككى قىزنى ھېكىمى لوقماننىڭ ئالدى - ئارقا تەرەپلىرىگە تېگىپتۇ. بىر دەمدىن كېيىن بۇ ئىككى قىزمۇ ئۆلۈپ ھېكىمى لوقمان كۆزىنى ئېچىپتۇ. بۇ ئىش ئون قېتىم تەكرارلىنىپ يىگىرمە قىز ئۆلگەندىن كېيىن ھېكىمى لوقمان ماغدۇرغا كىرىپ تۇرۇپتۇ ۋە ئون تۆت ياشلىق قىزدىن يەنە بىرىنى كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىپتۇ، خانىش خېلىچىخان ئىسىملىك

ئۆتۈشى بىلەن «قىلىچ-قالقان» دېگەن ئاتالغۇ كىشىلە
نىڭ تىلىغا «قىلىچخان» دەپ سىڭىپ قاپتۇ.

«خىلىچخان مازىرى» دەپ ئاتايدىغانلار بۇ رىۋايە
نى دەلىل كەلتۈرىدۇ: ئۇزاق زامانلار ئىلگىرى بۇ يەرل
كاتتا شەھەر بولغانىكەن، بۇ شەھەردە لوقمان ھېكىم ئىس
لىك كامالەتكە يەتكەن بىر تېۋىپ ياشايدىكەن. ئۇنىڭ سەكك
ياشلىق ئوغلى تامغا مىنىپ ئولتۇرۇپ پادىشاھنىڭ ئاتق
مىنىپ مېڭىشلىرىنى دورايدىكەن، پادىشاھنىڭ تەلەپپۇز
بىلەن «گۇناھكار» لارنى قامچىلاشقا، دارغا ئېسىشقا بۇ
رۇيدىكەن. ئۇنىڭ ئەينەن قاملاشتۇرۇپ دوراشلىرى چوڭ
كىچىك ھەممەيلەننى كۇلدۇرىۋېتىدىكەن. بىر چېقىمچى
پادىشاھنى بۇ ئىشتىن خەۋەرلەندۈرۈپ قويۇپتۇ، ئاچچىق
قايناپ - تاشقان پادىشاھ جاللاتلىرىنى بۇيرۇپ دورامچى
بالىنى باغلىتىپ كەلتۈرۈپتۇ. پادىشاھ بالىغا بىر قا.
راپلا «دادىسى ئۆگەتمىسە بۇ بالا مېنى دوراشنى نەدىن
بىلسۇن» دەپ ئويلاپتۇ - دە، بالىنى قويۇۋېتىپ، ئۇنىڭ
دادىسىنى ئوتتۇز گەز چوڭقۇرلۇقتىكى زىندانغا تاشلاشنى
بۇيرۇپتۇ.

ئون نەچچە يىلدىن كېيىن پادىشاھقا كېسەللىك چاپ
لىشىپتۇ. ئون سەككىز مىڭ ئالەمدىكى داڭلىق تېۋىپلارغ
كۆرۈنۈپ ئالتۇندىن قىممەت دورىلارنى يەپ بىر نەچچە
يىل داۋالانغان بولسىمۇ كېسىلى شىپالىق تاپالماپتۇ. پا
دىشاھ ھاياتتىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ ئەزرائىلنى كۈتۈپ يات
قان كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىر قېرى ۋەزىر:

— تەقسىر، ھېكىمى لوقمان ئىسىملىك بىر تېۋىپنى
زىندانغا تاشلىغان ئىدىلە، شۇ كىشى ئۆلۈپ كەتمىگەن
بولسا ھايات شادلىرى شوخلىنار ئىدى،- دەپتۇ. پادىشا
سۈرۈشتۈرۈپ بىر قېرى جاللاتنىڭ ئەسلىشى بىلەن ھې

## مىللەت ئېرىق

ئۇرىچى يېزىسىنىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپىدە «مىللەت ئېرىق» دەپ ئاتىلىدىغان بىر كەنت بار. بۇ غەلىتە ئاتالغۇ قانداق كېلىپ چىققان؟ 1947 - يىلى زاۋا يېزىسىنىڭ خۇمدان كەنتىدىكى دېھقانلار ئېرىق چېپىۋېتىپ كۆمۈلۈپ قالغان ياغاچ قوغاچنى ئۇچرىتىپتۇ. بىر نەچچەيلەن قوغاچنى كۆتۈرگەنىكەن، قوغاچنىڭ ئۈستۈنكى يېرىمى ئاجرىلىپ چىقىپتۇ، ئاستىنقى يېرىمىدا بىر جەسەتنىڭ ياتقانلىقىنى كۆرۈپ، كىشىلەر چۆچۈپ كېتىشىپتۇ. جەسەت كىگىز قالپاق، يوڭ توقۇلمىدىن تون كىيگەن بىر ئەركىشى ئىكەن. ئۇنىڭ يېنىدا قىلىچ، ئوقيا، كۆمۈش جامبار ئىكەن(ياشانغانلارنىڭ ئېيتىشىچە بۇرۇنقى زامانلاردا بۇ يەردە قانلىق جەڭ بولغانىكەن).كىشىلەر بۇ جەسەتكە قاراپ:

— بۇ بىزنىڭ مىللىتىمىزدىن ئەمەسكەن.

— باشقا بىر مىللەتنىڭ ئادىمى ئىكەن، قايسى مىللەتتىن بولغىيدى؟ — دېيىشىپتۇ. ۋاقىت ئۆتكەنسىرى:

— بىزنىڭ ئېتىزىمىزغا مىللەت ئېرىقىدىن سۇ كېلىدۇ.

— مىللەت ئېرىقىنىڭ قېشىنى ئېگىزلەيدىغان بولدۇق.

— مىللەت ئېرىقىنىڭ بويىغا چىرىم سالىمىز، — دېگەندەك گەپلەر بىلەن «مىللەت ئېرىق» دېگەن ئاتالغۇ كىشىلەر تىلىغا ئۆزلىشىپ قاپتۇ. خۇمدان كەنتىنىڭ ئايىغى يانتاق قومۇشلار ئۆسكەن بىپايان قۇملۇق ئىدى. 1959 - يىلى «جەددىي ئىلگىرىلەش» گۇڭشېسى (ھازىرقى زاۋا يېزىسى)

ئون تۆت ياشلىق بىر قىزنى شوتىدىن چۈشۈرۈپتۇ. خېلىچىخان شوتىنىڭ تۆۋەن بالدىقىغا دەسسەپ تۇرۇپ قولىنى بوۋايغا ئۇزىتىپتۇ، بوۋاي قىزنىڭ قولىنى تۇتىمەن دەپ بىر قەدەم يېقىنلاپتۇ، قىز بىر بالداق ئېگىزگە چىقىپ يەنە قولىنى ئۇزىتىپتۇ. ھېكىمى لوقمان قىزنىڭ قولىنى تۇتۇشقا ئىنتىلىپ شوتىغا دەسسەپ بىر بالداق ئېگىزلەپتۇ. قىز يەنە بىر بالداق ئېگىزلەپ قول سۇنۇپتۇ. شۇنداق قىلىپ خېلىچىخانغا ئەگىشىپ ھېكىمى لوقمان زىنداندىن چىقىپتۇ - دە، قىزنىڭ قولىنى تۇتۇپ مېڭىپ ئوردىغا كەپتۇ، شاھ ئالدىغا كىرگەندە خېلىچىخان ماغدۇردىن كېتىپ يىقىلىپتۇ ۋە شۇئان جان ئۈزۈپتۇ. ھېكىمى لوقمان قىزلاردىن ئۆتكەن قۇۋۋەت بىلەن جىسمانىي ۋە زېھنىي كۈچى تولۇقلىنىپ 30 ياشلىق قىران دەۋرىگە يېنىپتۇ. ئۇ بىر نەچچە كۈن ئىچىدە شاھنى داۋالاپ ساقايتىپتۇ. شاھ ھېكىمى لوقماننى ماغدۇرلاندۇرۇش ئۈچۈن جېنىدىن ئايرىلغان خېلىچىخان قاتارلىق قىزلارنى كاتتا داغدۇغا، چوڭقۇر تەزىيە بىلەن بۇ يەرگە دەپنە قىلغانىكەن، شۇڭا بۇ مازار «خېلىچىخان» دەپ ئاتالغانىكەن.

× ×

يۇقىرىدىكى ئۈچ خىل رىۋايەتتە «... بۇ يەردە كاتتا بىر شەھەر بولغانىكەن» دېگەندىن ئىبارەت بىر ئورتاقلىق بار. بۇ ئورتاقلىق بىلەن خۇشناۋات ① كەنتىنىڭ زېمىنىدە كوزا سۇنۇقلىرى، چىرىپ كەتكەن ئادەم سۆڭەكلىرى... ئۇچرايدىغانلىقىنى بىرلەشتۈرگەندە قەدىمكى بىر زامانلاردا بۇ يەرنىڭ ئادەمزات ماكانى بولغانلىقىنى قەيت قىلغىلى بولىدۇ.

① بۇ كەنت 1958 - يىلدىن باشلاپ پەيدا بولغان 35 يىللىق تارىخقا ئىگە يېڭى يۇرت.

ساەن بۇ يەر ھازىرغىچە «ئۈجمىلىك» دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە.

ھازىر بۇ كەنتتە تۆت مەھەللە، 187 ئائىلە، 911 نوپۇس، 1631 مو تېرىلغۇ يەر بار.


(بازار بويى، خۇشئاۋات، ئىسلام ئاۋات، ئاۋات، ئۈجمىلىك قاتارلىق كەنتلەرنىڭ ماتېرىياللىرىنى ئۇرچى يېزا بازار بويى كەنت چەمەكلەر مەھەللىسىدىكى 90 ياشلىق ھېيت روزى سۆزلەپ بەردى).

## تېرەك بوستان

بۇ يەرگە 1958 - يىلدىن كېيىن قاراقاش بازارلىق ھۆكۈمەتكە تەۋە نەچچە ئون ئائىلىلىك دېھقان كۆچۈرۈپ ئولتۇراقلاشتۇرۇلغان. ئۇلار قىسقىغىنە بىر نەچچە يىل ئىچىدىلا كۆپلەپ تېرەك سېلىپ بوستانلىققا ئايلاندۇرغان بۇ يۇرت «تېرەك بوستان» دەپ ئاتالغان. بۇ نام ھېلىغىچە بۇ يەرنىڭ ئىسمى بولۇپ كەلمەكتە.

ھازىر بۇ كەنتتە تۆت مەھەللە، 90 ئائىلە، 433 نوپۇس، 1263 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## يالغۇز ئوغۇل



رىۋايەت قىلىنىدۇلەركى، ھەزرىتى ئەلىنىڭ ئوغلى ئىمام مۇھەممەت ھەنىپە ئەمەل تالىشىش ۋە مەزھەپ قىرغىنچىلىقىدىن بىزار بولۇپ شاھلىقتىن ۋاز كەچتى. ئۇ دەككىنى تاشلاپ ئا-

دېھقانلارنى بۇ يەرگە يۆتكەپ كېلىپ ئالتە دادۇيدىن ت
كىب تاپقان دېھقانچىلىق مەيدانى قۇردى. خۇمدان ك
تىدىكى «مىللەت ئېرىق» نىڭ داۋامىنى چېپىپ سۇ باش
كېلىپ، بۇ ئېرىقنى يەنىلا «مىللەت ئېرىق» دەپ ئاتى
1975 - يىلى بۇ دېھقانچىلىق مەيدانى «شەرق شامال
گۇڭشېسىغا تەۋە قىلىندى. 1984 - يىلى بۇ كەنت ئا
ئېرىقنىڭ نامى بىلەن «مىللەت ئېرىق كەنتى» دەپ
تالدى.

ھازىر بۇ كەنتتە ئالتە مەھەللە، 120 ئائىلە، و
نوپۇس، 1518 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## پادا ئېغىل

بۇرۇن بۇ يەر بايلارنىڭ مال باقىدىغان يايلىقى ئى
كەن. شۇ چاغدىكى بايلاردىن بىرىسى ھازىرقى «پادا ئې
غىل» كەنتىنىڭ ئورنىغا بىر ئېغىل تىككەن بولۇپ، جاڭ
گالغا ئوتتۇن، يۇلغۇنغا بارغانلار بۇ جايدا دەم ئېلىپ ئو
تىدىكەن. كېيىنچە بۇ يەردە كەنت ھاسىل بوپتۇ ۋە ئا
ئېغىلنىڭ نامى بۇ كەنتكە ئىسىم بولۇپ قاپتۇ.

ھازىر بۇ كەنتتە ئالتە مەھەللە، 192 ئائىلە، 93
نوپۇس، 1875 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## ئۆجمىلىك

1958 - يىللىرى بۇ يەرگە تۇنجى قېتىم كۆچۈرۇ
ئولتۇراقلاشتۇرۇلغان ئەمگەكچىلەر، قاسىم سايىت ئىسى
لىك بىر ئادەمنىڭ مەسئۇلىيىتىدا كەنتنىڭ ھەممە يەرل
رىگە دېگۈدەك ئۆجمە تىككەنىكەن. مۇشۇ ئالاھىدىلىككە ئ

كۆرۈنۈپ قالغانلىقىغا قاتتىق خىجىل بولۇپ بەدەر قاچتى. ئانىسى ئۇنى:

— ۋاي بالام توختاڭ، — دەپ قوغلاۋەردى. ئىمام مۇھەممەت ھەنىپە قاچا - قاچا ھېرىپ ھالىدىن كەتكىلى ئاز قالدى. كەينىگە قارىسا ئانىسى قوغلاپ كېلىۋېتىپتۇ. ئۇ ئانىسىغا قاراشتىن ئەيمىنىپ توختىماي يۈگرەۋەردى. قەدەم ئالغۇچىلىك ھالى قالمىغاندا دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ:

— ئەي ئاللانىڭ زېمىنى، ماڭا ئىچ ئاغرىتىپ قوينۇڭنى ئاچ! - دەپ ئىلتىجا قىلدى. ئۇنىڭغا رەھمى كەلگەن زېمىن ئىككىگە يېرىلىپ چاك بولدى. ئىمام مۇھەممەتھەنىپە چاك ئىچىگە ئۆزىنى تاشلىدى. زېمىن بىر تەۋرەپلا تۇتىشىپ قالدى. بۇۋى ھەنىپە خېنىم ئوغلىنىڭ قەبرىسىنى ياسىدى ۋە قەبرە يېنىدا بىر نەچچە ئاي يىغلاپ-قاقشاپ جان ئۈزدى. كىشىلەر ئىمام مۇھەممەت ھەنىپىنىڭ يالغۇز ئوغۇل ئىكەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇنىڭ قەبرىسىنى «يالغۇز ئوغۇل مازىرى» دەپ ئاتىدى. ھازىرمۇ بۇ مازارنىڭ يېنىدا مىڭدەك كىشى ناماز ئوقۇيالايدىغان كونا غېرىبانە خانىقا بار. بۇ مازاردىن شىمال تەرەپكە بەش - ئالتە يۈز مېترغىچە ماڭسا بۇۋى ھەنىپە خېنىمنىڭ مازىرىغا كەلگىلى بولىدۇ. بۇ قەبرىلەرنىڭ ئۈستىدىكى قۇرۇپ كەتكەن قومۇشلار، ئېگىز خادىلارغا چىگىپ قويۇلغان قىزىل، يېشىل، كۆك... رەڭلىك لاتىلار كىشىگە غېرىبلىق - مىسكىنلىك ھېس قىلدۇرىدۇ.

بۇ رىۋايەتتىن ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەزەلدىن بوزيەر ئېچىپ يېڭى يۇرتلارنى بىنا قىلىشنى ئۆزلىرىنىڭ مۇقەددەس تارىخىي بۇرچى دەپ قارىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

بۇ مازارنىڭ ئەتراپىدا قانداق بولۇپ 1525 مو تې-

نىسى بۇۋى ھەنىپە خېنىم بىلەن تاغقا چىقىپ كەتتى.
ئۇ مەرئا ① نى شەرئا ② غا ئۆزگەرتىشنى جە
قىلىپ نەچچە يۈز شەھەر خەلقىنى ئىمانغا كەلتۈرگەن
مۇ ئۇلۇغ ئىش دەپ ھېسابلايتتى. شۇڭا ئۇ پۇقرالا
باشلامچىلىق قىلىپ تاغلار ئارىسىدىكى جىلغىلاردا ئېر
ئۆستەڭ قېزىپ يەر ئاچتى، كاتتا ئاۋات شەھەر - يۇرتلا
نى بىنا قىلغاندىن كېيىن پۇقرالار بىلەن خوشلىشىپ
يەردىن ئايرىلدى. ئۇ بارغانلىكى يېرىدە يەر ئېچىپ چ
كۆكەرتىپ نەچچە ئون يىلدىن كېيىن دۇۋا③ دەرياسىنى
بويىغا كېلىپ قالدى. قارىسا دەريا سۈيى شارقىراپ - ئۆ
كەشلەپ ئېقىۋېتىپتۇ. ئۇ شاخ - قومۇشلاردىن كەپە يا
ئانىسى بىلەن ماكانلاشتى. ئۇ كېچىدە ئانىسىغا ھەمر
بولۇپ ئۇخلايتتى، ئەتىگەندە قورسىقىنى تويغۇزۇپ پىيا
ما④ چۆللۈكلەرگە بېرىپ يەر ئاچاتتى، چۈشتە، كەپىگە كېلى
غىزالانغاندىن كېيىن يەنە يەر ئاچقىلى كېتەتتى. كۈنلە
مۇشۇنداق ئۆتتۈۋەردى.

بىر كۈنى ھاۋا تونۇردەك قىزىپ كەتتى. ئىمام مۇھەممە
ھەنىپە بىر كۈنى ئېغىر ئەمگەك قىلىپ ھېرىپ كەتكەنلىك
تىن چۈشلۈك غىزاغا كەپىگە بارغۇسى كەلمەي توغراق تۈ
ۋىدە سايىداپ ئولتۇردى. ئوغلىنىڭ چۈشلۈك غىزاغا كە
مىگەنلىكىدىن ئەنسىرەپ قالغان بۇۋى ھەنىپە خېنىم ب
ئاياقتا ئاش، بىر قاپاقتا سۇ كۆتۈرۈپ بىر بېسىپ ئىكك
بېسىپ، ئوغلىنىڭ يېنىغا بېرىپ قالدى. ئىمام مۇھەممە
ھەنىپە تولىمۇ ھايالىق يىگىت ئىدى. كۆڭلىكىنى سېلىۋ
تىپ ئىشتانچاق ئولتۇرغانلىقتىن ئانىسىغا يېرىدىم يالىڭا

① تېرىلمىغان ئۇنۇمسىز يەر، ② مۇنبەت باغ - ئېتىزلىق، ③ گـ
ناھىيىسىگە قاراشلىق تاغلىق يۇرت، ④ گۇمىغا قاراشلىق يۇرت.


كۆمەت ئورگىنىنىڭ يېنىغا يۆتكەلدى.

— دادامنىڭ ئېيتىشىچە،— نىياز باقى قاردىم ئەسلى-مىسىنى داۋام قىلدى،— قاراقاش ئامبالىقى① بولۇشتىن ئۈچ يىل بۇرۇن ئەپروز بەگ دېگەن كىشى هاشار باشلاپ كېلىپ بۇ كۆلنى چاپتۇرغان هەم زاۋا يېزىسىنىڭ ئۆتەك دېگەن كەنتىدىن ئېرىق چاپتۇرۇپ كېلىپ بۇ كۆلنى تۇنجى قېتىم سۇغا تولدۇرغانىكەن. مەن ئون ياش ۋاقتىمدا بۇ ئەتراپتا ئون نەچچە يىللىقچى② تېرىقچىلىق قىلاتتى. قۇم - بوران ۋە قۇرغاقچىلىق ئاپىتى كەينى - كەينىدىن يۈز بېرىپ زىرائەتلەر قۇرۇپ ئېتىز - ئېرىقلار قۇمغا كۆ-مۈلۈپ كەتكەنلىكتىن ئۇلارمۇ يۇرتلىرىغا چىقىپ كەتكەنى-دى. بەزى يىللىرى بۇ كۆلگە بىر قېتىممۇ سۇ باشلىغىلى بولماي، كۆلنىڭ تېگىنى كولاپ سىزىندى سۇنى ئىچەت-تۇق. شېڭ شىسەي زامانىغا كەلگەندە ئوردىچى دېگەن يۇرتتىن يۇسۇپ بەگ هاجى دېگەن كىشى نەچچە يۈز ها-شارنى ئىشقا سېلىپ ئېرىق چېپىپ سۇ باشلاپ كەلدى. ئې-رىقنى بىر ئېگىز قۇملۇقتىن ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن 100 هاشار بىر هەپتە كەتمەن چاپقانىدى. ئۇلارمۇ ئىككى - ئۈچ يىل تېرىقچىلىق قىلغانىدى كېيىن، نەپ ئېلىشقا كۆزى يەت-مەي پۇشايمان قىلىپ قايتىپ چىقىپ كېتىشتى. شۇنىڭ بى-لەن بۇ يەر قايتىدىن چۆللىشىپ كەتتى. هەر يىلى كەل-كۈن مەزگىلىدە دادام بىلەن مەن بىر نەچچە كۈن ئېرىق ياقىلاپ كۆلگە سۇ توشقۇزۇۋالالىساق ياكى ئون مو بېدى-لىكىمىزنى سۇغىرىۋالساق بىزگە چوڭ خۇشاللىق بولاتتى. بىز تاۋاپچىلارنىڭ گۇرۇچ، بۇغداي، قوناق... لارنى سە-

① 1919 - يىلى قاراقاش ناهىيىسى تەسىس قىلىنغان.
② بايلارغا يىللىق سېتىلىدىغان نامرات دېهقانلار.

ردىكى يېرى، 885 دوپپىسلىق 261 ئائىلىسى بار① «يال
ئوخول كەنتى» بارلىققا كېلىپ قالدى؟

بۇ سوئالنىڭ جاۋابى ئۈچ
بۇ مازارنىڭ 16 - ئەۋلادشەيس
نىياز باقى قارىمنىڭ ئەسلىم
سىنى كىتابخانىلارغا ئەين
ھەدىيە قىلىمەن. (مەن ئۇنى
بىلەن ئېگىز قېرى تېرەكلەرقو
شاپ تۇرغان چوڭ كۆل بويى
پاراڭلاشتىم.)



— مەن مۇشۇ كۆل بويىدا تۇ
غۇلۇپ ياشاپ 74 ياشقا كىردىم، - دەپ گېپىنى باشلىد
ئۇ، - بۇ كۆل كولىنىشتىن بۇرۇن* دادىلار ۋە تاۋاپچىلا
يىراقتىن سۇ توشۇپ كېلىپ ئىچكەنىكەن. ئېشەككە قاپاق
لارنى ئارتىپ ئەتىگەندە يولغا چىقسا چۈش - پېشىن بى
لەن قايتىپ كېلىدىكەن. ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان پەي
شەنبە كۈنلۈكتە يىراق - يېقىن يۇرتلاردىن كەلگەن ئەر
ئايال تاۋاپچىلار مازارلارنىڭ ئەتراپىدىكى خانىقا - گە
مىلەردە تۈنەيتتى.② مەن ئەقلىمگە كەلسەم جۈمە كۈنلۈك
تە كۆل بويىدا سايىدا يىدىغان، سۇ ئىچىپ، غىزالىنىدىغا
لار بىر نەچچە يۈزگە يېتەتتى. يىللار ئۆتكەنسېرى يېقى
يۇرتلاردىن بىر نەچچە ناۋاي، باققال، ساتىراشلار كېلى
ھۈنەر قىلغانلىقتىن كۆلنىڭ بويىدا «جۈمە بازىرى» پەي
دا بولۇپ قالدى. 1975 - يىلدىن باشلاپ بۇ بازارنىڭ ۋاق
تى پەيشەنبىگە ئۆزگەرتىلىپ ئورنى ئۇرىچى يېزىلىق ھۆ

① 1991 - يىل ئاخىرىدىكى سانلىق مەلۇمات.
② تۈنەش — كېچىدە ئۇخلىماي سۈرە - ئايەتلەرنى ئوقۇپ تاڭ يورۇتۇش

تۇرغاچقا بۇ ئويمانلىق ئاستا - ئاستا سېغىز بىلەن تىنىپ كېتىپتۇ.

1958 - يىلىدىن كېيىن، قاراقاش بازارلىق ھۆكۈمەتكە تەۋە دېھقان - چارۋىچىلاردىن نەچچە ئون ئائىلىلىك بۇ يەرگە كۆچۈرۈپ ئولتۇراقلاشتۇرۇلدى. ئۇلار بۇ يەرگە چىققىلى «ۋاي - ۋۇي، بۇ يەر خاس سېغىزلىق ئىكەن ئەمەسمۇ ؟» دېيىشىپتۇ. شەھەرگە تۇغقان يوقلاشقا كىرگەندىمۇ «بىز ئولتۇرغان يەر ھەممىسى سېغىزلىق» دەپتۇ. كېيىن شەھەردىكى تۇغقانلىرىمۇ «بىزنىڭ تۇغقانلار سېغىزلىقتا» دەيدىغان بوپتۇ. شۇنداق قىلىپ، يەر ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، بۇ يەر سېغىزلىق دەپ ئاتىلىپ قاپتۇ.

1996 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا بۇ كەنتتە تۆت مەھەللە، 115 ئائىلە، 551 نوپۇس، 1926 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## شېكەر قومۇش

ئازادلىقتىن بۇرۇن ھازىرقى كۆيا يېزىسىنىڭ ئاچچىغۆي دېگەن يېرىدە مەگسۇر ئاخۇن ۋە غوجاخۇن ئىسىملىك ئىككى ئائىلىنىڭ كاتتا باي ياشايتتى. بۇلارنىڭ نەچچە مىڭلاپ قوي - ئۆچكىلىرى، ئات - كالىلىرى بار ئىدى. چارۋىلىرىغا قىشلىق يەم - خەشەك توپلىۋېلىش ئۈچۈن بۇ بايلار ھەر يىلى ئۆزىنىڭ يىلقىچىلىرىنى قومۇش - يانتاق چېپىشقا ئەۋەتەتتى. 1941 - يىلى كۈزدە مەگسۇر ئاخۇن باينىڭ يىلقىچىلىرى مەغرىپ تەرەپتىن، غوجاخۇن ھاجىمنىڭ يىلقىچىلىرى مەشرىق تەرەپتىن قومۇش ئوراپ ئىچكىرىلەپ كىرىپ ئۇچرىشىپ قاپتۇ.

— سىلەر كىمدىن سوراپ بىزنىڭ قومۇشلۇقىمىزغا كەلدىڭلار؟

دىقە قىلىشىغا تايىنىپ كۈن كەچۈرەتتۇق. 1958 - يى
يالغۇز ئۇغۇل مايدىنىنىڭ ئەتراپىدا 3 - قېتىم يەر ئېچ
باشلاندى. دەسلەپ «1- ماي» گۇڭشېسىدىن① كى‍‍رگ
2400 كىشىلىك بوز يەر ئاچقۇچى قوشۇن يېتىپ كەلگە
مازار ۋە كۆل ئەتراپىدىكى ئۈچ چوڭ خانىقا 29 ئىشكىل
ئۆي - گەممىلەرنى ئۇلارنىڭ يېتىپ - قوپۇشىغا بىكار
بەردىم. كۆمۈلۈپ كەتكەن ئېتىز - ئېرىقلارنى تېپىشقا ي
باشلىدىم...

نىياز باقى قارىم، يالغۇز ئۇغۇل كەنتىنىڭ پەي
بولۇش تارىخىغا تىرىك شاھىت بولغانلىقى ئۈچۈنلا ق
دىرلەشكە سازاۋەر بولۇپ قالماستىن، 1985 - يىلدىن با
لاپ مەملىكەتلىك كۆكەرتىش نەمۇنىچىسى دېگەن شان
شەرەپكە ئېرىشكەنلىكى بىلەنمۇ ھۆرمەتكە ئېرىشكەن مۆ
تىۋەردۇر. ئۇ ئەجدادلىرىمىزنىڭ چۆلنى كۆكەرتىپ، يۇرتن
كېڭەيتىش ئارزۇسىنىڭ بۈگۈنكى كۈندە رېئاللىققا ئايلى
نىۋاتقانلىقىدىن چەكسىز خوشال. ئۇ 1980 - يىلدىن باش
لاپ بالا - چاقىلىرىغا باشلامچىلىق قىلىپ 400 مو يەرگە
چىپ 200 مىڭ تۈپتىن ئارتۇق تېرەك، جىگدە، سۆگەت
كۆچەتلىرىنى تىكتى. ھازىر 50 مىڭ تۈپتىن ئارتۇق تې
رىكى كېسىمگە يەتتى. (بۇ كىشى 1995 - يىلى قاز
تاپتى)

## سېغىزلىق

ئىلگىرى بۇ كەنتنىڭ ئورنى چوڭقۇر ئويمانلىق ئى
كەن، سۇنى باشقۇرالمىغانلار دائىم مۇشۇ ئويمانلىققا
قويۇۋېتىدىكەن. ئۇزۇن يىللارغىچە سۇ ئۈزۈلمەي كىر

① ھازىرقى قاراقاش بازىرى

ئۆتىدىكەن. يولنىڭ ئىككى دۆڭلۈكىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئۆتكەن يېرى تار بولغانلىقتىن، كىشىلەر بۇ يەرنى «تار بوغۇز» دەپ ئاتاشقانىكەن. شۇ چاغدىكى ھۆكۈمەت بۇيەردە مەخسۇس خادىملارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ تاموژنا ۋە باج رەسمىيەتلىرىنى بېجىرىدىكەن. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن «تار بوغۇز» دېگەن ئاتالغۇ «تاۋغاز»غا ئايلىنىپكېتىپتۇ.

(«شەرق شامىلى» سۇ ئامبىرى ياسالغاندا بۇ ئېگىزلىك چېپىۋېتىلگەنىكەن.) 75 ياشلىق روزى ئاخۇن بوۋاينىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە، ئىلگىرى بۇ ئەتراپ زاۋا يېزىسىنىڭ ئېگىز ئېدىرلىق كەنتىدىكى يەھياخان، مەمتىلىخان غوجىلارنىڭ يايلىقى ئىكەن. يىلقىچىلار غوجىلارنىڭ مىڭلاپ - مىڭلاپ قوي - كالىلىرىنى يىلبويى مۇشۇ يەرلەردە باقىدىكەن.

1958 - يىلى باشلانغان بوز يەر ئېچىش دولقۇنى بۇ يايلاقنىمۇ قايناق ھايات مەنزىرىسىگە كىرگۈزۈپتۇ. 39 ياشلىق مەتتۇرسۇن ئاخۇننىڭ سەرگۈزەشتىسى مېنى ئالاھىدە قىزىقتۇردى. ئۇ بەش يېشىدا ئانىسىدىن، ئالتە يېشىدا دادىسىدىن يېتىم قاپتۇ.

1962 - يىلى جامائەت ئاشخانىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقتىن، ئۇنىڭ قورسىقىغا ھېچكىم ئىگە بولماپتۇ. ئۇ بوز يەردە جامائەت ئاشخانىسى بار دەپ ئاڭلاپ، شۇ يىلى كۈزدە «سەكرەش گۇڭشېسىنىڭ 6 - باشقۇرۇش رايونى» 4 - دادۈي (ھازىرقى ئاقساراي يېزىسىنىڭ ئاردغول كەنتى) دىن كۆچكەنلەرگە ئەگىشىپ «سەكرەش» گۇڭشېسىنىڭ تاۋغاز دېھقانچىلىق مەيدانىغا كىردى. دادۈي پارتىيە ياچېيكىسى ئۇنىڭ ئاش - تاماق، ياتاقلىرىغا ئىگىدارچىلىق قىلدى. ھەتتا يېشىغا يەتكەندە توي قىلىشىغىمۇ غەمخورلۇق قىلدى. شۇڭا خەقلەر ئۇنى «پارتىيە با-

— بۇ قومۇشلۇق قاچاندىن باشلاپ سىلەرنىڭ بولۇ
قالغان؟ - دېگەندەك سوئال - سوراقلارغا ئۇلىنىپ ئىكك-
تەرەپ سوقۇشۇپ قالىدۇ. بارا - بارا جېدەل ئۇلغىيى-
ئىككىلا تەرەپتىن بىر نەچچە كىشىنىڭ كاللا - قاپاقلىر
يېرىلىپ پۇت - قوللىرى سۇنىدۇ. بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپ
قان جامائەت:

— ئەخمەقلەر قومۇش تالىشىپمۇ سوقۇشقان بارمۇ؟

— بۇ يەرنىڭ قومۇشى تاتلىقمىكىن؟

— شېكەر قومۇشى ئىكەن،- دېيىشىپ بولارنى ئەيىب
لىشىدۇ.

1958 - يىلى «نۇرلۇق» گۇڭشېسى رەھبەرلىكى 000
نەپەر دېھقاننى يۆتكەپ كىرىپ بۇ ئېگىز - پەس قومۇلۇق-
نى تۈزلەپ زىرائەت تېرىشقا تەشكىللىدى. 1964 - يىلى
بۇ دېھقانچىلىق مەيدانىدا ئولتۇراقلاشقان ئائىلە 1200گە،
نوپۇس 5000 دىن كۆپرەككە يەتتى. 19 مىڭ مو يەر باغۇ-
بوستانلىققا ئايلاندى. بۇ دېھقانچىلىق مەيدانى 1975- يىلى
«شەرق شامىلى» گۇڭشېسىغا تەۋە قىلىندى. قومۇش جېدى-
لى بولغان ھېلىقى يەر 6 - گۈەنلىچۈي 4 - دادۈي بولدى.
1984 - يىلى گۇڭشې يېزىغا ئۆزگەرتىلگەندە پېشقەدەملەر-
نىڭ ئەينى چاغدىكى جېدەلنى سۆزلەپ، تەكلىپ بېرىشىگە
ئاساسەن، بۇ يەرنىڭ نامى «شېكەر قومۇش» دەپ مۇ-
قىمدالدى.

ھازىر بۇ كەنتتە ئالتە مەھەللە، 868 نوپۇس، 1683 مو
تېرىلغۇ يەر بار.

## تاۋىغاز

90 يىل بۇرۇن قەشقەر - خوتەن تاشيولى بۇ يەردىن

ـمىغا 3 مىڭ 750 مېتىر دامبا ياسىلىشى لازىم ئىدى. 1959-
يىلى 11 - ئايدا بۇ سۇ ئامبىرىنىڭ سۇيىدىن بەھرىمەن
بولىدىغان - بولمايدىغانلىقىغا قارىماي 40 مىڭدىن ئار-
تۇق ئەمگەكچى سۇ ئامبىرى قۇرۇلۇشىغا سەپەرۋەر قىلىن-
دى. بۇ ناھىيە بويىچە ئومۇمىي ئەمگەكچىنىڭ 70 پىر-
سەنتىنى ئىگىلەيتتى. 12 - ئايدا قېرى، كېسەلمەنلەر-
دىن باشقىلارنىڭ ھەممىسى قۇرۇلۇش ئورنىغا ئېلىپ
چىقىلدى.

تەشكىلىي تۈزۈم ھەربىيلەشتۈرۈلۈپ گۇڭشې — پولك
(تۇەن)، گۇەنلىچۈي — باتالىئون (يىڭ)، دادۈي —
روتا (لىيەن) دەپ ئاتالدى. ئىشلار مۇزاكىرە - كېڭىشىش
بىلەن ئەمەس، بۇيرۇق بىلەن يۈرۈشەتتى. چوڭ پولكلار-
دا 30 دىن، كىچىك پولكلاردا 15 تىن ئارتۇق روتا بار
ئىدى. گەمە بىلەن ئىش ئورنىنىڭ ئارىلىقى 700 — 800
مېتىرچە كېلەتتى. جەڭچىلەر ئۆچتىن سەپ بولۇپ روتا
كوماندىرلىرىنىڭ كەينىدە مېڭىپ ئىشقا كېلەتتى، ئىشتىن
قايتاتتى. پولك كوماندىرى پۇشتەك چېلىپ4000 — 5000
جەڭچىنىڭ قەدىمىنى بىرلىككە كەلتۈرەتتى. سەھەردە ئور-
نىدىن تۇرۇش، تاماقتىن كېيىن يىغىلىش پۇشتىكى چې-
لىنىپ بەش مىنۇت ئىچىدە پولك بويىچە ھەممە جەڭچى-
لەر تولۇق يىغىلىپ بولۇشى لازىم ئىدى. رويىخەتكە ئۆل-
گۈرەلمىگەن جەڭچىلەرنىڭ روتا كوماندىرلىرى قاتتىق
تەنقىدكە ئۇچرايتتى. بىر روتا ئادەتتە بىر كۈندە كەڭ-
لىكى ئون مېتىر، ئۇزۇنلۇقى 80 مېتىر دامبىنى 20 — 30
سانتىمېتىر ئېگىزلىتىشى لازىم ئىدى. 200 — 300 مېتىر يې-
راقلىقتىن توپا يۆدۈپ كېلىپ بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنلاش ھە-
قىقەتەن مۇشكۇل ئىش ئىدى.

ئۇ يىللاردا ئاشلىق بىلەن نورمىلىق تەمىنلەش يول-

لىسى» دەپ ئاتاشتى. 1978 - يىلىدىن باشلاپ، ئۇلار ھۆددى
ئالغان يېرىگە تەر تۆكۈپ ئىشلەپ، يىلمۇ - يىل مول ھو-
سۇل ئېلىپ تۇرمۇشىنى ياخشىلىدى.

1988 - يىلى ئۆيلىرىنى كۆركەم، ئازادە قىلىپ يېڭى-
لاپ سېلىۋالدى. ھازىر ئۇلار ئۆز ئۆيىدە قولۇم - قوشنى-
لىرى بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ تېلېۋىزور نومۇرلىرىنى كۆ-
رۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى. قوتانلىرىدا 20 نەچچە
تۇياق قوي، بىر ئات، ئىككى تۇياق كالا بار. 12 مىڭ توپ
دەرىخى كېسىمگە يەتتى.

## «شەرق شامىلى» سۇ ئامبىرى

ئادەمنىڭ قان تومۇرلىرى ئۇنىڭ جىسمىكى ئەزالى-
رىغا ھاياتىي كۈچ يەتكۈزۈپ بەرگىنىگە ئوخشاش، «شەرق
شامىلى» سۇ ئامبىرى 32 يىلدىن بۇيان 30 كىلومېتىر ئۇ-
زۇنلۇقتىكى ئۇرىچى ئۆستىڭى ئارقىلىق 85 كۋادرات كى-
لومېتىرلىق ئۇرىچى زېمىنىغا يېشىل ھايات ئاتا قىلدى.
سۇ ئىچكەندە قۇدۇق قازغانلارنى سېغىنىش پەزىلىتىمىز
بىلەن سۇ ئامبىرى قۇرۇلۇشىغا قاتناشقانلارنىڭ جاپالىق
سەرگۈزەشتىلىرىنى قىسقىچە بايان قىلىشنى زۆرۈر تاپتىم.

ئاپتونوم رايونلۇق سۇ ئىشلىرى نازارىتىدىن كەل-
گەن مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ھېسابىچە بۇ زور قۇرۇلۇشنى
يېرىم يىلدا تاماملىغىلى بولاتتى. شۇ يىلى كۆتۈرۈلگەن
«چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» شامىلىنىڭ ھەيدەكچىلىكى
بىلەن قۇرۇلۇش مۇددىتى ئۈچ ئايغا قىسقارتىلدى. سۇ
ئامبىرى قۇرۇلىدىغان جاينىڭ جەنۇبىي، شەرقىي تەرەپ-
لىرى، غەرب تەرىپىنىڭ بىر قىسمى تەبىئىي ئېگىزلىك
بولۇپ، شىمالىي تەرەپ ھەم غەرب تەرەپنىڭ بىر قىس-

ئېرىشىش، «كالا ھارۋىسى» دىن قېچىش ھېسسىياتى ئەۋج ئېلىپ «شىجائەت كۈندىن - كۈنگە ئۆرلەپ» كېتەتتى. ئىش ۋاقتى كۈندىن-كۈنگە كۆپىيىپ كېتىۋەردى. چۈشلۈك تاماقنى ئىشلەۋېتىپ يەيدىغان، تېرەك قوۋزىقىنى ياندۇرۇپ تەڭ كېچىگىچە ئىشلەيدىغان يۇقىرى كەيپىيات پۈتۈن ئىش مەيدانىغا ئومۇملاشتى. ئون كۋادرات كىلومېتىرلىق ئىش مەيدانىدا 50 مىڭ ئادەم چۈمۈلىلەردەك تىنىمسىز ئىشلەيتتى. چوڭ - كىچىك قىزىل بايراقلارنىڭ كۆپلۈكىدىن ئىش مەيدانى شاپتۇللار چېچەكلىگەن بىپايان باغقا ئوخشايتتى. شۇ قەدەر جىددىي ئىشلەش ئارقىلىق ئۈچ ئايلىق پىلان بىر يېرىم ئايدا ئەمەلگە ئېشىپ 12 - ئاينىڭ 18 - كۈنى سۇ ئامبىرىنىڭ پۈتكەنلىكى جاكارلاندى. شۇنداق قىلىپ دامبىنىڭ ئېگىزلىكى سەككىز مېتىر، ئۈستىنىڭ كەڭلىكى 45 مېتىر، ئومۇمىي قىرغاق ئۇزۇنلۇقى 9 مىڭ 950 مېتىر، سۇ سىغىمچانلىقى 25 مىليون كۇب مېتىر، 50 مىڭ مو يېتىزلىقنى ئالتە قېتىم سۇغىرىشقا بولىدىغان «شەرق شامىلى» سۇ ئامبىرى قاراقاش زېمىنىنىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپىدە پەيدا بولدى.



1996-يىل 9- ئاينىڭ 4 - كۈنى ماڭلاي يېزىسىنىڭ تۆۋەن ماڭلاي كەنتىگە بېرىپ 75 ياشلىق كومپارتىيە ئەزاسى جۇمە نىياز ئاكا بىلەن ئۇچراشتىم. ئۇ ئۆز ئەسلىمىسىنى بۇنداق بايان قىلدى:

غا قويۇلغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە دېھقانلارنىڭ كېيلى خەل
ئاشخانىسىغا باغلىق بولسىمۇ، سۇ ئامبىرى قۇرۇلۇش
ئورنىدا ئاشلىق نورمىسى خېلى يۇقىرى ئىدى. لېكىن
ئەمگەك ئېغىر، كۈنىگە 15 — 20 سائەت ئىشلىگەچكە قورساق
نىڭ تەلىپى خېلىلا جىددىي ئىدى. كىم توپىنى تېز ئۈس
سۈپ بەرسە، كىم توپىنى جىق يۆدسە، (بىر تاغار توپ
150 — 180 جىڭ كېلىش لازىم ئىدى) دائىما ئۈستىگە كى
بۇرۇن چىقسا روتا كوماندىرى (دادۈي پارتىيە ياچېيك
شۇجىسى ياكى دادۈيجاڭ) ئۇلارنىڭ ئاغزىغا بىر تالقەن
ياكى بىر چىشلەم زاغرا سېلىپ قوياتتى. بۇنداق «نەق
مۇكاپات» قورساقتا بىردەم قۇۋۋەت بېرىپ قىزغىنلىقىنى
يۇقىرى كۆتۈرەتتى. قاتلاممۇ - قاتلام سېلىشتۇرۇپ با
ھالاش — ئىشنىڭ سۈرئىتىنى ئىلگىرى سۈرەتتى. قوماند
دانلىق شتابى ھەپتىدە ئىككى قېتىم پولكلارنى سېلىشت
تۇرۇپ باھالايتتى. ئىلغار بولغان پولكقا راكىتانىڭ رە
سىمى چۈشۈرۈلگەن «كۆچمە قىزىل بايراق» تەقدىم قىلى
ناتتى. بۇ پولكنىڭ كوماندىرلىرى «شان - شەرەپنى قول
دىن بەرمەسلىك» ئۈچۈن، تەشكىلىي تۈزۈملەرنى تېخىمۇ
چىڭىتاتتى. ئايروپىلان، ئاپتوموبىل، تراكتورلارنىڭ رە
سىمى سىزىلغان بايراقلارغا ئېرىشكەن پولكلار «پەرقلەر
نى ئىزدەپ» كېيىنكى قېتىملىق باھالاشتا «راكىتا» غ
ئېرىشىش ئۈچۈن چارە - تەدبىرلەرنى تۈزەتتى. ئارقىد
قالغان پولكقا كالا ھارۋىسىنىڭ رەسىمى سىزىلغان بايراق
بېرىلەتتى. بۇ پولكنىڭ كوماندىرلىرى جەڭچىلەرنى
«غەيرەتنى تولۇقلاپ»، «نومۇسنى شان - شەرەپكە ئايلان
دۇرۇش» ئۈچۈن تېخىمۇ قاتتىق ئىشلەشكە قىستايتتى
پولكلار باتالىيونلارنى، باتالىيونلار روتىلارنى سېلىشتۇرۇپ
باھالاشنىڭ بېسىمى تېخىمۇ قاتتىق ئىدى. «راكىتا» غ

ـمايلا ئۇخلايتتۇق. مەن كۈنبويى تاغار يۇدۇپ توپا توشۇيتتىم.

ئاقچى قوغۇن ئاق ناۋات،
كۆكچى قوغۇن كۆك ناۋات.
سۇ ئامبىرى قۇرۇپ بىز،
چۆلنى قىلىمىز ئاۋات.

سۇ باشلىساق ئامبارغا،
ئاشلىق تولار تاغارغا...

دېگەندەك ناخشىلارنى ئوقۇپ ئىش مەيدانىنى جانلاندۇرغانلىقىم ئۈچۈن ماڭا ھەر كۈنى بىر زاغرىنى ئارتۇق بېرەتتى. ئىشنىڭ ئېغىرلىقىدىن بەزى ئاياللار بويىدىن ئاجراپ كېتىپ گەمىدە ئىككى-ئۈچ كۈن يېتىپلا يەنە ئىشقا چىقاتتى. ئەمگەككە چىدىيالماي ئۆيىگە قېچىپ كەتكەنلەرنى بىر نەچچە ئادەم قوغلاپ بېرىپ تۇتۇپ كېلەتتى. ئۇنداقلارنى كېچىسى ئۇخلىماي مۇنازىرە قىلاتتۇق. مۇنازىرە تىل - ھاقارەت بىلەن باشلىنىپ چاچ - ساقاللىنى تارتىپ، سىلكىش، بېقىنىنى چىمداش، مۇشتلاش ئارقىلىق «مېنىڭ قېتىم تۆۋە قىلدىم» دېگۈزۈش بىلەن تۈگەيتتى.


## يېڭى مەنزىرە

مەن 92 - يىلى 9 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ئۈرۈمچى يېزىسىنى يەنە بىر قېتىم سەيلە قىلدىم. ئىقمۇ ئىق سۇ ئېقىۋاتقان ئېرىق - ئۆستەڭلەرنىڭ ئانا بىتەك تۈپتۈز يول-

— 12 - ئاينىڭ باشلىرىدىكى بىر كۈنى جاندىن ئۆت-
كەندەك قاتتىق سوغۇق بولدى. مەن توپا ئۆسسۈيدىغان يەر-
دىن ئەللىك قەدەمچە يىراقلىقتا پوستتا تۇراتتىم. مەن
خالاغا بېرىش باھانىسى بىلەن بىردەم ئارام ئېلىۋال-
ماقچى بولغانلارنى، ئۇخلىۋېلىش ئۈچۈن گەمىگە ماڭغان-
لارنى چەكلىشىم لازىم ئىدى. مەن ئىش قىلماي ئۆرە تۇر-
غانلىقىمدىن توڭلاپ قالغىنىمنى سەزمەيلا قاپتىمەن. ھو-
شۇمغا كېلىپ كۆزۈمنى ئاچسام گەمىدە يېتىپتىمەن. ئاڭ-
لىسام، مېنىڭ يىقىلغىنىمنى كۆرگەن كىشىلەر مېنى زەم-
بىلگە سېلىپ كۆتۈرۈپ گەمىگە ئېلىپ كەپتۇ. قومۇش يىل-
تىزلىرىنى تېرىپ كېلىپ ئوت قالاپ مېنى قاقلاپتۇ، جۇ-
ۋىلارنى ئوتقا قاقلاپ ئىسسىتىپ ماڭا يېپىپتۇ. ئاغزىمغا
ئىسسىق سۇ قۇيۇپتۇ. ھەر خىل چارە - ئاماللار بىلەن
پۇتۇمدىن-بەللىرىمگىچە ئېرىتىپ ھوشۇمغا كەلتۈرۈپتۇ.
يىقىلغانلىقىمنى باشقىلار دەرھال كۆرۈپ قالمىغان بولسا
ئۆپكە - يۈرەكلىرىممۇ مۇزلاپ ئۆلۈپ قالىدىكەنمەن...



مەن 90 ياشلىق تۇرسۇن-
خان موماي بىلەنمۇ پاراڭلاشتىم.
— مېنىڭ ئېرىم پالەچ ئىدى، —
دەپ گېپىنى باشلىدى ئۇ، — دا-
دۇيىمىزگە تەقسىم بولغان چام
(ۋەزىپە) جىق بولغانلىقتىن قې-
رى - ياش، ئەر - ئاياللار ھەم-
مىمىز سۇ ئامبىرى قۇرۇشقا چىق-
تۇق. سەھەردە پۇشتەككە ئۈلگۈرەلمىسەك ئىزا - ئاھانەت-
كە كۆمۈلۈپ كېتەتتۇق. شۇڭا ئاخشىمى كېيىمىمىزنى سال-


كۆيا يېزىسى
1:250000
1:10000

لارنىڭ بويىدا قاتار-قاتار ئۆسكەن تېرەك، سۆگەتلەر دىلغا ھۇزۇر، كۆزگە ئارام بېغىشلايتتى. تۇتاش كەتكەن سالا ئېتىزلاردىكى قوناق، كېۋەزلەر مول ھوسۇلغا گۇۋاھلىق قىلاتتى. بۈك-باراقسان باغلاردىكى سۇلۇق شاپتۇللار، ئۆيلەرنىڭ ئالدىدىكى تال باراڭلىرىدا سەيۋە، قىزىل ئۈزۈملەر ياقۇتتەك پارقىراپ، مەمۇرىچىلىقنى نامايان قىلاتتى. دېھقانلار ئۆيى ئالدىدىكى يول ئۈستىگە ئۈزۈم، كاۋا، قاپاق باراڭلىرىنى ياساپ «ئاسمانىمۇ بىكار قويمىغان» ئىدى.

بۇ گۈزەل مەنزىرلەر ئۇرىچى يېزىسىنىڭ تارىخىنى بىلمەيدىغان ساياھەتچىلەرنى ھەيران قالدۇرالىسىمۇ، يەرلىك كىشىلەر ئۆز تەسىراتلىرىنى بۇ بىر كۇپلېت قوشاق بىلەن ئىپادىلىدى:

ئۇ بازارنىڭ - بۇ بازارنىڭ،
ئۆز ئالدىغا نەرخى بار.
ئۆتمۈش بىلەن بۈگۈننىڭ،
ئاسمان - زېمىن پەرقى بار.



1944 - يىلىدىن كېيىن «يېڭى ھايات»، «مەڭگۈ ئامان»، «پا-
راۋان» يېزىلىرىغا بۆلۈنگەن. 1948- يىلىدىن كېيىن «پا-
راۋان» يېزىسى بولغان، ئازادلىقتىن كېيىن 7 - ۋە 8 -
رايون بولۇپ، ئاچچىغۆي، ھالۇ، كۇيا، پاۋان، قاراقو-
زۇق، ماڭلاي قاتارلىق 14 يېزىغا ئايرىلغانىكەن. (ئۇ
چاغدىكى بىر يېزا چوڭراق بىر كەنتكە ياكى بىر نەچچە
كىچىك كەنتكە باراۋەر كېلىدىكەن.)

1956 - يىلى 7 - ۋە 8 - رايون بىرلەشتۈرۈلۈپ 7 -
رايون دەپ ئاتالدى. 1958 - يىلى «نۇرلۇق» خەلق گۇڭ-
شېسى قۇرۇلغاندا بىر قىسىم كەنت - مەھەللىلىرى چېگرى-
داش گۇڭشېلارغا تەۋە قىلىندى. 1984 - يىلى «كۇيا يې-
زىسى» غا ئۆزگەرتىلدى.

1996 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا بۇ يېزىدا 160 مەمۇرىي
مەھەللە، 29 مەمۇرىي كەنت، 7305 ئائىلە، 33 مىڭ
626 نوپۇس، 42 مىڭ 4 مو تېرىلغۇ يەر بار. پۈتۈن يىل-
لىق ئاشلىق مەھسۇلاتى 14 مىليون 609 مىڭ 573 كىلو-
گرامغا يېتىپ، بۇلتۇرقىدىن 8.21% ئاشتى. پاختا (چىگىت-
سىز) 577 مىڭ 443 كىلوگرامغا تۆۋەنلەپ بۇلتۇرقىدىن
177 مىڭ 598 كىلوگرام تۆۋەنلىدى. پىلە مەھسۇلاتى 58
مىڭ 365 كىلوگرامغا مۇقىملاندى، چارۋا 76 مىڭ 912
تۇياققا يېتىپ بۇلتۇرقىدىن 8.47% ئاشتى. كىشى بېشىغا
توغرا كەلگەن يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىم 529 يۈەنگە تۆ-
ۋەنلەپ بۇلتۇرقىدىن 28 يۈەن ئازايدى.

# كۇيا يېزىسى

مۇھەممەتئىمىن قۇربان، ئىمىرجان راخمان

قاراقاش ناھىيىسىنىڭ خەرىتىسىگە قارىسىڭىز كۇيا يېزىسى ناھىيە دائىرىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىكەنلىكىنى، ئاقساراي، زاۋا، ئۈرىچى، ياۋا، قاراساي، پۇرچاقچى، ماڭلاي يېزىلىرى بىلەن چېگرىداش ئىكەنلىكىنى كۆرىسىز. ناھىيە مەركىزىدىن غەربىي شىمال تەرەپكە قاراپ ئون كىلومېتىر ماڭغاندىن كېيىن كۇيا يېزىسىغا بارىسىز.

تارىخىي مەنبەلەرگە قارىغاندا 1000 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتلار مۇقەددەم، بۇ جايلار قەدىمكى كېرىيە دۆلىتىگە① تەۋە بولغانىكەن. قەدىمكى پېرسىيە (پارس) دۆلىتىدىن كېرىيىگە كەلگەن كۇيۇر دېگەن كىشى كېرىيە پادىشاھى ئابدۇللا شاپۇنىڭ كۇيئوغلى سىياۋۇشىنىڭ بۇ يېزىسىدا بىر ئۆستەڭ قېزىشىغا ياردەملەشكەنىكەن. بۇ كىشىنى ياد ئېتىپ تۇرۇش ئۈچۈن ئۆستەڭمۇ، ئۆستەڭنىڭ ئىككى تەرىپىدە بىنا بولغان يۇرتلارمۇ «كۇيۇر» دەپ ئاتالغانىكەن. «كۇيۇر» دېگەن ئاتالغۇ يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن كىشىلەر تىلىدا «كۇيا» دەپ ئۆزلىشىپ قالغانىكەن.

*1919* - يىلدىن بۇرۇن كۇيا مىڭلىكى (مىڭ ئۆيلۈك) قاراقاش بەگلىكىگە تەۋە بولۇپ، شۇ يىلى قاراقاش ناھىيىسى تەسىس قىلىنغاندىن كېيىن ئۆز ئالدىغا مىڭلىك بولغانىكەن. *1937* - يىلدىن كېيىن 7 - رايون بولغان،

① تۇران دۆلىتى دەپمۇ ئاتىلىدۇ

نىپ ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرىشكە جۈرئەت قىلالماي، قىزنىڭ سىرتقا چىقىشىنى ئۈمىد قىلىپ يولدا ناخشا ئېيتىپ مېڭىپتۇ. توختى غوجىكام بۇ يىگىتنى تۇتۇۋېلىپ:

— مېنىڭ ئۆيۈمنىڭ ئالدىدا كېلىپ ناخشا ئېيتىدىشىڭدىكى غەرىزىڭ نېمە؟ — دەپ سوراق قىلىپ بالداق بىلەن بىر نەچچىنى ئۇرۇپتۇ. ئەتراپتىكى كىشىلەر توختى غوجىكامنىڭ يولسىزلىقىدىن نارازى بولۇپ:

— ئۆتۈپ كەتكەن تەلۋە ئادەمكەن بۇ، — دېيىشىپتۇ. توختى غوجىكامغا سىڭىپ قالغان بۇ لەقەم ئەينى يىللاردىن باشلاپ، بۇ مەھەللىنىڭ، كېيىنچە كەنتنىڭ نامى بولۇپ قاپتۇ.

تەلۋىلەر دېگەن ئاتالغۇ توغرىسىدا يەنە بۇنداق پاراڭلارمۇ بار. ئىلگىرى بۇ مەھەللىدە بىر جەمەتلىك بەش-ئالتە ئائىلىلىك كىشىلەر ياشىغانىكەن. بۇلار ئۆز-ئارا ئىناق ئۆتمەي كىچىككىنە ئىشلار ئۈچۈنمۇ جېدەللىشىدىكەن، قوشنا مەھەللىدىكىلەر بىلەنمۇ سۇ ياكى پاسىل تالىشىپ دائىم ئۇرۇش ماجرا قىلىدىكەن. يولسىزلىق قىلغانلىقى ئىسپاتلىنىپ يۇرت چوڭلىرىدىن تەنقىد-تەنبىھ ئاڭلىسا قايىل بولماي زوكۇنلىشىدىكەن ھەم ماجرادىن باش تارتمايدىكەن. بىر كۈنى قوشنا مەھەللىدىكىلەر بۇلار ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ يۇرت چوڭلىرىنىڭ ئالدىغا كەپتۇ. يۇرت چوڭلىرى:

— ئەسكىگە بىر قوشۇق قويۇپ بەرگۈلۈك، ئۇ تەلۋىلەر بىلەن تەڭ بولماڭلار، — دەپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ جېدەلخورلارغا قويۇلغان «تەلۋىلەر» دېگەن لەقەم يۇرت-مەھەللىنىڭ نامىغا ئايلىنىپ قاپتۇ. (ئادەتتە تولۇق چۈچۈمىگەن تەمى ئاچچىق، پۇرىقى قاڭسىق ياغنى تەلۋە ياغ دەيمىز. تىلىمىزدا يەنە «ئادەمنىڭ تەلۋىسى — تۈگمەس غەلۋىسى» دېگەن ھېكمەتلىك گەپمۇ بار.)

## كۇيا يېزىسىدىكى كەنتلەرنىڭ ناملىرى

(خەرىتىدىكى رەقەملەرگە ئۇدۇللاندى)

1. تەلۋىلەر
2. داخان
3. پاۋان
4. سۇ ئامبىرى
5. دەرۋىش
6. قاقلىق
7. قارا قوزۇق
8. قوشئېرىق
9. كۇيا
10. سايىيات
11. چىپقان
12. هالۇ
13. دۈشەنبە بازار
14. گۆلچى
15. ئاچچىغۆي
16. ئاتئېغىل
17. باشقا يغۇلۇق
18. ئوتتۇراقا يغۇلۇق
19. ئاياغ قا يغۇلۇق
20. چەمەكلە
21. قوشكۆۋرۈك
22. گادۈي
23. يىلۋا
24. پاختەكلە
25. قارىلا
26. ئۇجمىلىك
27. توپاق ئاچما
28. ئوتتۇرا ئاچما
29. ئاياغئاچما

چېگرىداش يېزىلارنىڭ خەرىتىگە چۈشكەن كەنتلىرى:

30. ئاياغ ياغاچچى (پۇرچاقچى) 31. باشئۆرىچى،
32. ئۆرىچى 33. قاشبۇيى
34. بادام سۈيى (زاۋا)

## تەلۋىلەر

تەخمىنەن 500 يىل ئىلگىرى بۇ جايدا توختى غوجىكام ئىسىملىك مىسكەر ياشىغانىكەن. جامائەت ئىچىدە يۈز-ئابرويلۇق بۇ كىشىنىڭ بىر قىزى چىرايلىق چوڭ بوپتۇ. بۇ قىز بىلەن توي قىلىشنى ئارزۇ قىلغان يىگىتلەردىن بىرسى توختى غوجىكامنىڭ ھەيۋىسىدىن ئەيمى-

قاتارلىق مىسرالىرى بىلەن ئۆز يۇرتىنى تەبىئىي سۈرەتلەپ چىقتى.

## مەرھۇم ئابدىرىشىت ئاۋۇت توغرىسىدا



ئابدىرىشىت ئاۋۇت 1934- يىلى 11- ئايدا پاۋان كەنتىدە دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلدى. 1943- يىلدىن كېيىن پاۋان، داخان، ماڭلاي كەنتلىرىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپتە، 1946- يىلدىن كېيىن خۇسۇسىي دىنىي مەكتەپتە ئوقۇدى. 1949- يىلدىن باشلاپ ئائىلىسىدە قول-ھۈنەرۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللاندى. 1951- يىلى 10- ئاينىڭ 15- كۈنى ئىنقىلابىي خىزمەتكە قاتنىشىپ تۇۋەت، سايباغ يېزىلىرىدا ئىجارە كېمەيتىش، يەر ئىسلاھاتى ھەم ئومۇمىي سايلام خىزمەتلىرىگە يېتەكچىلىك قىلدى. 1953- يىلى 3- ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ ئەزاسى بولدى. 1954- يىلى 4- ئايدىن باشلاپ زاۋا يېزىسىدا تەشۋىقات خىزمىتىنى ئىشلىدى. 1955- يىلى 12- ئايدا خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ يېزا ئىگىلىك بۆلۈمىگە يۆتكىلىپ يېزا ئىگىلىكىنى كوپېراتسىيىلەشتۈرۈش خىزمىتىگە قاتناشتى. 1956- يىلى 12- ئايدىن كېيىن خوتەن ۋىلايەتلىك چارۋا مەھسۇلاتلىرى شىركىتىدە ئىشلىدى. 1959- يىلى 1- ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەزا بولدى ھەم ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىگە يۆتكەلدى. 1965- يىلى 8- ئايدا ۋىلايەتلىك پارتكوم ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ شۇجى-

1996 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا بۇ كەنتتە سەككىز مەھەللە، 415 ئائىلە، 1932 نوپۇس، 1842 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## پاۋان

بۇ كەنتتە ھازىرمۇ ئاتا مىراس كەسپىنى داۋاملاشتۇرۇپ توّمۇرچىلىك قىلىۋاتقان كىشىلەر خېلى كۆپ. بۇ يەرلىك كىشىلەر بۇرۇندىنلا توّمۇرچىلىك قىلىپ كەتمەن، كەكە قاتارلىق ھەر خىل سايمانلارنى ياسىغاندىن باشقا، مىلتىق ياساپ ئوۋچىلىق بىلەنمۇ شۇغۇللانغانىكەن. بۇ يەرگە ئانچە يىراق بولمىغان كەڭ سازلىق ــ تەبىئىي كۆلدە① ياۋا ئۆردەك، قاشقالداق، ئۇققا، ھاڭغىت قاتارلىق سۇ قۇشلىرى جىق ئىكەن. ئۇلار ھەمىشە بۇ كۆلدە ئوۋچىلىق قىلغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ پاۋانلىق كەسپى بۇ كەنتنىڭ نامى بولۇپ قالغانىكەن.

بۇ كەنتتە 1996ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا بەش مەھەللە، 178 ئائىلە، 862 نوپۇس، 1094 مو تېرىلغۇ يەر بار.

شائىر جاپپار رېھىم ئۆز يۇرتىنى:

جەنۇبتا سۇ ئامبار ـ كۆمۈش ئەجدىھار،
ئوينايدۇ بېلىقلار، غاز ۋە ئۆردەكلەر.
يۇرەككە ئاراملىق سەيلىگاھ بۇ يەر،
قىرغاقتا يەلپۈنەر چوكان سۆگەتلەر.

تېخىمۇ جەزبىدار بولۇپسەن بۈگۈن،
قانماستىن تەلپۈنۈپ سوقتى يۈرەكلەر...
مەھەللەم ـ يامانيار ئۈچ يۈز يىل بۇرۇن،
چوڭ ئۆستەڭ يار ئالغاچ ئاتالغان شۇنداق.

ھېلىمۇ بۇ يەرنىڭ شىمال ـ شەرقىدە،
كىچىك بىر تىگان بار شىرەملىك شىۋاق.
بوۋىلار ئېيتىدۇ: «كۆل ئىدى بۇ يەر،
ياۋايى ئۆردەكلەر ئوينىغان شۇ چاغ...»

---

① ھازىرقى داخان سۇ ئامبىرى

## قاقلىق

1996 - يىلى 1- ئاينىڭ 25- كۈنى بۇ كەنتتىكى 78 ياشلىق ئابدۇرېشىت ئاخۇن، 65 ياشلىق باقى ئاخۇن قاتارلىق پېشقەدەملەر بىلەن سۆھبەتتە بولدۇم. ئۇلاغلاشلاردىن مەلۇم بولدىكى، تەخمىنەن 300 يىل ئىلگىرى ھازىرقى ماكىت يېزىسىنىڭ ماكۈي، قاقلىق كەنتىدىن بىر ئۆيلۈك ئەر - خوتۇن يەر ئىگىلەش ئۈچۈن بۇ جايغا كۆچۈپ كەپتۇ. ئۇلار ئېرىقنىڭ ئاخىرىنى ئۇزارتىپ چېپىپ سۇ نەگىچە ئاقسا شۇ يەرگىچە قوغۇن- تاۋۇز تېرىشنى ئىككى-ئۈچ يىل داۋاملاشتۇرغاندىن كېيىن، بۇغداي، قوناق تېرىشنى باشلاپتۇ. نەچچە ئون يىلدىن كېيىن ئۇلارنىڭ بالا - چاقىلىرىنىڭ كۆپىيىشىگە ھەم باشقا يۇرتلۇق كىشىلەرنىڭ كۆچۈپ كېلىشىگە ئەگىشىپ بۇ جايلار بارا - بارا يۇرت-مەھەللىگە ئايلىنىپتۇ. بۇ يىلقى كۈنلەردە بۇ كەنتتە ساقال، خوش، يورغا، بەز، مۆشۈك، قاق قاتارلىق 17 خىل لەقەملىك كىشىلەر بار. ئەڭ بۇرۇن قاق لەقەملىكلەر يەر ئىگىلىگەنلىكى ھەم تارقىلىش دائىرىسى كەڭرەك بولغانلىقى ئۈچۈن كەنتنىڭ نامى قاقلىق دەپ ئاتىلىپتۇ. قاق لەقەملىك كىشىلەر ھازىر 50 ئائىلىدىن ئاشتى. باقى ئاخۇن بۇ جايدا ئەڭ دەسلەپتە ئولتۇراقلاشقان ئائىلىنىڭ ئالتىنچى ئەۋلادىدۇر.

بۇ كەنتتە 1996 يىلنىڭ ئاخىرىدا سەككىز مەھەللە، 401 ئائىلە، 1749 نوپۇس ، 2705 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## قارا قوزۇق

ئابدۇللاخۇن مۇنداق بىر ئەھۋالنى بايان قىلىدۇ: شاھ مەشرەپ يۇرت كېزىپ بۇيەردىن ئۆتكەندە ھېرىپ قېلىپ

لىقىغا تەيىنلەندى. 1971- يىلى 3- ئايدا چىرا ناھىيىلىك
پارتكومنىڭ شۇجىلىقىغا، ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت-
نىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا تەيىنلەندى. 1972- يىلى 8-
ئايدىن 1985- يىلى 6- ئايغا قەدەر خوتەن ۋىلايەتلىك پارت-
كومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى بولۇپ ئىشلىدى. 1985- يىلى 6-
ئايدىن كېيىن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق
ۋەكىللىرى قۇرۇلتىيى خوتەن خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇئا-
ۋىن مۇدىرى بولدى.

1993- يىلى 7- ئاينىڭ 14- كۈنى خوتەندە 59 يېشىدا
كېسەل سەۋەبىدىن بەختكە قارشى ۋاپات بولدى.

## سۇ ئامبىرى

بۇ كەنت ئەسلى دەرۋىشكە تەۋە مەھەللە بولۇپ، ئاي-
رىم كەنت تەسىس قىلىنغاندا (84 - يىلى) قاراساي سۇ
ئامبىرىغا قوشنا بولغاچقا «سۇ ئامبىرى» دېگەن نام كەنت-
كە ئىسىم بولۇپ قويۇلدى.

1996 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا بۇ كەنتتە ئالتە مەھەللە،
252 ئائىلە، 1115 نوپۇس، 619 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## دەرۋىش

600 يىللار ئىلگىرى مەۋلانە خەلىپە ۋە ئۇنىڭ شى-
رىكلىرى بۇ جايدا بىرنەچچە يىل ماكانلىشىپ دىنىي ئى-
بادەت ۋە تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللانغانىكەن، ئۇلار ئا-
دەتتە جەندە- كۇلاھ كىيىپ ھالقە- سۇۋەت بىلەن شۇغۇل-
لانغانلىقتىن كىشىلەر ئۇلارنىڭ مەھەللىسىنى دەرۋىش
دەپ ئاتىغانىكەن.

1996- يىلىنىڭ ئاخىرىدا بۇكەنتتە تۆت مەھەللە،
251 ئائىلە، 1011 نوپۇس، 999 مو تېرىلغۇ يەربار.

گىل ئىكەن. يۇرت كاتتىلىرى ھېچقايسى ئايماققا تەۋە بولمىغان، بۇ يەرنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى گەۋدىلەنگەن «قوشئېرىق» دېگەن ئاتالغۇنى بۇ جاينىڭ ئىسمى قىلىپ مۇقىملاپتۇ. بۇ ئېرىق 1961- يىلى ئېتىزلىقلارنى سالالاش- تۇرغاندا تۈزلىۋېتىلدى.

بۇ كەنتتە 1996 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا بەش مەھەل- لە، 196 ئائىلە، 1019 نوپۇس، 1096 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## سايات

سايات دېگەن كەنت نامى ھەققىدە تۆۋەندىكىدەك ئىككى خىل قاراش ساقلىنىپ كەلمەكتە:

(1) تەخمىنەن 170 يىللار ئىلگىرى نامانگانلىق بىر ساياھەتچى بۇ يەردە بىر مەزگىل توختاپ ئۆتۈپتۇ. ئۇ دائىم تىلغا ئېلىپ تۇرىدىغان «ساياھەت» دېگەن سۆز يەرلىك خەلقلەرگە بەك يېقىملىق ئاڭلىنىپ، ئۆز ئارا بۇ سۆزنى تەكرارلايدىغان بولۇپ قاپتۇ. قوشنا كەنتتىكىلەر بۇنىڭغا قاراپ، بۇ يەردىكىلەرنى «ساياھەت» دەپ ئاتاپتۇ ۋە ئاستا - ئاستا «سايات» قا ئۆزگىرىپ كەنت نامى بو- لۇپ قاپتۇ.

(2) ئىلگىرى بۇ يەرنىڭ بىر قىسمى جاڭگاللىق بو- لۇپ نۇرغۇن ياۋايى قۇشلار ياشايدىكەن، قوشنا مەھەللى- لەردىكى كىشىلەر بۇ يەرگە ئۈزۈلمەي كېلىپ ئوۋچىلىق قىلىدىكەن. شۇنىڭغا قاراپ كىشىلەر بۇ يەرنى «ئوۋچى- لارنىڭ يۇرتى» دېگەن مەنىدە«سەييات» دەپ ئاتاپتۇ. كې- يىنچە بۇ ئىسىم كەنت نامى بولۇپ قالغانىكەن.

1996-يىلىنىڭ ئاخىرى بۇ كەنتتە يەتتە مەھەللە، 343 ئائىلە، 1559 نوپۇس، 1855 مو تېرىلغۇ يەر بار.

ھاردۇق ئالماقچى بوپتۇ، لېكىن بۇ يەر يېڭى ئۆزلەشتۈرۈلگەن يەر بولغاچقا ئاندا - ساندا ئادەم ئولتۇراقلاشقانىكەن. شاھ مەشرەپ ھاردۇق ئالىدىغان نە سايە، ئېشەكىنى باغلاشقا نە قوزۇق تاپالماي تۇرغاندا بىر ئۆيدىن بىر ئايال چىقىپتۇ. شاھ مەشرەپ ئايال بىلەن سالاملاشقاندىن كېيىن:

— ئېشىكىمنى باغلايدىغان بىرەر قوزۇقتەك نەرسە بەرگەن بولسىلا، مەن بىر دەم ھاردۇق ئېلىۋالسام، — دەپتۇ.

ئايال تونۇر بېشىدا تۇرغان بىر دانە كۆسەيىنى ئېلىپ چىقىپ بېرىپتۇ. شاھ مەشرەپ بۇ چالاكۆيگەن كۆسەيگە بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن يەرگە قېقىپ ئېشىكىنى باغلاپتۇ ۋە:

— بۇ بىر قارا قوزۇق ئىكەن، بۇ يۇرتنىڭ نامى «قارا قوزۇق» بولسۇن، — دەپ دۇئا قىپتۇ. شاھ مەشرەپ كەتكەندىن كېيىن ئايال بۇ گەپنى كىشىلەرگە سۆزلەپ بېرىپتۇ. شاھ مەشرەپنى ئەۋلىيا دەپ قارىغان خەلق «قارا قوزۇق» دېگەن نامنى ئۇلۇغلىشىپ يۇرت نامى قىلىپ قوللىنىپتۇ.

بۇ كەنتتە 1996- يىلىنىڭ ئاخىرىدا بەش مەھەللە، 216 ئائىلە، 913 نوپۇس، 1278 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## قوشئېرىق

75 ياشلىق رازى ئاخۇنىڭ[1] سۆزلەپ بېرىشىدىن مەلۇم بولدىكى، 1820 - يىللىرى بۇ جاينىڭ تېرىلغۇ يەرلىرى ئېگىز- پەس، سۇغىرىشقا ئەپسىز بولغانلىقتىن كۆيا ئۆستىڭىدىن بىرلا ۋاقىتتا ئىككى ئېرىق چېپىپ سۇغىرىش شارائىتىنى ياخشىلاپتۇ. بۇ دەل ئوخشىمىغان لەقەملىك كىشىلەر بۇ جاينى ئۆز لەقىمى بىلەن ئاتاشنى تالىشىپ جېدەللىشىۋاتقان، يۇرت كاتتىلىرى كېلىشتۈرەلمەيۋاتقان مەز-

قەيت قىلىنىدۇ. «ئاچچىق ئۆي» دېگەن ئاتالغۇ يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن كىشىلەر تىلىغا «ئاچچىغۆي» دەپ سىڭىشىپ قالغانىكەن.

ئەسلىدە بۇ يەرنىڭ زېمىنى زەيكەش، سىزىندى سۇ-لىرى ئاچچىق بولغاچقا ئادەم تۇگۇل كالا - قويلارمۇ ئى-چەلمەيدىكەن. شۇڭا بۇ يەردىكى بىر نەچچە ئېغىزلىق كەپە - ئۆيلەر «ئاچچىق ئۆي» دەپ ئاتالغانىكەن.

«ئاچچىق ئۆي» توغرىسىدا يۇقىرىدىكىگە ئوخشىماي-دىغان بۇنداق بايانىمۇ كىشىلەر ئارىسىدا ساقلىنىپ كەلمەكتە:

شۇ زاماندا بۇيەر يۇرتنىڭ ئايىغى ئىكەن. باغ-ئېتىزلارنى سۇغىرىش ئۈچۈن 20 — 30 ئادەم توپلىنىپ 15 كىلومېتر يىراقلىقتىكى جىلغا دېگەن يۇرتقىچە سۇ ياقىلاپ بارىدىكەن. ئېرىقنىڭ مۇساپىسى ئۇزۇن بولغانلىقتىن ئۇلار ياۋاش - رەھىمدىللىكىنى تاشلاپ، ئۇرۇش - جېدەلگە بەلنى باغلاپ قويۇپ، دەرغەزەپ كەيپىياتتا ماڭىدىكەن. ئېرىقنى باغلىۋالغانلارنى ئۇرىدىكەن، سۇغا پىچىدىكەن، ھېچكىم ئۇلاردىن سۇ تالىشىشقا پېتىنالمايدىكەن. شۇڭلاشقا باش تەرەپتىكى يۇرت- مەھەللىلىك كىشىلەر ئۇلارنى «ئاچچىق ئۆيلۈكلەر» دېيىشكەنىكەن. (ئۆي دېگەن سۆز— ماكان، مەھەللە- يۇرت دېگەن مەنالارنىمۇ بىلدۈرىدۇ.)

بۇ كەنتتە ھازىر ئالتە مەھەللە، 275 ئائىلە، 1264 نوپۇس، 1824 مو تېرىلغۇ يەر بار.

بۇ كەنتنىڭ ئادەملىرى ئەزەلدىنلا ئويۇن - كۈلكە، ناخشا- مۇزىكا بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئادەتلەنگەن بولۇپ، داڭلىق سازەندىلەر ۋە قىزىقچىلار كۆپلەپ يېتىشىپ چىققان. قەدىمكى پىرە ئويۇنى بۇ يەردە ھازىرمۇ ئەسلىدىكى شە-كىللىرى بىلەن تولۇق ۋە مۇكەممەل ئوينالماقتا.

## چىپقان

85 ياشلىق ساتتار ئاخۇنىنىڭ سۆزلەپ بېرىشىگە قا
رىغاندا، بۇنىڭدىن 200 يىللار ئىلگىرى بۇ يەرنىڭ تېرى
يەرلىرى دۆڭ بولۇپ، سۇ كېلىش مەنبەسى تۆۋەندە ئىكەن
ئۇلار پەس جايلىرىغا بۆلۈمە ياساپ بۇ يەرلەرنى سۇغ
رىدىكەن. باشقا يۇرتتىن كەلگەنلەر تېرىم يەرلەرنىما
ناھايىتى ئېگىزلىكىگە ھەيران بولۇپ ھەم نەم قالمىغا
لىقىغا قاراپ:

— بۇ يەرگە راستىنلا سۇ چىققانمۇ؟- دەپ سورىسا
يەر ئىگىلىرى دەرھال:

— چىققان،- دەپ جاۋاب بېرىشىدىكەن. «چىققان
دېگەن سۆز كۆپ تەكرارلىنىۋېرىپ، ئاستا - ئاستا كەن
نامىغا ئۆزلىشىپ قاپتۇ ۋە «چىپقان» دەپ ئومۇملىشىپتۇ

بۇ كەنتتە 1996- يىلىنىڭ ئاخىرىدا بەش مەھەللە
339 ئائىلە، 1507 نوپۇس، 1875 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## گۈلچى

ئېغىزدىن-قۇلاققا، قۇلاقتىن-ئېغىزغا كۆچۈپ كەلگەن
پاراڭلارغا قارىغاندا، بۇ جايدا ئەڭ دەسلەپتە ئولتۇراق
لاشقان كىشىلەر ئۆيلىرىنىڭ ئالدىغا بىر نەچچە چۆنە
يەرگە ھەر خىل گۈللەرنى تېرىشقا، يېڭى- يېڭى گۈل نۇس
خىلىرىنى تاپقانلىقى بىلەن خۇشال بولۇشقا ئادەتلەنگەن
لىكتىن بۇ جاي گۈلچى دەپ ئاتالغانىكەن.

بۇ كەنتتە 1996 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا تۆت مەھەللە
201 ئائىلە، 965 نوپۇس، 1330 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## ئاچچىغۆي

بۇ كەنتنىڭ بىنا بولغىنىغا 250 يىلدىن ئاشتى دە

كەن. سۇنى قايغۇزىدىغان چوڭ - كىچىك ئازمىلار ھەر دوقمۇشتا ئۇچراپ تۇرغانلىقتىن بۇ يۇرت قايغۇلۇق دەپ ئاتالغانىكەن.

يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ يۇرت شەرقتىن-غەربكە ئۇزارغانلىقتىن، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان باشقايغۇ-لۇق، ئوتتۇرا قايغۇلۇق، ئاياغقايغۇلۇق دەپ ئۈچ مەھۇ-ردى كەنتكە بۆلۈپ باشقۇرۇلماقتا.

باشقايغۇلۇق، ئوتتۇرا قايغۇلۇق، ئاياغقايغۇلۇق اتارلىق ئۈچ كەنتتە 1996 - يىلنىڭ ئاخىردا ئومۇمىي 21 مەھەللە، 806 ئائىلە، 3662 نوپۇس، 4319 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## قالماق مەھەللە

باشقايغۇلۇق كەنتىدە قالماق مەھەللە دەپ ئاتال-غان بىر جاي بار. ئېيتىشلارغا قارىغاندا تەخمىنەن 600 يىل ئىلگىرى بىر نەچچە ئائىلىلىك كۆچمەن موڭغۇللار بۇ جايدا ئولتۇراقلىشىپ تېرىقچىلىق قىلغانىكەن. ئۇزاق يىللار داۋامىدا ئۇلار ئۇيغۇرلارغا سىڭىپ كەتكەن بولسىمۇ، بۇ مەھەللە ئۇلارنىڭ مىللەت نامى بىلەن ئاتىلىپ كەل-مەكتە. ئەمما ھازىر بۇ مەھەللىدە ھېچكىم ئۆزىنىڭ موڭ-غۇل نەسلىگە چېتىشلىق ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ.

## چەمەلكە

ئاغلاشلاردىن قارىغاندا تەخمىنەن 300 يىل ئىلگى-رى بەردى ئاخۇن ئىسىملىك كىشىنىڭ ئالىقان بارمىقى ئالتە بولغانلىقتىن ئۇنىڭغا «چەمەك» دەپ لەقەم سىڭىپ قاپتۇ. بالىلىرىنىڭ بارماقلىرىمۇ ئالتە بولغانلىقتىن

## ئاتئېغىل

1920 - يىللىرىدىن بۇرۇن بۇ يەرلەر يانتاق - قو
مۇشلار ئۆسىدىغان يايلاق ئىكەن، ئاچچىغۇي كەنتىدىر
مەنسۇراخۇن قاتارلىق بايلارنىڭ بۇ يەردە باقىدىغان
ئاتلىرى يۈزدىن ئاشىدىكەن. بايلار تۆت تەرىپىنى شا
بىلەن توسۇپ ئېغىل ياساپ كېچىسى ئاتلىرىنى بۇ ئېغىل
لارغا سولاپ باقىدىكەن.

بۇ يەردە كىشىلەر ئولتۇراقلىشىپ مەھەللە پەيدا
بولغاندىن كېيىنمۇ «ئاتئېغىل» دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە.

بۇ كەنتتە ھازىر بەش مەھەللە، 273 ئائىلە، 1384
نوپۇس، 2015 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## قايغۇلۇق

بۇ يۇرتقا قايغۇلۇق دەپ ئىسىم قويۇلغانلىقى توغ-
رىسىدا بۇنداق ئىككى خىل بايان بار.

بىر خىلى: سىرتتىن كەلگەن بىر كىشى بۇ يەرلىك
بىر كىشىدىن يول سوراپتۇ. بۇ كىشى جاۋاب بەرمەي
غەمكە پاتقان ھالدا قاراپ تۇرۇپتۇ. سىرت-
تىن كەلگەن كىشى يەنە بىر كىشىدىن يول سورىغانىكەن،
ئۇمۇ زۇۋان سۈرمەپتۇ. ئۈچىنچى كىشىدىنمۇ جاۋاب ئالال-
ماپتۇ. يول سورىغان كىشى:

— قۇلىقىڭلارغا گەپ كىرمىدى، ھەممىڭلار پەرىشان-
قايغۇلۇق ئىكەنسىلەر، - دەپتۇ. شۇندىن كېيىن بۇ يۇرتقا
قايغۇلۇق دەپ نام سىڭىپ قاپتۇ.

يەنە بىر خىلى: بۇ يەرنىڭ ئېتىزلىقلىرى ئېگىز
ئېرىقلىرى پەس بولغاچقا سۇنى تۇغلاپ - چىڭقاپ يان
ئېرىقلارغا قايغۇزۇپ ئاندىن ئېتىزلارغا سۇ باشلىيالايدى

لەرنى سۇغىرىشقا ئاسانلىق يارىتىش ئۈچۈن كۆيا ئۆس-
تەڭدىن ئېرىق ئالماقچى بوپتۇ. ئېگىز ھەمزىلۋا بويلۇق،
چىرايلىق زىلۋاخان ئىسىملىك بىر چوكان:

— ئېرىقنى كۆيا ئۆستەڭدىن ئالماي، ماكۆي ئۆس-
تەڭدىن ئالساق سۈيىمىز ئەن① ئاقىدۇ.— دەپتۇ. كىشىلەر
زىلۋاخاننىڭ پىكرىگە قايىل بولۇپ، ئېرىقنى ماكۆي
ئۆستەڭدىن قېزىپ، «زىلۋا ئېرىق» دەپ ئاتاپتۇ. كېيىن-
چە بۇ ئېرىقنىڭ ئەتراپىدىكى مەھەللىلەر زىلۋا دەپ
ئاتىلىپتۇ. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن زىلۋا دېگەن بۇ ئا-
تالغۇ كىشىلەر تىلىغا «يىلۋا» دەپ ئۆزلىشىپ قاپتۇ.

بۇ كەنتتە 1996 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى سانلىق مە-
لۇماتتا ئالتە مەھەللە، 332 ئائىلە، 1495 نوپۇس، 1719
مو تېرىلغۇ يەر بار.

## پاختەكلە

مەھەللە بولۇشتىن ئىلگىرى بۇ يەرلەر توغراق، يۇل-
غۇن، جىگدىلەر قويۇق ئۆسكەن ئورمانلىق ئىكەن. بۇ
ئورمانلىقتا ئۇچار قۇشلار، بولۇپمۇ پاختەك ناھايىتى تولا
ئىكەن. يېقىن ئەتراپتىكى كىشىلەر بۇ ئورمانلىققا كې-
لىپ پاختەك قاتارلىق قۇشلارنى تۇتىدىكەن. شۇ زامان-
لاردىن بۇيان بۇ يەر پاختەكلە دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە.

بۇ كەنتتە 1996 - يىل ئاخىرىدا بەش مەھەللە، 202
ئائىلە، 832 نوپۇس، 1446 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## قارىلا

بۇ جاي ئىلگىرى ماڭلاي يېزىسىدىكى قارىلا دېگەن

① راۋان دېگەن مەنادىكى يەرلىك شېۋە.

«چەمەكلەر » دەپ ئاتىلىپتۇ. بۇ ئاتالغۇ ئۇلارنىڭ مە-
ھەللىسىنىڭ نامى بولۇپ قاپتۇ.

بۇ كەنتتە پور مەھەللە دەپ ئاتالغان بىر مەھەللە
بار. بۇ مەھەللىدىكى كىشىلەر ئەزەلدىن پو ئېتىپ چول
سۆزلەشكە خۇشتار بولغانلىقتىن بۇ لەقەم كېلىپ چىققانىكەن.

بۇ كەنتتە ھازىر توت مەھەللە، 158 ئائىلە، 653 نو-
پۇس، 1090 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## گادۋي

100 يىللار ئىلگىرى بۇ جايدىكى كىشىلەرنىڭ تۇر-
مۇشى نامرات بولۇپ، كۆپچىلىكى باشقا يۇرتلارغا بېرىپ
مەدىكارچىلىق قىلغانلىقتىن گاداي دەپ كەمسىتىلگەنى-
كەن. باشقىلار «گاداي، ھوي...» دەپ ئىشقا بۇيرىغانلىق-
تىن، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ ئاتالغۇ كىشىلەر تىلى-
غا «گادۋي» دەپ ئۆزلىشىپتۇ.

بۇ كەنتتە چاپاقدەپ ئاتىلىدىغان بىر مەھەللە بار.
100 يىللار بۇرۇن بىر كىشى يىلبويى يۈزىنى يۇماي كۆ-
زىنى چاپاق بېسىپ كەتكەنلىكتىن، ئۇ ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادى
ياشىغان جاي — چاپاق مەھەللە دەپ ئاتالغانىكەن.

گادۋي كەنتىدە 1996 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا سەككىز
مەھەللە، 300 ئائىلە، 1489 نوپۇس، 1452 مو تېرىلغۇ
يەر بار.

## يىلۋا

86 ياشلىق تۆمۈر ئاخۇننىڭ دادىسىدىن ئاڭلىغانلى-
رىنى ئەسلەپ 1995 - يىلى 10 - ئاينىڭ 9 - كۈنى سۆز-
لەپ بېرىشىچە، 1910 - يىللىرى بۇ يەردىكى ئېتىز - باغ-

ۋاقىتلاردا بۇ ئەتراپ كەڭ كەتكەن يانتاق - قومۇشلۇق ئىكەن. ماڭلاي يېزىسىنىڭ باشقىلارىلا كەنتىدە ئولتۇرۇشلۇق مەتسېيىتاخۇن توپاق① ئىسىملىك باي دادىسىدىن مىراس قالغان بۇ يايلاقتا نەچچە يۈزلىگەن ئات - كالا، قوي - ئۆچكىلەرنى باققان ۋە يىلقىچى②، ئوتاقچىلار③ نى ئولتۇراقلاشتۇرۇپ يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلغانىكەن. مەن ئۇن ياشقا كىرگەن يىللاردا بۇ يەردە 20 — 30 ئائىلىلىك دېھقان تېرىقچىلىق قىلاتتى. مېنىڭ دادام ھېكىم ئاخۇنمۇ مەتسېيىتاخۇن باينىڭ ئوتاقچىسى ئىدى. شۇ چاغدىكى كۆلنىڭ بويىدا قۇچاققا پاتمايدىغان چوڭ تېرەكلەر بار ئىدى. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئادەم ئاۋۇپ مەھەللىمىز كېڭەيدى. مەھەللىمىزگە مەتسېيىتاخۇن باينىڭ «توپاق» دېگەن لەقىمى نام بولۇپ سىڭىپ قالدى. 1958 - يىلى باشلانغان بوز يەر ئېچىش دولقۇنىدا كۇيا يېزىسىدىن 70 — 80 ئائىلىلىك دېھقان كۆچۈپ كىرىپ يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلدى...

مۇھەممەت ئاخۇننىڭ «ئۇن ياش ۋاقتىمدا قۇچاققا پاتمايدىغان تېرەكلەر بار ئىدى» دېگەن گېپىگە ئاساسلىنىپ بۇ يەردە 1880 - يىللىرىدىن باشلاپ ئېرىق - ئۆستەڭ قېزىش، دەرەخ تىكىش، زىرائەت تېرىش باشلانغان دەپ قەيت قىلىشقا بولىدۇ. بۇ كەنت باشئاچما دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

بۇ كەنتتە ھازىر بەش مەھەللە، 293 ئائىلە، 1309 نو-

① شۇ كىشىنىڭ لەقىمى.

② يىلقىچى — يىل بويى يەر ئىگىسىگە ئىشلەپ يىللىق ئىش ھەققىنى بىراقلا ئالىدىغان ئىشلەمچىلەر.

③ ئوتاقچى— يىلبويى باينىڭ يېرىدە ئىشلەپ مەھسۇلاتىنىڭ يېرىمىغا ئىگە بولىدىغان دېھقانلار.

يۇرتىنىڭ ئاخىرى ئىدى. (قارىلا دېگەن ئاتالغۇنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبىنى بۇ يەردە تەكرارلاش ئارتۇقچە بولار.) 1960 - يىلدىن كېيىن بۇ جايغا كۇيا ئۆستەڭدىن ئېرىق قېزىپ، سۇيى ماكۇي ئۆستەڭدىن ئايرىلىپ كەتكەنلىكتىن كۇيا يېزىسىغا تەۋە بولدى.

بۇ كەنتتە ھازىر بەش مەھەللە، 193 ئائىلە، 89 نوپۇس، 1316 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## ئۆجمىلىك

تەخمىنەن 200 يىل ئىلگىرى بۇ يەردە دەسلەپتە ماكانلىشىپ تېرىقچىلىق قىلغان كىشىلەر ئۆيلىرىنىڭ ئالدى - كەينىگە، يول ۋە ئېرىق بويلىرىغا ئۆجمە كۆچەتلىرىنى كۆپلەپ يېتىشتۈرگەنلىكتىن باشقا يۇرتنىڭ كىشىلىرى بۇ جاينى ئۆجمىلىك دەپ ئاتىغانىكەن. 1950 - يىللىرى غولى قۇچاقتا پاتمايدىغان قېرى ئۆجمە دەرەخلىرىنى تەرەپ - تەرەپتە كۆرگىلى بولاتتى، بۇ ئۆجمە دەرەخلىرى 1960 - يىللىرى خەلق ئاشخانىسىنىڭ ئوچاقلىرىغا ئوتۇن بولۇپ ئېشىپ قالغانلىرى ئېتىزلارنى سالالاشتۇرۇش داۋامىدا قومۇرۇپ تاشلاندى.

بۇ كەنتتە 1996 - يىلنىڭ ئاخىرىدىكى سانلىق مەلۇماتتا ئۈچ مەھەللە، 80 ئائىلە ، 384 نوپۇس، 690 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## توپاق ئاچىسى

بۇ كەنتتە ئولتۇرۇشلۇق 70 ياشلىق مۇھەممەت ئاخۇن ئەسلىمىسىنى بۇنداق بايان قىلدى:

— كىچىك چېغىمدا چوڭلاردىن ئاڭلىشىمچە، بۇرۇنقى

رىك بېسىلىپ قاش ئېگىزلىتىلگەنلىكتىن يار توختاپتۇ. شۇنىڭدىن بۇيان كۇيا ئۆستىڭىگە تۇمۇ سۇيى كەلگەن كۈنى بوران چىقىپ شۇ چاغدىكى قايغۇ - ماتەمنى كىشىلەرگە ئەسلىتىپ ئۆتەرمىش.

ئۈچىنچى خىل رىۋايەت بۇنداق سۆزلىنىدۇ: قەدىمكى زاماندا قۇرغاقچىلىق بولۇپ كۇيا ئۆستىڭىگە بىر نەچچە ئاي سۇ كەلمەپتۇ. خىزىر ئەلەيھىسسالام زىرائەتلەرنىڭ قۇرۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ دېھقانلارغا خەيرخاھلىق قىلىش ئۈچۈن كۇيا ئۆستىڭىگە سۇ باشلاپ كەپتۇ. دېھقانلار خۇشال بولۇپ ئېتىزلىقلىرىغا سۇ باشلاپتۇ. ھاردۇق يەتكەن خىزىر ئەلەيھىسسالام خاتىرجەم بولۇپ جۇۋۇسىنى يېپىنىپ ئۆستەڭ بويىدا يېتىپ ئۇخلاپتۇ. بىر ئىنساپسىز كىشى خىزىرنىڭ جۇۋۇسىنى ئوغرىلاپ كېتىپتۇ. خىزىر ئويغىنىپ ئەتراپىدىكى كىشىلەردىن جۇۋۇسىنى سورۇشتۇرگەنىكەن، ھېچكىم خەۋەرىنى قىلماپتۇ.

خىزىر ئاچچىقلىنىپ: «جۇۋامنى ئوغرىلاپ مېنى بىئارام قىلغانلار سولاق قىلغاندا ئۆزى بىئارام بولغاي» دەپ دۇئا قىلغانىكەن. شۇنىڭدىن باشلاپ، كۇيا ئۆستىڭىگە سۇ كەلگەن كۈنى بوران چىقىپ سولاق قىلغۇچىلارنى بىئارام قىلىدىغان بولۇپ قالغانىمىش.

پۇس، 2130 مو تېرىلغۇ يەر بار.

1958 - يىلدىن كېيىن كۆچۈپ كىرگەن كىشىلەرنىڭ كۆپىيىشىگە، ئېتىز - باغلارنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، باشئاچما (توپاق ئاچمىسى) نىڭ ئايىغىدا ئوتتۇرا ئاچما، ئاياغئاچما دەپ ئىككى كەنت پەيدا بولدى.

## نېمە ئۈچۈن كۇيا ئۆستىڭىگە سۇ كەلگەن كۈنى بوران چىقىدۇ؟

تەبىئەتنىڭ بۇنداق غەلىتە ھادىسىسى ئالەمنىڭ ھېچقانداق بىر يېرىدە بولماسلىقى مۇمكىن.

4-، 5-، 6- ئايلاردا كۇيا ئۆستىڭىگە تۇمۇ سۇيى كەلگەن كۈنى بوران چىقماي قالمايدۇ. ئەزەلدىن داۋاملىشىپ كەلگەن بۇ غەلىتە ھادىسىگە كۇيا خەلقى ھەيران قالماسلىققا ئادەتلىنىپ كەتتى.

بۇنىڭ سەۋەبى توغرىسىدا بۇنداق ئۈچ خىل رىۋايەت ساقلىنىپ كەلمەكتە. بىر خىلى: بۇرۇنقى زاماندا سۇ تالىشىپ سوقۇشۇپ قالغان ئىككى تەرەپ بىر - بىرىگە توپا چېچىشقانىكەن. شۇنىڭدىن بۇيان كۇيا ئۆستىڭىگە سۇ كەلگەن كۈنى بوران چىقىپ، ئەتراپنى توپا - چاڭ قاپلايدىكەن. بوران ئىناقسىزلىقتىن كېلىپ چىققان ئاۋارىچىلىقنى كىشىلەرنىڭ يادىغا سېلىپ تۇرارمىش.

ئىككىنچى خىل رىۋايەتتە بۇنداق بايان قىلىنىدۇ: نەچچە يۈز يىللار مۇقەددەم كۇيا ئۆستىڭى يار ئېلىپ كېتىپ يۇرت خەلقى كۆپتىن - كۆپ پاراكەندە بوپتۇ. كىشىلەر قانچە قىلىپمۇ يارنى توختىتالماپتۇ. ئەمەلدارلارنىڭ بۇيرۇقى بىلەن يۇرتتىكى توختاخۇن، تۇداخۇن، توختىخان، تۇدىخان ئىسىملىك نەچچە ئون كىشى يارغا تى-


# ياۋا يېزىسى

مۇھەممەتئىمىن قۇربان

نەچچە يۈز يىللار بۇرۇنقى ياۋا ئۆستىڭى قاراقاش دەرياسىنىڭ تاشقىنىدىن ھاسىل بولغان بىر ئېقىن ئىدى. ئېقىننىڭ ئىككى تەرىپىدىكى مۇنبەت تۇپراقتا ئوت - چۆپلەر قويۇق ئۆسكەن بولۇپ، ياۋايى ھايۋاناتلار، ئۇچار قۇشلار كۆپ ئۇچرايدىغانلىقى ئۈچۈن بۇ جايلار ياۋا دەپ ئاتالغانىدى.

1919 - يىلدىن كېيىن ياۋا ئۆز ئالدىغا مىڭلىك بولدى. 1937 - يىلدىن كېيىن 7 - رايون، 1944 - يىلدىن كېيىن ئىككى يېزا (ئۇيغۇر يېڭى يېزىسى، مۇستەقىل يېزا)، 1948 - يىلدىن كېيىن نۇرلۇق يېزىسى بولدى. ئازادلىقتىن كېيىن 7 - رايون بولۇپ مىڭمو، باشئاۋات، چارشەنبە بازار، چىلەك، بۇلاق يېزىلىرىنى باشقۇردى. 1956 - يىلدىن كېيىن 5 - رايون بولدى. 1958- يىلى 6 - رايونغا (قاراسايغا) قوشۇلۇپ «قىزىل باي راق» گوڭشېسى بولدى. 1962 - يىلى ئۆز ئالدىغا «قىزىل يۇلتۇز» گوڭشېسى بولدى. 1978 - يىلدىن كېيىن ياۋا گوڭشېسى، 1984 - يىلدىن كېيىن ياۋا يېزىسى دەپ ئاتالدى.

بۇ يېزا ناھىيىمىزنىڭ غەربىي شىمال تەرىپىگە ئورۇنلاشقان بولۇپ، ناھىيە مەركىزى بىلەن ئارىلىقى25كىلومېتىر كېلىدۇ. جەنۇب تەرىپى ئۇرىچى، شەرق تەرىپى قاراساي، غەرب تەرىپى چىگىلىك چۆللۈكى ئارقىلىق گوما


1:66000
1:140000

### قوشنا يېزىلاردىن خەرىتىگە چۈشكەن كەنتلەر

ئۈرىچى يېزىسىدىن: 22. ئىسلامئاۋات، 23. قوشئاۋات، 24. تېرەك بوستان.

قاراساي يېزىسىدىن: 25. كالا فېرمىسى

## باشئېرىق

بۇرۇن بۇ جايدا بىر نەچچە ئائىلىلىك كىشى ماكانلاشقان بولۇپ، دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى. 1960 - يىلىدىن كېيىن ئىگىمو ۋە قوداي كەنتلىرىنىڭ بوز يېرى بولدى. 1985 - يىلى ئايرىم كەنت بولۇپ، ياۋا ئۆستەڭنىڭ ئەڭ بېشىدىكى ئېرىقتىن سۇ ئىچكەنلىكى ئۈچۈن باشئېرىق كەنتى دەپ ئاتالدى.

1996 - يىل ئاخىرىدىكى ستاتىستىكىلىق مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، بۇ كەنتتە تۆت مەھەللە، 245 ئائىلە، 1302 نوپۇس، 3217 مو تېرىلغۇ يەر بار.

بۇ كەنتتە ئولتۇرۇشلۇق 68 ياشلىق مەمەتئەيسا قارىم 1935 - يىلدىن 1943 - يىلغىچە 7 - رايون تەۋەلىكىدىكى 15 باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ باش مۇدىرى، 1944 - يىلىدىن كېيىن ئىگىمو، باشئاۋات①، چارشەنبە بازار قاتارلىق جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇيغۇر يېڭى يېزىسى، مۇستەقىل يېزا، نۇرلۇق يېزىلىرىغا باشلىق بولدى. دادىسى نىزامىدىن ھاجىنىڭ تەركىبى پومېشچىك، ئۆزىنىڭ تەركىبى باي دېھقان ئايرىلغانلىقتىن 1953 - يىللىرى خىزمەتتىن توختىتىلدى.

---

① جۈمە بازىرى، جايتېرەك، تەڭكەش، باشئاۋات كەنتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

خاھىيىسى بىلەن چېگرىلىنىپ، شىمال تەرىپى تەكلىماكان قۇملۇقى بىلەن گىرەلىشىپ كېتىدۇ.

1996 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا بۇ يېزىدا 111 مەمۇرىي مەھەللە، 22 مەمۇرىي كەنت، 5509 ئائىلە، 25 مىڭ 450 نوپۇس، 53 مىڭ 705 مو تېرىلغۇ يەر بار. پۈتۈن يىللىق ئاشلىق مەھسۇلاتى 12 مىليون 968 مىڭ 246 كىلوگرامغا يېتىپ بۇلتۇرقىدىن 6.58% ئاشتى. پاختا (چىگىتسىز) 869 مىڭ 824 كىلوگرامغا تۆۋەنلەپ، بۇلتۇرقىدىن 547 مىڭ 349 كىلوگرام كېمەيدى. پىلە 76 مىڭ 175 كىلوگرامغا مۇقىمدالدى. چارۋا 79 مىڭ 470 تۇياققا يېتىپ بۇلتۇرقىدىن 1.35% ئاشتى. كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىم 587 يۈەن 60 پۇڭغا تۆۋەنلەپ بۇلتۇرقىدىن 72.40 يۈەن ئازايدى.

## ياۋا يېزىسىدىكى كەنت ناملىرى

### ⊙ يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى ئورگىنى

1. باشئېرىق
2. مىڭمو
3. قوداي
4. ھالايلى
5. شاخلىق
6. باشئاۋات
7. جۈمە بازار
8. بىخلىق
9. غارلىق
10. تەڭكەش
11. جايتېرەك
12. چارشەنبە بازار
13. قوشكۆۋرۈك
14. تۆتئېغىل
15. چېلەك
16. كۆللەك
17. يىلاڭگۇلۇق
18. باغجىگدە
19. ئاقچېقىل
20. خۇمدان
21. يېڭىئاۋات

قايتىدىن تېرىلغۇ قىلىندى.

بۇ كەنتتە مۈشۈك مەھەللە دەپ ئاتىلىدىغان بىر جاي بار. كۇيا يېزىسىنىڭ ھالۇ كەنتىدىن بۇجايغا يەر-زېمىن سېتىۋېلىپ ئولتۇراقلاشقان روزاخۇن دېگەن كىشىنىڭ ئەسلىدىكى لەقىمى چىڭگىدەك بولۇپ، بۇ كىشى مۈشۈكنى دوراشقا ماھىر بولغانلىقتىن كىشىلەر ئۇنى روزاخۇن مۈشۈك دەپ چاقىرىدىغان بولغانىكەن.

ھازىر بۇ كەنتتە بەش مەھەللە، 434 ئائىلە، 1074 نوپۇس، 2104 مو تېرىلغۇ يەر بار.

**«مىڭمو» دېگەن ئاتالغۇ قانداق پەيدا بولغان؟**

رىۋايەت قىلىنىدۇرلەركى، تۆتئېغىللىق مىجىت ھاجىم ھەجدىن قايتىپ ياۋىغا يېقىن قالغاندا ئاقسا قاللىق، مويسىپىت بىر كىشى (خىزىر) ئۇنىڭدىن:

— ھاجىم، ئۆزلىرى خۇدا يولىدا ھەج قىلىمەن دەپ كۆپتىن-كۆپ رىيازەت چەكتىلە. بۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئۆزلىرىگە بىر ياخشىلىق قىلىش نىيىتىگە كەلدىم. قېنى دېسىلە، مەن راۋا قىلالايدىغان قانداق ھاجەتلىرى بار؟- دەپ سوراپتۇ.

مىجىت ھاجىم:

— يوقسۇ تەقسىر، مەن ھاجىتىمنى ئاللاغىلا ئېيتىيمەن، ئاللادىن ئۆزگە ھېچكىمدىن شەپقەت - ياخشىلىق تىلىمەيمەن،- دەپتۇ.

— تولىمۇ دۇرۇس گەپ قىلدىلا،- دەپتۇ مويسىپىت كىشى،- لېكىن مېنىڭ سىلىگە بىر تەۋسىيە گېپىم بار. ھاسىلىرىنى يەرگە تەگكۈزگەن پېتى كەينىلىرىگە قارىماي ماڭغايلا.

مىجىت ھاجىم ئۇ كىشىنىڭ دېگىنى بويىچە ھاسىسى بىلەن يەرنى سىزىپ كەينىگە قارىماي مېڭىۋېرىپتۇ. مې-

## قوداي

ياۋا يېزىسىدىكى مىڭمو دېگەن يۇرتتا قوداي دەپ ئاتىلىپ كېلىۋاتقان بىر كەنت بار.

1994- يىلى 12- ئاينىڭ 1- كۈنى مەن قوداي كەنتىگە كىرىپ 87 ياشلىق تالىپاخۇن بىلەن پاراڭلاشتىم.

ئىلگىرى بۇ يەردە تۆت گەمىلىك مالچى ياشىغانىكەن. ئوسمان ھاجىم قوداي دېگەن كىشى بۇ يەرنى ئېگىلەپ كەيتتىن ئادەم يۆتكەپ كىرىپ يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق ۋە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپتۇ. بۇ كىشى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، بۇ يېڭىمەھەللە ئۇنىڭ ئوغلى مەتتوختى ھاجىمغا مىراس قاپتۇ. مەتتوختى ھاجىم يەر ئېچىشنى داۋاملاشتۇرۇپ ئېتىز- باغلارنى كېڭەيتىپتۇ. تالىپاخۇننىڭ دادىسى تۇردى ئاخۇن بۇ يەرگە كۇيا يېزىسىنىڭ سەيشەنبە بازار دېگەن يېرىدىن كۆچۈپ كىرگەن بولۇپ، تالىپاخۇن مۇشۇ يەردە تۇغۇلغانىكەن. ئۇ مەتتوختى ھاجىمنىڭ چوڭ بالىسى بىلەن تەڭ دېمەتلىك ئىكەن. ئۇنىڭ دادىسى 108 يېشىدا قازا قىلغانلىقىغا 15 يىل بوپتۇ.

تالىپاخۇننىڭ گۇۋاھچىلىقىدىن ئوسمان ھاجىمنىڭ لەقىمى بىلەن ئاتىلىپ كېلىۋاتقان بۇ كەنتنىڭ بىنا بولغىنىغا 140 يىل بولدى دەپ مۆلچەرلىگىلى بولىدۇ.

مەتتوختى ھاجىمنىڭ ئىنىسى تۇردى ھاجىم ھىندىستان تەرەپلەرگە 20 — 30 ئېشەك بىلەن مەشۇت، چايناماز قاتارلىق يەرلىك ماللارنى توشۇيتتى. ئۇنىڭ 40 — 50 مو تاللىقى، 15 مو مېۋىلىك بېغى بار ئىدى. بۇ جايلار ئازادلىقتىن كېيىن داشلىق (زەيلىك) بولۇپ كەتتى. 1980- يىلدىن كېيىن كەلكۈن سۈيى باشلاپ لاي تىندۇرۇلۇپ

## غاراللىق

كۇيا يېزىسىنىڭ ئاچچىغۇي كەنتىدىكى داڭلىق باي مەنسۇر ئاخۇن يول بويلاپ ئالتە كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا غارال باغلاپ بۇ ئوتلاقنى ئىگىلەپ يازلىقتا نەچچە مىڭ تۇياق قوي- ئۆچكىلىرىنى باققانىكەن. چارۋا-ماللىرىنىڭ قىشلىق يەم- خەشىكى ئۈچۈن كۈز پەسلىدە تاغدەك قومۇش- يانتاقلارنى دۆۋىلەپ ساقلايدىكەن. يولدىن ئۆتكەن كىشى- لەر بۇ جاينى غاراللىق دەپ ئاتىغانىكەن. (مەنسۇر ئاخۇن باي 1951- يىلى زومىگەر تەركىبىگە ئايرىلغان، ھۆكۈم قىلىنىشتىن بۇرۇن 1953- يىلى تۈرمىدە ئۆلگەن.)

ھازىر بۇ كەنتتە تۆت مەھەللە، 226 ئائىلە، 1017 نوپۇس، 2166 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## ھالايلى

1920 - يىللىرى زاۋا يېزىسىنىڭ ئېگىز ئېرىق كەن- تىدىكى غوجىلاردىن جالالىدىنخان، مەتتۇرسۇنخان ھاجىم قاتارلىقلار بۇ جاينى ئىگىلەپ يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىپتۇ. ئوتاقچىلىرى ۋە يىللىقچىلىرى بۇ يەردە ئولتۇ- راقلاشقان بولسىمۇ غوجىلار يىلدا بىر نەچچە قېتىم كېلىپ ئەھۋال ئۇقۇپ تۇرىدىكەن. ئۇلارنىڭ يېتىپ - قوپۇشى ئۈچۈن سېلىنغان چوڭ ئايۋان- سارايلارنىڭ ئالدى-ھالاي- لى دەپ ئاتالغان بولۇپ، بۇ مەھەللىنىڭ نامى 1984 - يىلىدىن باشلاپ كەنتنىڭ نامى بولۇپ قالدى.

ھازىر بۇ كەنتتە بەش مەھەللە، 208 ئائىلە، 1017 نوپۇس، 2104 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## شاخلىق

ئەسلىدە بۇ جاي توغراق ۋە يۇلغۇنلار بىلەن قاپلان- غان ئېگىز - پەس زېمىنلىك بولغانلىقتىن شاخلىق دەپ ئاتالغانىكەن.

ڭىپ - مېڭىپ يۇرتى — تۆتئېغىلغا كەپتۇ. ئۆيىنىڭ ئالدىغ
كېلىپ كەينىگە شۇنداق قارىسا ھاسىنىڭ ئىزىدىن ئېچىل
غان ئۆستەڭدە لىقمۇ-لىق سۇ ئېقىپ كېلىۋېتىپتۇ. شۇ-
نىڭدىن بۇيان، بۇ ئۆستەڭنىڭ سۈيىنى باشقۇرۇش ھوقۇقى
مىجىت ھاجىم ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادىغا مەنسۇپ بولۇپ كەلگەن-
مىش. تۇردى ھاجىمنىڭ ئوغلى مەتتوختى ھاجىم يىلمۇيىل
يەر ئېچىشنى داۋاملاشتۇرۇپ ئېتىز - باغلارنى ھەددىدىن
زىيادە كېڭەيتىۋېتىپتۇ. بىراق، ئۆستەڭ پەس، يەر ئېگىز
بولغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاياغ يۇرتلۇقلار سۇ بەرمە-
گەنلىكتىن قۇدايلارنىڭ ئېتىزلىقلىرى ئۇدا بىر نەچچە
يىل ئاق قاپتۇ. مەتتوختى ھاجىم سۇنى قولغا كەلتۈرۈش
ئۈچۈن مىجىت ھاجىمنىڭ ئۆستەڭگە مىراسخور ئوغلى ئاخۇن
ھاجىمغا 2000 مو يەرنى ھەدىيە قىپتۇ. بۇ سوۋغات-
نىڭ بەدىلىگە ئاخۇن ھاجىم ئۆستەڭنىڭ بېشىغا ئازما سې-
لىپ قۇدايلارنىڭ ئېتىز- باغلىرىنى سۇغىرىشقا شارا-
ئىت يارىتىپ بېرىپتۇ.

ئاخۇن ھاجىم سوۋغاتلىق يەرلەرنى سېتىپ- سېتىپ
1000 مو يېرى قالغاندا خېرىدار چىقماپتۇ. ئاخۇن ھاجىم
«1000 مو يېرىم قالغاندا ھېچكىم خېرىدار بولمىدى» دەپ-
تۇ، شۇنىڭدىن باشلاپ «مىڭمو» دېگەن ئاتالغۇ يۇرت نامى
سۈپىتىدە كىشىلەر تىلىغا سىڭىپ قاپتۇ. يىللارنىڭ ئاي-
لىنىۋېرىشىگە ئەگىشىپ ئادەملەر كۆپىيىپ يۇرت كېڭىيىپ
بېرىپتۇ. «مىڭمو» دېگەن ئاتالغۇنىڭ ئەسلىدىكى تار
مەناسى كېڭىيىپ قۇداي، باشئېرىق، شاخلىق، مىڭمو،
ھالايلىمدىن ئىبارەت بەش كەنتلىك بىر يۇرتنىڭ نامىغا
ئايلىنىپ قاپتۇ.

ھازىر بۇ كەنتتە تۆت مەھەللە، 236 ئائىلە، 1237
نوپۇس، 2766 مو تېرىلغۇ يەر بار.

مۇ. ئېلېكتر ئىدارىسىنىڭ كاتىپى بولۇپ ئىشلىمەكتە. ئابدۇللا هاشىم نەچچە يىللاردىن سۈرۈشتۈرۈپ بىلگەنلىرىگە ئاساسلىنىپ شاخلىق، باشئاۋات، جۈمە بازار، بىخلىق، يىلاڭگۇلۇق، ئاقچىقىل، يېڭىئاۋات، خۇمدان كەنتلىرىنىڭ بارلىققا كېلىش جەريانىنى ئىشەنچلىك پاكىتلار بىلەن بايان قىلىپ بەردى.

## باشئاۋات

بۇ جاينىمۇ 1850- يىللىرى غوجا يەهياخان ئىگىلەپ مىڭلاپ قوي- ئۆچكىلەرنى، يۈزلەپ ئات-كالىلارنى باققان ئىكەن. 1870- يىللىرى ئابدىراخمان هاجىم، نۇرىهاجىم، ئەخمەد هاڭگۇ، نىيازكام پاراق، زاكىر بەگ قاتارلىق بايلار بۇ جايلارنى سېتىۋېلىپ ئېتىزلىقلارغا ئايلاندۇرۇپتۇ. بۇ يېڭى يۇرت شۇ چاغلاردىكى يۇرتلارنىڭ باش تەرىپىدە بولغاچقا باشئاۋات دەپ ئاتىلىپتۇ. بۇ كەنت ئەينى يىللاردا ياۋا يېزىسىدىكى يەتتە كەنتنىڭ بىرسى ئىدى.

هازىر بۇ كەنتتە سەككىز مەهەللە، 434 ئائىلە، 1909 نوپۇس، 3690 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## جۈمەبازار

بۇ جايمۇ غوجا يەهياخان ئىگىلىگەن توغراق - يۇلغۇنلۇق ئىكەن. 1880- يىللىرى مەتىمىن غوجا، سايىت بەگهاجى، ئەخمەد يۈز بېشى، غوجەك ئاخۇن، هاپىزهاجى قاتارلىق بايلار بۇ جاينى يەهياخاندىن سېتىۋېلىپ، يېتىم، مۇساپىر، يەرسىز نامراتلارنى ياللاپ يەر ئېچىپ ۋە ئۇلارنى ئولتۇراقلاشتۇرۇپ دېهقانچىلىق - چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپتۇ. 1918- يىلى قاراقاش بازىرىدىن سوك لە-

تەخمىنەن 1850- يىللىرى ئىگىز ئېرىقلىق غوجىلا
(ھەزرىتى مەۋلانە خەلىپىتىنىڭ پەيەۋرىسى غوجا شۈكرىنىڭ
چەۋرىسى يەھياخان ۋە ئۇنىڭ بىر تۇغقانلىرى) بۇ جاينى
ئىگىلەپ بىر نەچچە يىل مال باققاندىن كېيىن، كۆپ قى-
سمىنى ھازىرقى قاراقاش بازىرىدىن ئابلىز ئاخۇنۇمغا
سېتىپتۇ. (ھازىرمۇ بەزى ياشانغان كىشىلەر بۇ جاينى
ئابلىز ئاخۇنۇمنىڭ شاخلىقى دەپ ئاتايدۇ.) ئابلىز ئا-
خۇنۇم بۇز يېرىنىڭ ياۋا ئۆستەڭنى بويىدىكى جايلىرىنى تېرىلغۇ
يەرگە ئايلاندۇرغاندىن كېيىن 1880 - يىللىرى ئۇيەرلەرنى
قاراسايلىق روزىبەگ، پورچاقچىلىق مەمەتنىياز شەۋەت،
توقسۇنلۇق كام چەكمەن، تۇرسۇن تەڭنە قاتارلىق 20 نەچچە
كىشىگە، يايلاق يەرلەرنى خوتەنلىك ئابدۇشۈكۈر ئاخۇنغا
سېتىپتۇ. بۇ كىشىلەر ئېرىق- ئۆستەڭلەرنى چېپىپ، باغ-
ئېتىزلىقلارنى كېڭەيتىپتۇ. 1900 - يىللىرى كۇيا، پور-
چاقچى، چورۇقلا قاتارلىق يۇرتلاردىن تۇركۈملەپ كىشىلەر
بۇ جايغا كۆچۈپ كىرىپ بۇ جاي يېڭى يۇرت - ماكانغا
ئايلىنىپتۇ. شاخلىق دېگەن ئاتالغۇ شۇ چاغلاردىن باشلاپ
بۇ جاينىڭ نامى بولۇپ كەلمەكتە.

ھازىر بۇ كەنتتە تۆت مەھەللە، 383 ئائىلە،
1440 نوپۇس، 2856 مو تېرىلغۇ يەر بار.



ئابدۇللا ھاشىم 1941 - يىلى
12 - ئايدا ياۋا يېزىسىنىڭ شاخ-
لىق كەنتىدە تۇغۇلغان. 1956 -
يىلى 2- ئايدىن باشلاپ يېزىلىق
خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ كاتىپى، پى-
لان - ستاتىستىكا كادىرى، مۇ-
ئاۋىن يېزا باشلىقى قاتارلىق
ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. 1996- يىلى
2- ئايدىن باشلاپ ناھىيىلىك

ئاتاپتۇ. يىخلىق دىگەن ئاتالغۇ كېيىنچە بىر مەھەللىنىڭ، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ كەنتنىڭ نامى بولۇپقاپتۇ.

هازىر بۇ كەنتتە سەككىز مەھەللە، 331 ئائىلە، 1335 نوپۇس، 2900 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## تەڭكەش

چارشەنبە بازار، چىلەك، بۇلاق كەنتلىرىگە سۇ ئاقىدىغان ئۈچ تارماق ئۆستەڭگە سۇنى لىللا تەڭشەش ئۈچۈن 1920- يىللىرى ياۋا ئۆستىڭىگە ئازما سېلىنىپتۇ ۋە ئازما ئەتراپىدىكى مەھەللە تەڭكەش دەپ ئاتىلىپتۇ.

1960- يىلىدىن كېيىن ئېتىز - ئېرىقلارنى رەتلەش دولقۇنىدا ياۋا ئۆستىڭىنىڭ ئۇدۇللىنىشىغا ئەگىشىپ ئەسلىدىكى ئۆستەڭ - ئېرىقلار تۈزلىنىۋېتىلگەن بولسىمۇ، كەنتنىڭ نامى يەنىلا تەڭكەش دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە.

هازىر بۇ كەنتتە بەش مەھەللە، 280 ئائىلە، 1168 نوپۇس، 2100 مو تېرىلغۇ يەر بار.

**تەھرىر ئىلاۋىسى:**

مىللەت بۆلگۈنچىلىرى بىلەن بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدىكى زىددىيەت، مىللىي ئىختىلاپمۇ ئەمەس، دىنىي ئىختىلاپمۇ ئەمەس، بەلكى ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلاش بىلەن ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش ئوتتۇرىسىدىكى كەسكىن سىنىپىي كۆرەش!

ئازادلىقتىن كېيىن ناھىيىمىزدە ئابدۇلھەمىد داموللا باشچىلىقىدىكى بىر ئۇچۇم مىللەت بۆلگۈنچىلىرى چەتئەل قارا كۈچلىرىگە يالىنىغان دۈشمەن ئۇنسۇرلارنى ئارقا تىرەك قىلىپ، «مىللەت مەنپەئىتىنى قوغداش» نىقابىغا

قەملىنىڭ ئىسلام ئاخۇن ئۆزى مەبلەغ چىقىرىپ كۆل كول
تىپ دۇكانلارنى بىنا قىلىپ بىر نەچچە ناۋاي، قاساپ
لارنى بۇ جايدا تىجارەت قىلىشقا تەكلىپ قىپتۇ. دەسلەپ
بازارغا كەلگەنلەرگە ئىككىدىن ناننى سوۋغات قىلىپ
كىشىلەرنى بازارغا كۆندۈرۈپتۇ. يىراق- يېقىندىكى ك
شىلەر جۈمە كۈنلۈكتە بۇ بازارغا كېلىشكە ئادەتلىنىپ
سودا- سېتىق ئىشلىرى جانلانغاندىن كېيىن، يەر ئورنى
باج قاتارلىق رەسمىيەتلەرنى يولغا قويۇپتۇ. 1980 - يىل
دىن كېيىن بۇ بازار تېخىمۇ جانلىنىپ- ئاۋاتلىشىپ، نا
ھىيە بويىچە 13 بازار ئىچىدە 4- ئورۇندىكى بازار بو
لۇپ قالدى. ئەزەلدىن رايونلۇق ۋە يېزىلىق ھاكىمىيەت
ئورگانلىرى بۇ كەنت تەۋەلىكىگە سېلىنىپ كەلمەكتە.
ھازىر بۇ كەنتتە يەتتە مەھەللە، 383 ئائىلە، 1585
نوپۇس، 2903 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## بىخلىق

بۇ جاينىمۇ يەھياخان غوجىنىڭ تۇغقانلىرى ئىگى
لىگەن بولۇپ، 1870 - يىللىرى كۆپ قىسمىنى
ئابلىز ئاخۇنۇمغا ساتقانىكەن. ئابلىز ئا
خۇنۇم بۇ يەردە بىر مەزگىل چارۋا باققاندىن كېيىن كۆپ
رەك يەرلىرىنى كۈيلىق مەنسۇر ئاخۇن بايغا، قالغا
بۆلىكىنى پاسارھاجىم، قۇربان ھاجىم، كامال بەگ، نۇرا
خۇن سودىگەر قاتارلىق كىشىلەرگە سېتىپتۇ. بۇ كىشىلە
يېتىم، مۇساپىر، يەرسىز نامراتلار
نى ئولتۇراقلاشتۇرۇپ ئېتىزلىقلارنى بەرپا قىپتۇ. دەس
لەپتە تېرىلغان قوناق تەكشى، ياپيېشىل بىخلىنى
ئۈنگەنلىكىدىن پەخىرلىنىپ، بۇ ئېتىزلىقنى بىخلىق دە

باقى داموللىلار بىلەن ئىسلام ئارمىيىسىدە ئەسكەر بولـ
غان.بۇ قوشۇنگوما، قاغىلىقلاردا غەلىبىلىك جەڭ قىلىپ
يېڭىساردىكى ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولدۇ.ئابدۇلھەمىد دامولـ
لا ئەسىرلىكتىن قۇتۇلۇپ خوتەنگە قايتىپ كېلىپ مەھەلـ
لىسىدىكى مەدرىستە مۇدەررىسلىك قىلىدۇ. بۇ مەدرىستە
قاراساي، ياۋا تەۋەلىكىدىن ۋە قوشنا يۇرتلاردىن كەلگەن
تالىپلار ئوقۇيتتى. ئۇ ئۆيىنىڭ ھەم ئېتىز ـ ئېرىقىنىڭ
ئىشلىرىغا قاتنىشاتتى، بويى ئېگىز، چىرايى ئاق-سېرىق
كىشى ئىدى.

1949- يىلى 4- ئايدا ئابدۇلھەمىد دامولا ئىنىسى
سەمەت دامولا، خوتەننىڭ لايقىدىن تۇرسۇن دامولا قاـ
تارلىقلارنى باشلاپ يەكەندىكى ئەييۇف قاـ
رىنىڭ مەدرىسىگە بارغان. قارىماققا بۇ «مەشھۇر ئەۋلىيا»
دىن دەرس ئالىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئىمىن ھەزرەتنىڭ«خەلق
ئازادلىق ئارمىيىسىنى توسۇپ شىڭشىشادىن ئۆتكۈزمەسـ
لىك، بۇ پىلان ئىشقا ئاشمىسا ئىمىن ھەزرەت چەتكە قېـ
چىپ ئەنگلىيە، فرانسىيە ۋە ئافغانىستاندىن قورال ئېلىپ
كېلىپ سىرتتىن ھۇجۇم قىلغان ھامان ئىچكى جەھەتتىن
قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ ماسلىشىش» توغرىسىدىكى ئورۇنلاشتۇـ
رۇشىنى قوبۇل قىلىپ 10- ئايدا قايتىپ كەلگەن.
يەكەندە ئەييۇف قارىنىڭ مەدرىسىدە ئۈرۈمـ
چى، تۇرپان، ئاقسۇ، قەشقەردىن
كەلگەن «پىكىرداش» لىرى بىلەن پۈتۈشكەن پىلانىغا ئاـ
ساسەن 1950 - يىلىدىن باشلاپ قوشۇنى كۆپەيتىش مەقـ
سىتىدە ئىشانلىقنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، تەلەپ قىلغانلارنىڭ
ھەممىسىنى (قېرى - ياش، ئەر - ئايال، ئېتىقادى كۈچـ
لۈك - ئاجىز دېمەي) سوپى - مۇرتلىققا قوبۇل قىلىشۇر-

ھەم دىنىي تونغا ئورۇنىۋېلىپ، خەلقنىڭ ساغلام بولغا
مىللىي ھېسسىياتىنى ۋە نورمال دىنىي ئەقىدىسىنى بۇر
مىلاپ، ئۇلاردىن ئۆزلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئاساسى ياكى
ھىمايىچىلىرى سۈپىتىدە پايدىلىنىپ ئىككى قېتىم ئەكسىل
ئىنقىلابىي توپىلاڭ قوزغىدى. خەلق ئاممىسىنىڭ ماسلى
شىشى ئارقىسىدا قۇدرەتلىك خەلق ھاكىمىيىتى بۇ ئىككى
قېتىملىق قوزغىلاڭنى ئۇزۇل - كېسىل تارمار قىلدى.

نۆۋەتتە ئىنتايىن ئاز ساندىكى مىللەت بۆلگۈنچىلە
رى تارىخىي مەغلۇبىيەتلىرىگە تەن بەرمەي، ئىنتايىن
قەبىھ ۋاسىتىلارنى قوللىنىپ، شىنجاڭنى ئانا ۋەتىنىمىز
نىڭ گەۋدىسىدىن پارچىلاپ چىقىشتەك رەزىل نىيىتىنى
ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن قۇترىماقتا. ئىشىنىمىزكى، ئۇ
لارنىڭ تەقدىرىمۇ ئابدۇلھەمىد داموللا قاتارلىقلارنىڭ
ئاقىۋىتىگە ئوخشاشلا تەلتۆكۈس مەغلۇپ بولۇشتىن باش
قىچە بولمايدۇ.

كىتابخانلىرىمىزنىڭ مىللەت بۆلگۈنچىلىرىنىڭ غە
رىزى ھەم ۋاسىتىلىرىغا قارىتا ھوشيارلىقىنى ئۆستۈرۈش
ئۈچۈن تۆۋەندە ئەينى يىللاردىكى ئىككى قېتىملىق ئەكسىل
ئىنقىلابىي توپىلاڭنىڭ جەريانىنى تونۇشتۇردۇق.

## ئابدۇلھەمىد داموللا توغرىسىدا

ئابدۇلھەمىد داموللىنىڭ دادىسى مەھەممەت ئاخۇن
دېگەن كىشى 1870- يىللىرىدا گۇما ناھىيىسىنىڭ پىيالما
يېزىسىدىن كۆچۈپ كېلىپ بۇ جايدا ئولتۇراقلىشىپ قال
غانىكەن.

ئابدۇلھەمىد داموللا 1895- يىلى تەككەش كەنتىد
تۇغۇلغان. 1932- يىلى قەشقەردىكى خانلىق مەدرىستە ئو
قۇش پۈتتۈرۈپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن سەمەت داموللا

هال بەلگىلەنگەن جايغا توپلىنىڭلار، دۇئا - تەلەپ قىلىمىز» دەپ ئورۇنلاشتۇردى. 1954 - يىلى 11 - ئايدا بۇلار سايلام ئۆتكۈزۈپ، ئابدۇلھەمەد داموللىنى رەئىسلىككە، پەتىردىننى مۇئاۋىن رەئىس ۋە ھەربىي قوماندانلىققا سايلىدى. بۇلار ئەسلىدە 55 - يىلى باھار بايرىمى ھارپا ئاخشىمى توپىلاڭ كۆتۈرۈپ خوتەندىكىلەر شۆبە ھەربىي رايونغا، قاراقاشتىكىلەر 47 - تۈەننىڭ 2 - لىيەنگە (قويىچى يېزىسىغا چېگرىداش) بىرلا ۋاقىتتا ھۇجۇم قىلىپ قورال - ياراققا ئىگە بولۇپ خوتەننى ئىگىلىمەكچى بولۇشقانىدى. پەتىردىننىڭ «ھۆكۈمەت پىلانىمىزنى ئۇقۇپ قاپتۇ، ۋاقىتنى ئىلگىرى سۈرەيلى» دېگەن تەكلىپىگە ئاساسەن، توپىلاڭ 1954 - يىلى 12 - ئاينىڭ 31 - كۈنى ئاخشىمى رەسمىي باشلانغان، ئابدۇلھەمەد داموللا بىلەن پەتىردىننىڭ غوللۇق ئەگەشكۈچىلىرى قاراقاشنىڭ ياۋا، قاراساي، پۇرچاقچى، قويىچى، تۇۋەت، خوتەننىڭ خانئېرىق، توسالا، لايقا قاتارلىق جايلاردىن قوزغاپ ئىسيانغا قاتناشتۇرغان ئادەملەر ئىدى. ئاتچوي ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانىغا ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە توپلانغانلار كالتەك - چوماقلىق ئادەملەر ئىدى. بۇلار ساقچى ۋە تۈرمە باشقۇرغۇچىلاردىن يەتتە ئادەمنى كالتەكلەپ ئۆلتۈردى، ئىشىك قۇلۇپلىرىنى چېقىپ تۈرمىدىكى جىنايەتچىلەرگە:

— سىلەر ئازاد بولدۇڭلار، بىزگە قوشۇلۇڭلار ياكى ئۆيۈڭلەرگە كېتىڭلار، - دېدى ①، بىر قىسىم قورال - ياراقلارنى تارتىۋېلىشتى. ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانىدىكى ئەسكەرلەر بۇيرۇققا بىنائەن ئوق ئېتىپ توپىلاڭچىلارنى چېكىندۈردى.

① بىرمۇ جىنايەتچى قاچمىغان ياكى ئۇلارغا قوشۇلمىغانىدى.

گەن.① 1951 - يىلىدىن كېيىن يۇرچاقچىدىن ماخسۇت دا-
موللا، قويچىدىن بارات داموللا، ئۈرۈمچىدىن مۇھەممەت
داموللا، باشاقچىدىن موللا ناسىر داموللا، خوتەندىن ئاب-
لىمىز قارى ھاجى، مەتقۇربان تەلپەك قاتارلىقلارغا ئۆزى-
نىڭ شەرقى تۈركىستان ئىسلام دۆلىتى قۇرۇش مۇددىئا-
سىنى يۇرۇتۇپ قويىدۇ. 1953 - يىل 9 - ئايدا خەلق ۋە-
كىلى بولۇپ ئۈرۈمچىگە بېرىپ قۇرۇلتايغا قاتنىشىش پۇر-
سىتىدىن پايدىلىنىپ يەكەندە ئۇچراشقان ۋە يېڭى تو-
نۇشقان ۋەكىل، پىكىرداشلىرى بىلەن گېپىنى بىرلىككە
كەلتۈرۈۋالىدۇ.

ئۈرۈمچى، ئاقسۇ قاتارلىق جايلاردىكى ھەمسۆھبەت-
لىرىنىڭ پاش بولۇپ قېلىشىغا ئەگىشىپ ئابدۇلھەمىد دا-
موللىنىڭ ئىسمى شىنجاڭ ئۆلكىلىك جامائەت خەۋپسىز-
لىكى نازارىتىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالىدۇ. جامائەت خەۋپ-
سىزلىكى نازارىتى خوتەنگە مەخپىي خىزمەت گۇرۇپپىسى
ئەۋەتىپ ئابدۇلھەمىد داموللىنى يوشۇرۇن كۆزىتىشنى
باشلايدۇ ۋە ئادەم بەلگىلەپ ئابدۇلھەمىد داموللىنىڭ
ھەركەت ئەھۋالىدىن ئۆزلىرىگە ئاخبارات يەتكۈزۈشكە
ئورۇنلاشتۇرىدۇ. ئابدۇلھەمىد داموللا ھۆكۈمەتنىڭ ئۆزى-
نى نازارەت قىلىۋاتقانلىقىنى ۋە تۇتماقچى بولۇۋاتقان-
لىقىنى بايقاپ قالغاندىن كېيىن 1954- يىلى 6 - ئاينىڭ
24 - كۈنىدىن ئېتىبارەن قاراقاش ۋە خوتەندىكى ھەم-
سۆھبەتلىرىنىڭ ئۆيلىرىدە يوشۇرۇنۇشقا باشلىدى. بىر
ئۆيدە تۆت كۈندىن ئارتۇق تۇرمىدى. ئىشەنچلىك ئا-
دەملىرىگە «ئىسلام ئاچىمىز» دەپ ئېيتتى. ئىشەنچس-
دەپ قارىغان كىشىلەرگە«مەن ئۇقتۇرۇش قىلغان كۈنى دەر-

① ئەسلىدە ئىسلام دىنىنىڭ بارلىق پەرھىزلىرىگە تولۇق ئەمەل قىلغان
بولۇشى شەرت قىلىناتتى.

ئىجرا قىلىنىدى. ئۈچ كۈن بۇرۇن خوتەنگە چاقىرىلغان ئايالى ۋە چوڭ ئوغلى ئابدۇراخمان جەسەتنى ھارۋىغا بېسىپ مەھەللىسىگە ئېلىپ كېلىپ دەپنە قىلدى.

## جايتېرەك

زاۋا يېزىسىنىڭ جايتېرەك كەنتىدىن كىرگەن بىر نەچچە ئائىلىنىڭ كىشى قۇملۇق دۆڭلەرنى ئارىلاپ ئېرىق چېپىپ، يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلغانلىقتىن بۇ ئېرىق «جايتېرەك ئېرىق» دەپ ئاتالغانىكەن. بىر نەچچە يىلدىن كېيىن جايتېرەكلىكلەرنىڭ تولىسى زىرائەتلىرىنى سۇغىرالماي ئەسلى يۇرتىغا قايتىپ چىقىپ كەتكەنىكەن. ھازىر ئېرىقنىڭ ئاخىرىدا ئولتۇرۇشلۇق 60 ياشلىق مەھەممەت ساقى ئاخۇن بۇ جايدا قېپقالغان جايتېرەكلىكلەرنىڭ ئۈچىنچى ئەۋلادىدۇر.

كېيىنكى ۋاقىتلاردا بۇ ئېرىقنىڭ باش تەرىپىدىن سۇ ئىچكەن مەھەللە جايتېرەك دەپ ئاتىلىپ، 1984 - يىلى كەنتنىڭ نامى «جايتېرەك» دەپ مۇقىمدىلىپتۇ.

ھازىر بۇ كەنتتە بەش مەھەللە، 349 ئائىلە، 1598 نوپۇس، 2996 مو تېرىلغۇ يەر بار.

مۇھەممەت ئاخۇن شۆمەك، سەيدى ئاخۇن غەزەل قاتارلىق پېشقەدەملەرنىڭ ھېسابلاپ چىقىشىغا ئاساسلانغاندا، بۇ جايدا تېرىقچىلىق باشلانغىنىغا 210 يىلدىن ئاشتى.

## شۆمەك مازار

بۇ كەنتتە شۆمەك مازار دەپ ئاتىلىدىغان بىر قەب-

تەڭ كېچە ئالەم قاراڭغۇ بولغانلىقتىن ھەممىسى جې
نىنى قۇتقۇزۇشقا ئالدىرىغانلىقتىن ئوق تېگىپ كىمنىڭ
ئۆلگەنلىكى، كىمنىڭ يارىلانغانلىقىنى ھېچكىم بىلەلمە
دى. توپىلاڭ تىنجىتىلغاندىن كېيىن ئابدۇلھەمىد دامول
لىنىڭ ئاكىسى ئەخمەت ئاخۇن، قويچى يېزىسىدىن مەتنى
ياز بوغاز قاتارلىق نەچچە ئون كىشىنىڭ «دېرەكسىز» يو
قالغانلىقى مەلۇم بولدى. (ئۆلگەنلەر شۇ كېچىسى يىغى
كۆمۈۋېتىلگەنىكەن.) ئابدۇلھەمىد دامولla كۆللەك كەنتى
دىكى سوپى قاسىم ئاخۇنۇمنىڭ① ئۆيىدە يوشۇرۇندى. ئۇ
جايدا نازارەت قاتتىق بولغانلىقتىن ئاشكارىلىنىپ قېلىشى
دىن ئەنسىرەپ تەڭگەش كەنتىدىكى مۇرىتى رىجەپ ئا-
خۇننىڭ ئۆيىگە كېلىپ پاناھلاندى. رىجەپ ئاخۇن ئۇنى يو-
شۇرۇش ئۈچۈن گەمە كولاپ ئۈستىنى تاختاي بىلەن يې-
پىپ سامان - پاسار يېيىپ ئېشەك ئېغىلى ياسىدى. گەمى-
گە كىرىپ - چىققىدىغان ئىشىكنى ئوقۇرنىڭ تېگىگە توغ-
رىلىدى. ئابدۇلھەمىد دامولla شۇنداق قىلىپ تۆت يىل يو-
شۇرۇندى. 1959- يىلى 4 - ئايدا ناھىيىلىك سىياسىي مەك
تەپتىكى كۇرستا مۇنازىرىدە رىجەپ ئاخۇن ئابدۇلھەمى
دامولىنىڭ تۇرغان يېرىنى ئاشكارىلىدى. شۇ كېچىسى
بۇيرۇق بويىچە ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى خادىملىرى ۋە ش
چاغدىكى «قىزىل بايراق» گۇڭشېسىنىڭ باشلىقى قاتارلىقلا
ئابدۇلھەمىد دامولىنى گەمىدىن تۇتۇپ چىقتى. بۇ كېچىسى
قاتتىق بوران چىقتانىدى.

تۆت يىلدىن كېيىن يەنى 1962 - يىلى 4 - ئاينىڭ
1 - كۈنى ئابدۇلھەمىد دامولىغا خوتەندە ئۆلۈم جازاسى

---

① قاسىماخۇن ئابدۇلھەمىد دامولىنى يوشۇرغان جىنايىتى ئۈچۈن
15 يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىپ، كېرىيىدىكى ئەمگەك بىلەن
ئۆزگەرتىش مەيدانىدا كېسەل بولۇپ ئۆلدى.

يىل 88 ياشقا كىرىپتۇ. ئۇلارنىڭ ئوغۇل - قىزلىرىدىن باشقا نەۋرە - پەينەۋرىلىرى 58 گە يېتىپتۇ. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە، تۇردى ئاخۇن شۇمەكىنىڭ ئوغلى نىياز مۇھەممەت شۇمەكىنىڭ دەۋرىگە كەلگەندە بۇلارنىڭ ئىگىلىگەن يېرى توغرىسى 180 گۇڭغا يەتكەنىكەن. (ئۇزۇنلۇقى ئۆستەڭدىن باشلاپ چۆل تەرەپكە قانچىلىك ئىگىلىسە ئىختىيارى ئىكەن.) نىياز مۇھەممەت ھاجىم ھازىرقى مۇھەممەت ئاخۇننىڭ ئۆيى ئەتراپىدا ئاچقان يەرلىرىنى 2700 چارەك بۇغدايغا ساتماقچى بوپتۇ. مۇھەممەت ئاخۇن نارازى بولۇپ:

— ئۇ يەرنى ئېچىشقا ھەددى - ھېسابسىز كۈچىمىز كەتتى. قەرزىمىز بولمىغاندىكىن نېمىشقا ساتىمىز؟ ساتمايلى دادا، - دەپ تۇرۇۋاپتۇ. نىياز مۇھەممەت ھاجىم:

— ئۇنچىۋالا جىق يەرنى باشقۇرۇپ بولالمىدىم. ساتمايلى دېسىڭىز ئۆزىڭىز باشقۇرۇڭ، - دەپتۇ. مۇھەممەت ئاخۇن 1923 - يىلى 1000 قەدەم يىراقلىقتىكى چوڭ ئۆيدىن ئايرىلىپ ھازىرقى ئولتۇرۇۋاتقان كېلىپ ئۆي سېلىپ ئولتۇرغان ھەم ھەر يىلى كەلكۈن مەزگىلىدە كېچە - كۈندۈز يەر ئېچىپ تېرىلغۇ كۆلىمىنى كېڭەيتكەنىكەن. 1930 - يىلى بۇ مەھەللىدە 50 نوپۇسلۇق يەتتە ئائىلە بولغانىكەن. ئۇ چاغلاردا سۇ قۇم دۆۋىلىرىنى ئارىلاپ يىلان ئىزى شەكلىدە ئاققانلىقتىن بوران قۇمنى يۆتكەپ سۇنىڭ ئېقىنىنى ئۆزگەرتىۋېتىپ تېرىم بولغان ئېتىزلار قايتىدىن چۆللىشىپ كېتىدىكەن.

1940 - يىلى مۇھەممەت ئاخۇن شۇمەكىنىڭ ئۆيىنىڭ يېنىدا ناھايىتى چوڭ ئېگىز دۆڭلۈك بار ئىكەن. قاراسايىنىڭ ئامانلىق ساقلاش ئەمەلدارى مەتنىياز بەگ باج ئەمەلدارى تاجىبەگكە:

— يۇگۇرگەن پېتى بۇ دۆڭنىڭ چوققىسىغا چىقالىسىلا

رىستانلىق بار. پۇرچاقچى يېزىسىنىڭ ياغاچچى كەنتىدە ئولتۇرۇشلۇق رەھمەتشا موللام دېگەن كىشى خوتەنگەغەللە پاراق تاپشۇرغىلى بېرىپ بازاردىن كىچىك ئوغلىغا بىر تال شۆمەك ئېلىپ كەپتۇ. ئۇنىڭ قوشنىلىرى بۇ شۆمەكنى بىر - بىرىگە كۆز - كۆز قىلىشىپ:

— رەھمەتشا موللامنىڭ شۆمىكى، - دېيىشىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن كىشىلەر بۇ موللامنى «رەھمەتشا شۆمەك» دەپ چاقىرىدىغان بوپتۇ. ھازىرقى جايتېرەك كەنتى تەۋەلىكى ئەسلىدە تۆتئېغىللىق ئاخۇنلۇقۇمنىڭ يايلىقى ئىكەن. شۇ دەۋردىكى ھۆكۈمەت قۇدرىتى بار كىشىلەرنى ياۋىدىن يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىشقا سەپەرۋەر قىپتۇ، بۇ جايغا ئەڭ دەسلەپتە رەھمەتشا شۆمەكنىڭ ئوغلى تۇردى ئاخۇن شۆمەك كىرىپ يەر ئېچىپ زاغۇن، بېدە تېرىدىپتۇ. تۇردى ئاخۇن ۋاپات بولغاندا جەسىتى تۇنجى بولۇپ دەپنە قىلىنغان قۇملۇق دۆڭ شۆمەك مازار دەپ ئاتىلىپتۇ. بۇ مازارغا شۆمەك ۋە غەزەل لەقەملىكلەر ۋە باشقىلار كۆمۈلۈپ يىللار ئۆتكەنسېرى دۆڭلۈكنىڭ بوش يېرى قالمىغانلىقتىن 40 يىلدىن بۇيان ئۆلگەنلەر بۇ مازاردىن 700 قەدەم يىراقلىقتا يول بويىدىكى دۆڭلۈككە كۆمۈلمەكتە. تېرىلغۇ يەرلەرنى كېڭەيتىش ئېھتىياجى بىلەن شۆمەك مازار دۆڭلۈكى تارىيىپ تۆت - بەش موغاكچىكلەپ قالدى.

### ئون تەڭگە ئۇتتۇرۇۋېتىش

1995- يىلى 3 - ئاينىڭ 24 - كۈنى جايتېرەكتىكى 112 ياشلىق مۇھەممەت ئاخۇن شۆمەكنىڭ ئۆيىدە زىيارەتتە بولدۇم. ئۇنىڭ دەسلەپكى ئايالى ئۈچ بالا تۇغۇپ ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئۆيلەنگەن خوتۇنى مەسۇمخان بىر

تۈپ چارشەنبە كۈنلۈكتە بازار قىزىتىپتۇ. بۇ بازاردىكى ناۋاي، قاسساپ، باققال، ساتىراش، موزدۇز قاتارلىق تىجارەتچىلەر 20 دىن، ياۋا ، قاراساي تەۋەلىكىدىن كېلىدىغان بازارچىلار 300 دىن ئاشمايدىكەن.

بىر قېتىملىق سۇ تالىشىش ماجراسىدا يەكچى لىتەقەملىك ئۈچ بىر تۇغقان (ئالىماخۇن، غوجاخۇن، قارى ئاخۇن) ئېلى ئاخۇن قالماقنىڭ قاسىماخۇن ئىسىملىك 35 ياشلىق ئوغلىنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ. بۇلار جىنايەتتىن قورقۇپ جاڭگالغا قېچىپ يوشۇرۇنۇۋاپتۇ. شۇ ۋاقىتتىكى ھۆكۈمەت دائىرىلىرى بۇلارنى تۇتۇپ سوراق قىلغاندا قارى ئاخۇن ئىككى ئاكىسىنىڭ بالىلىرى بارلىقىنى نەزەرگە ئېلىپ «قاسىماخۇننى مەن ئۆلتۈردۇم» دەپ گۇناھنى ئۈستىگە ئېلىپ ئىككى ئاكىسىنى ئاقلاپتۇ. ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ئۇنى سولاپ يەتتە يىلدىن كېيىن قويۇۋېتىپتۇ .

ئېلى ئاخۇن قالماق ئوغلى قاسىماخۇن ئۆلۈپ قالغاندىن كېيىن ئەسلى يۇرتىغا قايتىپ چىقىپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ ئۆيلىرى ئەتراپىدا ئۆسكەن 20 تۈپتىن ئارتۇق چوڭ ياڭاق دەرەخلىرى 1960 - يىللىرىدىكى ئېتىز - ئېرىقلارنى رەتلەش دولقۇنىدا كېسىۋېتىلدى.

(جۈمە بازىرى قىزىشقا باشلىغاندىن كېيىن چارشەنبە بازار ئۆزلۈكىدىن تارقىلىپ كەتكەنىكەن).

ھازىر بۇ كەنتتە تۆت مەھەللە، 197 ئائىلە، 844 نوپۇس، 2048 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## قوشكۆۋرۈك

1860 - يىللىرى قاراقاش بازىرىنىڭ قاپاقلا دېگەن

ئون تەڭگە① بېرىمەن. ئەگەر توختاپ دەم ئېلىپ چىققىلى سىلە ماڭا ئون تەڭگە بېرىشكە قول باغلىشايلى، - دەپتۇ تاجىبەگ:

— مەن دېگەن ئۇنىڭدىن ئېگىز دۆڭلۈككىمۇ يۈگۈرۈپ چىقىپ - يۈگۈرۈپ چۈشكەن، سىلىدىن، چوقۇم ئون تەڭگە ئۇتۇۋالىمەن، - دەپ دۆڭنىڭ چوققىسىغا قاراپ يۈگۈرۈپتۇ. دۆڭلۈكنىڭ ئوتتۇرىسىغا چىقىپ قەدىمى ئاستىلاپ ماڭغاندىن كېيىن پەسكە قايتىپ چۈشۈپ:

— بولدى، مەن سىلىگە ئۇتتۇرۇۋەتتىم، - دەپ ئون تەڭگە پۇلنى مەتنىياز بەگكە بەرگەنىكەن.

## سەيدى ئاخۇن غەزەل

جايىتېرەك كەنتىدە ئولتۇرۇشلۇق 93 ياشلىق سەيدى ئاخۇن غەزەلنىڭ بوۋىسى تۇرسۇن قۇربان ھاجىم قويچى يېزىسىنىڭ غەزەل كەنتىدىن 1830 - يىللىرى بۇ جايغا كۆچۈپ كىرىپ كىچىك سوپىزىم دېگەن كىشىدىن يەر - زېمىن سېتىۋېلىپ ئولتۇراقلاشقانىكەن. ئۇنىڭ ئوغۇل - قىزلىرىمۇ بۇ جايدا تىرىكچىلىك قىلدى. سەيدى ئاخۇن غەزەلنىڭ ئوغۇل - قىزلىرى، نەۋرە - پەينەۋرىلىرى 57 گە يەتتى.

## چارشەنبە بازار

*1830* - يىللىرى ھازىرقى توخۇلا يېزىسىدىكى قاردىمان كەنتىدىن ئېلى ئاخۇن قالماق دېگەن كىشى بۇ جايغا كىرىپ يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلغانىكەن. 1860 - يىللىرى بۇ جايدا ئولتۇراقلاشقان ئائىلىلەرنىڭ 40 تىن ئاشقانلىقىنى، يېقىن ئەتراپتا بازار يوقلۇقىنى نەزەردە تۇ-

① كۈمۈش پۇل

— تۆتئېغىلدىن، — دەپ جاۋاب بەرگەنىكەن «تۆتئېغىل» دېگەن ئاتالغۇ كىشىلەر تىلىغا سىڭىپ قالغانىكەن.

1820 - يىللىرى ئاتچۇيلىك ئابدىقادىر ھاجىم① (ياۋلىق كىشىلەر «ئاخۇنلۇق ھاجىم» دەپ ئاتايدۇ.) ئاچچىغۇيدىكى ئوتاقچىلىرىدىن كېرىمكام، ئەخمەتكام قاتارلىق تۆت ئائىلىنى تۆتئېغىلغا كۆچۈرۈپ كىرىپتۇ. بۇلار دەسلەپكى يىلى ئاچقان يەرلەرگە كېۋەز، بېدە تېرىپتۇ. يەر ئېچىشنى يىلمۇ يىل داۋاملاشتۇرۇپ بۇغداي، قوناقلىقلارنى كېڭەيتىپتۇ. تۈگمەن بولمىغانلىقتىن ئوتاقچىلار بۇغداي - قوناقنى يېرىك پېتى قاينىتىپ يېگەنىكىنى كۆرۈپ ئاخۇنلۇق ھاجىم تۆت دانە ياغۇنچاق (قول بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان ئىپتىدائىي تۈگمەن) ئېلىپ كېلىپ ئوتاقچىلىرىغا بەرگەنىكەن.

ئاخۇنلۇق ھاجىم ئەتىيازدا، 7 - ئايدا، كۆزلۈكتە ئاتقا مىنىپ كېلىپ 10 — 15 كۈن تۇرۇپ، تېرىش - يىغىش ئەمگەكلىرىگە يېتەكچىلىك قىلىدىكەن، قايسى ئوتاقچى ئۇنى ئۆيىدە قوندۇرۇپ قوي ئۆلتۈرۈپ مېھمان قىلسا، ئاخۇنلۇق ھاجىم ئۇنىڭغا بىر - ئىككى مو بېدىلىكنى ھەقسىز بېرىۋېتىدىكەن. كېيىنكى يىللىرى ئاخۇنلۇق ھاجىم ئۆزى ياكى تۇغقانلىرى كەلسە يېتىپ - قوپۇشى ئۈچۈن بىر ئايۋان، تۆت ھۇجرا سالدۇرغانىكەن، بۇ ئۆيلەر ئالىقاچان يىقىلىپ كەتكەن بولسىمۇ، بۇ جاي ھازىرمۇ «ھالايلى» («ھويلا ئالدى» دېگەن ئاتالغۇنىڭ بۇزۇلغان تەلەپپۇزى) دەپ ئاتالماقتا.

تۆتئېغىل — باشقا يۇرتلار بىلەن ئالاقىسى يوق، سىرتنىڭ ئادەملىرى كەلمەيدىغان ياقا - بۇرجەك مەھەل-

① مىجىت ھاجىمنىڭ ئىنىسى

يېرىدىن تۇداخۇن موللام دېگەن كىشى بۇ جايدىن يەر زېمىن سېتىۋېلىپ ئولتۇراقلاشقانىكەن. بىر نەچچە يىلدى كېيىن ئۇنىڭ ئىنىسى ھوشۇراخۇن تېكە دېگەن كىشى كۆ چۈپ كىرىپتۇ. ھوشۇراخۇن تېكىنىڭ نەۋرىسى ئابدۇللا دىق ھازىر ياۋا يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتىدە مالىيە كادىرى بولۇپ ئىشلىمەكتە.

چېلەك ۋە بۇلاق كەنتلىرىگە ئاقىدىغان ئىككى تار ماق ئۆستەڭ بۇ جايدا بىر - بىرىگە يېقىن ئاقىدىكەن قاراسايغا بارىدىغان يولدىكى ئىككى كۆۋرۈكمۇ بىر - بى رىگە يېقىن بولغانلىقتىن، بۇ كۆۋرۈكلەرنىڭ ئەتراپىدىكى مەھەللە قوشكۆۋرۈك دەپ ئاتالغانىكەن.

ھازىر بۇ كەنتتە تۆت مەھەللە، 217 ئائىلە، 1071 نو پۇس، 1903 مو تېرىلغۇ يەر، 2100 تۇياق چارۋا بار.

## تۆتئېغىل

بۇ جاينىڭ توغراقلىرى قېلىن، ئوت - چۆپلىرى قو يۇق بولغانلىقتىن قاراسايدىن ئانايەت ھاجىم ۋە ئاچچى غۆي دېگەن يۇرتتىن ئۈچ كىشى بۇ جايدا مال باققان ھەم ماللىرىنى كېچىسى ساقلاش ئۈچۈن تۆت ئورۇنغا شاخ بى لەن ئېغىل ياسىغانىكەن. بۇ كىشىلەر خوتەن ئاتچۇيىلىك مىجىت ھاجىمنىڭ سوپى - مۇرتلىرى بولغاچقا، كېيىن بۇ جايغا مىجىت ھاجىم ئىگىدارلىق قىلغانىكەن.

قاراسايدىن، ياغاچچى، ئاچچىغۆي قاتارلىق يۇرت لاردىن كېلىپ بۇ جايدىن ئوتۇن - شاخ توشىغان كىشىلە باشقىلارنىڭ:

— بۇ ئوتۇننى نەدىن ئېلىپ كەلدىڭلار، - دېگەن سوئالىغا:

جايلىرى تۆتئىپغىل مەھەللىسىگە قوشۇلۇپ «تۆتئىپغىل كەن-
تى» دەپ ئاتالدى.

ھازىر بۇ كەنتتە تۆت مەھەللە، 288 ئائىلە، 1157 نو-پۇس، 2683 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## باقى داموللا توغرىسىدا

باقى داموللا ئابدۇلھەمىد داموللىنىڭ مەقسەتدىشى. ھەمىد داموللىنىڭ «ناۋادا بىز مەغلۇپ بولۇپ كەتسەك، مەغلۇبىيىتىمىزدىن ساۋاق ئېلىپ ھاكىمىيەتنى تارتىۋې-لىڭلار» دېگەن نەسىھىتىگە بىنائەن، باقى داموللا بىلەن سەمەت داموللا (ھەمىد داموللىنىڭ ئىنىسى) ئۆتكەن قې-تىمقى توپىلاڭغا «قاتناشمىغان» ئىدى. ھۆكۈمەت بۇلار-نىڭ ھەرىكەتلىرىنى خۇپىيانە كۆزىتىپ تۇرغان بولسىمۇ، بۇلار ھۆكۈمەتنى قايمۇقتۇرۇپ ھۇجۇم نىشانىسىنى ۋاقتى-نى ئۆزگەرتىپ تۇردى. ئاۋۋال قورال - ياراقنى ئىگە بو-لۇپ ئاندىن خوتەن شۆبە ھەربىي رايونىغا ھۇجۇم قىلمىش ئۈچۈن ياۋا، قاراساي، كۇيا، پۇرچاقچى، قويچى يېزىلىرى-دىن كۆپلىگەن ئادەمنى قوزغاپ، 1956- يىلى 3 - ئاينىڭ 9 - كۈنى 47 - تۇەننىڭ 2 - لىيەنىگە ھۇجۇم قىلدى. ئال-لىقاچان تەييارلىنىپ تۇرغان قوراللىق لىيەنىڭ ئەسكەر-لىرى بۇلارنى قورقۇتۇپ تارقىتىۋېتىش ئۈچۈن ئاسمانغا قارىتىپ ئوق ئېتىۋەردى. بۇ چاغدا غوللۇق ئۇنسۇرلاردىن قادىر بۇجاڭ:

— ئاللا بىزنى يۆلەپ، كاپىرلار ئاتقان ئوقنى بىز-گە تەگكۈزمىدى، — دەپ ئاممىنى چېكىنمەسلىككە كۈشكۈرت-تى. ئامما «ئاللا، ئاللا ۋاي ئاللا، ئىسلام ئۈچۈن جېنىمىز پىدا» دەپ ۋارقىرىشىپ ئىلگىرىلەپ كېلىپ بىر خەنزۇ

لە بولغاچقا كېرىمكامنىڭ ئوغلى توختى بەش ـ ئالتە ياش ۋاقتىدا ئاخۇنلۇق ھاجىمنى كۆرۈپ قورقۇپ يىغلىغانىكەن. ئاخۇنلۇقۇم ھاجىم كېرىمكامغا:

— بۇ بالىنى بازارغا ئەگەشتۈرۈپ بېرىپ ئادەمگە كۆندۈرۈڭلار، — دېگەنىكەن.

بۇ مەھەللە قۇملۇق جاڭگال ئارىسىدا بولغانلىقى، ئادەملىرى ئوتاقچى بولغانلىقى تۈپەيلىدىن كەمسىتلىپ ئوغۇللىرىغا سىرتتىن كېلىن تاپالمايدىكەن، قىزلىرىغا سىرتتىن خېرىدار كەلمەيدىكەن. شۇڭلاشقا يېقىن تۇغقان ئوغۇل ـ قىزلىرىنى جۈپلەپ بىر ئۆيلۈك قىلىپ قويىدىكەن. نەۋرىلەر ئەيىبلىك تۇغۇلۇپ قالمىسۇن دەپ ئانىلار تۇغقانلىرىنىڭ باللىرىنى بىر قېتىممۇ ئېمىتمەيدىكەن.

ئاخۇنلۇق ھاجىمنىڭ ئېرىقىدا ھەر قاچان سۇ ئېقىپ تۇرىدىكەن، تومۇز مەزگىللىرىدە ئۇنىڭ بۇغدايلىقى سۇغا قانماي تۇرۇپ باشقا ئېرىقلارغا سۇ ئېچىلمايدىكەن. مەراپ ـ كۆكبېشىلەر «ئەرتە ئاخۇنلۇقۇم كېلىدىكەن» دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاپ قالسا، نېمە قىلسا قىلىپ ئۇنىڭ ئېرىقىغا سۇ باشلاپ قويماسلىقىقا ھەددى ئەمەسكەن.

1995 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ياۋا يېزىسىدا يۇقىرىدىكى ۋەقەلەرنى سۆزلەپ بەرگەن ئۆمەر توختى (كېرىمكامنىڭ نەۋرىسى) نىڭ ئەسلىمىسىگە ئاساسلانغاندا، تۆتئېغىلدا تېرىقچىلىق باشلانغىنىغا 180 يىل بولغانلىقىنى قەيت قىلىشقا بولىدۇ. ئۆمەر توختى بۇ يىل 75 ياشقا كىرگەن بولۇپ، 12 ياش ۋاقىتلىرىدا تۆتئېغىل دېگەن بۇ مەھەللىدە ئون ئائىلىلىك ئادەم بولغانىكەن.

1984 ـ يىلى چارشەنبە بازار كەنتىنىڭ بىر قىسىم

تەرجىمان بايمىزلار يېتىپ كەلدى. 100 قوراللىق ئەسكەر ئىسيانچىلارنى قورشاپ قورال تاپشۇرۇشقا بۇيرۇدى. ئىسيانچىلار شۇ مەيداندىلا 18 دانە پاۋان مىلتىقى، 300 دىن كۆپ ئارا، تۆۋەزۇن، چاپقۇ پىچاق، 1000 دىن جىقراق كالتەك - چوماقنى تاپشۇردى. ئەسكەرلەر باقى دامولا، سەمەت دامولا ۋە 20 نەپەر غوللۇق ئىسيانچىنى نەقمەيداندا تۇتتى. كېيىن باقى دامولا مۇددەتسىز قاماققا ھۆكۈم قىلىنىپ كېرىيە ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانىدا كېسەل بىلەن ئۆلدى. ئۇنىڭ ئوغلى ئابدۇلقادىر مەخسۇم بۇ يىل 66 ياش بولۇپ چېلەكتىكى مەسچىتتە ئىماملىق قىلماقتا.

شۇنداق قىلىپ ياۋا يېزىسىدا يۈز بەرگەن ئىككى قېتىملىق ئەكسىلئىنقىلابىي مىللەت بۆلگۈنچىلىكى توپىلىڭى پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنىڭ كۈچ - قۇدرىتى بىلەن تارمار قىلىندى.

## چېلەك

بىر غېرىچ ئۇزۇنلۇقتىكى ئىككى تال يۇلغۇن تايىقى پىلوس (+) شەكلىدە چېتىلىپ، كېسىشكەن يېرىدىن چوكىدەك ئۇزۇن ھەم ئىنچىكە بىر تال يۇلغۇن تايىقى تىك ئۆتكۈزۈلۈپ ياسالغان سايمان چېلەك دەپ ئاتىلاتتى.

بۇ جايغا ئەڭ دەسلەپتە باقى دامولامنىڭ ئانىسىنىڭ ئاكىسى قاسىماخۇن دېگەن كىشى كۆچۈپ كىرىپ يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلغانىكەن. بۇ كىشى داۋاملىق چېلەك بىلەن يۇڭدىن يىپ ئېگىرگەنلىكى ئۈچۈن «چېلەك» دەپ لەقەم سىڭىپ قالغانىكەن. ئۇنىڭ لەقىمى بۇرۇن بىر مەھەللىنىڭ نامى ئىدى، 1984 - يىلدىن كېيىن بىر كەنت-

ئەسكەرنى كالتەكلەپ ئۆلتۈردى. ئەسكەرلەر بۇيرۇققا ئا-
ساسەن توپىلاڭچىلارغا ئوق چىقارغاندا تۆت ئادەم ئۆلدى①
ئىسيانچىلار پاتىپاراق بولۇپ قاچ - قاچ دېيىشىپ تەرەپ-
رەپلەرگە قېچىشتى. ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئى-
دارىسىنىڭ كادىر - ساقچىلىرى كاسا كۆللەك دېگەن جايدا
ئىسيانچىلارنى توسۇپ، 28 نەپەر غوللۇق ئىسيانچىنى تۇ-
تۇپ، ئەگەشكۈچىلەرنى قويۇپ بەردى. باقى داموللا بىلەن
سەمەت داموللا يەنىلا تۇتۇق بەرمىدى. ئۈچ كۈندىن كې-
يىن كېچىدە باقى داموللا بىلەن سەمەت داموللا 5 - را-
يونلۇق سودا كوپېراتىپىنى ۋە ئاشلىق ئامبىرىنى بۇلاپ
مال ۋە ئاشلىقنى كىشىلەرگە بۆلۈپ بېرىپ خەلقنىڭ ئە-
شەنچىسىگە ئىگە بولۇپ قوشۇننى تولۇقلاش ئۈچۈن خېلى
كۆپ ئادەمنى (بۇلاردىن 300 نەپىرى ئايال سوپىلار) ئە-
گەشتۈرۈپ تەڭكەش كەنتىدىكى بىر قۇملۇق دۆڭگە كەلگەن-
دە ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ راز-
ۋېتكا كادىرى مۇھەممەت ئىبراھىم سىدىق ئۆزى يالغۇز
يۈرەكلىك ھالدا:

— توختاڭلار، - دەپ ئۇلارنى توستى. ئىسيانچىلاردىن
بىرسى ئۇنىڭغا:

— بىز سېنىڭ نامازنى ئوقۇغىنىڭنى كۆرگەن. سېنى
ئۆلتۈرمەيلى، بىزگە تەسلىم بولغىن. بىز بىلەن قارشى-
لاشساڭ كۆردۈڭمۇ مىلتىقلىرىمىزنى، - دەپ بىر نەچچە پا-
ۋان مىلتىقلىرىنى كۆز - كۆز قىلدى. مۇھەممەت ئىبراھىم
سىدىق ئۇلار بىلەن 40 مېتر ئارىلىقتا مۇنازىرىلىشىۋات-
قاندا ۋىلايەتلىك پارتكوم شۇجىسى خۇاڭچىڭ، ناھىيىلىك
جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى لى دالىن

① قويچى يېزىسىدىن؛ نۇرى چاڭگا، روزى چاڭگا، يۇنۇس قارى، مەھەممەد
داموللىنىڭ قوشنىسى— ئەمەت كاۋا

چىشقا ئادەتلەنگەنلىكتىن بۇ جاي يىلاڭگۇلۇق دەپ ئاتال-
غانىكەن.

بۇ كەنتنىڭ 4- مەھەللىسىدە ئىلگىرى ناھايىتى كاتتا بىر توپ قېرى تېرەك بار ئىكەن، كىشىلەر بۇنى ناسىر تېرەك دەپ ئاتىشىدىكەن. يىگىت - قىزلار بۇ تېرەكنىڭ پۇتاقلىرىغا ئارغامچا چىگىپ يىلاڭگو ياساپ ئېگىز ئۇچۇشتا بەسلىشىدىكەن. ( بۇ تېرەك 1960 - يىلى كېسىپ ياۋا سۇ ئامبىرىنىڭ ئازمىسىنى ياساشقا ئىشلىتىلدى).

ھازىر بۇ كەنتتە بەش مەھەللە، 250 ئائىلە، 1121 نوپۇس، 2715 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## باغجىگدە

«باغجىگدە» دېگەن ئاتالغۇنىڭ ئۆزىلا بىزگە ئىلگىرى بۇ جايدا تۆت ئەتراپى جىگدە كۆچەتلىرى بىلەن قورشالغان كەڭ باغ بولغانلىقىنى قىياس قىلدۇرىدۇ.

بۇ جايمۇ ئاخۇنلۇق ھاجىمنىڭ ئىگىدارلىقىدا ئىكەن، ئۇنىڭ بۇ جايدا بايمەمەت ئىسىملىك بىر سوپىسى بولغانىكەن. بىر قېتىملىق مېھماندارچىلىقتا ئاخۇنلۇق ھاجىم بىر پارچە گۆشنى يەپ سۆڭىكىنى سوپىسىغا بېرىپتۇ. سوپى بۇ سۆڭەكنى تاشلىۋەتمەي ئەتىۋارلاپ ئۆيىنىڭ تەكچىسىدە ساقلاپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئاخۇنلۇق ھاجىم بايمەمەت سوپىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ بۇ سۆڭەككە كۆزى چۈشۈپ قاپتۇ. سوپىدىن:

— بۇ سۆڭەكنى مەن سىلىگە تاشلىۋەتسۇن دەپ بەرسەم، نېمىشقا ساقلىدىلا؟ - دەپ سوراپتۇ. سوپى:

— ئۇلۇغ زاتنىڭ تەۋەرۈك سۆۋغىتىنى تاشلىۋېتىشكە چىدىمىدىم، - دەپتۇ. سوپىنىڭ ئەقىدە - ساداقىتىدىن

نىڭ ئىسمى بولۇپ قالدى. قاسىماخۇننىڭ نەۋرىسىنىڭ ئوغلى ئويۇپ ئاخۇن بۇ يىل 60 ياشلارغا كىرىپ قالدى.

هازىر بۇ كەنتتە ئالتە مەھەللە، 222 ئائىلە ، 70 نوپۇس، 1983 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## كۆللەك

بۇ جايغا ئەڭ دەسلەپتە سىدىق ئاخۇن قوساق دېگەن كىشى كېلىپ كۆل (چوڭراق قۇدۇق) كولاپ ئادەم ۋە چارۋىلارنىڭ سۇ ئىچىش ئېھتىياجىنى قامدىغاندىن كېيىن يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلغانىكەن. كېيىنچە ئۇنىڭ مەھەللىسىنىڭ كۆللەك دېگەن نامى كەنتنىڭ ئىسمى قىلىپ بېكىتىلدى. ئۇ كۆلنىڭ ئەتراپى 1960 - يىلدىن كېيىن داشلىققا (زەيلىككە) ئايلىنىپ كەتتى. سىدىق ئاخۇن قوساقنىڭ نەۋرىسى ئىمىن ئاخۇن بۇ يىل 60 ياشقا كىردى.

هازىر بۇ كەنتتە ئالتە مەھەللە ، 230 ئائىلە، 1050 نوپۇس، 1904 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## يىلاڭگولۇق

خوتەن ئاتچۇيلىك ھەبىبۇللا مۇپتى ھاجىنىڭ تۇغقانلىرىدىن قارى ھاجى 1870 - يىللىرى بۇ جايدىكى ئېگىز قۇملۇقنىڭ غەربىدە تېرىقچىلىق قىلغان ۋە ئېرىق بويلىرىغا، ئېتىز قاشلىرىغا جىگدە كۆچەتلىرىنى سالغانىكەن. بىر نەچچە يىلدىن كېيىن بۇ جىگدىلەر چوڭىيىپ پۇتاقلىرى تەرەپ - تەرەپكە يېيىلىپتۇ. چوڭ - كىچىك ھەممە ئادەم ھەر كۈنى كەچتە جىگدە پۇتاقلىرىغا ئارغامچا بىلەن يىلاڭگو (ئىلەڭگۈچ) سېلىپ ئۇچۇپ كۆڭۈل ئې-

رىپ قاسىم بۇ باغنى كۆرگەندىن كېيىن، بۇ جاينىڭ تەبى-
ئىي شارائىتىغا قىزىقىپ 12 كۈن تۇرۇپ يېزا بويىچە تۆت
مىڭ ئادەم كۈچى سەرپ قىلىپ 600 مو يەر ئاچتى ھەم ئۈ-
زۈم، نەشپۈت، ئالما، ئەنجۈر كۆچەتلىرىنى تىكتى. بۇ
جاينىڭ نامى باغچا دەپ مۇقىملىنىپ گۇڭشېغا بىۋاسىتە
قاراشلىق ئورۇن بولدى. «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» يىللىرى-
دا بۇ جاي تاشلىنىپ قېلىپ قايتىدىن چۆللىشىپ كەتتى.
1976 - يىلدىن كېيىن كىشىلەر بۇ جايغا ئارقا - ئارقى-
دىن كۆچۈپ كىرىپ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە باغۋەن-
چىلىك بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىدى. دېھقانلار يىلمۇ-
يىل جاپالىق ئىشلەپ تېرىقچىلىق شارائىتىنى ياخشىلى-
دى. ئۆستەڭگە چوڭ قوغاچ قويۇپ كەلكۈن كەلسە سۇ ئا-
پىتىدىن، كەلكۈن كەلمىسە قۇرغاقچىلىق ئاپىتىدىن ساق-
لىنىدىغان بولدى. 1984 - يىلى كەنت تەسىس قىلىنىپ
ئاقچىقىل دەپ ئاتالدى. 1995 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا بۇ
كەنتتە تۆت مەھەللە، 109 ئائىلە، 544 نوپۇس، 1271
مو تېرىلغۇ يەر بار.

## يېڭىئاۋات


بۇ جاي ئەسلىدە قومۇش-يانتاقلار ئۆسكەن يايلاق
ئىدى. 1967 - يىلى گۈللۈك مەيداندىن كۆچۈرۈلگەن ئون
نەچچە ئائىلىلىك دېھقان بۇ جايدا ئولتۇراقلىشىپ يەر
ئېچىپ، تېرىقچىلىق قىلغانلىقتىن يېڭىئاۋات دەپ ئاتالدى.
بۇ جاينىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىق،
ھويلا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش شارائىتى ياخشى بول-
غانلىقتىن، بۇ جايغا كۆچۈپ كىرگەنلەر يىلمۇ يىل كۆپىيىپ
1995 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە مەھەللە بەشكە، ئائى-
لە 166 گە، نوپۇس 722 گە كۆپەيدى. 1935 مو تېرىلغۇ
يەر بار.

تەسىرلەنگەن ئاخۇنلۇق ھاجىم ئۇنى ئۆزىنىڭ بۇ يەردىكى
ھۇجرىدارى قىلىپ تەيىنلەپتۇ. بايەمەت سوپى ئىنىما
يەرگە چامغۇر تېرىغانىكەن، قالتىس يوغان باش ئېلى
تۆت-بەش باش چامغۇر بىر چارەككە پتۇ. ئېتىزلىقتىكى چام
غۇرنىڭ راسا ئوخشىغانلىقىنى كۆرگەن قوشنىلىرى ھەيران
بولۇپ «بۇ ئېتىزلىقتا چامغۇر ھوك قوپاپتۇ» دېيىشىپتۇ
(«ھوك قوپتى» - قالتىس ئوخشىدى، يەرنى كۆتۈرۈپ قوپ
تى دېگەن مەنادىكى ئىپتىدائىي شەۋە) شۇنىڭ بىلەن باي
مەمەت سوپىغا «ھوك» دەپ لەقەم سىڭىپ قاپتۇ. ھازىر بۇ
كەنتتىكى ھوك لەقەملىك ئائىلىلەر بايەمەت سوپىنىڭ
ئەۋلادلىرىدۇر.

ھازىر بۇ كەنتتە تۆت مەھەللە، 225 ئائىلە، 912 نو-
پۇس، 2189 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## ئاقچىقىل

ئىلگىرى ھەر يىلى كەلكۈن سۈيى ياۋائى ئوق ئۆستە-
ڭىنىڭ قېشىنى چېقىپ يار ئېلىپ كېتىدىكەن. بۇ ئۇلۇغ
سۇ نۇرغۇن توغراق شاخلىرىنى ئېقىتىپ زېمىنى پەس بول-
غان بۇ جايغا دۆۋىلەيدىكەن، بۇ شاخلارنىڭ قۇرۇپ-چى-
رىپ ئاقىرىپ كەتكىنىگە قاراپ كىشىلەر بۇ جاينى ئاقچى-
قىل دەپ ئاتاپتۇ. 1930-يىللىرى جايتېرەك كەنتىدىن
ئايىپ مىراپ بۇ جايغا ئىگىدارلىق قىپتۇ. كېيىن شۇ كەنت-
تىن جامال ئاخۇن بۇ يەرنىڭ بىر قىسمىنى ئايىپ مىراپ-
تىن سېتىۋېلىپ 100 مو يەرگە ئۈزۈم يېتىشتۈرۈپتۇ. بۇنى
كۆرگەن شوقا لەقەملىك مەمەتتوختى ئاخۇن كۆچۈپ كې-
رىپ جامال ئاخۇنغا قوشنا بولۇپ يەر ئېچىشنى داۋاملاش-
تۇرۇپتۇ. 1965-يىلى 11-ئايدا سابىق ھاكىم مەمەتشى-


1:75000
1:200000

## خوٗمدان

بۇ يەر ئىلگىرى قومۇش ـ يانتاقلار بىلەن قاپلانغان يايلاق ئىدى. 1967 ـ يىلى گۇللۇك مەيداندىن كۆچۈرۈلگەن ئون نەچچە ئائىلىلىك دېھقان بۇ جايدا ئولتۇراقلىشىپ تېرىقچىلىق قىلىشقا باشلىدى. 1973 ـ يىلى كۆچۈپ كەلگەن ئىدرىسباقى ئاخۇن بۇ جاينىڭ مول سېغىز مەنبەسىگە قىزىقىپ ئىككى ئوچاقلىق خوٗمدان ياساپ خىش پىشۇرغانلىقتىن، بۇ جاي خوٗمدان دەپ ئاتالدى. (كېيىنچە مەيلەغ يېتىشمىگەنلىكتىن بۇ خوٗمدان تاشلىنىپ قالدى.)

1995 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا بۇ كەنتتە تۆت مەھەللە، 80 ئائىلە، 403 نوپۇس، 1015 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## بەلقۇم بۇددا ئىبادەتخانا خارابىسى

بەلقۇم بۇددا ئىبادەتخانا خارابىسى ــ ياۋا يېزىسىنىڭ جەنۇبىدىكى «ئاقچېقىل» كەنتىنىڭ دائىرىسىدە. خارابىنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى تەخمىنەن22مىڭ500 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. بۇتخانا تاملىرى قۇم ئاستىدا قالغان بولۇپ، يەرنىڭ ئۈستىدىكى تاملاردا ئىلگىرى رەڭلىك تام رەسىملىرى بار ئىدى. خارابىنىڭ ئەتراپى سازلىق بولغاچقا ئېغىر دەرىجىدە ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىغان.

مەزكۇر خارابىدىن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 2ـ ئەسىرنىڭ «ۋۇجۇ» مىس پۇلى، مارجان، مىس بۇيۇم پارچىلىرى، ھەر خىل رەڭدىكى ساپال پارچىلىرى قاتارلىق مەدەنىيەت يادىكارلىق بۇيۇملىرى تېپىلدى.

1985ـ يىلى بۇ خارابە قاراقاش ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن «ناھىيە دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇن» دەپ ئېلان قىلىندى.

(بۇ ماقالىنى مەتكېرىم ئىسمايىل تەييارلىدى)

بىرسى — نۇرلۇق يېزىسى بولۇپ، تامباغ، بۇلاق، خۇشنا-
ۋات، چېلەك، ياۋا بازىرى، باشناۋات، ئاقناۋات كەنتلى-
رىنى باشقۇردى.

1956- يىلى قاراساي ئۆز ئالدىغا 6 - رايون بولۇپ
غازىغىل، شالدىراڭ، قومۇشكۆل، يېڭىناۋات، خانناۋات يې-
زىلىرىنى باشقۇردى.

1958 - يىل ياۋىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ «قىزىل بايراق»
گۇڭشېسى قۇرۇلدى. 1978- يىلى قاراساي گۇڭشېسى، 1984-
يىلى قاراساي يېزىسى دەپ ئاتالدى. بۇ يېزا ناھىيىمىز-
نىڭ غەربىي شىمال تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ، يېزى-
لىق خەلق ھۆكۈمىتى ئورگىنى بىلەن ناھىيە مەركىزىنىڭ
ئارىلىقى 33 كىلومېتىر كېلىدۇ. شىمالدا تەكلىماكان قۇم-
لۇقى بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن بولۇپ، باشقا تەرەپلىرى
قويچى، پۇرچاقچى، كۇيا، ياۋا يېزىلىرى ھەم 47-تۇەن بىلەن
چېگرىلىنىدۇ. يېزىنىڭ شەكلى جەنۇبتىن-شىمالغا سوزۇل-
غان بولۇپ، خۇددى سۆگەت يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ. بۇ
يېزىنىڭ باغ - ئېتىزلىرى يەتتىنچى - سەككىزىنچى ئاي-
لاردىكى كەلكۈن پەسلىدىن باشقا چاغلاردا زاۋا، ئاقسا-
راي، كۇيا يېزىلىرىنىڭ چېگرىسىدىكى «قاراساي سۇ ئام-
بىرى» نىڭ سۈيى بىلەن كۆكىرىپ كەلمەكتە. ئاقساراي
ۋە زاۋا يېزىلىرىنىڭ باش تەرىپىدىكى بايتوگمەن دې-
گەن جايدىن باشلانغان بۇلاق ۋە سىزىندى سۇ ئېقىنى «قا-
راساي سۇ ئامبىرى» نىڭ بىر مۇھىم سۇ مەنبەسىدۇر.

بۇ سۇ ئامبىرىدىن باشلانغان قاراساي ئۆستىڭى-
مۇ ئىككى تەرىپىدىكى نۇرغۇن بۇلاق ۋە سىزىندى سۇلارنى
ئۆزىگە قوشۇپ ئاقىدۇ. (بۇنىڭدىن قاراساي يېزىسىنىڭ
زېمىنى پەس ئىكەنلىكىنىمۇ كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.) قارا-
ساي يېزىسىنىڭ سۇ مەنبەسىنىڭ مول بولغانلىقى دې-

# قاراساي يېزىسى

مۇھەممەتئىمىن قۇربان

«قاراساي» دېگەن ئاتالغۇنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا مويسىپىتلەرنىڭ پىكرى بىردەك ئەمەس. بەزىلەر «قارىساي دېگەن بۇ سۆز ‹قاراساي› دىن ئۆزگەرگەن بولۇپ، بۇ جاينىڭ ئەسلىدە بىپايان ساي بولغانلىقىغا قارىتىلغان» دېسە، يەنە بەزىلەر «بۇ يۇرت ئەزەلدىنلا قاراسۇ (بۇلاق سۇلىرىدىن يىغىلغان ئېقىن) بىلەن كۆكەرگەنلىكتىن، يۇرت نامىمۇ قاراسۇ دەپ ئاتالغان. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قاراسۇ دېگەن سۆز ‹قاراساي› غا ئۆزگىرىپ كەتكەن» دېيىشىدۇ.

1760- يىلىنىڭ ئالدى-كەينىدە قاراقاشتا ئالتە مىڭلىك بولۇپ، ياۋا بىلەن قاراساي قوشۇلۇپ قاراساي مىڭلىكى دەپ ئاتىلاتتى. 1919- يىلدىن كېيىن قاراساي ئۆز ئالدىغا مىڭلىك بولدى. 1937- يىلدىن كېيىن قاراساي، ياۋا قوشۇلۇپ 7- رايون بولۇپ قاراساي، غازنىل، خوشبۇلاق، خۇشئاۋات، يېڭىئاۋات، خانئاۋات، باشئاۋات كەنتلىرىنى باشقۇردى.

ئازادلىق ھارپىسىدا قاراساي، ياۋا بىرلەشتۈرۈلگەن ھالدا خۇيمىن بازىرى، نۇرلۇق يېزىسى، ئۇيغۇر يېڭى يېزىسى، مۇستەقىل يېزىدىن ئىبارەت تۆت يېزىغا بۆلۈپ باشقۇرۇلدى.

ئازادلىقتىن كېيىن ياۋا، قاراساي بىرلەشتۈرۈلۈپ ناھىيىدىكى ئون ئىككى يېزىنىڭ

14. ھۆپەغىل
15. ھا تتا
16. غەجەك
17. قومۇشكۆل
18. غازئىغىل
19. تىرىم
10. بازار
20. شالدىراڭ
21. تەتىكۆل
22. قۇيۇندۆك
23. يىڭىيەر
24. يولۋاسخانا
25. جىگدە قۇدۇق
26. قاغىلىق
27. ئىتتىپاق
28. يۇلغۇندۆك
29. تاغدۆك
30. كوچا يولغۇن
31. ئايدىڭ
32. بوستان

**ياۋا يىزىسىدىن خەرىتىگە چۈشكەن كەنتلەر**

33. غارلىلىق، 34. كۆللەك، 35. يىلاڭگۇلۇق

**ئاۋاپ لەقەملىكلەر توغرىسىدا**

ئەنجاندىن خوتەنگە كىلىپ ئولتۇراقلاشقان بىر قەۋم كىشىلەر ئىچىدىن سىدىقكام① ئاۋاپ دىگەن كىشى توپاقتا مىنىپ يەر ئىگىلەش ئۈچۈن بۇ يەرگە كەپتۇ. ھازىرقى پۇرچاقچى يىزىسىنىڭ ئاياغ ياغاچچى دىگەن يىرىدىن ئاتلىق ئەمەلدارغا ئەگىشىپ يۈگرەپتۇ. پەغەز دۆڭگە②30 قەدەم قالغاندا ھالسىزلىنىپ يىقىلىپتۇ. ئەمما تەلپىكىنى قولىغا ئىلىپ يىراققا ئاتقانىكەن، تەلپەك پەغەز دۆڭنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپتۇ. ئەمەلدار تەلپەك چۈشكەن جايىغىچە ئۇنىڭغا مۆھۈرلەپ بىرىپتۇ. كۈن چىقىش پاسىلى ھازىرقى قويىچى يىزىسىنىڭ قۇشقاچ سۇلۇق دىگەن يىرىگىچە، قىبى-

① «سىدىق ئاكام» نىڭ ئىغىز تەلەپپۇزى. ② ئاياغ ياغاچچىدىن پەغەز دۆڭگىچە تەخمىنەن 15 كىلومىتىر كىلىدۇ.

قانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئىنتايىن پايدىلىق ئىمكانىيەت بىلەن تەمىنلەپ كەلمەكتە.

1986- يىلى 36 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ئوق يولغا قاراماي ياتقۇزۇلۇپ قاتناش شارائىتىدىكى تارىختىن بۇيانقى خەتەرلىك قىيىنچىلىققا خاتىمە بېرىلدى.

1950 - يىلى قاراساي يېزىسىدا 2780 ئائىلە، 9200 نوپۇس، 26 مىڭ مو تېرىلغۇ يەر بار.

1996 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا بۇ يېزىدا 32 مەمۇرىي كەنت، 158 مەمۇرىي مەھەللە، 7148 ئائىلە، 32 مىڭ 158 نوپۇس، 57 مىڭ 405 مو تېرىلغۇ يەر بار. پۈتۈن يىللىق ئاشلىق مەھسۇلاتى 15 مىليون 249 مىڭ 45 كىلوگرامغا يېتىپ بۇلتۇرقىدىن 7.88% ئاشتى. پاختا (چىگىتسىز) 1 مىليون 144 مىڭ 981 كىلوگرامغا تۆۋەنلەپ، بۇلتۇرقىدىن 369 مىڭ 367 كىلوگرام كېمەيدى. پىلە مەھسۇلاتى 92 مىڭ 783 كىلوگرامغا مۇقىمدالدى. چارۋا 91 مىڭ 175 تۇياققا يېتىپ، بۇلتۇرقىدىن 8.09% ئاشتى، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىم 581 يۈەنگە تۆۋەنلەپ، بۇلتۇرقىدىن 118 يۈەن ئازايدى.

### قاراساي يېزىسىدىكى كەنت نامىرى

⊙ قاراساي يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى ئورگىنى

| | |
|---|---|
| 1. ئارال | 7. پەغەز دۆڭ |
| 2. چاچقۇم | 8. سەيشەنبە بازار |
| 3. باشكۆۋرۈك | 9. قوشتېرەك |
| 4. دۆڭ مەھەللە | 11. باغچى |
| 5. ئالاقۇم | 12. كۆنچى |
| 6. خامانئېرىق | 13. بۇلاق |

ھاجىمنىڭ ئالدىغا كېلىپ شىكايەت قىپتۇ. ئايشەخان ھاجىم دەرغەزەپ بولۇپ ئۆستەڭ بويىغا چىقىپ ھېلىقى مىراپنى ئاتتىن تارتىپ چۈشۈرۈپ قولىنى قايرىپ تۇتۇۋاپتۇ. ئايشەخان ھاجىم گەۋدىلىك، كۈچلۈك ئايال بولغانلىقتىن مىراپ ئۇنىڭ قولىدىن بوشىنالماپتۇ. بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان بىر نەچچە كۆكبېشى بۇ جايغا يېتىپ كېلىپ ئايشەخان ھاجىمدىن:

— بۇ كۆكبېشى يېقىندىلا كەلگەنلىكتىن، ئۇقماي چىشلىرىغا تېگىپ قويۇپتۇ. بىز ناماقۇل، — دەپ ئەپۇ سوراپتۇ. ئايشەخان ھاجىم:

— ھوي يۈزسىز، تۈز كور قەلەندەرلەر. قوي - كالىلارنى سويۇپ كانىيىڭنى تويغۇزغىلى مەن سەنلەرنىڭ ئاناڭمىدىم، ئاچاڭمىدىم؟ بۇ كۆكبېشى مېنىڭ ئادىمىمنى ئۇرۇپتۇ. مەن ئۆلۈشكە رازىكى، بۇنىڭدىن ئىنتىقام ئالماي قويمايمەن، — دەپ تۇرۇۋاپتۇ. مىراپلار:

— خاپا بولمىسىلا، قانداق تەلەپلىرى بولسا بىز ئورۇندايلى. بۇ مىراپنى قويۇپ بەرسىلە، — دەپ يالۋۇرۇپتۇ. ئايشەخان ھاجىم:

— ئۇنداق بولسا بىزنىڭ ئېرىقىمىزدا قىشمۇ - ياز بىر قىرلىق سۇ ئېقىپ تۇرۇشىغا قەسەم بېرىڭلار، — دەپ تۇرۇۋاپتۇ. مىراپلار ئۇنىڭ تەلىپىگە ماقۇل بوپتۇ. شۇ چاغدىن باشلاپ تاكى شېڭ شىسەي دەۋرىگىچە (1942 - يىلغىچە) بۇ ئېرىقتا يىلبويى سۇ توختىماي ئېقىپ تۇرغانىكەن.

ئەزاھات:

ئۇ يىللاردا مىراپنىڭ تامغىسى (ئالىقىنى يا تاپىنى) بېسىلغان تۇغنى ئېچىۋەتكەن كىشىگە سۇغا پىچىش، قاتتىق ئۇرۇش، ياكى بۇ ئېرىقتا ئىككى - ئۈچ قېتىم سۇ بەرمەسلىك قاتارلىق جازالار بېرىلىدىكەن.

لە پاسىلى ياۋا يېزىسىنىڭ ئۈستىگىچە مۇقىملىشىپتۇ.
سىدىقكام دېگەن كىشى باللىرى ۋە بىر نەچچە ئا
ئىلىلىك تۇغقانلىرى بىلەن پەغەز دۆڭىنىڭ يېنىدا يە
ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلغاندىن باشقا، هازىرقى ئارال كەن
تىدە ئىككى تاش تۈگمەن چۆرىگەنىكەن. كىشىلەر بۇ
تۈگمەننى سىدىقكامنىڭ تۈگمىنى دەپ ئاتىماقتا.
ئاۋاپ لەقەملىكلەر هازىر سەيشەنبە بازاركەنتىدىن
باشقا، خامانئېرىق، ئالاقۇم، دۆگمەھەللە، چاچقۇم، ئا-
رال (شۇ چاغلاردا بۇ جايلار سىدىقكامنىڭ تەۋەلىكىنىڭ
ئىچىدە ئىدى.) كەنتلىرىدىمۇ بار.
سىدىقكام ھەم ئۇنىڭ ئوغلى ئىبراھىمكام ئالەمدىن
ئۆتكەندىن كېيىن سىدىقكامنىڭ نەۋرىسى - ئايشىخانها-
جىمنىڭ دەۋرىگە كەلگەندە بۇنداق بىر ئىش بولغانىكەن.
(بۇ ۋەقەنى ئايشىخان هاجىمنىڭ ئوغلى نەممەتاخۇننىڭ
نەۋرىسى (سىدىقكامنىڭ 6 - ئەۋلادى) مەمەتنىياز قاسىم
1995 - يىلى 2- ئاينىڭ 13 - كۈنى بوستان كەنتىدىكى
ئۆيىدە سۆزلەپ بەردى.) ئايشىخان هاجىم يىلدا بىر نەچ-
چە قېتىم كالا - قويلارنى ئۆلتۈرۈپ، تاغار - تاغار ئۇن
لاردا نان - توقاچ يېقىپ كۆكبېشى (مىراپ) لارنى مېهمان
قىلىدىكەن. بىر كۈنى ئاۋاپلىنىڭ مەھەللىسىگە ئاقىدى-
غان سۇ توختاپ قاپتۇ. ئايشىخان هاجىم:
— نېمە قىلساڭ قىلىپ سۇ باشلاپ كەل، - دەپ بىر
يىللىقچىنى بۇيرۇپتۇ. يىللىقچى ئۈستەڭ بويىغا چىقىپ
ئېرىقتىكى تۇغنى ئېچىپ سۇ باشلاپتۇ. شۇ چاغدا ئاتلىق
بىر كۆكبېشى كېلىپ:
— نېمىشقا مەندىن رۇخسەتسىز تۇغنى ئاچتىڭ؟ -
دەپ يىللىقچىنى يالىڭاچلاپ بىر هارغىچە ئۇرۇپتۇ. يىل-
لىقچى بەدەنلىرىدىن قان تامچىغان هالدا ئايشىخان

كى) ھازىرمۇ ھايات ياشاۋاتقان نەمتۇللا ئاخۇنۇم، نە-سىردىن ھاجىم دېگەنلەرنىڭ بوۋىسىنىڭ چوڭ بوۋىلىرى «يۇرتىنىڭ چېگرىسى ئەزانىنىڭ ئاۋازى يەتكەن يەرگىچە سوزۇلىدۇ. بىزنىڭ مەسچىتىنىڭ ئەزان ئاۋازى بۇ يەرلەر-گە ئاڭلىنىدۇ. سىلەر بىزنىڭ زېمىنىمىزنى ئىگىلىۋالدىڭ-لار» دەپ تارامىلار بىلەن زېمىن دەۋاسى قىلىشىپتۇ. ئىككى تەرەپ بىر - بىرىگە قويۇپ بەرمەي قاراقاش شەرىئەت مەھكىمىسىگە چىقىشىپتۇ. ھالاۋىدىن ئەلەم دېگەن كىشى ياۋىلىق بولغاچقا، بىر يۇرتلۇقلىرىغا يان بېسىپ ئۇيەر-نى ياۋىلىقلارغا بۇيرۇپ بەرگەنىكەن.

ھوشۇرمەت تارام ھايات ۋاقتىدا، خوتەنىنىڭ ئامبى-لى يۇرۇڭقاش،خوتەن تەرەپلەردىن ئادەم يۆتكەپ كېلىپ قاراسايدا ئۆستەڭ چاپتۇرغانىكەن.

شۇ يىللاردا تارامىلار بىلەن ئاۋاپلار مەسلىھەتلىشىپ قۇملۇق دۆڭدىكى ئېگىز بىر توپ توغراققا پەغەز چىگىپ پاسىل بەلگىسى قىلىشقان ھەم بۇ دۆڭلۈكنىڭ ئەتراپىدا بىنا بولغان يېڭى يۇرتنى پەغەز دۆڭ دەپ ئاتىغانىكەن. كېيىنچە تارام، ئاۋاپ، خامان لەقەملىكلەر ئۆز جەمەتى-دىن قازا قىلغانلارنىڭ مېيىت نامىزىنى ئوقۇش ئۈچۈن بىردىن خانىقا سېلىشقانىكەن، 1960- يىللىرى بۇ ئۈچ خانىقا يىقىتىۋېتىلدى. 1990- يىلى خەلق 16 مىڭ يۈەن مەبلەغ چىقىرىپ يېڭىخانىقا سالدى. ئېتىزلارنى سالالاش-تۇرۇش، تېرىلغۇ يەرلەرنى كېڭەيتىش ئېھتىياجى بىلەن بۇ زاراتگاھلىق 10 مو ئەتراپىدا كىچىكلەپ قالدى.

رىجەپ ئاخۇن مېنىڭ سوئالىمغا جاۋابەن:

— دادام ماڭا «بوۋام ئايىمكامنىڭ بوۋىسى ھوشۇر-مەت دېگەن كىشى بۇ يەرگە كىرىپ ماكان تۇتقىنىغا 350

## پەقەزدۆك



1995 ـ يىلى 2 ـ ئاي
نىڭ 4 ـ كۈنى 70 ياشلىق
رىجەپ ئاخۇن بىلەن سۆھ
بەتلەشتىم. بۇ كىشى 18 ياش
ۋاقتىدا دادىسى نىياز ئا
خۇن① تارامىدىن ئاڭلىۋال
غانلىرىنى شۇ قەدەر ئېنىق
ئېشەنچلىك سۆزلەپ بەردى
كى، مەن ئۇنىڭ ئەستە ساقلاش قۇۋۋىتىگە ھەيران قالدىم
خوتەننىڭ شۇ زاماندىكى ئامبىلى «ئىختىيار قىل
غانلار قاراسايدىن يەر تۇتسا ئۆزىنىڭ ئەبەدىيلىك مۈل
كى بولۇر» دەپ جاكارلاپتۇ. ھازىرقى پۇرچاقچى يېزى
نىڭ تۆگمەنئېرىق كەنتىدە ئولتۇرۇشلۇق تارام لەقەملىك
ھوشۇرمەت دېگەن كىشى ئالتە ئوغلىنى باشلاپ كىرىپ
ئۈچ ئوغلىغا ئېقىننىڭ غەربىدىن، ئۈچ ئوغلىغا ئېقىننىڭ
شەرقىدىن يەر تۇتقۇزۇپتۇ. شۇ ۋاقىتتىكى ئەمەلدار مۆ
ھۆر بېسىپ بەرگەن چىۋەي (يەرگە ئىگىدارلىق قىلىش گۇ
ۋاھنامىسى) دە «ھوشۇرمەت تارامنىڭ تۇتقان يېرى كۆن
چىقىشتا قوشتېرەكتىكى كالۇ تۆگمەندىن ـ كۈنپېتىشتا يا
ۋا ئۆستەڭگىچە، قىبلە تەرەپتە خامان ئايمىقىغا، شىمال
تەرەپتە ئاۋاپ ئايمىقىغا تۇتۇشىدۇ» دەپ يېزىلغانىكەن.
(خامان ۋە ئاۋاپ لەقەملىك كىشىلەر مۇشۇ يىللاردا سىرت
تىن كۆچۈپ كەلگەنلەر ئىدى).
شۇ ۋاقىتلاردا تاراملار ئىگىلىگەن يەرنىڭ جەنۇبىي
قىسمىنى (ھازىرقى ياۋا يېزىسىنىڭ جايتېرەك كەنت تەۋەلى

① بۇ كىشى 1943 ـ يىلى ۋاپات بولغانىكەن.

تارماق يول كېسىشكەن تۆت دوقمۇشنىڭ ئورنىدا (تاختا كۆۋرۈكنىڭ يېنىدا) بازار قىزىتقانىكەن. قاراساي، ياۋا، ئۇرىچى، زاۋا، كۇيا، ماڭلاي، پۇرچاقچى قاتارلىق يۇرتلاردىن بۇ جايغا كېلىپ ئالماق - ساتماق قىلىدىغان بازارچىلار 1000 دىن ئاشىدىكەن. بازارنىڭ يېنىدا ئىت تالاشتۇرۇش، ئوغلاق تارتىشىش، چاقپىلەكتە ئۇچۇش قاتارلىق تاماشىلارمۇ قىزىيدىكەن. بۇ كەنتنىڭ نامى شۇ چاغلاردىن باشلاپ سەيشەنبە بازار دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە. (1960- يىلدىن كېيىن بۇ بازار قىزىمايدىغان بولدى.)

1996- يىلىغا كەلگەندە ئائىلە 325 كە، نوپۇس 1492 گە، مەھەللە 7 گە، تېرىلغۇ يەر 1986 موغا يەتتى.

## قوشتېرەك

1820- يىللىرى ئاۋلاكام چوقا دېگەن كىشى هازىرقى قوشتېرەك كەنتىگە يېقىنراق بىر جايغا ماكانلىشىپ مال بېقىپتۇ. كېيىن كاسا كۆللەك دەپ ئاتىلىدىغان سازلىقتىن سۇ باشلاپ كېلىپ تېرىقچىلىق قىپتۇ. 10 نەچچە يىلدىن كېيىن بۇ جاي زەيلىشىپ كەتكەنلىكتىن ئورنى ئېگىزرەك بىر جايغا كۆچۈپ كەپتۇ. ئۇ تىكىپ قويغان جىرىملاردىن ئۈچ جۈپ (ئالتە تۈپ) تېرەك نەۋرىلىرى توختى چوقا، ئەخمەت چوقىلارنىڭ دەۋرىگە كەلگەندە چوڭىيىپ يىراق - يىراقلارغا كۆرۈنگەنلىكتىن بۇ مەھەللە «قوشتېرەك» دەپ ئاتىلىپتۇ. (بىر تۈپ تېرەكنىڭ غولى ئالتەغۇلاچ ئارغامچا بىلەن يۆگەلگەن بولۇپ، بۇ تېرەكلەر ئازادلىقتىن بۇرۇن ۋە كېيىن تۈگمەننىڭ نورى، كۆۋرۈك، ئازما ياساشقا ئىشلىتىلدى) شۇ يىللاردا بۇ مەھەللىنىڭ ئەتراپى قېلىن توغراقلىق ئىكەن.

يىل بولدى» دېگەنىدى. بۇ گەپ قۇلىقىمنىڭ تۈۋىدە تۇنۇ
گۈن ئاڭلانغاندەكلا تۇرىدۇ، ــ دېدى. بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا
پەغەزدۈك كەنتىدە تېرىقچىلىق باشلانغىنىغا 400 يىلدىن
ئاشتى دەپ قەيت قىلىشقا بولىدۇ.

بۇ كەنتتە 1996 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا تۆت مەھەللە،
174 ئائىلە، 715 نوپۇس، 1297 مو تېرىلغۇ يەر بار.

( بۇ كەنتتىمۇ بىر تارام مەھەللىسى، قوشنا كەنت ـ
سەيشەنبە بازاردىمۇ بىر تارام مەھەللىسى بار.)

## سەيشەنبە بازار

بۇ كەنتتە غېجەك لەقەملىك بىر جەمەتلىك كىشىلەر
بار. 1590 ـ يىللىرى پۇرچاقچى يېزىسىنىڭ تۆگمەنئېرىق
كەنتىدىن سەلەيكام دېگەن كىشى ھوشۇرمەت تارام بىلەن
بىر ۋاقىتتا بۇ جايغا يەر ئىگىلەش ئۈچۈن كىرگەنىكەن.
سەلەيكام غېجەك چېلىشقا ئامراق بولغانلىقتىن دۆڭلۈك
نىڭ ئۈستىگە چىقىپ غېجەك چېلىپ ئولتۇرۇپتۇ. ئەمەلدار
بىر نەچچە كىشىگە يەر بۆلۈپ بېرىپ بولغاندىن كېيىن
يېنىدىكى كىشىگە:

ــ ئاۋۇ غېجەكنى چاقىرىڭلار. يەر تۇتۇۋالسۇن، ــ دەپتۇ.
شۇنىڭ بىلەن سەلەيكامغا غېجەك دەپ لەقەم سىڭىپ قاپتۇ. بۇ لە
قەم ئۇنىڭ ھازىرقى بەشىنچى ـ ئالتىنچى ئەۋلادلىرىغىچە
داۋاملىشىپ كېلىۋېتىپتۇ.

(بۇ ۋەقەنى قاراساي يېزىلىق پارتكومنىڭ شۇجى
سى، سەلەيكامنىڭ نەۋرىسىنىڭ پەي نەۋرىسى ئابدۇرېشىت
تۆمۈر نىياز 1995 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى قاراساي
سۆزلەپ بەردى).

1810 ـ يىللىرىغا كەلگەندە توختى لەقەملىك روزى ئا
خۇن يۈز بېشى دېگەن كىشى ھازىرقى ماي يولى بىلە

لار 100 مودىن ئېشىپ كەتكەنىكەن. سەككىز ئائىلىنىڭ ھەممىسى چوڭ - كىچىك باغلار ئىچىگە ئورۇنلاشقانلىقتىن بۇ مەھەللە باغچى دەپ ئاتالغانىكەن، بۇ مەھەللە ھازىر كۆنچى كەنت تەۋەلىكىدە بولسىمۇ، بۇ مەھەللىنىڭ ئايىغىغا تۇتىشىپ بىنا بولغان كەنت باغچى دەپ ئاتىلىدىغان بولدى.

1996- يىلىنىڭ ئاخىرىدا بۇ كەنتتە يەتتە مەھەللە، 335 ئائىلە، 1308 نوپۇس، 1967 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## ھاجى نۇرمۇھەممەت خۇدا بەردى توغرىسىدا



نۇرمۇھەممەت 1927- يىلى باغچى كەنتىدە تۇغۇلدى. دادىسى خۇدا بەردى ئاخۇن ھەم دېھقانچىلىق ھەم موزدۇزلۇق قىلاتتى. 1937- يىلىغىچە ئائىلە تەربىيىسىنى بېشىدىن كەچۈرگەندىن كېيىن، 1942- يىلىغىچە ئۆز يۇرتىدىكى دىنىي مەكتەپتە، 1943- يىلى 7- ئايغىچە دىن بىلەن پەندىن دەرس ئۆتىدىغان باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇدى. شۇ يىلى 9- ئايدىن 1945- يىلىغىچە خوتەن سانائەت مەكتىپىدە (ئاساسلىقى پىلە - يىپەكچىلىك ئىلمىدىن دەرس ئۆتۈلىدىغان بۇ مەكتەپ 1945- يىلى قۇرۇلغان دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىگە قوشۇۋېتىلدى)، 1947- يىلى 9- ئايغىچە دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىدە ئوقۇدى. ھەممە دەرسلەردە ئەلاچى ئوقۇغان نۇرمۇھەممەت شۇ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىققا ئېلىپ قېلىندى. 1949- يىلى 10- ئايدىن باشلاپ قاراقاشنىڭ 10- رايونى (ھازىرقى قويچى يېزىسى) دا ۋە 4- رايون (زاۋا) دا خىزمەت قىلدى. 1950- يىلى جۇڭگو

1950- يىلى قاراسايدا رايونلۇق ھۆكۈمەت بىناسى-
نى سېلىش ئۈچۈن بىر ئائىلىگە بىر تۈپتىن توغراق كې-
سىپ كېلىش ۋەزىپىسى چۈشۈرۈلۈپتۇ. سەيشەنبە بازار،
پەغەز دۆڭ، باغچى، پەيشەنبە بازار قاتارلىق كەنتلەردى-
كى 1000چە ئائىلە قوشتېرەكنىڭ ئەتراپىدىكى توم، ئېگىز
توغراقلانى كېسىپ كېلىپ ۋەزىپىنى ئورۇنلاپتۇ. بۇنىڭ
بىلەن قوشتېرەكتە تېرىلغۇ يەرنى كېڭەيتىش ئىمكانىيىتى
تۇغۇلۇپتۇ.

يەر ئىسلاھاتى مەزگىلىدە قوشتېرەكتە چوڭ كۆل كو-
لاندى. يېزا بويىچە يەر ئىسلاھاتىنىڭ غەلىبىسىنى تەب-
رىكلەش چوڭ يىغىنى قوشتېرەكتە ئېچىلىپ بۇكۆلگە «ئىس-
لاھات كۆلى» دەپ نام بېرىلدى. قوشتېرەك كەنتى 1953-
يىلدىن 1960- يىلغىچە 47- تۈەنگە تەۋە بولدى.

بۇ كەنتتە ھازىر يەتتە مەھەللە، 241 ئائىلە، 1025 نو-
پۇس، 1746 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## باغچى

باغچى بىلەن كۆنچىنىڭ ئارىلىقىدا بۇرۇن كەڭ كەت-
كەن چوڭقۇرلۇق بولۇپ سۈيى مول، ئوت - چۆپلەر قويۇق
بولغانلىقى ئۈستىگە تۆت ئەتراپى قېلىن توغراقلىق ئىكەن.
پۇرچاقچى، كېيا، زاۋا، ئۆرىچى قاتارلىق جايلاردىكى قى-
مارۋازلار ئۆز يۇرتلىرىدا تۇتۇلۇپ قېلىشتىن قورقۇپ،
بۇ جايغا كېلىپ قىمار ئوينايدىكەن، كېيىن زاۋىنىڭ شاخ-
لىق، ئېگىز ئېرىق دېگەن جايلىرىدىن كەلگەن كىشىلەر
بۇ يەرنى ئىگىلەپ تېرىقچىلىق قىپتۇ. 1740- يىللىرى
پۇرچاقچى يېزىسىنىڭ كاسا جۈمە بازىرى دېگەن يېرىدىن
ئابلىمىتكام كۆچۈپ كىرگەندە بۇ يەردىكى تېرىلغۇ ئېتىز-

1790-يىللىرى بۇ كىشى كۆچۈپ كىرىپ دۆڭلۈكلەر ئارىسىدىن بۇقۇسا بىلەن كىچىك ئېرىقلارنى قېزىپ تېرىقچىلىق قىلغانىكەن. شۇ چاغلاردا خوتەننىڭ يەر - سۇ ئىشلىرىغا مەسئۇل ئەمەلدارى قاراسايغا كەلسىلا نىياز غوجىبايىنىڭ ئۆيىدە قونۇپ مېھمان بولىدىكەن، بۇنىڭ بەدىلىگە ئۇنىڭ تاللىغان يەرلىرىنى مۆھۈرلەپ بېرىدىكەن. نىياز غوجىباي 38 يېشىدا قازا تاپقاندىن كېيىن ئوغلى بەردى ھاجىم ئون نەچچە يىلدىن كېيىن بۇ جايدا ۋە قوشنا كەنتلەردە ئادەم ئاۋۇغانلىقىنى كۆرۈپ خوتەننىڭ باش ئەمەلدارىغا 15 دانە يامبۇنى ئالدىن باج تاپشۇرغان ھېسابىدا سوۋغات بېرىپ، ئۆز مەھەللىسىدە بازار قىزىتىش ئىمتىيازىنى قولغا كىرگۈزۈپتۇ. پەيشەنبە كۈنلۈكتە ئىت تالاشتۇرۇش، چېلىشىش، ئىلەڭگۈچتە، چاقپىلەكتە ئۈچۈرۈش قاتارلىق ئويۇن - تاماشىلارنى بىر نەچچە ئاي داۋاملاشتۇرۇپتۇ. ھۆپىگەر (تىجارەتچى) لەرنى جەلپ قىلىش ئۈچۈن بىر دۇكانلىق (بىر مو ئەتراپىدا) يەرنى ئەرزان ئىجارە ھەققى (بىر يىللىقى ئىككى يېرىم چارەك بۇغداي، ئىككى يېرىم چارەك قوناق) بىلەن بەرگەنىكەن. ھازىرقى يېڭىيەر يېزىسىنىڭ ئىمامى ئەسكەركەنتىدىن كۆچۈپ كىرگەن شاخپىكام، توختىكام، راززاق سوپۇملار بىر نەچچە دۇكانلىق يەرنى ئەرزان ئىجارە بىلەن ئېلىپ باشقىلارغا يىللىق ئىجارىسى 200 چارەك بۇغدايغا ساتقانىكەن. ھۆپىگەرلەرنىڭ ئات - ئۇلاغلىرىنى ساقلايدىغان چوڭ ئېغىل دوقمۇشتا كۆزگە تاشلىنىپ تۇرغانلىقتىن بۇ جاي «ھۆپىگەر ئېغىلى» دەپ ئاتالغان ھەم بارا - بارا «ھۆپېغىل» غا ئۆزگىرىپ قالغانىكەن.

ئالماق - ساتماق قىلىدىغانلار 100 دىن ئاشماي بازار كۆڭۈلدىكىدەك قىزىمىغانلىقتىن بەردى ھاجىم ھۆپې-

كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىغا، 1952- يىلى جۇڭگو كوم-
مۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەزا بولدى. 1953- ۋە 1954-يىل-
لىرى جۇڭگو كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى قاراقاش
ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ، خوتەن ۋىلايەتلىك كومىتېتى-
نىڭ شۇجىلىقىنى،1954- يىلى 10- ئايدىن 1956- يىلى 7-
ئايغىچە قاراقاش ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىقىنى ئۈستىگە
ئالدى.

1956- يىلى 8- ئايدىن باشلاپ ۋىلايەتلىك پارتكوم-
نىڭ مۇئاۋىن شۇجىلىقىغا، مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ 1-
مۇئاۋىن ۋالىيلىقىغا، 1976- يىلدىن كېيىن ۋىلايەتلىك
پارتكومنىڭ 1- مۇئاۋىن شۇجىلىقىغا، مەمۇرىي مەھكى-
مىنىڭ ۋالىيلىقىغا تەيىنلەندى.

1981- يىلدىن باشلاپ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم-
نىڭ ھەيئىتى، پارتىيىنىڭ 12- قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى،
ئاپتونوم رايونلۇق 6- نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋە-
كىلى، 7- نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ دائىمىي ھەيئى-
تى بولدى.

1990- يىلى جۇڭگو - شىنجاڭ ھەج قىلىش ئۆمىكى
تەركىبىدە ھەرەمگە بېرىپ ئەراپاتقا تىنىشىپ ھاجى بولدى.
1993- يىلى 66 يېشىدا پېنسىيىگە چىقتى.

## پەيشەنبە بازار توغرىسىدا

قاراقاش بازىرى تانايىپېشى كەنتىنىڭ يار مەھەل-
لىسىدە (ھازىرقى ناھىيىلىك 2- باشلانغۇچ (خەنزۇ) مەك-
تەپنىڭ ئورنى) ئولتۇرۇشلۇق نىياز غوجىباي ئىسىملىك
چارۋىدار ئىگىلەپ يىلىلىقچى تۇرغۇزۇپ چارۋا - مال باق-
قان جاڭگال — ھۆپپېغىل كەنتىنىڭ ئەسلى قىياپىتىدۇر.

نىڭ بالىسىدۇر① بەردى ھاجىمنىڭ نەۋرىسى، 61 ياشلىق ئابدۇلھەمىت مەخسۇم ھاجىم ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى بولۇپ، پەيشەنبە جامەئەسىدە ئىماملىق قىلماقتا. قاراساي مىڭلىك بولغانىدىن باشلاپ تا ھازىرغىچە يەرلىك ھاكىمىيەت ئورگانلىرى بۇ كەنتتە بولۇپ كەلمەكتە.

1996 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا يەتتە مەھەللە، 356 ئائىلە، 1542 نوپۇس، 1657 مو تېرىلغۇ يەر بار. پەيشەنبە بازار قارا قاش ناھىيىسى بويىچە يەكشەنبە بازاردىن قالسا 2- ئورۇندىكى چوڭ بازار بولۇپ، يۇرۇڭقاش، خوتەن، لاسكۇي، قاراقاش، زاۋا، پىيالما قاتارلىق يۇرتلاردىن كېلىپ سودا - سېتىق قىلغۇچىلار كۆز پەسلىدە 20 مىڭدىن، ئەتىياز پەسلىدە 10 مىڭدىن ئاشىدۇ. بۇرۇنقى تارقاق بازار 35 مو كۆلەمدىكى سۆگەتلىككە مەركەزلەشتۈرۈلۈپ سۇ تۇرۇبىسى ئورنىتىلىپ، بازارنىڭ تازىلىقى ۋە مۇھىتى كۆپ ياخشىلاندى.

## كۆنچى

بۇ جايدا ئەسلىدە ئىمىنھاجى دېگەن كىشىنىڭ لەقىمى بىلەن شىرغا دەپ ئاتىلىدىغان بىر مەھەللە بولغانىكەن.

1920- يىللىرى قاراقاش بازىرىنىڭ چورۇقلار دېگەن يېرىدىن كامال ئاخۇن دېگەن كىشى كۆچۈپ كىرىپتۇ. ئۇ يولنىڭ دوقمۇشىغا ئۆي سېلىپ كۆنچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپتۇ. بۇ جاي كىشىلەرنىڭ كۆزلىرىگە دەرھال چېلىققانلىقتىن «كۆنچىدىن ئۆتتۈم، كۆنچىدىن كەلدىم» دېگەن-

① دېھقان لەقەملىكلەرنىڭ ئەجدادى — ئىمامى ئەسكەرنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى خىزمەتچىلىرىدۇر.

غىلدىن ھازىرقى پەيشەنبە بازارغا كۆچۈپ چىقىپ بازار-
نى 1860- يىللىرى كەشمەر ئاخۇن (ئىسمى مەلۇم
بولمىغان كەشمىرلىك كىشى) نىڭ مازىرى يېنىدىكى كات-
تا جامائە ئەتراپىغا يۆتكىگەنىكەن. بىر نەچچە يىلدىن كې-
يىن «بازارنىڭ ئورنى — مازارنىڭ ۋەخپە يېرى. ۋەخپە
يەرنىڭ قىغلىرى قۇيۇلغان مۈلۈك يەرنىڭ مەھسۇلاتى
ھارامدۇر» دېگەن سەۋەبلىك بەردى ھاجىم بازارنى 1870-
يىلى ھازىرقى ئورنىغا — ئۆز ئۆيىنىڭ ئالدىغا يۆتكىگە-
نىكەن، بۇ جاي قاراساي يېزىسىنىڭ دەل ئوتتۇرىسى بول-
غاچقا بازار تېز ئاۋاتلاشقانىكەن.

1850- يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە قاراساي تەۋەلىكى-
دە پەيشەنبە بازار، سەيشەنبە بازاردىن باشقا، قوشتېرەك-
لىك ئەخمەت چوقا، بۇلاقنىڭ ھالايلى مەھەللىسىدىن مۇ-
ھەممەت ھاجىملار بارلىققا كەلتۈرگەن بازارلارمۇ بار
ئىدى. داپەندى - قوشاقچىلار:

بەردى ھاجىمنىڭ بازىرىدا،
ئالتۇن بىلەن كۈمۈش بار.
ئەخمەت چوقىنىڭ بازىرىدا،
يۇلغۇن بىلەن قومۇش بار.

روزى توخۇنىڭ بازىرىدا،
تاتلىق - تاتلىق يېمىش بار.
مۇھەممەت ھاجىمنىڭ بازىرىدا،
باكار نىيازغا نېمىش بار؟

دېگەن قوشاقلار بىلەن تۆت جايدىكى بازارنىڭ
سېلىشتۇرمىسىنى جانلىق سۈرەتلىگەنىدى. يۇقىرىدىكى
ۋەقەلەرنى سۆزلەپ بەرگۈچى 115 ياشلىق غوجالىم ئاخۇن
ئىمامى ئەسكەر كەنتىدىن كۆچۈپ كىرگەن توختىكام دېدەك-

كېيىن شۇ چاغدىكى ھۆكۈمەت دائىرىلىرى باج تاپشۇرۇشقا قارشىلىق كۆرسەتتى دەپ ئۇ كىشىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنىكەن.)

80 ياشلىق مەتسىيىت ئاخۇن 21 ياش ۋاقتىدا (1934-يىلى) 117 ياشلىق بوۋىسى ئەنبەر ئاخۇندىن ئاڭلىغانلىرىنى ئەسلىگىنىدە ئاساسلانغاندا، ياۋا تەرەپتىن كەلگەن قاراسۇ بۇلاقنىڭ ئېتىز - باغلىرىدىن ئېشىپ تېرىم تەرەپكە ئېقىپ كېتىدىكەن.

ئۇ يىللار كىشىلەر سىرتقا چىققاندا 100 — 200 قەدەم ماڭغاندىن كېيىن توغراق - يۇلغۇن شاخلىرىنى چىگىپ ئېگىپ قويىدىكەن. ئۆيلىرىگە قايتقاندا ئەنە شۇ بەلگە - نىشانلارغا قاراپ ئېزىپ كەتمەي ئۆيلىرىنى تېپىپ كېلىدىكەن.

بالىلارنىڭ چوڭىيىپ ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولۇشى، باشقا يۇرتلاردىن كۆچۈپ كەلگەنلەرنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ تېرىلغۇ يەرلەر يىلدىن-يىلغا كېڭىيىپتۇ. 1830-يىللىرى ھالايلى («ھالا ئايلى» دېگەن ئاتالغۇدىن جانلىق تىلغا سىڭگەن يەرلىك شىۋە) مەھەللىسىنى مەركەز قىلغان بۇلاق تەۋەلىكىدە 30 دىن جىقراق ئائىلە بولغانىكەن. مەتسىيىت ئاخۇن، رەخمىتۇللاخۇن قاتارلىق پېشقەدەملەرنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىدىن ئاڭلاشلىرىغا قارىغاندا، ھەبىبۇللا مۇپتى ھاجىم ھالايلىدا مەدرىس بىنا قىلىپ نەچچە يۈزلىگەن ياشلارنى دىنىي ۋە ھەربىي ئىلىم بىلەن تەربىيىلىگەن، ماھىر تۆمۈرچىلەرنى بۇ يەرگە توپلاپ قېلىچ، نەيزە، مىلتىقلارنى ياساتقان ھەم بۇ قوراللارنى ساھان ئىچىگە يوشۇرۇپ، تاغارلارغا قاچىلاپ پىيالىما، قۇمرابات تەرەپلەرگە توشۇغانىكەن. 1940- يىللىرى ھالايلىغا كاتتا مەسچىت سېلىنغانىكەن. 72 ياشلىق رىجەپ سەيدى:

دەك گەپلەر تەكرارلىنىۋېرىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ جاي
«كۆنچى مەھەللە» دەپ ئاتىلىپتۇ. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلە-
لەن «شىرغا» دېگەن سۆز ئۇنتۇلۇپ كېتىپتۇ. كامال ئاخۇن
كۆنچىنىڭ بالا - چاقىلىرى ھازىر بەش - ئالتە ئائىلىگە
كۆپىيىپ قالدى.

1984- يىلى «كۆنچى» دېگەن بۇ مەھەللە ئىسمى،
كەنتنىڭ نامى قىلىپ مۇقىملاندى.

بۇ كەنتتە ھازىر 11 مەھەللە، 418 ئائىلە، 1945 نو-
پۇس، 2847 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## بۇلاق

1715- يىلى سايياتلار زاۋا يېزىسىنىڭ ئېگىز ئېرىق
كەنتىدىكى غوجىلارنىڭ ئىككى تاشلىق تۈگمىنىدىن ئاق-
قان قارا سۇنى بويلاپ ئوۋ قىلىپ بۇلاققا كېلىپ قالىدۇ.
قارىسا ئوت - چۆپلەر ئارىسىدا كۆكمەت (ئۆچكىگە ئوخ-
شاپراق كېتىدىغان كۆك كۆلەڭلىك ياۋايى ھايۋان) يې-
تىپ تۇرغاندەك بىر نەرسە كۆرۈنۈپتۇ. بىر سايياد ئۇ-
نىڭغا ئوق ئېتىپتۇ. بۇلار يۈگۈرۈپ كېلىپ قارىسا كۆك-
مەت ئەمەس، پىلەكلەر ئارىسىدا چۈشكەن قوغۇن ئىكەن.
ئۇلار بۇ يەردە قوغۇن - تاۋۇزلار ئۈنۈپ راسا ئوخشىغان-
لىقىغا قاراپ، زىرائەت تېرىشقا بولىدىغانلىقىغا كۆزى
يېتىپتۇ.

تۇختى تۆرە دېگەن كىشى ئېگىز ئېرىق تەرەپتىن ئادەم
باشلاپ كېلىپ يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلغانىكەن، زىرائەت-
لەر ناھايىتى ئوخشىغانلىقتىن كىشىلەر بۇ يەرنى «بولۇق
يەر» دەپ ئاتاپتۇ. بولۇق دېگەن سۆز يىللارنىڭ ئۆتۈشى
بىلەن «بولاق» قا ئۆزگىرىپ قالغانىكەن. (ئۈچ يىلدىن

كەپتەر كوۋۇكى، باققال سېۋىتى قاتارلىق چوڭ ـ كىچىك،
ىوقا ـ يۇمىلاق، پۇلوق ـ سېۋەتلەرنى چىرايلىق، چىدام-
لىق توقۇيدۇ. ئۇلارنىڭ مەھسۇلاتلىرى قاراقاشنىڭ يەك-
شەنبە بازىرىنى تەمىنلىگەندىن باشقا، خوتەن، لوپ، گۇما
تەپلەرگە توشۇپ كېتىلىدۇ.

## قومۇشكۆل

بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا بۇ يەردە بۇلاق سۇلىرىدىن ھا-
ىىل بولغان كۆل ـ سازلىقتا قومۇش-يېكەنلەر ئۆسىدى-
كەن. قومۇشكۆل دېگەن ئاتالغۇ ئەنە شۇ مەنزىرىدىن كې-
لىپ چىققانىكەن.

بۇ كەنتتە 1996- يىلىنىڭ ئاخىرىدا بەش مەھەللە،
185 ئائىلە، 787 نوپۇس، 1608 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## غازئېغىل

ئىلگىرى بۇ يەر قاراساي ئۆستىڭىنىڭ ئاشقان سۈيى
قويۇلىدىغان چوڭقۇرلۇق بولۇپ، يىلبويى سۇ چىقىلىپ
تۇرغانلىقتىن ئوت ـ چۆپلەر قويۇق ئۆسىدىكەن ھەم توپ ـ
توپ ياۋايى غاز ـ ئۆردەكلەر قونىدىكەن.

بۇ يەردىن 800 قەدەم يىراقلىقتىكى بىر دۆڭلۈكتە (يەر-
لىك كىشىلەر باخشىدۆڭ① دەپ ئاتايدۇ) باخشىلار (قارچىغا،
ئۇككارلار بىلەن توشقان ـ غازلارنى ئوۋلىغۇچىلار) تـوپ-
لىنىپ قۇشلىرىنى غاز ـ ئۆردەكلەرگە سالىدىكەن. باخشى-
لار ئۇ سۇلۇقنى «غاز ئېغىل» دەپ ئاتاشقانىكەن.

60 ياشلىق ئەخمەتنىياز ئاخۇننىڭ دادىسى ھېيدىل

① بۇ دۆڭلۈك 1958- يىلى تۈزلىۋېتىلدى.

— مەسچىت سېلىنغاندىن كېيىن ھەبىبۇللا مۇپتى ھاجىمنىڭ چوڭ ئاكىسى ئابدىقادىر ئاخۇنۇم ئاتچۇيدىن بوۋام مىرزەخمەت موللامنى باشلاپ كېلىپ بۇ مەسچىتكە ئىمامىلىققا تەيىنلەپ قويغانىكەن، — دەپ ئەسلەپ ئۆتتى.

مەسچىت سېلىنمىۋاتقان جاينىڭ يېنىدىلا بىر تۈپ توغراق بولۇپ، ئۇن ياشلار ئەتراپىدىكى ئابدۇراخمانخان توغراق قۇشقىچى كۆندۈرۈش ئۈچۈن بىر تال قاپاقنى بىلەيزۈكتەك چوڭلۇقتا تېشىپ ھېلىقى توغراقنىڭ ئېگىز پۇتىقىغا ئېسىپ قويۇپتۇ. ھەبىبۇللا مۇپتى ھاجىم بىر كۈنى بۇ قاپاقنى كۆرۈپ قېلىپ خارەتلەردىن:

— بۇ قاپاقنى قايسىڭلار ئاستىڭلار، ئۈستىلىردىم؟ — دەپ سوراپتۇ. خارەتلەرنىڭ جاۋابىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن:

— ئۇنداق بولسا ئوغلۇمنىڭ قولى تەگكەن بۇ توغراقنى مەسچىتكە تاقىشىپ قالسىمۇ كەسمەڭلار، — دەپتۇ. شۇ چاغدا ساقلىنىپ قالغان بۇ بىر تۈپ توغراق چوڭىيىپ ئۈچ ئادەمنىڭ غۇلىچى يەتمىگۈدەك تومىلىشىپ كەتكەن بولۇپ، 1958-يىلى كېسىپ خۇمدانىدا كۆيدۈرۈلدى. مەسچىتمۇ شۇ يىلى چېقىپ تاشلىنىپ ياغاچلىرى «يەرلىك تۆمۈريول» نىڭ رېلىسلىرى ئۈچۈن تىلىپ ئىشلىتىلدى.

1996- يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە مەھەللە يەتتىگە، ئائىلە 351 گە، نوپۇس 1471 گە، تېرىلغۇ يەر 2542 موغا يەتتى.

بۇلاق ۋە تېرىم كەنتلىرى ئەزەلدىن ياۋا يېزىسىغا تەۋە ئىدى، بۇ رايوننىڭ قۇم كۆچۈرۈش نەتىجىسىدە ياۋا تەرەپتىن كېلىدىغان سۇ مەنبەسى ئۈزۈلۈپ قاراساي ئۆستەڭگە قاراشلىق بولۇپ قالغانلىقتىن، بۇ ئىككى كەنت 1958-يىلى قاراساي يېزىسىغا تەۋە قىلىندى.

بۇ ئىككى كەنتتە سېۋەت توقۇيدىغانلار كۆپ بولۇپ،

چىت - خانىقا سېلىنىش. ئۇ يەرگە ئۆي سېلىنىش. مانا بۇ-
يەرگە كۆل كولىنىش، ئاۋۇ يەرنى تۈزلەپ تېرىم قىلىنىش،-
دەپ تاپىلايدۇ ۋە يېتەرلىك مەبلەغ بېرىدۇ. ئۇن نەچچە
ئادەمنى (بۇلار ئۇرۇشقا قاتناشقان ئەسكەرلەر ئىدى) يار-
دەملەشتۈرىدۇ. «تېرىم» دېگەن نام شۇچاغدا پەيدا بولغانىكەن.

1995 - يىلى 2 - ئاينىڭ 6 - كۈنى مەن تېرىمغا كى-
رىپ، قاراساي يېزىسىنىڭ پەن-تېخنىكا خىزمەتلىرىگە
مەسئۇل مۇئاۋىن يېزا باشلىقى ھەمىت ئەيسانىڭ ئائىلى-
سىدە زىيارەتتە بولدۇم. بۇ كىشى موللاخۇننىڭ نەۋرىسى
دۇساكامنىڭ نەۋرىسى ئىكەن. مەن ئۇنىڭ ھەمراھلىقىدا
شۇ يىللاردا كۆل كولانغان، تېرىم قىلىنغان، مەسچىت-خانى-
قالار سېلىنغان، ھازىر ئىزى ئۆچۈپ كەتكەن ياكى قىسمەن
نىشانىسى ساقلانغان جايلارنى سەيلە قىلدىم.

64 ياشلىق رەھمەتوللاخۇن ماڭا 20 ياش ۋاقتىدا
(1950- يىلى) دادىسى رامۇتاجىم سۆزلەپ بەرگەن ئىشلارنى
بايان قىلدى. موللاخۇن بۇ يەردە ماكانلىشىپ ئىككىنچى يىلى
ئىككى ئىنىسى — ئەيسىراخۇن، توختاخۇنلارمۇ ئاتچۇيدىن
بۇ يەرگە كۆچۈپ كەپتۇ. شاڭ لەقەملىك ھەلەمشاكام دې-
گەن كىشىمۇ ئاتچۇيدىن تېرىمنىڭ تامباغ دېگەن يېرىگە
كۆچۈپ كەپتۇ.

رامۇتھاجىم 12 ياش ۋاقتىدا دادىسى موللاغوجىكام
بىلەن توخۇلا يېزىسىنىڭ بورىچى كەنتىنىڭ يېنىدىكى قارا
قۇشقاچ دېگەن يېرىدىن كۆچۈپ كىرىپ لەڭگەردە ئولتۇراق-
لاشقانىكەن. شۇ چاغدا (1870- يىللىرى) تېرىم تەۋەلى-
كىدە ئاران يەتتە ئائىلە بولغانىكەن. ئاقساراي يېزىسى-
نىڭ ئۈزۈنتېرىق دېگەن يېرىدىن مەمتىز ھاجىم دېگەن كى-
شى رامۇتھاجىمنى يوقلاپ كىرىپ (تۇغقانچىلىق مۇناسىۋى-
تى بار ئىكەن) بۇ يەردە سۇ ھەم يەرنىڭ كەڭتاشا ئى-

ئاخۇندىن ئاڭلىغانلىرىنى سۆزلەپ بېرىشىچە، خوتەننىڭ سېرغىز دېگەن يېرىدىن قاراسايغا مىراپ بولۇپ كەلگەن ئىلاخۇن دېگەن كىشى ئۆستەڭنىڭ ئايغىنى قايرىپ چىڭگىلكۆل (غازئېغىلنىڭ ئايغىدىكى بىر مەھەللە) تەرەپكە ئۇزارتىپ قازغاندىن كېيىن «غازئېغىل» نىڭ ئورنىدىكى توختام سۇلار يىلمۇ يىل سىڭىپ تۈگىگەن ھەم بۇيەر قۇرۇقلۇققا ئايلىنىپ قالغانىكەن. غازئېغىلغا ئەڭ دەسلەپتە خوتەننىڭ سېرغىز دېگەن يېرىدىن پاچاق لەقەملىك ھەسەن غوجىكام دېگەن كىشى كۆچۈپ كىرگەنىكەن. ھەدىل ئاخۇن ئۇنىڭ پەيزىۋرىسى ئىكەن. بىلەرمەن كىشىلەر ھېسابلاپ بۇ يەردە تېرىقچىلىق باشلانغىنىغا 250 يىلدىن ئاشقانلىقىنى قەيت قىلىشتى.

1996- يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە مەھەللە ئاھالىسى ئائىلە 340 قا، نوپۇس 1612 گە، تېرىلغۇ يەر 2491 موغا يەتتى.

## تېرەم

1864- يىلى يېيالما - قۇمرابات لاردىكى جەڭلەردە خوتەن لەشكەرلىرىنىڭ قوماندانى ئابدىراخمان شېھىت بولىدۇ. دادىسى ھەبىبۇللا مۇپتى ھاجىم ① ئوغلىنىڭ مەھرىمى (قوغدىغۇچىسى) خوتەن ئاتچۇيلۇك موللاخۇن دېگەن كىشىنى تېرەمنىڭ لەڭگەر (بۇ ناملار كېيىن پەيدا بولغان) دېگەن يېرىگە باشلاپ كېلىدۇ. ئۇ موللاخۇنغا:

— دۈشمەنلەر سىزنى تېپىۋالسا جېنىڭىزنى ئامان قويمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن سىز مۇشۇنداق ئادەملەرنىڭ كۆزىدىن يىراق جايدا تۇرغىنىڭىز تۈزۈك. بۇ يەرگە مەس-

① خوتەن شەرىئەت مەھكىمىسىنىڭ ئەلەمى ئىدى.

نىقالار 1959- يىلىدىكى خەلق ئاشخانىسىنىڭ ئۇچاقلىـ
رىدا، خىشخۇمدانلىرىدا كۆيۈپ تۈگىدى. ھازىر گۆر سىـ
غىز كېسەكلەردىن ياسىلىدىغان بولدى.

1957- يىلى تېرىمدا 248 ئائىلە، 732 نوپۇس، 1684
مو تېرىلغۇ يەر بار ئىدى. 1996- يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەنـ
دە مەھەللە يەتتىگە، ئائىلە 389 غا، نوپۇس 1707 گە،
تېرىلغۇ يەر 2689 موغا يەتتى.

## تەتىكۆل

بۇ جاينىڭ جەنۇب تەرىپى پەس، شىمال تەرىپى ئېـ
گىز بولغانلىقتىن ياۋا دەرياسى جەنۇبتىن - شىمالغا ئېـ
قىپ بۇ يەرگە كەلگەندە سۇ كەينىگە چېكىنىپ چوڭ كۆل
ھاسىل قىلغانىكەن. تەتۈر كۆل دېگەن ئاتالغۇ شۇنىڭدىن
كېلىپ چىققىپ، ۋاقىت ئۆتكەنسېرى كىشىلەر تىلىغا تەتىـ
كۆل دەپ ئۆزلىشىپ قالغانىكەن. ھازىرمۇ ئوقئېرىق بۇ
يەرگە كەلگەندە كەينىگە قايرىلىپ نەچچە ئون مېتىر ئاقـ
قاندىن كېيىن يەنە شىمال تەرەپكە ∽ شەكىلدە ئاقىدۇ.

باتۇركام ئايرىش دېگەن كىشى توغراقلىقنىڭ ئىـ
چىدە شاختىن كەپە ياساپ ئولتۇرىدىكەن. قاراسايىنىڭ
بازىرىغا ئوتۇن - شاخ توشۇپ سېتىپ تىرىكچىلىك قىلىپ
ئۈچ يىل ئۆتكەندىن كېيىن بىر كۈنى ئۇنىڭ كەپىسىگە
بىر توشقان يۈگۈرۈپ كىرىپتۇ. ئارقىدىنلا بىر شۇڭقار ئۇـ
چۇپ كىرىپ توشقاننى قاماللاپ بېسىۋاپتۇ. باتۇركام ھەيـ
ران بولۇپ تۇرسا، ئىلاخۇن مىراپ دېگەن كىشى كەپىگە
كىرىپتۇ. ئۇ كىشى ئوۋچىلىق قىلىپ بۇ يەرگە كېلىپ قالـ
غانىكەن. بۇ ئىككىيلەن تونۇشۇپ قالغاندىن كېيىن باـ
تۇركام:

نكەنلىكىنى كۆرۈپ، كېيىنكى يىلى كۆچۈپ كىرگەنىكەن.
،، چوڭ كۆل، دەرەخزارلىق، مەسچىت ـ خانىقالار بولغانلىقـ
تىن موللاخۇنىنىڭ ئۆيلىرىنىڭ ئەتراپىغا بارلىق نامازخۇـ
قۇيدىغان، سايىداپ دەم ئالىدىغان كىشىلەر جەم بولۇشـ
قا ئادەتلەنگەنلىكتىن «موللاخۇنىنىڭ لەڭگىرى» دەپ ئاـ
تالغانىكەن. پىيالىمىدىكى چەكدە ئەسىر ئېلىنغان نەچچە
ئون دۈشمەن① ئەسكىرى بۇ يەرگە يالاپ كېلىنىپ نازارەت
ئاستىدا يەر ئېچىش ۋە تۆت تەرەپنى ئايلاندۇرۇپ تام سېـ
لىش بىلەن شۇغۇللىنىپتۇ. (تام سېلىشتىكى مەقسەت —
ئېتىمىزلىقلارنى ۋە چارۋا ـ ماللارنى توڭگۇز، يولۋاس، ئېـ
يىق قاتارلىق ياۋايى ھايۋانلاردىن قوغداش ئىكەن) كېيىن بۇ
يەر تام باغ دەپ ئاتىلىپتۇ. ئەسىرلەرنىڭ باش قورۇشقا
بويسۇنماي قارشىلىق كۆرسەتكەنلىرىدىن بىر ـ ئىككىـ
سىنىڭ بويىنى كېسىلىپ كاللىسى ئۇجمىگە ئېسىپ قويۇلـ
غان ۋە بۇ ئۇجمىنىڭ ئەتراپى «كاللا ئاستى» دەپ ئاتالـ
غانىكەن. (بۇ ئىككى تۈپ ئۇجمە دەرىخى 1959ـ يىلى قىشـ
تا كېسىلىپ تېرىم باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ سىنىپلىرىغا يېـ
قىلغۇ قىلىنىدى.) ئۇ يىللاردا لەڭگەردىن باشقا جايدا زاـ
راتگاھلىق يوق ئىدى. ئۆلگەنلەرنىڭ ھەممىسى بۇ زاـ
راتگاھقا دەپنە قىلىناتتى. 1910ـ يىللىرى يۈز بەرگەن
ئاغرىق ـ سىلاق (ۋابا) تا ئۆلگەنلەرنى بۇ يەرگە كۆتۈـ
رۈپ كېلىشكە ئۈلگۈرەلمىگەنلىكتىن شاڭ مەھەللە ۋە تامـ
باغدا زاراتگاھلىق پەيدا بولغانىدى. بۇ يەرلەردە زاراتـ
گاھلىق ئېگىز قۇملۇققا ئورۇنلىشىدۇ. بۇرۇن تۇم دەـ
رەخلەردىن گۈرلۈك ساندۇق چېپىلىپ جەسەت شۇنىڭ ئىـ
چىگە سېلىنىپ كۆمۈلەتتى. چوڭ دەرەخلەر، مەسچىت ـ خا

① ياقۇپبەگنىڭ ئەسكەرلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

رسى نىياز ئاخۇن دېگەن كىشى غازىيغىل كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ سېكرېتارى مەتتىمىن ئايىپقا سۆزلەپ بەرگەنىكەن. بۇ ئۈچ ئەۋلادنىڭ ياشىغان ئۆمرى ۋە باشقا دەلىل - ئىسپاتلارغا ئاساسلىنىپ تەتكۈل كەنتىنىڭ ئاۇرس مەھەللىسى بىنا بولغىنىغا 230 يىلدىن ئاشقانلىقىنى ھېسابلاپ چىقتۇق.

بۇ كەنتنىڭ ئوتتۇرا قىسمىنى يوغان لەقەملىك ئېلىپشا دېگەن كىشى ئاچقانىكەن. ئۇنىڭ نەۋرىلىرىمۇ 50 — 60 ياشقا كىرىپ قاپتۇ. كەنتنىڭ ئاياغ تەرىپىنى ئىلاخۇن مىراپنىڭ چوغدەك لەقەملىك بوۋىسى خوتەننىڭ ...ېرغىز دېگەن يېرىدىن كېلىپ كۆكەرتكەنىكەن.

ئەخمەتنىياز ئاخۇننىڭ دادىسىدىن ئاڭلىغانلىرىنى ...يىزگە بايان قىلىشىغا ئاساسلانغاندا رەخمىتۇللاخۇن دېگەن كىشى ئەمەلداردىن جىقراق يەر بېرىشنى تەلەپ قىلىپتۇ. ئەمەلدار:

— ئۇنداق بولسا، مەن ئېيتىمىنى چاپتۇرىمەن. سىز ماڭا ئەگىشىپ يۈگۈرۈڭ. مەشەدىن① باشلاپ سىز ھېرىپ يىقىلغان جايغىچە سىزنىڭ ئىلكىڭىزدە بولسۇن، - دەپتۇ. رەخمىتۇللاخۇن ئاتنىڭ كەينىدىن يۈگۈرۈپ بىر يەرلەرگە بارغاندا ھالىدىن كېتىپ يىقىلىپتۇ. ئەمەلدار ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىپ ئۇنىڭ تەۋەلىكىنى بەلگىلەپ مۆھۈر بېسىپ بېرىپتۇ. رەخمىتۇللاخۇن كۆڭلىدىكىدەك جىق يەر ئىگىلىگەن بولسىمۇ، سۇ ھەل قىلالماي ئەسلى يۇرتى پۇرچاقچى يېزىسىنىڭ پۇرچاقچى كەنتىگە قايتىپ چىقىپ كەتكەنىكەن.

تەتكۈلدە 1957-يىلى 132 ئائىلە، 628 نوپۇس،

① تەتكۈلنىڭ ئايىغى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

— سىلە مىراپ بولغانىدىكىن قوللىرىدىن كېلىدۇ. ماڭا بىر قىرلىق سۇ بەرگەن بولسىلا، — دەپتۇ. ئىلاخۇن قايتىپ كېتىپ باتۇركامنىڭ تەلىپىنى باشقا مىراپلارغا يەتكۈزۈپتۇ. باشقا مىراپلار:

— بىر ئادەمگە بىر قىرلىق سۇ بەرگىلى تۇرساق بىزنىڭ يۇرتلىرىمىز قۇرۇپ كېتىدۇ، — دەپ ئىلاخۇننىڭ تەكلىپىنى رەت قىلىپتۇ. ئىلاخۇن بىر كۈنى باتۇركامغا:

— بۈگۈن ئاخشام ئۆستەڭگە سۇ چىققايمىز. مەن كۆرمىگەن بولاي. سىلە قاراڭغۇدا قاشنى يېرىپ سۇ باشلاپ كېلىۋالسىلا، — دەپتۇ. باتۇركام شۇ كېچىسى سۇ باشلىۋالغان بىر موچە يېرىگە پىياز ھەم تاۋۇز تېرىپتۇ. تاۋۇز پىشقان كۈنلەردە ئىلاخۇن بۇ يەرگە كەپتۇ. باتۇركام ئۇنى مېھمان قىلغانىدىن كېيىن تەكىيىدەك تاۋۇزلاردىن ئىككىنى ئۇنىڭغا سوۋغا قىلىپتۇ. ئىلاخۇن ئېتىغا مىنىپ قايتىپ كېتىپ ئۆستەڭ بويىدىكى مىراپلارغا تاۋۇزلارنى پىچىپ بېرىپتۇ. تاۋۇزنىڭ تەمى ئۇلارغا ياراپ كەتكەنلىكتىن تويغىچە يېيىش ئۈچۈن باتۇركامنىڭ كەپىسىگە بارماقچى بولۇشۇپتۇ. ئىلاخۇندىن بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان باتۇركام «تاۋۇزنى قانچە يېسە مەيلى، لېكىن ئۇلارنى باشلىغۇدەك تۆيۈم بولمىسا، داستىخان سالغۇدەك ئاش - نېنىم بولمىسا ...» دەپ باش قاتۇرۇپ قاراساي بازار بويىدىكى ئىسلام داموللامدىن مەسلىھەت سوراپتۇ. ئىسلام داموللام

— تاۋۇزنى يەتكۈدەك ئېلىپ چىقىڭ، ئاش - غىزاغا مەن تەييارلىق قىلاي، — دەپتۇ. ئۇ نەچچە مىراپنى ئىسلام داموللام باتۇركامغا ۋەكالىتەن ئۆچكە كاۋىپى، پولۇ بىلەن مېھمان قىلىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن باتۇركامنىڭ بىر قىرلىق سۈيى «قانۇنلىشىپ» بۇ يەردە تېرىقچىلىق باشلىنىپتۇ. يۇقىرىدىكى ۋەقەلەرنى باتۇركامنىڭ نەۋ

ھەللە دېگەن يېرىگە چۆكۈپ كىرگەنىكەن. ئۇنىڭ ئوغلى (مەتتوختى ئاخۇننىڭ دادىسى) باھاۋىدىن ئاخۇن ئائىلىسىنى چوقۇر مەھەللىدە قويۇپ، ئۆزى ماللىرىنى جىگدە قۇدۇققا ھەيدەپ كىرىپ كەپە ياساپ ئولتۇرغانىكەن. 1895- يىلى نىيازئاخۇن بىلەن باھاۋىدىن ئاخۇن ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى ياردەملەشتۈرۈپ ئارال دېگەن يەردىن جىگدە قۇدۇققىچە 30 كۆندە 20 كىلومېتىردىن ئۇزۇنراق ئېرىق چېپىپ يېرىم قىرلىق سۇ باشلاپ بېرىپ تېرىقچىلىق باشلاپتۇ. مەتتوختى ئاخۇن ئۈچ ياش ۋاقتىدا (1900- يىلى) باھاۋىدىن ئاخۇن ئائىلىسىنى جىگدەقۇدۇققا كۆچۈرۈپ كىرىپتۇ. 1930- يىللىرى بۇلارنىڭ بالا - چاقىلىرى ئاۋۇپ يەتتە ئائىلىگە يېتىپتۇ. شۇ يىللاردا خوتەندە تۇڭگانلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان بولۇپ، ئەسكەرلىككە تۇتۇلۇشتىن قاچقان يىگىتلەر، ئەرلەر جىگدەقۇدۇققا توپلىنىۋېلىپ، ئادەم 60 — 70 كە يەتكەن ۋە بۇلار كېيىنكى يىللىرى يۇرتلىرىغا قايتىشقانىكەن.

كېيىنكى يىللارغا كەلگەندە جىگدە قۇدۇقتا دېھقانچىلىقمۇ راۋاجلىنىپ چارۋىچىلىق كىرىمىگە باراۋەرلىشىپ قالدى.

1957- يىلى 101 ئائىلە، 274 نوپۇس، 501 مو تېرىلغۇ يەر بولغان بولسا، 1996- يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە مەھەللە ئۈچكە، ئائىلە 191 گە، نوپۇس 941 گە، تېرىلغۇ يەر 1700 موغا يەتتى.

## قۇيۇندۆك، يولۋاسخانا، يېڭىيەر كەنتلىرى توغرىسىدا

1956- يىلى 8- رايون (ھازىرقى پۇرچاقچى، قويىچى يېزىلىرى) دىن جاپپار ناسىر دېگەن كىشىنىڭ يېتەكچىلى-

1038 مو تېرىلغۇ يەر بار ئىدى. 1996- يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە مەھەللە ئۈچكە، ئائىلە 220 گە، نوپۇس 846 گە، تېرىلغۇ يەر 1338 موغا يەتتى.

## جىگدە قۇدۇق

1995- يىلى 2- ئاينىڭ 10- كۈنى جىگدەقۇدۇقتا توغۇلۇپ 70 ياشقا كىرگەن مەتتۇرسۇن ئاخۇن، 98 ياشقا كىرگەن مەتتوختى ئاخۇنلار بىلەن پاراڭلاشتۇق.

مەتتۇرسۇن ئاخۇننىڭ بوۋىسى نىياز ئاخۇن ئەسلىدە خوتەننىڭ ئاتچۇي دېگەن يېرىدىن بولۇپ، قاراقاشنىڭ زاۋا دېگەن يېرىدىن بىر ئايال بىلەن توي قىلىپ زاۋىدا بىر نەچچە يىل تىرىكچىلىك قىلىپتۇ. ئۇ يەردە قىستىلىپ ياشاشنى خالىماي قاراساينىڭ خامانئېرىق دېگەن يېرىگە كۆچۈپ كىرىپتۇ. بۇ يەردە ئون نەچچە يىل ياشاپ بىر پادا مالغا ئىگە بولغاندىن كېيىن بۇ ماللارنى بېقىشقا يايلاق ئىزدەپ جىگدەقۇدۇققا كۆچۈپ كىرىپ شاختىن كەپە ياساپ ماكانلىشىپتۇ. قۇدۇق كولاپ ئۆزلىرىنىڭ ھەم ماللىرىنىڭ ئۇسسۇلۇق قىيىنچىلىقىنى ھەل قىپتۇ. خامانئېرىق دېگەن يەردىن جىگدە كۆچەتلىرىنى ئېلىپ كىرىپ قۇدۇق ئەتراپىغا تىكىپ ياشارتىپتۇ. («جىگدە قۇدۇق» دېگەن يەر نامى شۇنىڭدىن كېلىپ چىققانىكەن.) سۇ بولمىغانلىقتىن تېرىقچىلىق قىلالماي، قاراساينىڭ بازىرىغا ئوتۇن - شاخ ۋە ماياق توشۇپ سېتىپ، ئاش - ئوزۇق ئېھتىياجىنى قامداپتۇ.

مەتتوختاخۇننىڭ بوۋىسى ئابدىلىمىت ئاخۇن 40 ياش چېغىدا پۇرچاقچى يېزىسىنىڭ كاسا جۇمە بازىرى دېگەن يېرىدىن قاراساينىڭ باغچى كەنتىدىكى چوقۇر مە-

تېرىقچىلىق قىلدى ۋە دېھقانلارنى ئولتۇراقلاشتۇردى ھەم ئۇزۇن ئۆتمەي ئاھالە ئولتۇراق گۇرۇپپىسىغا ئايلاندى. ئۇ ئاھالە ئولتۇراق گۇرۇپپىسىنىڭ نامىنى ئۆزگەرتمىگەن ئالدىغا كەنت بولدى.

1983- يىلى 53 ئائىلە، 224 نوپۇس، 710 مو تېرىلغۇ يەر بار ئىدى. 1996- يىلىنىڭ ئاخىرىدا مەھەللە تۆتكە يېتىپ، ئائىلە 88 گە، نوپۇس 364 كە، تېرىلغۇ يەر 884 موغا كۆپەيدى.

## يېڭىيەر

بۇ ئاتالغۇنىڭ ئۆزىلا بۇ جاينىڭ كونا ۋە يېڭى مەنزىرىسىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرۈپ بېرەلەيدۇ.

1960 - يىلدىن كېيىن باغچى، كۆنچى، پەيشەنبە بازار كەنتلىرىدىكى دېھقانلار بۇ جايلاردا يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلدى. 1965- يىلدىن كېيىن ئولتۇراقلاشتۇرۇلغانلار يىلمۇ يىل ئاۋۇدى. 1983 - يىل ئايرىم كەنت قىلىنىپ يېڭىيەر دەپ ئاتالدى.

ھازىر بۇ كەنتتە تۆت مەھەللە، 141 ئائىلە، 557 نوپۇس، 1325 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## ئىتتىپاق

ئىلگىرى بۇ جاي قاراقاش ناھىيىسىنىڭ گۇناھكارلارنى ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانى ئىدى. بۇ ئورگان كېرىيە ناھىيىسىگە يۆتكەلگەندىن كېيىن، 1960- يىلى ئىچكى ئۆلكىلەردىكى ئاپەت رايونلىرىدىن كەلگەن خەنزۇلار بۇ يەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ «خەنزۇ دادۈي» دەپ ئاتالدى، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى كېيىنكى يىللىرى سىرتقا كېتىپ، ئورنىغا ئۇيغۇر دېھقانلىرى تولۇقلاندى. ئىككى مىللەت كىشىلىرىنىڭ ئىناق ياشىغانلىقى كۆزدە تۇتۇلۇپ، بۇ كەنت 1984 - يىلى «ئىتتىپاق» دەپ ئاتالدى.

1996- يىلىنىڭ ئاخىرىدا بۇ كەنتتە ئۈچ مەھەللە، 56

كىدە 1000 ئادەم تەتىكۆل بىلەن جىگدەقۇدۇق ئارىلىقىدىكى جايلاردا يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلغانىدى. 1958-يىلىنىڭ بېشىدا ئولتۇراقلاشقان ئائىلە 50 كە، تېرىلغان يەر 1000 موغا يەتتى. كېيىنكى يىلى 8-رايون «راكېتا» گۇڭشېسىغا ئۆزگىرىپ، ئۇلارنىڭ بوز يەر ئېچىش نۇقتىسى تۇزلۇقئۇتاغقا يۆتكەلدى. ئۇلار بۇ يەردىن كۆچۈپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن بۇ جاينى قاراساي(«قىزىل بايراق» گۇڭشېسى) باشقۇرىدىغان بولدى. قۇيۇندۆك 1960-يىلىدىن كېيىن قومۇشكۆل، بۇلاق، ھۆپىغىل كەنتلىرىدىن كۆچۈرۈپ ئولتۇراقلاشتۇرۇلغان كىشىلەر بۇ جايدا تېرىقچىلىق ۋە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللاندى. 1983-يىلى ئۆز ئالدىغا كەنت بولۇپ قۇرۇلدى. بۇرۇن قوم بارىخانلىرى ئۈستىدە ئىم قۇيۇن كۆتۈرۈلۈپ تۇرغانلىقىنى ئەسلىتىپ تۇرۇش ئۈچۈن كەنتنىڭ نامى «قۇيۇندۆك» دەپ ئاتالدى.

شۇ يىلى بۇ كەنتتە 61 ئائىلە، 231 نوپۇس، 700 مو تېرىلغۇ يەر بار ئىدى، 1996-يىلىنىڭ ئاخىرىدا بۇ كەنتتە ئۈچ مەھەللە، 83 ئائىلە، 369 نوپۇس، 810 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## يولۋاسخانا

بۇرۇن بۇ جايغا بىر جۈپ يولۋاس پەيدا بولۇپ چارۋىلارغا ھەم چارۋىچىلارغا تەھدىت سالغان ھەم چارۋىچىلار توغراقلارغا ئوت قويۇش، ناغرا چېلىش قاتارلىق چارە-ئاماللار بىلەن يولۋاسلارنى قوغلىۋەتكەنىكەن. شۇ چاغلاردا بۇ جاي يولۋاسخانا دەپ ئاتالغانىكەن.

1960-يىلدىن كېيىن ھەتتا، پەيشەنبە بازار، تېرىم، كۆنچى، باغچى، قومۇشكۆل كەنتلىرى بۇ جايدا يەر ئېچىپ

«تولۇم مازار» دەپ ئاتالماقتا. پېشقەدەملەرنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ جەسەتلەر قۇملۇقنىڭ ئاستىغا دۆۋە ـ دۆۋە كۆمۈلگەن بولۇپ، بۇرۇنقى زاماندا بۇ جايلاردا دەھشەتلىك ئۇرۇش ـ قىرغىنچىلىق بولغانلىقىنىڭ دەلىلى ئىكەن. ھازىر ياسىن ئاخۇن كالپۇك قاتارلىق ئۈچ ئائىلە ئولتۇراقلاشقان جاي بۇرۇن داۋىر مەھەللە دېيىلەتتى. بۇ يەردە 1930 ـ يىللىرى داۋىر ۋە زەيسى ئىسىملىك ئىككى خەنزۇ ئائىلىسى ياشايتتى. (زەيسى داۋىرنىڭ كۈيئوغلى ئىدى) ئۇلارنىڭ كەسپى ياغچى بولۇپ قاراسايدىكى بارلىق ياغچىلار بىلەن باردى ـ كەلدىسى قويۇق ئىدى. ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىنىڭ ئالدىدا ئون نەچچە تۈپ سېرىق سۆگەت (مەجنۇن)، ئۆيلىرىنىڭ كەينىدە 20 — 30 تۈپ ئاق ئۈجمە بار ئىدى، 1942 ـ يىلى بۇ ئىككى ئائىلىلىك خەنزۇ كۆچۈپ كەتكەن بولسىمۇ، كىشىلەر ھازىرمۇ بۇ جاينى داۋىر مەھەللە دەپ ئاتاشماقتا.

يەھيا ئۆستەڭگى دېگەن ئاتالغۇنىڭ قانداق كېلىپ چىققانلىقى توغرىسىدا 80 ياشلىق يەھيا كامىنىڭ ئۆزى بىلەن پاراڭلاشتىم.

— مېنىڭ ئۆيۈم داۋىر مەھەللىسىگە ئانچە يىراق ئەمەستى، ـ دەپ گېپىنى باشلىدى ئۇ، ـ 1938 ـ يىلىدىكى ئومۇمىيۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈشتىن كېيىن، قاراساي بىلەن ياۋا ئارىلىقىدىكى نەچچە ئون مىڭ مو يەرنىڭ بىكار تۇرۇشىغا قورسىقىم ئاغرىدى. ئۆستەڭ قېزىپ سۇ باشلاپ كېلىپ بۇ جايلاردا تېرىقچىلىق قىلىش توغرىسىدا يېرىيوق نامراتلارغا تەشەببۇس قىلدىم. ھازىرقى يېزىلىق پاختا زاۋۇتىنىڭ كەينىدىكى سۇلۇقتىن باشلاپ ئۆستەڭ چېپىشقا تۇتۇش قىلدۇق. «بۇ جايلارنىڭ ئىگىسى — بىز» دەپ داۋراڭ سېلىپ يۈرگەن بايلاردىن ئۆزىمىزنى يوشۇرۇش ئۈچۈن كېچىلىكتە ئىش باشلىدۇق. 1 ـ كېچىسى ئۆستەڭ قېزىشقا 12 ئادەم قاتنىشىپ 2 ـ كېچە 50 كە، 3 ـ كېچە 150

ئائىلە، 221 نوپۇس، 680 مو تېرىلغۇ يەر بار.

× ×

ئالاقۇم، قاغىلىق، يېزىلغۇندۆك، كوچا، يۇلغۇن، ئايدىڭ كەنتلىرى 1978 - يىلى تەسىس قىلىنغان بولۇپ، يۇرتنىڭ بىنا بولۇش جەريانى ھەم ئومۇمىي ئەھۋالى بوستان، قۇيۇندۆك، يولۋاسخانا كەنتلىرىنىڭكىدىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ كەتمەيدۇ.

## بوستان

يېقىنقى 30 يىلدىن بۇيان ئەسلىدىكى قۇملۇقتا باغ-ئېتىزلار يۈز ئاچقانلىقى ئۈچۈن 1989 - يىلى مۇستەقىل كەنت تەسىس قىلىنىپ بوستان دەپ ئاتالدى.

شۇ يىلى بۇكەنتتە 125 ئائىلە، 606 نوپۇس، 1479 مو تېرىلغۇ يەر بار ئىدى. 1996 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە مەھەللە تۆتكە، ئائىلە 168 گە، نوپۇس 751 گە، تېرىلغۇ يەر 1456 موغا يەتتى.

1958 - يىلدىن كېيىن بۇ جاي سەيشەنبە بازار كەنتىنىڭ بوز يېرى بولۇپ، شۇ يىللاردىن باشلاپ بۇ كەنتنىڭ ئادەملىرى كۆچۈپ كىرىپ ماكانلىشىپ يەر ئېچىپ دېھقانچىلىق قىلدى ۋە چارۋا باقتى. ھازىر ئۇ كەنتنىڭ دەرەخلىرىنى بۇ كەنتتىكىلەر كۆرەلەيدۇ.

## تولۇممازار

1940 - يىللىرى كىشىلەر بۇ يەردىكى قۇملۇق دۆڭلەرنى قېزىپ ئوتتۇن كولىغانىكەن، قۇرۇپ كەتكەن بىر نەچچە جەسەت ئۇچراپتۇ. كىشىلەر خوراز ۋە قوي تېرىلىرىگە سامان تىقىپ تولۇم ياساپتۇ. تۇغ - ئەلەم ۋە تولۇملارنى خادىلارغا چىگىپ مازار بىنا قىپتۇ. ھازىر بۇ مازار

تارىبەگنىڭ ياقىسىغا ئېسىلدىم. كېيىن مەن چىن ھاكىمىنىڭ يېنىغا چىقىپ تارىبەگنىڭ نىيىتىنى پاش قىلدىم. چىن ھاكىم:

— ئۇلارنىڭ① قولىدا يەر ئۆزىنىڭ توغرۇلۇق ھۆججىتى باركەن. مەن يەر گۇڭلاشقا② ئادەم كىرگۈزىمەن. ئارتۇق ئىگىلىگەنلىكى دەلىللىنىپ قالسا سىزگە بۇيرۇپ بېرىدمەن،— دېدى. ئۇزۇن ئۆتمەي تارىبەگ تۇداخۇن دېگەن كىشىنى باشلاپ كىردى. يەر گۇڭلاشقا تارىبەگنىڭ تۇسقىنىغا ئۇنىماي بىللە ماڭدىم. يەرنىڭ ھېسابىنى تۇداخۇنمۇ يازدى، مەنمۇ يازدىم. يەرنى گۇڭلاپ بولغاندىن كېيىن تارىبەگ ماڭا:

— سىز ھېساب خاتىرىلىگەن دەپتەرنى بىرىڭ،— دېدى.

مەن:

— بىرسىدىن ئۆيگە ئەۋەتىۋەتتىم . ئەتە ئەتىگەن ئەكىلىپ بېرەي،— دېدىم. ئاخشىمى ئۆيدە يەرنىڭ ھېسابىنى باشقا قەغەزگە كۆچۈرۈۋېلىپ، ئاۋۋالقىسىنى ئەتىسى تارىبەگكە بەردىم. ئۇ قەغەزنى قولۇمدىن ئېلىپلا ئوتقا سېلىۋەتتى . مەن ئەتىسى چىن ھاكىمنىڭ يېنىغا چىقىپ بولغان ئىشلارنى سۆزلەپ بەردىم. ئۇ كۈلۈپ كېتىپ:

— سىز ناھايىتى ھوشيار - سەگەك ئادەمكەنسىز ،— دېدى. كېيىن بايلارنىڭ يەرنى جىق ئىگىلىگەنلىكى ئىسپاتلىنىپ تارىبەگ ئۇلارغا يان باسقانلىقى ئۈچۈن 18ئاي قاماققا ئېلىندى. چىن ھاكىم ئۆستەڭ چېپىشقا قاتناشقان 300 دېھقانغا تەقسىم قىلىپ بېرىشىم ئۈچۈن 1000 مو يەر بۇيرۇپ بەردى. مېنىڭ باشلامچىلىقىمدا قېزىلغان ئۆستەڭ يەھيا ئۆستەڭ دەپ ئاتالغانىدى، ئۇ ئۆستەڭنىڭ ئىزى ھازىر ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ.

① بايلارنى دېمەكچى. ② گۇڭ — يەر ئۆلچەيدىغان ياغاچ ئەسۋاب.

گە، 4 - كېچە 200 گە، 5 - كېچە 300 گە ئاۋۇدۇق. 18 كۈن-
دىن كېيىن ئۆستەڭنى پۈتتۈرۈپ سۇ باشلىدۇق. بۇ سۇدىن
پايدىلىنىپ ئاچقان يەرلىرىمىزنى مەسۇم ھاجى، كېرىم
ھاجى، ئىمىناخۇن ئاۋاپ قاتارلىق بايلار تېرىۋالدى.
ئۇلارغا تاقابىل تۇرالماسلىقىمىزنى چاغلاپ 300 دېھقانغا
ۋەكالىتەن مەن خوتەننىڭ لى فامىلىلىك دوتىيىگە، قارا-
قاشنىڭ چىن فامىلىلىك ھاكىمىغا ئەرز تۇتتۇم. بايلار-
نىڭ مېنى ئۆلتۈرۈۋېتىش نىيىتىگە كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ
كېچىسى ئۆيدە ياتمىدىم. باشقا يولدىن بېرىپ باشقا يول
بىلەن ياندىم. ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇمدىن ساقلىنىش ئۈچۈن
دەستىسى ئۇزۇن تاۋەزنى بېلىمدىن ئايرىمىدىم. كېيىنكى
يىلى ئەتىيازدا ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ يەر - سۇ ئىشلى-
رىغا مەسئۇل ئەمەلدارى تارىبەگ مېنىڭ ئەرزىمنى ھەل
قىلىش ئۈچۈن قاراسايغا كېلىپ ئابلا بەگنىڭ ئۆيىگە
چۈشتى ۋە مەسۇم ھاجى، كېرىم ھاجى قاتارلىق بايلارنى
سۆھبەتكە چاقىردى. مەن ئۇلارنىڭ قانداق شۇملۇقلارنى
پىلانلايدىغانلىقىنى بىلىۋېلىش ئۈچۈن بىر ئامال قىلىپ
كارىۋاتنىڭ ئاستىغا يوشۇرۇنۇۋالدىم. تارىبەگ ئۆزىگە نوچى
بىر ئات تاپالمايۋاتقانلىقىنى ئىزھار قىلدى. كېرىم ھاجى:
— يەھيانىڭ ئەرزىنى بىزنىڭ پايدىمىزغا سوراپ
بەرسىلە، غاپپار يۈز بېشى يېقىندا ئىلىمدىن كەلتۈرگەن
350 سەرلىك (كۈمۈش پۇل) ئارغىماقنى ئۆزلىرىگە تۇتى-
مىز،- دېدى. تارىبەگ:
— يەھياغا 100 مو يەر بەرسەم ئاغزى تۇۋاقلىنىدۇ،-
دېدى. مەن كارىۋاتنىڭ ئاستىدىن چىقىپ:
— سەن پارىخورلۇق قىلغىلى كەلدىڭمۇ ياكى مېنىڭ
ئەرزىمنى ھەل قىلغىلى كەلدىڭمۇ؟ مەن 100 مو يېرىڭگە
چىم بولسام ئۆستەڭ قازغانلارغا قانداق قارايمەن؟- دەپ


# ماگلاي يېزىسى

## مۇھەممەتئىمىن قۇربان

بۇ يېزا ناھىيەمىز زېمىنىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان تۈزلەڭ بوستانلىق بولۇپ، ماگلاي كەنتىگە ئورۇنلاشقان. يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى ئورگىنى بىلەن ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئورگىنىنىڭ ئارىلىقى 4.5 كىلومېتىر كېلىدۇ.

ماگلاي يېزىسى شەرقتە قاراقاش بازىرى، جەنۇبتا توخۇلا، غەربتە كۇيا، شىمالدا پۇرچاقچى يېزىلىرى بىلەن چېگرىلىنىدۇ.

1870 - يىللىرىنىڭ ئالدى - كەينىدە بۇ جاي ماكۇي مەھەللىسىگە تەۋە ئىدى. 1919 - يىلدىن ئېتىبارەن شەرق قىسمى قاياش مەھەللىسىگە، غەرب قىسمى ماكۇي مەھەللىسىگە تەۋە بولدى. 1937 - يىلدىن كېيىن 3 - رايونغا تەۋە بولۇپ، قاياش، ئاقتام، ئالتۇنچى، ماگلاي، تاخسا كەنتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالدى. 1944-يىلدىن كېيىن شادلىق يېزىسىغا ۋە يېڭى ھايات يېزىسىغا تەۋە بولدى. 1950 - يىلدىن كېيىن جەنۇب قىسمى 8 - رايونغا، شىمال قىسمى 9 - رايونغا تەۋە بولدى. 1984- يىلى قاراقاش بازىرىدىن ئالتۇنچى، ئاقتام، چىنىباغ، داخان، قاياش، قاقلىق كەنتلىرى، پۇرچاقچى يېزىسىدىن باش قارىلا، تۆۋەن قارىلا، قۇرغۇي، بۇدۇشوق، بازار بويى، چاقار كەنتلىرى، توخۇلا يېزىسىدىن باش ماگلاي، تۆۋەن ماگلاي، تاخسا كەنتلىرى ئايرىپ ئېلىنىپ ماگلاي يېزىسى تەسىس قىلىندى.


مەڭلاي يېزىسى
1:25000
22
21
20
19
18
9
17
23
15
3

19. كاساچۇمە بازار، 20. باش ياغاچچى،
21. ئوتتۇراياغاچچى، 22. ئاياغ ياغاچچى.
قاراقاش بازىرىدىن: 23. قاپاقلا.

. . .

## ماڭلاي

نەچچە يۈز يىللار ئىلگىرى قاراقاش، قاياش، تو-خۇلا قاتارلىق يۇرتلاردىن كۆيا ، ئۇرىچى تەرەپلەرگە با-رىدىغان پىيادىلەر يولى بۇ جايدا بىر نەچچە ئائىلىلىك كۆچۈم بىر مەھەللىگە دوقۇرۇپ يانغا بۇرۇلغانىكەن، بۇ مەھەللە بىر قاراشقا يولۇچىلارنىڭ كۆزىنى قىز بالى-نىڭ ماڭلىيىدەك ئۆزىگە تارتقاچقا بۇ يەر ماڭلاي دەپ ئاتالغانىكەن. خەلق ئارىسىدا يەنە «ئىلگىرى بۇ جاي-دىكى قىزلارنىڭ ھەممىسى ماڭلاي چېچىنى ئۆستۈرۈپ يا-ساشقا ئامراق بولغانلىقتىن، مەھەللىنىڭ نامىمۇ ماڭلاي بولغان» دېگەن رىۋايەتمۇ ئېقىپ يۈرمەكتە. ئەسىرلەر داۋامىدا بۇ يۇرت شەرقتىن-غەربكە كېڭىيىپ بارغانلىقتىن 1985 - يىلدىن باشلاپ باش ماڭلاي، تۆۋەن ماڭلاي دېگەن ئىككى مەمۇرىي كەنتكە بۆلۈندى.

1996 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا باش ماڭلاي كەنتىدە ئال-تە مەھەللە، 325 ئائىلە، 1349 نوپۇس، 1549 مو تېرىل-غۇ يەر بار.

## تاخسا

نەچچە يۈز يىللار ئىلگىرى بۇ جايغا ئەڭ دەسلەپتە كۆچۈپ كەلگەن بىر نەچچە ئائىلىلىك كىشىلەر تېرىقچى-لىق ھەم توخۇ-ئۆردەك بېقىش بىلەن تىرىكچىلىك قىلغا-نىكەن. ئايلارنىڭ بىرىدە ئاسماندا بىر جۈپ سا پەيدا

1996 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا بۇ يېزىدا 80 مەمۇرىي مەھەللە، 15 مەمۇرىي كەنت، 3975 ئائىلە، 17 مىڭ 956 نوپۇس، 17 مىڭ 51 مو تېرىلغۇ يەر بار. يىللىق ئاشلىق مەھسۇلاتى 8 مىليون 338 مىڭ 328 كىلوگرامغا يېتىپ بولتۇرقىدىن 1.25% ئاشتى. پاختا (چىگىتسىز) 288 مىڭ 316 كىلوگرامغا چۈشۈپ بولتۇرقىدىن 55 مىڭ 698 كىلوگرام كېمەيدى. پىلە 22 مىڭ 368 كىلوگرامغا مۇقىم-دالدى. چارۋا 29 مىڭ 701 تۇياققا يېتىپ بولتۇرقىدىن 1.79% ئاشتى. كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىم — 521 يۈەنگە پەسىيىپ بولتۇرقىدىن 59 يۈەن ئازلىدى.

## ماڭلاي يېزىسىدىكى كەنت نامىلىرى

### ⊙ يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى ئورگىنى

1. باش ماڭلاي
2. تۆۋەن ماڭلاي
3. تاخسا
4. بازار بويى
5. بۇدۇشوق
6. چاقار
7. باش قارىلا
8. تۆۋەن قارىلا
9. قورغۇي
10. ئالتۇنچى
11. ئاقتام
12. چىنىباغ
13. داخان
14. قاياش
15. قاقلىق
16. يېڭىيەر①

## چېگرىداش يېزا - بازارلاردىن خەرىتىگە چۈشكەن كەنتلەر

⊙ يۇرچاقچى يېزىسىدىن: 17. ئالتۇنچى، 18. كۆلئېرىق،

① يېڭىيەر — ئەسلىدىكى يۇرچاقچى يېزىسىدىن ئايرىلىپ ماڭلاي يېزىسىغا قوشۇلغان كەنتلەر بوز يەر ئېچىپ بىنا قىلغان يېڭى مەھەللە بولۇپ 25 ئائىلە، 180 نوپۇس، 373 مو تېرىلغۇ يېرى بار. بۇ مەھەللە يېڭىيەر يېزىسى تەۋەلىكىدە بولغاچقا خەرىتىگە چۈشمىدى.

بىر كۈنى ئىزدەپ سوراپ كەلدى ئۇلار تاخسارىغە،
بىر قونۇپ ئېلىتىپ مېنى باردى ئېلىپ ئۆز سارىغە.

دەپ يازىدۇ.

موللا سالىھ شېئىرلىرىنىڭ تېماتىك مەزمۇنى جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئاپتور ئۆز يۇرتىدا ۋە ئائىلىسىدە يۈز بەرگەن مۇھىم ۋەقە، ھادىسىلەرنى ئۆزىنىڭ لىرىك شېئىرلىرىدا بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىق ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ ئەينى زامان رېئاللىقىغا بولغان ئىدىيىۋى ھېسسىياتى ۋە باھاسىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويغان. شۇڭا ئۇنىڭ شېئىرلىرى پۈتۈنلەي رېئالىستىك روھ بىلەن سۇغۇرۇلغان. مەسىلەن: شائىرنىڭ مۇھەببەت تۇيغۇلىرى ۋە جۇدالىق ئازابلىرى ئىپادىلەنگەن شېئىرلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئۆزىنىڭ ئائىلە ۋە پەرزەنتلىرىگە بېغىشلانغان. «موللا سالىھنىڭ چېچەكنى ھەجۋىي قىلغانى» سەرلەۋھىلىك مۇخەممەسىدە شائىر ئۆز يۇرتىدا يۈز بەرگەن چېچەك ۋاباسى سەۋەبىدىن بالىلارنىڭ مىسلىسىز كۆپ قىرىلىپ كەتكەنلىكىنى، چېچەك ئەجدىھاسى بالىلارنىڭ «يۈزىدىن بىرىنى قويۇپ، قالدىسىنى ئېلىپمۇ تويمىغان»لىقىنى، يۇرتقا يىغا-زارە، ئاھ-پەرياد، ماتەم ئېلىپ كەلگەنلىكىدەك ئېچىنىشلىق ۋەقەلەرنى تەسۋىرلىگەن. سالىھ شېئىرلىرىدىكى بۇ خىل ئالاھىدىلىك، ئەينى دەۋر ئىجتىمائىي شارائىتىنى، جەمئىيىتىنى تەتقىق قىلىشتا بىزنى مۇھىم تەپسىلاتلار بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

ئۇنىڭ شېئىرلىرى تىلىنىڭ ئاممىباپلىقى، شېئىرىي پىكرىنىڭ روشەنلىكى، بەدىئىي ۋاسىتىلارنىڭ مۇۋاپىق ئىشلىتىلگەنلىكى، ۋەزىن ۋە شېئىر شەكىللىرىنىڭ كۆپ خىللىقى بىلەن مۇھىم بەدىئىي قىممەتكە ئىگە.

(«بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 8- يىل نەشرى 21- سانىدىن قىسمەن ئۆزگەرتىپ ئېلىندى).

بولۇپ توخۇ-ئۆردەك چۈجىلىرىنى قاماللاپ قىچىشقا باشلاپتۇ. بىر بوۋاي چۈجىلەرنى قوغداش ئۈچۈن ئاسماندا لەيلەپ يۈرگەن سالارنى «تاخ! سا، تاخ! سا» دەپ ئۈركۈتكەنىكەن، ئۇنىڭغا «تاخ! سا» دەپ لەقەم سىڭىپ ئۇنىڭ بالا - چاقىلىرىغا مىراس قېلىپ، كېيىنچە مەھەللىنىڭ نامىغا ئايلىنىپ قاپتۇ.

ھازىر بۇ كەنتتە بەش مەھەللە، 256 ئائىلە، 1053 نوپۇس. 1637 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## شائىر موللا سالىھ

شائىر موللا سالىھ 1742 - يىلى تاخسا كەنتىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ قاچان ۋاپات بولغانلىقى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات يوق.

1855 - يىلى موللا ئىمىن ۋە موللا ياقۇپ ئىسىملىك خەتتاتلار تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن چوڭ ھەجىملىك بىر قولyازمىغا موللا ھەيدەر، موللا نىياز، موللا سالىھ قاتارلىق ئۈچ نەپەر شائىرنىڭ ئىپىك داستانلىرى ۋە بىر قىسىم لىرىك شېئىرلىرى كىرگۈزۈلگەن.

بۇ يىگانە قولىيازمىدىكى موللا سالىھنىڭ غەزەل، مەسنىۋى، مۇرەببەھ، مۇخەممەس، مۇستەھزاد ۋە كىچىك تىپتىكى شېئىرلىرى 3500 مىسراغا يېتىدۇ.

شائىر ئۆزىنىڭ يارقىن، تاتلىق شېئىرلىرىدا، ئەزىز دوستلىرىنى، سۆيۈملۈك يۇرتىنى تىلغا ئالغان. يەنى:

ئەلچى يۇرتىبان قاراقاش بىلەن شەھەر،
بارچە قاراقاش ئەھلىغە ئول كۈنى يەتتى خەۋەر.

ئۇ يەنە «دوستلار بايانى» سەرلەۋھىلىك شېئىرىدا:

بەگ ھاجىنىڭ قەبرىسى سالا ئېتىزلىق ئوتتۇرىسىدا ھازىرمۇ يەككە - يېگانە چوقچىيىپ تۇرماقتا.

چوڭ مەسچىتنىڭ يېنىدىكى قەدىمكى قەبرىستانلىقتا ئەڭ بۇرۇن، بۇددىزىم قوشۇنلىرى بىلەن جەڭ قىلىش داۋامىدا شېھىت بولغان ئەرەبىستانلىق 17 ياشلىق مىرزا گالان (باش كاتىپ) قاتارلىق ئىككى كىشى دەپنە قىلىنغانىكەن. 1935 - يىلى ماكۇي ئۈستىگە يار كېتىپ بۇ مازارنى بۇزۇۋەتكەن بولسىمۇ، 1940- يىلى لوپ ناھىيىسىنىڭ يۇرۇڭقاش يېزىسىدىن سەئىد جالالىددىنخان ئىسىملىك كىشى كېلىپ كۆپ پۇل خەجلەپ بۇ مازارنى ياساپ ئەسلىگە كەلتۈرۈپ قويغانىكەن.

1985- يىلى بۇ كەنتنىڭ نامى ئەسلىدىكى ئىسمى بىلەن «بازاربويى» دەپ قايتا مۇقىملاندى.

ھازىر بۇ كەنتتە بەش مەھەللە، 300 ئائىلە، 1018 نوپۇس، 970 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## بۇدۇشۇق

بۇ جاي ئەسلىدە بۇدۇشقاق بىلەن قاپلانغان ئوتلاق بولۇپ، دەسلەپتە يەر ئاچقان كىشىلەر بىر قەدەمدە بىر توختاپ كىيىملىرىگە چاپلىشىۋالغان بۇدۇشقاق ئۇرۇقلىرىنى ئاجراتقانلىقتىن بۇ يەر «بۇدۇشقاقلىق» دەپ ئاتالغانىكەن. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن «بۇدۇشقاقلىق» دېگەن ئاتالغۇ كىشىلەر تىلىدا «بۇدۇشۇق» بولۇپ ئۆزلىشىپ قاپتۇ.

بۇ كەنتتە ھازىر سەككىز مەھەللە، 336 ئائىلە، 1332 نوپۇس، 1700 مو تېرىلغۇ يەر بار.

بۇ كەنتتە «پاكار» دەپ ئاتىلىدىغان بىر مەھەللە

## بازار بويى

مەن 8- ئاينىڭ 17- كۈنى (پەيشەنبە) بۇ كەنتنى زىيارەت قىلدىم. بۇ جايدا قاچان، كىمنىڭ باشچىلىقىدا بازار بىنا بولغانلىقىنى ھېچكىم ئېيتىپ بېرەلمىدى. بۇ كەنتتىكى مەسچىتنىڭ ئىمامى، 83 ياشلىق مۇھەممەتئىمىن ھاجىمنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە، بۇ بازار نىياز بەگ ھاجىمنىڭ ئايۋان- سارايلىق كاتتا ئۆيلىرىگە ئورۇنلاشقان 8- رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئەمەلدىن قالغاندىن كېيىن 1958 - يىلدىن باشلاپ كۈيا يېزىسىغا يۆتكىلىپ يەنىلا سەيشەنبە كۈنلۈكتە قىزىماقتا.

ئەسلىدە بۇ جايلاردىكى ئېتىزلىقلارنىڭ يېرىمى، بازاردىكى دۇكانلارنىڭ تولىسى گۆك ئەۋلادىدىن بولغان سوپى بەگ، ئەپرۇز بەگلەرنىڭ مۆتىرەمخان ھاجى، چولپانىخان ھاجى، مۇھەممەتخان غوجا ئاتلىق بالىلىرىنىڭ مۈلكى بولۇپ، بەھرام سوپى، ماكۇي ئۆستەڭلىرىدىن سۇ ئىچىپ كۆكلىگەن يۇرتلارنى باشقۇرغان نىياز بەگ ھاجى دېگەن كىشى بىر مو يەرنى 300 چارەك باھا بىلەن 1930- يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە سېتىۋالغانىكەن. ئازادلىقتىن كېيىن نىياز بەگ ھاجىنىڭ تەركىبى زومىگەر مۇقىمدىلىپ، 1951- يىلى ئەتىيازدا پۇرچاقچى يېزىسىنىڭ كاسا جۈمە بازىرى دېگەن يېرىدە 70 يېشىدا مىلتىق بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى. ئۇنىڭ بالىلىرى جەسەتنى يۆتكەپ كېلىپ بۇ كەنتتىكى مازارلىققا دەپنە قىلدى. بۇ مازارلىق 1960 - يىللىرى تۈزلىنىپ تېرىم قىلىنغان بولسىمۇ، نىياز

مۇھەممەت ئىۋەز ئىبنى مەۋلانە سەدىردىن قاراقاش— ئىلىم سۆيەر ئاتىسىنىڭ بىۋاستە تەربىيەسى ۋە ئائىلىسىدىكى قويۇق ئىلمىي مۇتالىئە مۇھىتىدا ئۆسۈپ - يېتىلگەن ئالىم ۋە شائىردۇر. ئالىمنىڭ تەپسىلىي ھاياتى توغرۇلۇق ئېنىق ئۇچۇر يوق.

ئالىمنىڭ بىزگىچە يېتىپ كەلگەن ئەسەرلىرىدىن «مەخدۇم ئەزەم» ناملىق تارىخىي كىتابى، «مەجمۇئەتول ئەھكام» ناملىق ئاسترونومىيە، ئىلمىي ھېساب، ئىلمىي تىبابەت، جۇغراپىيە، پسىخولوگىيە ۋە تارىخ پەنلىرىگە ئائىت ئىلمىي - تەھلىلىي كۆز قاراشلاردىن جەمئىي قىلىنغان 14 بابلىق ئەسىرى ۋە بىر قىسىم شېئىرلىرى مەلۇم.

ئالىمنىڭ «مەخدۇم ئەزەم» ناملىق ئەسىرى 17-، 18- ئەسىرلەردە شىنجاڭدا بولۇپ ئۆتكەن زور سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋەقەلەر ۋە تارىخىي شەخسلەر توغرىسىدا يېزىلغان تارىخ تەزكىرە كىتابىدۇر.

يۇقىرىقىدەك ئىلمىي ئەمگەكلىرى بىلەن ئۆچمەس ئىز قالدۇرغان ئالىم مۇھەممەت ئىۋەز قاراقاشىنىڭ نامى ئېلىمىزنىڭ «بۈيۈك جۇڭگو قامۇسى» غا كىرگۈزۈلدى.

ئومۇمەن، بۇ ئاتا - بالا ئالىملارنىڭ ئىلمىي ئەمگەكلىرى مەدەنىيەت تارىخىمىزنىڭ 17-، 18 - ئەسىرلەردىكى تەبىئىي پەنگە ئائىت نوپۇزلۇق يادىكارلىقلىرىدىن بولۇپ، شۇ ساھەگە مۇناسىۋەتلىك تەتقىقاتىمىزدا مۇھىم مەنبەلىك رول ئوينايدۇ.

---

**ئىزاھات:**

قاراقاش ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئىقتىساد كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى مۇھەممەت جۇمە ئۆزىنى مەۋلانە سەدىردىننىڭ بەشىنچى ئەۋلادى ھېسابلايدۇ. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، مەۋلانە سەدىردىننىڭ دادىسى مىسىردىن كۆچۈپ كەلگەنىكەن. بۇ جەمەتنىڭ ھازىرمۇ مىسىردا ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بار ئىكەن. دۆلىتىمىزدە ئىسلاھات - ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ خەت - ئالاقىسى ئەسلىگە كېلىپ، بۇ جايدىن بىر كىشى مىسىرغا بېرىپ ئولتۇراقلىشىپتۇ، ئاتا - بالا ئالىملارنىڭ قەبرىستانلىقى موغاللا مەھەللىسىدە ھازىر ئەينەن ساقلىنىۋېتىپتۇ. ئۇلارنىڭ تىبابەتچىلىككە دائىر بىر پارچە كىتابىنى مۇھەممەت جۇمە ساقلاۋېتىپتۇ.

بار. بۇ يەردە دەسلەپتە ئولتۇراقلاشقان بىر ئائىلىنىڭ كىشىلىرىنىڭ بويى پاكار بولغانلىقتىن ئۇنىڭ مەھەللىسى پاكار دەپ ئاتالغانىكەن.

## ئاتا - بالا ئالىملار

17- ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 18 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بۇدۇشۇق كەنتىگە قاراشلىق مۇغاللا مەھەللىسىدە ياشاپ ئۆمرىنى ھەر قايسى پەنلەر بويىچە ئىلمىي ئىجتىھات ۋە ئىجادىيەت بىلەن ئۆتكۈزگەن ئاتا- بالا ئالىم مەۋلانە سەددىرىدىن قاراقاش ۋە مۇھەممەت ئىۋەز قاراقاش بىر پۈتۈن ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى ئېيتىش ۋە گۈللەندۈرۈشكە ئۆچمەس تۆھپە قوشقان مۆتىۋەر ئالىملارنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

مەۋلانە سەددىرىدىن— ئۆز دەۋرىنىڭ يىتۈك مۇدەررىس- لىرىدىن بولۇپ، ئەل ئىچىدە كەڭرى نەزەر دىنىي ئۆلىما سۈپىتىدە ئەل قايىل دىنىي ئەخلاقىي تەلىماتلىرى بىلەن شۆھرەت تاپقانىدى. ئالىمنىڭ يەنە جاي - جايلاردىن ئىلىم تەلەپ قىلىپ كەلگەن شاگىرت - تالىپلىرى بولۇپ، بۇ ھال ئالىمنى ئەل ئىچىدە «مەۋلانە» دېگەن ھۆرمەتلىك ئىلمىي ئۇنۋانغا مۇشەررەپ قىلدى. بۇ ئالىم دىنىي مەش- غۇلات تالىپلارغا ئىلىم ئۆگىتىش بىلەن بىرگە، ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ھەرىكىتى ۋە يەر تەۋرەش ئىلمى ھەققىدە ئىلمىي ئەسەرلەرنى يازغان. بۇ ئەسەرلەردىن بىزگىچە يېتىپ كەلگىنى— كۈن، ئاي، پەسىل، يەر تەۋرەش قاتار- لىقلار ھەققىدىكى ئومۇمىي ساۋاتلار ۋە پالچىلىققا ئائىت بەزى چۈشەنچىلەرنى ئۆزىگە جەم قىلغان 126 بەتلىك «نورۇز نامە» ناملىق قول يازمىدىن ئىبارەت. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە قانداق ئەسەرلىرىنىڭ بارلىقى ۋە قاچان تۇ- غۇلۇپ، قاچان ۋاپات بولغانلىقى ھەققىدە پاكىتلىق ماتېرىيال يوق.

يىلى 8 - ئاينىڭ 17 - كۈنى سۆزلەپ بەردى).

ھازىر بۇ كەنتتە بەش مەھەللە، 180 ئائىلە، 797 نوپۇس، 835 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## قارىلا

8 - ئاينىڭ 17 - كۈنى مەن باش قارىلا كەنتىدە ئولتۇرۇشلۇق ئىزامىدىن ئاخۇن (75 ياش)، سادىر ئاخۇن (87 ياش) ۋە تۇرسۇننىياز كامال بىلەن ئەھۋاللاشتىم. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە، «قارىلا» دېگەن سۆز، «قارا - ئالا» دېگەن ئاتالغۇنىڭ ئۆزگەرگەن تەلەپپۇزى ئىكەن.

تەخمىنەن 800 يىل ئىلگىرى بۇ جاينى دەسلەپتە ماكان تۇتقان كىشىلەر بىر - بىرىگە قارا نىيەت بىلەن مۇئامىلە قىلىپ كۆپ قېتىم ئۇرۇش - جېدەل بولغانىكەن. زىددىيەتلىشىپ قالغانلارنى ياخشى كىشىلەر ياراشتۇرۇپ قويغان بولسىمۇ، بۇلار گېپىدە تۇرماي، ئالدىدا باشقا، كەينىدە باشقا گەپ قىلىپ ماجرا تۇگىمىگەنلىكتىن بۇلارغا «قارا - ئالا» دېگەن لەقەم سىڭىپ قالغانىكەن.

بۇ يۇرتتا خىتاي لەقەملىك بىر جەمەت ياشىغانىكەن. ھەرەمدىن كەلگەن بىر زات بۇ جايدىن ئۆتكەندە بىر تۇغقان ئۈچ كىشى ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ سالام بېرىپتۇ. ھەرەملىك زات ئۇلارنىڭ ئىسمىنى سوراپتۇ، ئوتتۇرانچىسى چوڭىنى كۆرسىتىپ:

— بۇنىڭ ئېتى پىر خىتاي، - دەپتۇ. كىچىكى ئوتتۇرانچى ئاكىسىنى كۆرسىتىپ:

— بۇنىڭ ئېتى غېنى خىتاي، - دەپتۇ. چوڭ ئاكىسى كىچىك ئۇكىسىنى كۆرسىتىپ:

# چاقار

نەچچە يۈز يىللار ئىلگىرى تەرەپلەردىن كەلگەن، تېگى يات بىر نەچچە ئائىلىلىك كىشى ئۆز ئارا پۈت تېپىشىپ ياشايدىكەن. قوشنىسىنىڭ ئۆيدە يوقۋاقتىدىن پايدىلىنىپ ئۇنىڭ قوناقلىقىغا بىر كىشى قوي-كاللىرىنى قويۇپ بېرىپتۇ. قوشنىسى كەچتە پەيدا بولۇپ بۇ كىشىدىن:

— قوناقلىقىمىزغا مال قويۇپ بەرگەن قايسى نائەھلى؟ سىلە كۆردىلىمۇ؟ - دەپ سوراپتۇ. بۇ كىشى ئۆزىنى يوشۇرۇپ گۇناھنى يەنە بىر قوشنىسىغا دۆڭگەپ قويۇپتۇ. بۇ مەھەللىدە بىرىنى-بىرىگە چاقىدىغان ئىللەت شۇ چاغدىن باشلىنىپ بۇ مەھەللە چاقار دەپ ئاتىلىپتۇ. بۇ يەردە چېقىمچىلىق ئىللىتى تارىختىن بۇيان تۈزەلمەي داۋاملىشىپ كېلىۋاتقانلىقىغا مىساللار تېپىلىدىكەن.

1977 - يىلى بىر نەپەر باج خادىمى يوشۇرۇۋېلىنغان باجنى ئېنىقلاش ئۈچۈن بۇ كەنتكە كەپتۇ. دەسلەپتە بىر كىشىنىڭ ياغاچ سېتىپ باج تاپشۇرمىغانلىقى پاش بوپتۇ. بۇ كىشى باج خادىمىغا:

— باج يوشۇرغانلار يالغۇز مەن ئەمەس، - دەپ قوشنىسىنىڭ قۇدىلىرىنى مېھمانغا چاقىرغاندا ئۆلتۈرگەن قويغا قان بېجى تۆلىمىگەنلىكىنى پاش قىپتۇ. شۇنداق قىلىپ بىر - بىرىنى چىشلەپ-تارتىشىپ بۇ كەنتتە باج يوشۇرغانلار تولۇق پاش بولۇپ، تولۇقلاپ يىغىۋېلىنغان باج 7000 يۈەندىن ئېشىپتۇ. باشقا ھېچقانداق كەنتتە 1000 يۈەنگىمۇ يەتمەپتۇ (يۇقىرىدىكى ۋەقەلەرنى بۇ جايدا 71 يىل خىزمەت قىلغان، قارىلا كەنتىدە ئولتۇرۇشلۇق 68 ياشلىق تۇرسۇنىياز كامال ئۆزىنىڭ ئۆيىدە 1995 -

— بىلدىم، ئۆزلىرى ھېلىمشا خىتاي، — دەپتۇ ھې-
لىمشا بەگ:

— مانا بۇ جاۋابىڭ دۇرۇس. بولمىسا يەيدىغان تا-
ماقىڭ يەنە بار ئىدى،— دەپ قورسىقىنى تويغۇزۇپ كەت-
كۈزۈۋېتىپتۇ. ھېلىمشا بەگ زالىم، باغرى قاتتىق ئادەم
بولۇپ، نۇرغۇن كىشىلەرنى ناھەق يىغلاتقانلىقتىن، ئۇ-
لارنىڭ ئاھى تۇتۇپ، ئۆلگەندىن كېيىن ئۈچىنچى كېچىسى
گۆرىگە ئوت كەتكەنمىش. ئۇنىڭ ئوغلى نىياز بەگ ھاجى-
نىڭ كىشىلەرگە خەيرخاھلىق قىلىشى دادىسىنىڭ گۆ-
رىگە ئوت كەتكەنلىكىدىن ئىبرەت ئالغانلىقىنىڭ نەتى-
جىسى ئىمىش. نىياز بەگ ھاجىنىڭ ئوغلى— خىتاي لە-
قەملىكلەرنىڭ ئاخىرقى ھايات ئەۋلادى ئەخمەتخان ھاجىم
بۇ يىل 60 ياشتا بولۇپ، خوتەن ۋىلايەتلىك پوچتىخانى-
نىڭ ئالدىدا خەتچىلىك قىلىۋاتىدۇ.

ئەسىرلەر داۋامىدا بۇ يۇرت شەرقتىن-غەربكە كېڭى-
يىپ بارغانلىقتىن خەلق ئاغزىدا باش قارىلا، ئوتتۇراقا-
رىلا، تۆۋەن قارىلا دەپ ئاتالسىمۇ، ئىككى مەمۇرىي كەنت
قىلىپ باشقۇرۇلماقتا. (كۇيا يېزىسىدىكى قارىلا كەنتىمۇ
بۇ يۇرتنىڭ داۋامىدۇر.

1996 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا تۆۋەن
قارىلا كەنتىدە ئالتە مەھەللە، 226 ئائىلە، 889 نوپۇس،
813 مو تېرىلغۇ يەر، 2016 تۇياق چارۋا بار.

بۇ كەنتتە بويىنىڭ پاكارلىقى ئەۋلادمۇ - ئەۋلاد مى-
راس قېلىپ كېلىۋاتقانلىقى ئۈچۈن پاكار دەپ ئاتىلىپ
كېلىۋاتقان بىر مەھەللە بار.

— بىزنىڭ ئېتى قاۋۇل خىتاي، — دەپتۇ. ئەتراپتا بۇ جاۋابلارنى ئاڭلاپ تۇرغانلار، شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇلارغا خىتاي دەپ لەقەم قويۇپتۇ. بۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بولغان ھېلىمشا ئىسىملىك كىشى 1850 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە قاراقاشقا بەگ بولۇپ قاراقاشنىڭ خوتەنگە تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك باج - سېلىقىنى ھۆددە ئالغانىكەن. بىر يىلى يازدا ماكۇي ئۆستەڭدە لىقمۇ لىق سۇ ئېقىپ، نەچچە يۈز كىشى ھېلىمشا بەگنىڭ نازارىتى ئاستىدا ئۆستەڭنىڭ قېشىنى ئېگىزلەۋاتقاندا بىر كىشى يولدىن ئۈنلۈك ناخشا ئېيتىپ ئۆتۈپتۇ. ھېلىمشا بەگ ئۇنى چاقىرىپ:

— شۇنچە جىق ئادەم ھېرىپ - ئېچىپ ئىشلەۋاتسا، سەن قايسى خۇشلۇقىڭغا ناخشا ئېيتىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ. ئۇ كىشى:

— مېنىڭ نېمە كارىم؟ مېنىڭ ئېتىزلىقىم بۇ ئۆستەڭدىن سۇ ئىچمەيدۇ، — دەپتۇ. بەگنىڭ بۇيرۇقى بىلەن بىر نەچچە كىشى بۇ ئادەمنى باغلاپ يىقىتىپ ئۈجمە تايىقى بىلەن ئون قېتىم ئۇرۇپتۇ. بەگ ئۇنىڭدىن:

— بىلدىڭمۇ، مەن كىم؟ — دەپ سوراپتۇ. ئۇ كىشى:

— بىلدىم، ئۆزلىرى ھېلىمشا بەگ، — دەپتۇ. بەگ ئۇنى يەنە ئون قېتىم ئۇرغۇزغاندىن كېيىن:

— ئەمدى بىلدىڭمۇ، مەن كىم؟ — دەپ سوراپتۇ. ئۇ كىشى:

— بىلدىم، ئۆزلىرى ھېلىمشا بەگ، — دەپتۇ. بەگ 3 - قېتىم ئۇنى ئۇرغۇزغاندىن كېيىن:

— ئەمدىچۇ مېنىڭ كىملىكىمنى بىلگەنسەن؟ — دەپ سوراپتۇ. ئۇ كىشى بىرسىنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ ئۆگىتىپ قويغىنىنى بويىچە:

ئۆستەڭدىن سۇ كېلىدىغان مەخسۇس ئېرىقنى چېپىپ «ئالتۇنچى ئېرىق» دەپ ئاتاپتۇ، 1850 - يىللىرى بۇ يۇرت «ئالتۇنچى» دېگەن نام بىلەن باشقا جايلارغا تونۇلۇپتۇ.

1984 - يىلى گوڭشې يېزىغا ئۆزگەرتىلىپ يېزىلارنىڭ چېگرىسى قايتا مۇقىملانغاندا بۇ جاي ماڭلاي يېزىسىغا تەۋە بولدى.

ھازىر بۇ كەنتتە بەش مەھەللە، 259 ئائىلە، 1220 نوپۇس، 903 مو تېرىلغۇ يەر بار.

بۇ كەنتتە پاقلان دەپ ئاتىلىپ كېلىۋاتقان بىر مەھەللە بار. بۇ يەرگە ئەڭ بۇرۇن كۆچۈپ كەلگەن كىشىلەر پاقلاننى كۆپ باققانلىقى ئۈچۈن بۇلارغا پاقلان دەپ لەقەم قويۇلغانىكەن.

## قاياش

بۇ نام — بۇ جايدىكى كىشىلەرنىڭ ئەزەلدىن بىر - بىرىگە يار - يۆلەك بولغانلىقى، قايغۇ ھەم خۇشاللىقتا ئورتاقلىشىپ كەلگەنلىكىدىن كېلىپ چىققانىكەن.

بۇ كەنتتە ھازىر تۆت مەھەللە، 146 ئائىلە، 610 نوپۇس، 554 مو تېرىلغۇ يەر بار.

بۇ كەنتتە بىر ئۆستەڭنىڭ سۈيى ئىككىگە بۆلۈنۈپ ئاققان قولتۇقتا ئورۇنلاشقانلىقتىن ئايرىش دەپ ئاتىلىپ كېلىۋاتقان بىر مەھەللە بار.

## قاقلىق

بۇ يەردە ئولتۇراقلاشقان كىشىلەر شاپتۇلنى كۆپ يېتىشتۈرۈپ، قاقنى كۆپ قۇرۇتقانلىقتىن بۇ جاي قاقلىق دەپ ئاتالغانىكەن.

بۇ كەنتتە ھازىر سەككىز مەھەللە، 354 ئائىلە، 1756 نوپۇس، 1305 مو تېرىلغۇ يەر بار.

بۇ كەنتتە بۇرۇندىن تارتىپلا قەبرىلەرنى يۇمىلاق ھەم چوڭ ياسىغانلىقى ئۈچۈن گۈمبەز دەپ ئاتىلىپ كېلىۋاتقان بىر مەھەللە بار.

## قۇرغۇي

بۇرۇنقى زاماندا قۇرغۇينى بېقىپ كۆندۈرگەن بىر ئائىلە ماكانلاشقان بۇ جاي قۇرغۇي مەھەللە دەپ ئاتالغانىكەن. كەنت ئىشخانىسى بۇ مەھەللىگە سېلىنغانلىقتىن، ئەتراپىدىكى ئىككى مەھەللە بىلەن قوشۇلۇپ، 1984 - يىلدىن باشلاپ قۇرغۇي كەنتى دەپ ئاتالدى.

1996 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا بۇ كەنتتە تۆت مەھەللە، 235 ئائىلە، 1028 نوپۇس، 895 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## ئالتۇنچى

ئۇلۇغ ھەزرىتىم① سوپى-مۇرتلىرىنىڭ تەكلىپى بىلەن بۇ جايغا چىقىپ تېرەك - سۆگەتلەر سايە تاشلاپ تۇرغان كۆلنىڭ بويىدىكى مەسچىتنى كۆرۈپ «ئالتۇندەك جاي ئىكەن» دەپتۇ. ئالتۇنچى دېگەن ئاتالغۇ شۇنىڭدىن كېلىپ چىققانىكەن. كېيىنچە بۇ مەھەللىنىڭ ئادەملىرى ماكۇي

① قاراقاش بازىرى ئويباغ كەنتى توغرىسىدىكى بەتلەرگە قاراڭ.


# پورچاقچى يېزىسى

مۇھەممەتئىمىن قۇربان، روزىمۇھەممەت مۇتەللىپ

بۇ يېزا ناھىيىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا ئورۇنلاشقان تەكشى بوستانلىق بولۇپ، يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى ئورگىنى پورچاقچى كەنتىگە سېلىنغانلىقتىن پورچاقچى يېزىسى دەپ ئاتالدى. ناھىيە مەركىزى بىلەن ئارىلىقى ئاتتە كىلومېتىر كېلىدۇ. شىمالدا قاراساي، غەربىي جەنۇبتا كۇيا، شەرقىي جەنۇبتا ماڭلاي، شىمال ۋە شەرقتە توۋەت ۋە قويچى يېزىلىرى بىلەن، شەرقىي شىمال تەرەپتە قاراقاش بازىرى بىلەن چېگرىلىنىدۇ.

بۇ يېزا ئىلگىرى كۇيا مىڭلىكىگە تەۋە بولدى، قاراقاش ناھىيىسى تەسىس قىلىنغاندىن كېيىن باش كۇيا مىڭلىكىگە تەۋە بولدى.

1937-يىلىدىن كېيىن بىر قىسمى 3-رايونغا، يەنە بىر قىسمى 5-رايونغا تەۋە بولدى. 1944-يىلىدىن كېيىن «ئىشەنچ»، «باياشات»، «خاتىرجەملىك» دىن ئىبارەت ئۈچ يېزا بولدى. 1948-يىلى «ئىشەنچ» يېزىسىغا بىرلەشتۈرۈلۈپ پورچاقچى، كاسا، قۇدۇقلا، توگمەنېرىق، جاي، بودا، كاسا، شاخلىق كەنتلىرىنى باشقۇردى. ئازادلىقتىن كېيىن 9-رايون بولۇپ قۇدۇقلا، پورچاقچى، باشجاي، ئاياغجاي، كاسا، توگمەنېرىق يېزىلىرىنى باشقۇردى. 1956-يىلىدىن كېيىن 8-رايون بولۇپ، يۇقىرىدىكى ئالتە يېزىنى ئۆز ئىچىگە ئالدى. 1958-يىلى 9-رايون بىلەن قوشۇلۇپ «راكېتا» گۇڭ-


بوچاقچی یرلسی
1:50000
قویوچی یرلسی

17. دۆڭجاي
18. باشجاي
19. ئاياغجاي
20. بۇدا شاخلىق
21. كاسا شاخلىق
22. يېڭىگۆل
23. ئۆجمىلىك
24. قىردۆك
25. باشچەندۇك
26. ئاياغچەندۇك
27. باشئويكۆل
28. ئوتتۇرائويكۆل
29. ئاياغئويكۆل

چىگرىداش يېزىلاردىن خەرىتىگە چۈشكەن كەنتلەر

قويچى يېزىسىدىن:

30. يېڭىگۆل
31. توپلۇق
32. باچۇق
33. دۆڭئېرىق
34. شاپىقى
35. قازاقلا

ماڭلاي يېزىسىدىن:

36. چىنىباغ
37. ئاقتام
38. پاقلان
39. باشقارىلا
40. ئاياغقارىلا
41. قۇرغۇي

كۇيا يېزىسىدىن:

42. يىلغا
43. قارىلا

قاراقاش بازىرىدىن:

44. قازان

## كۆلئېرىق

85 ياشلىق ماخسۇت قارىم، 78 ياشلىق ئەخمەتسەيدى ھاجىم ۋە 70 ياشلىق مەتناسىر ئاخۇن قاتارلىق مويسىپىتلارنىڭ ئىسپاتلىشىچە، تەخمىنەن 450 يىل ئىلگىرى بۇ جايدىن كېسىپ ئۆتكەن ئېرىقنىڭ باش ۋە ئاياغ تەرىپى دۆڭ، ئوتتۇرىسى ناھايىتى پەس ئىكەن. بۇ يەردىكى

شېسى قۇرۇلدى. 1978-يىلى پۇرچاقچى گۇڭشېسى، 1984-يىل-
دىن كېيىن پۇرچاقچى يېزىسى دەپ ئاتالدى.

بۇ يېزىنىڭ تۇپرىقى ئۈنۈملۈك، سۈيى مول، ئاھالىسى زېچ بولۇپ، تەبىئىي كىلىماتى پاختىچىلىقنى، پىلىچىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشقا تولىمۇ باب كېلىدۇ.

1996-يىلىنىڭ ئاخىرىدا بۇ يېزىدا 135 مەمۇرى مەھەللە، 29 مەمۇرىي كەنت، 6667 ئائىلە، 28مىڭ 11 نوپۇس، 33 مىڭ 25 مو تېرىلغۇ يەر بار. پۈتۈن يىللىق ئاشلىق مەھسۇلاتى 11 مىليون 638 مىڭ 963 كىلوگرامغا يېتىپ بۇلتۇرقىدىن 0.45% ئاشتى. پاختا (چىگىتسىز)555 مىڭ 156 كىلوگرامغا تۆۋەنلەپ، بۇلتۇرقىدىن 55 مىڭ 698 كىلوگرام كېمەيدى، پىلە 45 مىڭ 740 كىلوگرامغا مۇقىمدالدى.چارۋا 59 مىڭ 547 تۇياققا يېتىپ، بۇلتۇرقىدىن 7.22% ئاشتى. كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىم 492 يۈەنگە تۆۋەنلەپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 23 يۈەن ئازايدى.

### پۇرچاقچى يېزىسىدىكى كەنتلەرنىڭ ناملىرى

⊙ **پۇرچاقچى يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى ئورگىنى**

1. كۆلئېرىق
2. باشقۇدۇقلا
3. ئالتۇنچى
4. باشپۇرچاقچى
5. ئوتتۇرا پۇرچاقچى
6. ئاياغپۇرچاقچى
7. ئاياغقۇدۇقلا
8. جۈمە بازار
9. بودا
10. باش تۆگمەنئېرىق
11. باشياغاچچى
12. ئوتتۇرا ياغاچچى
13. ئاياغياغاچچى
14. ئاياغتۆگمەنئېرىق
15. دۆڭ ئاچما
16. ھۆيلاكۆل

ھەللەردە ئۆيلىرىنىڭ يېنىغا كولىنىۋالغان قۇدۇقنىڭ سۈيى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ۋە چارۋىلىرىنىڭ ئېھتىياجىنى قامدايدىكەن. بۇنداق قۇدۇقلار ھەممە ئۆينىڭ ئالدىدا بولغانلىقتىن قۇدۇقلا دەپ ئاتالغانىكەن. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ مەھەللىدە ئادەم - ئۆيلەر كۆپىيىپ ئاياغ تەرەپتىكى ئوتلاقتا يەر ئېچىپ، ئېرىق كولاپ ماكان - مەھەللە پەيدا قىپتۇ. ھازىر بۇ يۇرت باشقۇدۇقلا، ئاياغقۇدۇقلا دەپ ئىككى مەمۇرىي كەنتكە بۆلۈپ باشقۇرۇلماقتا.

باشقۇدۇقلا كەنتىدە ھازىر ئالتە مەھەللە، 362 ئائىلە، 1779 نوپۇس، 1551 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## پېشقەدەم ژۇرنالىست — مەتتىمىن بارى

يولداش مەتتىمىن بارى 1939 - يىلى باشقۇدۇقلا كەنتىدە تۇغۇلدى. ئۇنىڭ دادىسى بارى ئاخۇنۇم دېھقانچىلىق ئالدىراش بولمىغان ۋاقىتلىرىدا خەتتاتلىق، ناۋايى قاتارلىق ئەدىبلەرنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان، ئىلغار پىكىرلىك ئۆلىما كىشى ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەتىۋارلىق ئوغلىنى ئاۋۋال دىنىي مەكتەپتە، كېيىن پەننىي مەكتەپتە ئوقۇتتى.

مەتتىمىن بارى 1959 - يىلى خوتەن ۋىلايەتلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتە تۇنجى قارارلىق ئوقۇش پۈتتۈرۈپ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا قوبۇل قىلىندى، 1964 - يىلى ئوقۇش پۈتتۈرۈپ «تارىم» ژورنىلىغا خىزمەتكە تەقسىم قىلىندى. شۇ چاغدىن باشلاپ ئۇنىڭ ژۇرنالىستلىق — مۇھەررىرلىك ھاياتى باشلاندى. ئۇ «تارىم» ژورنىلىنىڭ شېئىرىيەت سەھىپىسىنى تەييارلاش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە

سۇ بىر نەچچە كۈن، ھەتتا بىر نەچچە ھەپتە سىڭىپ كەت-
مەيدىكەن، شۇ سەۋەبتىن كىشىلەر بۇ ئېرىقنى «كۆلئېرىق»
دەپ ئاتىغانىكەن. شۇ چاغلاردىن باشلاپ بۇ ئېرىقنىڭ
ئەتراپىدا بارلىققا كەلگەن مەھەللە ـ كەنت «كۆلئېرىق»
دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە.

1996 ـ يىل ئاخىرىدىكى سانلىق مەلۇماتقا ئاسا-
لانغاندا بۇ كەنتتە تۆت مەھەللە، 198 ئائىلە، 750 نو-
پۇس، 821 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## كۆچۈك لەقەملىكلەر

تەخمىنەن 400 يىل ئىلگىرى ئەدىللا
ئىسىملىك كىشى يۇرت ئاقساقىلى بولغاندىن باش-
لاپ ئەمەل تاجىسى بۇ كىشىنىڭ ئەۋلادلىرىغا مەنسۇپ بو-
لۇپ كەپتۇ. بۇلار كىشىلەرنى قاۋاپ (تىللاپ) قورقىتىپ-
قاقشىتىپ ياشىغانلىقتىن «كۆچۈكلەر» دېگەن لەقەمگە
ئىگە بولغانىكەن، كۆچۈك لەقەملىكلەردىن ھازىر 43 ئا-
ئىلە بار. بۇ كەنتتە يەنە 25 ئائىلىلىك ياغاچ لەقەم-
لىكلەر، 20 ئائىلىلىك خورجۇن لەقەملىكلەر بار.

ئۆجمە قوۋزىقىدىن خام قەغەز ياساش — بۇ كەنتتى-
كى كىشىلەر تارىختىن بۇيان شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتقان
كەسپى بولسىمۇ، 1970 ـ يىللىرىدىن كېيىن بۇ كەسىپ
بارا ـ بارا تاشلىنىپ قالدى.

## قۇدۇقلا

130 يىل ئىلگىرى بۇ يەردە ماكانلاشقانلار ئون ئا-
ئىلىگىمۇ يەتمەيدىكەن. بۇلار كەلگەن ۋاقىتتا ئېتىز -
باغلىرىنى بىر نەچچە قېتىم سۇغىرالايدىكەن. باشقا يە-

ماڭلاي يېزىسىدىكى ئالتۇنچى كەنتى بىلەن بىر گەۋدە ئىدى. 1982- يىلى ماكوي ئۆستەڭدىن مەخسۇس بۇ جايغا ئاقىدىغان ئېرىق چېپىپ سۇغىرىشتىكى تەسلىكنى ئاسانلاشتۇردى. 1984- يىلدىن كېيىن پۇرچاقچى يېزىسىغا تەۋە بولۇپ، يەنىلا ئالتۇنچى دەپ ئاتالدى.

1996- يىلىنىڭ ئاخىرىدا بۇ كەنتتە ئۈچ مەھەللە، 171 ئائىلە، 690 نوپۇس، 654 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## پۇرچاقچى

تەخمىنەن 300 يىل بۇرۇن بۇ مەھەللە ھېكىم ئېرىقتىن سۇ ئىچىدىكەن. سۇ تالىشىش جېدىلى تەكرارلىنىۋەرگەنلىكتىن بۇ مەھەللىلىكلەر ئۆستەڭدىن ئۇدۇللاپ ئېرىق چېپىپتۇ. بىر نەچچە كىشى بۇ ئېرىقنى نېمە دەپ ئاتاش توغرىسىدا قوغاچ بېشىدا ئولتۇرۇپ مۇنازىرىلىشىۋاتقاندا ئۆستەڭدە ئېقىپ كېلىۋاتقان بىر توپ پۇرچاقنى قوغاچ شورىۋېلىپ ئېرىققا ئېقىتىپ چىقىرىپتۇ. مۇنازىرىلىشىۋاتقانلار دەرھال ئوخشاش پىكىرگە كېلىپ «پۇرچاق ئېرىق» دەپ ئاتاپتۇ. كېيىنچە بۇ ئېرىقتىن سۇ ئىچىدىغان مەھەللە «پۇرچاقچى» دەپ ئاتىلىپتۇ. يىللارنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ بۇ مەھەللە كېڭىيىپ يۇرتقا ئايلانغانلىقتىن باش پۇرچاقچى، ئوتتۇرا پۇرچاقچى، ئاياغ پۇرچاقچى دەپ ئۈچ مەمۇرىي كەنتكە بۆلۈپ باشقۇرۇلماقتا.

(باش پۇرچاقچى كەنتىدىن ھېمىت ئاخۇن 95- يىلى 11- ئاينىڭ 15- كۈنى سۆزلەپ بەرگەن.)

ھازىر باش پۇرچاقچى كەنتىدە ئالتە مەھەللە، 293 ئائىلە، 1230 نوپۇس، 1129 مو تېرىلغۇ يەر بار.

ئېلىپ ئىشلەش جەريانىدا مۇھەررىرلىك قىلغان شېئىرلاردىن بىر قىسمى ئاپتونوم رايون ۋە مەملىكەت دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

ئۇنىڭ بالىلار ئۈچۈن يازغان شېئىرلىرى — ئىشتىن سىرتقى ئەدەبىي ئىجادىيەت پائالىيىتىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىدۇر. ئۇنىڭ يازغان شېئىرلىرىدىن 300 دىن ئارتۇقى گېزىت - ژۇرناللاردا ۋە «ئۈمىد چېچەكلىرى»، «تەنتەنە»، «بىزنىڭ ئەۋلاد»، «بالىلار ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر»، «سالام يۇلتۇزلار» قاتارلىق كىتاب ۋە مەجمۇئەلەردە ئېلان قىلىندى. ئۇ يازغان شېئىرلاردىن «باغچا بالىلىرى»، «ئاي ماردى تۈڭلۈكتىن»، «مەن مۆكۈشمەك ئوينىدىم» ناملىق شېئىرلار 2 - ۋە 3- دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر ئەسەر مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

يولداش مەتتىمىن بارى 1990- يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە مۇنەۋۋەر مۇھەررىر مۇكاپاتىغا، 1899- يىلى ئۈرۈمچى رادىئو ئىستانسىسىنىڭ «مۇنەۋۋەر مۇخبىر» مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلىرىدىن پايدىلىنىپ «ئۈمىد چېچەكلىرى»، «تەنتەنە»، «يۇرۇڭقاش ناخشىلىرى» قاتارلىق كىتابلارنى تۈزۈپ نەشىر قىلدۇردى.

يولداش مەتتىمىن بارى — ھازىر كاندىدا ئالىي مۇھەررىر، «شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئىتى» نىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى، مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

## ئالتۇنچى

ئالتۇنچى ئېرىقىنىڭ ئايىغىدىكى بۇ جاي ئەسلىدە

40 ئائىلىگە يېتىپتۇ. بۈگۈنكى كۈندە خارەتلەر بۇرۇنقىدەك جىق ئەمەس. 100 يىل ئىلگىرى ئاياللارمۇ ئەرلەرگە ھەمكارلىشىپ ھەرە تارتىپ شال تىلىدىكەن.

(سوپى غوجىكامىنىڭ ئوغلىنىڭ پەيئەۋرىسى 80 ياشلىق ئەخمەتخان ھاجىم 1995-يىلى 11-ئاينىڭ 17-كۈنى سۆزلەپ بەردى.)

### ئەنجان مەھەللە①

بۇ جاي ئەسلىدە قۇملۇق دۆڭلەر ئارىسىدىكى كىچىك مەھەللە بولۇپ، بىر نەچچە ئائىلىلىك كىشى دېھقانچىلىق ھەم چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىكەن. تەخمىنەن 350 يىل بۇرۇن ئەنجانلىق مىرزا مامۇت قاتارلىق ئۈچ كىشى نەچچە ئون تۆگە ئاتلارنى ھەيدەپ كېلىپ بۇ جايدا ماكانلىشىپ قالغانلىقتىن، ئەنجان مەھەللە دەپ ئاتالغانىكەن. مىرزا مامۇتنىڭ 6-ئەۋلادىدىن ھازىر بۇ مەھەللىدە يەتتە ئائىلە، باش پۇرچاقنىڭ تورۇز مەھەللىسىدە بەش ئائىلە بار.

(مىرزا مامۇتنىڭ ئالتىنچى ئەۋلادى 56 ياشلىق ماخمۇت ئاخۇن ئەنجان سۆزلەپ بەردى.)

### ئاقساقال مەھەللە②

تەخمىنەن 250 يىل ئىلگىرى بۇ مەھەللىدە ئولتۇرۇشلۇق ئەيسار ئاخۇن دېگەن كىشى بۇ ئەتراپتىكى بوزچىلەر (ماتا - خام توقۇيدىغانلار) نىڭ ئاقساقىلى بولغانىكەن. بىر ئەۋلاد ئالماشقاندىن كېيىن بۇ جايلاردا خارەتلەر كۆپىيىپ، ئەيسار ئاخۇننىڭ ئوغلى خارەتلەرگە ئاقساقال بوپتۇ. ئاقساقال ئولتۇرۇشلۇق يەر شۇ يىللاردىن باشلاپ ئاقساقال مەھەللە دەپ ئاتال-

---

① ② بۇ ئىككى مەھەللە ئاياغ پۇرچاقچىدا

باش پۇرچاقچىدا ئولتۇرۇشلۇق 80 ياشلىق يۇسۇپ سەيدىنىڭ بوۋىسى— مەتقۇربان ھاجىنىڭ بوۋىسىنىڭ دادىسى مەمەتسالىكام ئوغۇللىرى بىلەن ئېتىزلىقتا ئارپا ئورۇۋاتقاندا، بىر كىشى:

— نېمە قىلىۋاتىلا مەمەتسالىكا؟-دەپ سوراپتۇ . مەمەتسالىكام:

— ئا پورداق، - دەپتۇ. (ئارپا ئوردۇق دېمەكچى).

ئەتراپتىكىلەر «ئاپورداق» نى تەكرارلىشىپ كۈلۈشۈپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن مەمەتسالىكامغا پورداق دېگەن لەقەم سىڭىپ قاپتۇ. 1965 - يىلى بۇكەنتكە چۈشكەن سوتسىيالىستىك تەربىيە ئۆمىكى كادىرلىرى بۇقوپال لەقەمنى «پور» غا ئۆزگەرتىپ قويۇپتۇ. بۇيىل بۇ كەنتتە 20 ئائىلىلىك پور لەقەملىك بار.

ئۇتتۇرا پۇرچاقچىدا خارەت مەھەللە دەپ ئاتىلىدىغان بىر جاي بار. تەخمىنەن 350 يىل ئىلگىرى ئىشانشاھ ئەمەللىك كىشىنىڭ باشچىلىقىدا بەدەخشانلىق 40 كىشى يەكەننىڭ غەدىگەرلىك دېگەن يېرىگە كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلاشقانىكەن. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى سوپى غوجىكام ئىسىملىك كىشى ساياھەت قىلىپ كېلىپ بۇجايدا ماكانلىشىپ قاپتۇ. ئۇ ھەم ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى خارەتچىلىك ھەم دېھقانچىلىقنى تىرىكچىلىك مەنبەسى قىلىپ، دىنىي جەھەتتە خەلىپىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپتۇ. شۇ چاغلاردىن باشلاپ بۇ جاي خارەت مەھەللە دەپ ئاتىلىپتۇ. سىرتتىن كۆچۈپ كەلگەن كىشىلەرنىڭ ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا «خارەت» دېگەن لەقەم قوشۇلىدىغان بوپتۇ. ھازىر بۇ مەھەللىدە سوپى غوجىكامنىڭ ئەۋلادلىرى كۆپىيىپ

نىكەن. غوجا ئالىم ھاجىمنىڭ تەسىرى چوڭراق، بالىلىرى كۆپرەك بولغاچقا بۇجاي كېيىنچە دوك مەھەللە دەپ ئا- تىلىپتۇ. ھازىر بۇ مەھەللىدە دوك لەقەملىك ئون ئائىلە بار. 65 ياشلىق روزاخۇن غوجا ئالىم ھاجىمنىڭ نەۋ- رىسىدۇر.

## جاپپار سالى توغرىسىدا

جاپپار سالى 1934- يىلى12- ئاينىڭ 15- كۈنى باش- پۇرچاقچى كەنتىنىڭ سايلىقئېرىق مەھەللىسىدە تۇغۇلدى. 1943- يىلغىچە ئائىلە تەربىيىسىدە بولۇپ، 1949 - يىلى- غىچە شۇ مەھەللىدىكى دىنىي ۋە پەننىي مەكتەپتە ئوقۇدى. 1951- يىلى 9- ۋە 3- رايونلاردا ئىجارە كېمەيتىشكە قات- نىشىپ، كادىرلىققا قوبۇل قىلىندى. 1952- يىلى خوتەن ۋىلايەتلىك يەر ئىسلاھاتى ئۆگىنىش كۇرسىدا ئوقۇپ، قاراقاشنىڭ داراسكال كەنتىدە يەر ئىسلاھاتىنى سىناق قىلىشقا قاتناشتى. 1954 - يىلى 8 - رايون (ھازىرقى پۇرچاقچى يېزىسى) نىڭ ئىتتىپاق شۇجىسى، 1955 - يىلى رايون باشلىقى بول- دى. 1957- يىلىنىڭ ئاخىرىدا قەشقەردىكى جەنۇبىي شىنى- جاڭ پارتىيە مەكتىپىگە كېلىپ ئىككى يېرىم يىل ئوقۇپ قايتقاندىن كېيىن 1959- يىلىنىڭ ئاخىرىدا «راكېتا»گوڭ- شېنىڭ (ھازىرقى پۇرچاقچى، قويچى يېزىلىرى) مۇئا- ۋىن باشلىقى بولدى. 1965 - يىلى 5 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق چارۋىچى- لىق نازارىتىگە يۆتكىلىپ سىياسىي باشقارمىسىنىڭ مۇ- ئاۋىن باشلىقى، 1984- يىلى كادىرلار باشقارمىسىنىڭ باشلىقى بولدى، 1991- يىلى چارۋىچىلىق نازارىتىنىڭ

غانىكەن. بۈگۈنكى كۈندە بۇ مەھەللىدە خارەتلەر باشقا
مەھەللىدىكىلەردىن خېلى جىق.
(ئەيسار ئاقساقالنىڭ پەي نەۋرىسى ھېزىمكامنىڭ
نەۋرىسى 63 ياشلىق ھېمىت ئاخۇن سۆزلەپ بەردى.)

### كامشۇك مەھەللە ①

بۇ جايدا دەسلەپتە ماكانلاشقان كىشىلەر بازارغا بارسا كاللىپەزلەردىن كالا كاللىسىنىڭ تۇمشۇقىنى سېتىۋېلىپ يېيىشكە ئامراق بولغانلىقتىن كامشۇك دەپ لەقەم سىڭىپ قالغانىكەن.
(ھېمىت ئاخۇن سۆزلەپ بەرگەن).

### دوك مەھەللە ②

تەخمىنەن 180 يىل ئىلگىرى ھېكىماخۇن ئىسىملىك كىشى ماكۇي ئۆستەڭدىن بۇ جايغا ئايرىم ئېرىق چاپتۇرغانلىقتىن كىشىلەر بۇنى «ھېكىم ئېرىق» دەپ ئاتاشقانىكەن. بىر نەچچە ئون يىلدىن كېيىن ھازىرقى باش ۋە ئوتتۇرا پۇرچاقچى كەنتلىرىدە ئادەم كۆپىيىپ يەر ئەتىۋارلىشىپ قاپتۇ. ئوتتۇرا پۇرچاقچىدىن غوجا ئالىم ئاخۇن (دوك لەقەملىك) تېرىلغۇ يەر ئىگىلەش ئۈچۈن بۇ جايغا كۆچۈپ بارغاندا ئائىلە ئالتىگە يەتكەنىكەن. (ئەسلىدىكى مەھەللىسىدىن بىر مو يەر ساتقان پۇلغا بۇ يەردىن 10 مو زېمىن ئالغىلى بولىدىكەن.) بۇ مەھەللە يېقىنقى يىللارغىچە ئالتە ئۆي دەپ ئاتالغانىكەن. يەر كۆپ بولغاچقا بۇ ئالتە ئائىلىنىڭ تۇرمۇشى يىلدىن - يىلغا ياخشىلىنىپ، تۆت كىشى ھەرەمگە بېرىپ ھاجى بولۇپ كەلگە-

① ② بۇ ئىككى مەھەللە ئاياغ پۇرچاقچىدا.

1996- يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى سانلىق مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، بۇ كەنتتە سەككىز مەھەللە، 415 ئائىلە، 1929 نوپۇس، 1880 مو تېرىلغۇ يەر، 3205 تۇياق چارۋا بار.

## بوشقوك لەقەملىكلەر

— مەن ئەقلىمگە كېلىپلا سەت ئاڭلىنىدىغان بۇ لەقەمىمىزدىن ھەيران قالدىم، — دەپ گېپىنى باشلىدى مەتتۇرسۇن ئاخۇن،— دادامدىن سورۇشتۇرۇپ بۇ لەقەمنىڭ قانداق پەيدا بولۇپ قالغانلىقىنى بىلىۋالدىم.

مەتتۇرسۇن ئاخۇننىڭ بوۋىسى ئاق موللىكامنىڭ ئاتا مىراس لەقىمى گۆل بولۇپ، ھازىر ماڭلاي يېزىسىنىڭ قارىلا، بازار بويى كەنتلىرىدىكى گۆل لەقەملىك تەخمىنەن 40 ئائىلىك كىشىلەر، ئاق موللىكامنىڭ بىر تۇغقانلىرىنىڭ بەشىنچى ئەۋلادى ئىكەن. بىر كۈنى ئاق موللىكام ئاغىنىلىرىنى مېھمان قىلىش ئۈچۈن داستىخاندا تاۋۇز پىچىپ «كوت» قىلىپ ئوسۇرۇپ قويۇپتۇ. شۇ سورۇندىلا ئاق موللىكامغا «بوشقوك» دەپ لەقەم سىڭىپ قاپتۇ. بۇ لەقەم ئۇنىڭ باللىرىغىمۇ مىراس قاپتۇ. ئۇنىڭ نەۋرىسى پەزلەتشاھ ئاخۇننىڭ سەككىز بالىسىدىن باقاخۇن (مەتتۇرسۇن ئاخۇننىڭ دادىسى) بۇ جايدا تۇرۇۋەرگەندىن باشقا يەتتە بالىسى قاراساينىڭ پەشەنبە بازار، جېگدە قۇدۇق، ياۋىنىڭ، چارشەنبە بازار كەنتلىرىگە كۆچۈپ كېتىپتۇ. ئۇ جايلاردىكى 50 ئائىلىدىن ئارتۇق بوشقوك لەقەملىكلەر بىلەن باشتوگمەنئېرىق كەنتىدىكى 20 ئائىلىلىك بوشقوك لەقەملىكلەر ئۆز ئارا ئۇرۇقداشلىق مۇناسىۋىتىنى ئەزەلدىن ساقلاپ كەلمەكتە.

مۇئاۋىن نازىرى بولۇپ، ئورگان پارتكومىنىڭ شۇجىسى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى بولدى. 1995- يىلى 5- ئايدا پىنسىيىگە چىقتى. يولداش جاپپار سالى چارۋىچىلىق نازارىتى بويىچە ئۇدا سەككىز يىل مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى، ئاپتونوم رايون بويىچە ئىككى قېتىم مۇنەۋۋەر ئىنتىزام تەكشۈرۈش - رېۋىزىيە كادىرى بولدى.

## باش تۈگمەنئېرىق

بۇ كەنتتە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن 47 ياشلىق مەتتۇرسۇن ئاخۇن بوشقوغىنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىدىن ئاڭلىغانلىرىنى ئەسلەپ سۆزلەپ بېرىشىچە، ھەزرىتى مەۋلانە خەلپەمنىڭ ئەۋلادلىرىدىن ئوبۇلباقى خەلپە ئىسىملىك كىشى دەسلەپتە ياغاچچىدا ئولتۇراقلىشىپتۇ. ئۇنىڭ بەدىنىنى يارا قاپلاپ كەتكەنلىكتىن «بۇ جاي ماڭا ياراشمىدى» دەپ ئويلاپ بۇ يەرگە كۆچۈپ چىقىپتۇ. ئۇنىڭ بۇ يەردە بارلىققا كەلتۈرگەن بىر تاشلىق تۈگمىنىنى كىشىلەر «غوجىلىق تۈگمەن» دەپ ئاتىشىپتۇ. ئوبۇلباقى غوجىنىڭ نەۋرىسى ھېمىت ھاجىم تۈگمەننى ئىككى تاشلىققا ئاۋۇتۇپتۇ. 1940- يىللىرى ماكۇي ئۆستەڭنىڭ مىراپ باشلىقى سايىت بەگھاجى تۈگمەننى ئۈچ تاشلىققا كۆپەيتىپتۇ. ئۇ ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ تۈگمەنگە سۇ كېلىدىغان ئېرىقنى ياغاچچى ئېرىقىدىن ئايرىپ، ماكۇي ئۆستەڭدىن بىۋاسىتە سۇ ئاققۇزۇپتۇ. ئەسلىدە ياغاچچىغا تەۋە بولغان بۇ جاي شۇيىللاردىن باشلاپ تۈگمەنئېرىق دەپ ئاتىلىپتۇ. تۈگمەن ھەم ئېرىقلار 1960- يىللىرىدىكى يەر مەيدانلاشتۇرۇش مەزگىللىرىدە تۈزلىۋېتىلدى. ھېمىت ھاجىمنىڭ نەۋرىسى پەقىردىنخان بۇ يىل 85 ياشقا كىردى.

## جۈمە بازىرى

بۇ كەنتنىڭ شەيخ مەھەللىسىدە ئولتۇرۇشلۇق 70 ياشلىق ھاجى ئەخمەت قارىنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە، كاسانلىق ئۈچ كىشى ئولتۇراقلاشقان يەر — «كاسان» دەپ ئاتىلىپتۇ. ئەۋلاد ئالمىشىشىغا ئەگىشىپ «كاسان» دېگەن ئاتالغۇ «كاسا» غا ئۆزگىرىپ كېتىپتۇ. كاسا مەھەللىسىنىڭ نامى — كېيىنچە كەنتنىڭ نامى بولۇپ قاپتۇ.

كاسانلىق كىشىلەر دەپنە قىلىنغان قەبرىستانلىق 1960- يىللىرىدىكى ئېتىز - ئېرىقلارنى سالالاشتۇرۇش دولقۇنىدا تۈزلىنىپ، ئېتىزلىققا ئايلىنىپ كېتىپتۇ.

كاسانلىق كىشىلەرنىڭ يەتتىنچى ئەۋلادىدىن ھازىر بەش ئائىلە بولۇپ، بۇلاردىن خاجى ئەخمەت قارى بۇ كەنتتىكى قەبرىستانلىققا شەيخلىق قىلماقتا.

تەخمىنەن 100 يىل ئىلگىرى قاقشال لەقەملىك ئەزەمشاھ ھاجىم قاراقاشنىڭ باش ئەمەلدارىغا يالۋۇرۇپ شەيخ مەھەللىسىگە يېقىن بولغان ئۆيلىرىنىڭ ئالدىدا جۈمە كۈنلۈكتە بازار قىزىتىشقا ئىجازەت ئاپتۇ. بۇ كىشى قازا قىلغاندىن كېيىن ئوغلى ھېكىمشا قاقشال بازارغا ئىگىدارلىق قىپتۇ.

1960- يىلدىن كېيىن خەلق گۇڭشېسىنىڭ چوڭ قازان تاماقتىنى يېيىشكە زورلانغانلىقتىن دېھقانلار نامراتلىشىپ بازار ئۆزلۈكىدىن قىزىمايدىغان بولدى. 1979- يىلى بازار ئەسلىگە كېلىپ، بازارنىڭ ئورنى يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى ئورگىنىغا يېقىن جايغا يۆتكەلدى. ئەسلىدىكى كاسا كەنتى 1984- يىلىدىن كېيىن بازار بويى كەنتى دەپ ئاتالدى.

ھازىر بۇ كەنتتە ئالتە مەھەللە، 296 ئائىلە، 1246 نوپۇس، 1307 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## جىگدە لەقەملىكلەر

بۇ لەقەملىكلەرنىڭ بوۋىسىنىڭ دادىسى نامرات بولۇپ، بىر قاچا جىگدە ئۈچۈن باشقىلارنىڭ ئىتىزلىقىدا بىر كۈن ئىش قىلغانلىقتىن بۇ لەقەم پەيدا بولغانىكەن. بۇ لەقەملىكلەردىن هازىر بەش ئائىلە بار.

## كۈچۈك لەقەملىكلەر

تەخمىنەن 200 يىل ئىلگىرى بىر كىشى كۆۋرۈكنىڭ ئاستىدا يوشۇرۇنۇپ يېتىپ كۈچۈكتەك قاۋاپ توختى سوپۇر غوجا① مىنىپ كەلگەن ئاتنى ئۈركۈتۈپتۇ. غوجا قورقۇپ:

— كۈچە، هارامخورنىڭ كۈچۈكى!— دەپ ۋارقىراپتۇ. ئەتراپتىكى كىشىلەر كۈلۈشۈپ، ئاتنى ئۈركۈتكەن كىشىنى كۈچۈك دەپ چاقىرىپتۇ. كۈچۈك دېگەن لەقەم شۇ چاغدا پەيدا بولغانىكەن. يەنە بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا كۈچۈك دېگەن بۇ لەقەم، ئۇلۇغلىرىمىز بۇ جايغا كەلگەندە ئۇلارنىڭ كەينىدىن كۈچۈكتەك ئەگىشىپ خېلى يىراقلارغا بارغانلىقتىن كېلىپ چىققانىكەن. كۈچۈك لەقەملىكلەردىن بۇ مەهەللىدە هازىر تۆت ئائىلە بار.

## خالتا لەقەملىكلەر

تەخمىنەن 170 يىل ئىلگىرى باشقا يۇرتلۇق بىر كىشى خالتا كۆتۈرۈپ (تىلەمچىلىك قىلىپ) كېلىپ بۇ جايدىن ئۆتكەندە هېمىت هاجىم ئۇنى ئائىلە خىزمىتىگە سېلىپ بىر ئىتىز ئۆي سېلىپ بەرگەنىكەن. ئۇنىڭ بالىلىرى ئاۋۇپ هازىر 15 ئائىلىگە يەتتى.

① هېمىت هاجىنىڭ دادىسى

گەرى بۇ مەھەللىنىڭ نامى كەنتنىڭ ئىسمى بولۇپ قاپتۇ.

بۇ كەنتتە ھازىر ئالتە مەھەللە، 273 ئائىلە، 1170 نوپۇس، 1131 مو تېرىلغۇ يەر بار.

بۇ كەنتتە «نان يېمەس» لەقەملىك بىر جەمەت بار. ئىلگىرىكى زاماندا تۇرمۇشى جاپالىق بولغانلىقتىن ئاشلىقنى ئاز، يەل - يېمىشنى كۆپ يېگەن بىر ئائىلىنى كىشىلەر «نان يېمەس» دەپ ئاتىغانىكەن، بۇ لەقەم ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىغا مىراس قىلىپ ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

بۇ كەنتتە يەنە «كەرەك» لەقەملىك بىر جەمەتمۇ بار. بۇرۇنقى زاماندا بىر نەچچە ئائىلىلىك مۇڭغۇل چارۋىچى ئولتۇراقلىشىپ قالغانىكەن. بۇلار ياتسىراپ يەرلىك كىشىلەرگە چەكچىيىپ (كۆزلىرىنى كېرىپ ئېچىپ) قارىغانلىقتىن «كەرەكلەر» دەپ ئاتالغانىكەن.

## ئوتتۇرا ياغاچچى

1995- يىلى 11- ئاينىڭ 22- كۈنى ئوتتۇرا ياغاچچى كەنتىدە ئولتۇرۇشلۇق 86 ياشلىق قادىر ئاخۇن قېچىر بىلەن پاراڭلاشتىم. مەن ئۇنىڭدىن:

— قېچىر دېگەن لەقەملىرى قانداق پەيدا بوپتىكەن؟— دەپ سورىدىم. ئۇ:

— بوۋامنىڭ بوۋىسى ئابدۇرۇسۇلكام دېگەن كىشى بۇ يۇرتتا ئەڭ دەسلەپتە قېچىر سېتىۋېلىپ مىنگەنلىكتىن ئۇنىڭغا قېچىر دەپ لەقەم سىڭىپ قالغانىكەن،— دېدى ۋە بوۋىسى پىددىنكامدىن ئاڭلىغانلىرىنى ئەسلەپ سۆزلەپ بەردى.

## ھالۇكۆل

بۇ يەردە قەدىمدىن قېپقالغان بىر كۆل بولۇپ، بۇ كۆلنىڭ بويىغا كاتتا بايلاردىن بىرسى چوڭ ھالۇ①لۇق ئۆي سالغانىكەن. كىشىلەر بۇ جاينى ھالۇ كۆل دەپ ئا-
تاپتۇ. بۇ باينىڭ ئوغلى ئابدۇخالىق ئاخۇن ئىسىملىك كىشى 1951- يىلى پومېشچىك قىلىنىپ، مال - دۇنيالىرى كەمبەغەللەرگە بۆلۈپ بېرىلگەنلىكتىن كېسەلگە دۇچار بولۇپ ئۆلۈپ كېتىپتۇ. ھالۇكۆل ئىلگىرى جايغا تەۋە بىر مەھەللىكەن، 1980- يىلىدىن كېيىن ئۆز ئالدىغا كەنت بولدى.

ھازىر بۇ كەنتتە بەش مەھەللە، 225 ئائىلە، 969 نوپۇس، 1108 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## بۇدا

بۇ كەنتتە ئولتۇرۇشلۇق 89 ياشلىق ئاقىل ئاخۇن قاتارلىق مويسىپىتلارنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە، ئىسلام قو-
شۇنلىرى خوتەن بۇددا ئەسكەرلىرى بىلەن جەڭ قىلغان يىللاردا بۇددا دىنىدىن ۋاز كېچىشنى خالىمىغان بىرنەچ-
چە ئائىلىلىك كىشى يۇرتىدىن ئايرىلىپ بۇ جايغا كۆچۈپ كەپتۇ. نەچچە ئون يىلدىن كېيىن بۇ كىشىلەر قوشنا كەنت-
تىكى مۇسۇلمانلار بىلەن مازارغا، مەسچىتكە بىللە بارغان بولسىمۇ، كېچىلىرى بۇتقا چوقۇنۇشنى داۋاملاش-
تۇرغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ توغراقلىق ئارىسىدىكى كىچىك مەھەللىسى بۇددا دەپ ئاتىلىپ، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بى-
لەن «بۇدا» غا ئۆزگىرىپ قاپتۇ. بۇنىڭدىن 80 يىل ئى-

① ھالۇ — مويلا مەنىسىدىكى يەرلىك شېۋە

ئۆزلۈكىدىن كېڭىيىپ ـ ئېگىزلەپتىمىش. ئەۋلىيا سىرتقا چىقىپ بولۇپ ھەيران بولۇپ:

ــ تووۋا خۇدايىم، بۇ يەردە كارامەت ئۇستا ياغاچچىلار باركەن، ــ دەپتۇ. ياغاچچى دېگەن بۇ ئاتالغۇ شۇنىڭدىن كېلىپ چىققانىكەن. 1945ـ يىلى ياغاچچى دېگەن بۇ يۇرت ئايرىم بەگلىك (يېزا) بولغانىدى. 1980ـ يىللاردىن كېيىن باشياغاچچى، ئوتتۇرا ياغاچچى، ئاياغياغاچچىدىن ئىبارەت ئۈچ مەمۇرىي كەنتكە بۆلۈپ باشقۇرۇلماقتا.

ھازىر ئوتتۇرا ياغاچچى كەنتىدە بەش مەھەللە، 207 ئائىلە، 1006 نوپۇس، 1124مو تېرىلغۇ يەر بار.

## ئابدۇللا ماخسۇت

ئابدۇللاماخسۇت1945ـيىلى 11ـئايدا ياغاچچى دېگەن يۇرتتا تۇغۇلدى. ئۇنىڭ دادىسى ياغاچچى يېزىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ، بۇ ئوغلىنى يەتتە يېشىدىن توققۇز يېشىغىچە شۇ جايدىكى دىنىيمەكتەپتە ئوقۇتقانلىقتىن، باشلانغۇچ مەكتەپتە ئىككى يىل ئوقۇپلا 1956ـيىلى 9ـئايدا قاراقاش ناھىيىلىك تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە تۈنجى قارارلىق ئوقۇغۇچىلار قاتارىدا قوبۇل قىلىندى. 1962ـ يىلى خوتەن ۋىلايەتلىك 1ـ ئوتتۇرا (تولۇق) مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئىمتىھاندىن ئەلا ئۆتۈپ شىنجاڭ داشۆنىڭ سىياسىي ـ مائارىپ فاكۇلتېتىنىڭ خەنزۇ تىلى بىلەن دەرس ئاڭلايدىغان سىنىپىغا قوبۇل قىلىنىپ، خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا ئوقۇدى. 6ـ يىللىق ۋاقتىدا بېيجىڭگە بېرىپ «ماۋجۇشى ئەسەرلىرىدىن تاللانما» (4ـ توم) نى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىشقا قاتناشتى. خىزمەت تەق-

تەخمىنەن 600 يىل ئىلگىرى ھەزرىتى مەۋلانە خەلـ پەمنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بىر كىشى باش ياغاچچى كەنتىدىكى ھۈجرىدار مەھەللىگە كېلىپ ھاشار چۈمۈلىلەرنىڭ يەرنى قاپلاپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ «بۇ جاي ئاۋات يۇرتقا ئايـ لىنىدىكەن» دەپ ئويلاپ، بىر نەچچە تال تېرەك كۆچىتىنى تىكىپ قويۇپتۇ. كۆچەتلەر ياشىرىپ تەخمىنەن 500 يىلـ دىن كېيىن (قادىر ئاخۇن قېچىرنىڭ بالىلىق دەۋرىگە كەلگەندە) بۇ تېرەكلەر چوڭىيىپ، ئىچىدىكى كاماغا كىگىز يېيىپ تۆت-بەش ئادەم پاراڭلىشىپ ئولتۇرالايدىغان بولغا- نىكەن. قادىر ئاخۇن ئولتۇراقلاشقان بۇ جاي ئەسلىدە ھۈجرىدار مەھەللىدىكىلەر قوي- كالىلىرىنى باقىدىغان توغراقلىق ياپلاق ئىكەن. ھۈجرىدار مەھەللىدە ئادەم كۆ- پىيىپ تېرىلغۇ يەرلەرنى كېڭەيتىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلغان- لىقتىن ئابدۇرۇسۇلكام دېگەن كىشىنىڭ دادىسى بۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ تېرىقچىلىق قىلغانىكەن. قادىر ئا- خۇن قېچىر:

— مەن ھۈجرىدار مەھەللىدە ئەڭ دەسلەپ ئولتۇراق- لاشقان غوجىنىڭ 12- ئەۋلادى بولىمەن، - دېدى.

بۇ جايلاردا تىرىكچىلىك باشلانغان يىللاردا كىشى- لەر پاسارنى تۈۋرۈك، شادىنى بالا، سامانىنى ۋاسا قىلىپ ئۆي سېلىپ ئولتۇرىدىكەنمىش. كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىر ئەۋلىيا ئاتقا مىنگەن پېتى بىر ئۆيگە كىرىپتۇ. مېھمان بولۇپ قايتىپ چىقىۋېتىپ ئۆيگە ئىشىك ياسىلىپ قالغان- لىقىنى كۆرۈپتۇ. ئىشىكتىن چىقىش ئۈچۈن ئاتتىن چۈشـ مەكچى بولغاندا ئۆينىڭ ئىگىسى:

— ئاتتىن چۈشمىسىلىمۇ بولىدۇ تەخسىر، - دەپتۇ.

ئەۋلىيا ئاتقا مىنگەن پېتى ئىشىك ئالدىغا كەلگەندە ئىشىك

ــن ئايرىم كەنت تەسىس قىلىنغانلىقى ۋە كەنت ئىشخا-
ــسى ئېگىز دۆڭلۈك ئۈستىگە سېلىنغانلىقى ئۈچۈن، 1984-
ـلدىن باشلاپ «دۆڭئاچما» دەپ ئـاتالدى.

بۇ كەنتتە ھازىر بەش مەھەللە، 305 ئائىلـە، 1316
ـوپۇس، 1652 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## كەرەك لەقەملىكلەر

بۇ كەنتتە ھازىر 23 ئائىلىلىك كەرەك لەقەملىكلەر
ـار. 80 ياشلىق نىياز ئاخۇن كەرەكنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ-
ـىڭ بوۋىسى بەردى ئاخۇن كويا يېزىسىدىن بۇ جايغا كۆ-
ـۈپ كېلىپ يەر ئېچىپ دېھقانچىلىق قىلغانىكەن. ئۇنىڭ
ـاتا - بوۋىسىمۇ ئۆز يۇرتلىرىدا ھەر تەرەپكە چات كـېـ-
ـپ يەر - زېمىنني جىق ئىگىلىگەنلىكى ئۈچۈن «كەرەكلەر»
ـەپ لەقەم سىڭىپ قالغانىكەن.

## باشچاي

1995- يىلى 12- ئاينىڭ 2- كۈنى بۇ كـەنتتـە ئول-
ـۇرۇشلۇق 63 ياشلىق ئېزىز ئاخۇن (ئىمام) ۋە 78 ياشلىق
ـابدىرىشىت ئاخۇنلارنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە، تـەخمىنەن
85 يىل ئىلگىرى بۇ يەرلەر ئىنسانىنىڭ ئىزى چۈشمىگەن،
ـۇملۇق ۋە توغراقلىق جاڭگال ئىكەن. ئىمامـى ئـەسكەر-
ـىك خىزمەتچىلىرىدىن يەتتە كىشى بۇ يەردىكى تـەبىئىي
ـۆلنىڭ بويىغا ھاسىلىرىنى سانجىپقويۇپ نانلىرىنىسۇغا
ـۆكۈرۈپ يېيىشىپتۇ. قورساقلىرىنى تـويغـۇزۇپ بـىردەم
ـاردۇق ئالغاندىن كېيىن سەپەرنى داۋامـلاشتـۇرماقـچى
ـولۇپ ھاسىلىرىنى سانجىپ قويغان يەردىن تارتىپتۇ- يۇ،
ـارتالماپتۇ. قارىسا ھاسىلار ياشىرىپ شاخ ـ پۇتـاقلىرى

سىياسىتىنى بېيجىڭگە ۋە ئۈرۈمچىگە توغرىلاش تەكلىپىنى رەت قىلىپ 1968-يىلى 5-ئايدىن 1976-يىلى 4-ئايغىچە چىرا ناھىيىسىنىڭ دامىكو يېزىسىدا، ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسىدا تەرجىمانلىق، ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىدە تەرجىمانلىق، كاتىپلىق، سوتچىلىق قىلدى.

1976-يىلى 4-ئايدىن 1984-يىلى 2-ئايغىچە ۋىلايەتلىك پارتكومدا تەرجىمان، مەمۇرىي مەھكىمىدە كاتىپلىق قىلدى.

1984-يىلى 3-ئايدىن باشلاپ قاراقاش ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھاكىمى بولدى، 1986-يىلدىن باشلاپ ۋىلايەتلىك پارتكومىنىڭ ھەيئىتى بولۇپ، يەنىلا قاراقاشتا ھاكىملىق قىلدى. 1988-يىلدىن كېيىن ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى بولدى.

يولداش ئابدۇللا ماخسۇت 1987-يىلدىن باشلاپ ئاپتونوم رايون بويىچە يول ياساش نەمۇنىچىسى، خەتەرلىك مەكتەپلەرنى يېڭىلاش نەمۇنىچىسى، پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىدىكى ئىلغار يېتەكچى قاتارلىق شان-شەرەپلەرگە ئېرىشتى. 1990-يىلى ئۇنىڭ باشلامچىلىقىدا ئىشلەنگەن «يىپەك يۇرتىدا نورۇز» ناملىق بەدىئىي سەنئەت فىلىمى — مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر بەدىئىي سەنئەت فىلىملىرى ئىچىدە «1-دەرىجىلىك ئالتۇن تۇلپار» مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

## دۆڭئاچما

بۇ جاي ئەسلىدە جۇمە بازاركەنتكە قاراشلىق ئىدى. 1960-يىللىرى بۇ يەرنىڭ ئەتراپىدىكى دۆڭلۈكلەر ئېچىلىپ تېرىلغۇ يەر كېڭىيىپ يېڭى مەھەللە بىنا بولغانلىق-

ىق - ياشلىق يىللىرى بۇ يەردە ئۆتكەنىدى، بۇ جايدا
ىلگىراي بۆزچىلار جىق ئىدى. هازىر خارەتلەر كۆپ.

ئىلگىرى جاي دەپ ئاتالغان بۇ يۇرت — 1980- يىلى-
ن كېيىن دۆڭجاي، هالاكۆل، باشجاي، ئايىغجاي دەپ
ۆت مەمۇرىي كەنتكە بۆلۈپ باشقۇرۇلماقتا.

هازىر باشجاي كەنتىدە يەتتە مەھەللە، 413 ئائىلە،
168 نوپۇس، 1733 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## توكۇر لەقەملىكلەر

تەخمىنەن 250 يىل ئىلگىرى بۇ يەردە جەيساك (جا-
ىل، كاج دېگەن مەنىدە) لەقەملىك جەمەت ياشىغانىكەن.
ۇلارنىڭ ئارىسىدىن يولداشكام ئىسىملىك كىشىنىڭ بىر
ۇتى قىسقا بولغانلىقتىن بۇ كىشىگە توكۇر دەپ لەقەم
ىكىپ قاپتۇ. يولداشكامنىڭ بۇ لەقىمى توختىكام قاتار-
ىق ئوغۇللىرىغا، ئىسلامكام قاتارلىق نەۋرىلىرىگە، سە-
ەر ئاخۇن قاتارلىق پەينەۋرىلىرىگە، ئېزىز ئاخۇن ئىمام
ا قاتارلىق چەۋرىلىرىگە مىراس بولۇپ كەلدى، هازىر تو-
كۇر لەقەملىكلەر 25 ئائىلىگە يەتتى. جەيساك لەقەملىك-
ەر ئابدىرىشىت ئاخۇن قاتارلىق 40 ئائىلىدىن ئارتۇق
ولۇپ، «توكۇر» لار بىلەن ئۇرۇقداشتۇر.

## كاسا شاخلىق

تەخمىنەن 160 يىل ئىلگىرى بۇ جاي توغراق، يۇل-
ۇنلار بىلەن قاپلانغان جاڭگال بولۇپ، يېقىن يۇرت- مە-
ەھەللەردىكى كىشىلەر بۇ جايدىن شاخ توشۇغانلىقتىن
اخلىق دەپ ئاتالغانىكەن.

كاسا ① دېگەن جايدىن سۇلتانشاكام دېگەن كىشى

---

① هازىرقى جۈمە بازىرى كەنتى

ئەتراپقا سايە تاشلاپ تۇرارمىش. بۇ تېرەكلەر بىر نەچچە دەۋرنى باشتىن كەچۈرۈپ، 1947- يىللىرىغا كەلگەندە سەككىز ئادەمنىڭ قۇلىچى يەتمەيدىغان تومۇلۇقتا چوڭىيىپ، ئىچىدىكى كامار - بوشلۇقتا بىر نەچچە ئادەم يېتىپ ئۇخلاشقا مۇمكىن بولغانىكەن، پۇتاقلىرى كېسىلىپ قاراقاش دەرياسىنىڭ ياغاچ كۆۋرۈكىنى ياسىغاندا تۈۋرۈك قىلىنغانىكەن.

بۇ يەتتە كىشىنىڭ ئىچىدىن سۇلتان لاچىن ئاتا ئىسىملىك كىشى بۇ يەردە جاي تۇتۇپ (ماكانلىشىپ) ياشاپتۇ. بۇ كىشى قازا قىلغاندا ياسالغان قەبرە «سۇلتان لاچىن ئاتام مازىرى» دېيىلىپتۇ. زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن يېقىن يۇرتلاردىن كىشىلەر كۆچۈپ كېلىشىپ يۇرتقا ئايلانغان بۇ يەر-جاي دەپ ئاتىلىپتۇ. ئۆلگەنلەر «سۇلتان ئاتا مازىرى» غا كۆمۈلۈۋېرىپ، بۇ مازارنىڭ دائىرىسى ھازىر 80 مودىن، كونا - يېڭى قەبرىلەر 2000 دىن ئېشىپ كېتىپتۇ. ساق ۋە سۇنغان كوزىلار، خىش تاملىق مەقبەرىلەر گۆر كولانغان جايلاردىن ئۇچراپ تۇرىدىكەن.

بۇ جايدىن داڭلىق بايلار، مەنسەپدارلار، دىنىي ئۆلىمالار كۆپ چىققان بولۇپ «ئەمىر ھەزرەت①» نىڭ بالى-

① «ئەمىر ھەزرەت» — مەمتىمىن بۇغرانىڭ ئۆزىگە - ئۆزى بەرگەن مەنسەپ ئۇنۋانى. مەمتىمىن بۇغرا 1898- يىلى لوپ ناھىيىسىنىڭ يۇرۇڭقاشتىكى ئېگىز ئېرىق كەنتىدە تۇغۇلغان بولۇپ، بالىلىق - ياشلىق يىللىرى شۇ جايدا ئانىسىنىڭ قېشىدا ئۆتتى. ئۇ جاي مەدرىسىدە مۇئەللىم، قاراقاش ئىسلام قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ قوماندانى، خوتەن «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» نىڭ، «خوتەن ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» نىڭ ھەربىي ئىشلار باش قوماندانى، گومىنداڭ مەركىزىي كومىتېتى تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ مەخسۇس ئەزاسى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى، تارىخ - جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ باشلىقى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋەزىپىلىرىدە بولۇپ، 1949- يىلى 9- ئايدا كەشمىرگە قېچىپ كېتىپ 1964- يىلى 66 يېشىدا كېسەل بولۇپ تۈركىيىدە ئۆلدى. (ئۇنىڭ ھاياتى، پائالىيىتى بىلەن تونۇشۇشنى خالىسىڭىز «شىنجاڭ تەزكىرىسى» ژۇرنىلىنىڭ 1995- يىل 4- سانىغا قاراڭ)

1959 - يىلى 11 - ئاينىڭ ئاخىرىدا «راكېتا» گوڭ-
ېي رەھبەرلىكى 5000 دېھقاننى بۇ جايغا يۆتكەپ
ەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىشقا سەپەرۋەر قىلدى. بۇ دېھ-
انچىلىق مەيدانىنىڭ باشلىقى جامال رۇستەم ۋاپات بو-
ۇپ جەسىتى بۇ جايدا دەپنە قىلىنىپ قۇشقاچ سۇلۇقتا
ۈنجى قەبرە بولۇپ قالدى. 1962 - يىلى ئولتۇراقلاشقان
ائىلە 500 گە، ئېچىلغان يەر 8000 موغا يەتتى. 1968 -
ىلى ناھىيە بويىچە ئىككى «زىيالىي ياشلارنىڭ قايتا
ەربىيە قوبۇل قىلىش نۇقتىسى» نىڭ بىرسى قۇشقاچ
ۇلۇقتا قۇرۇلۇپ 1980 - يىلغىچە مەۋجۇت بولدى.
1982 - يىللىرىغا كەلگەندە قۇشقاچ سۇلۇق تەۋەلىكى-
ە ئوتتۇرا ئويكۆل، باشئويكۆل، ئاياغئويكۆل، يېڭىكۆل،
جىلىك، باشچەندۈك، ئاياغچەندۈك كەنتلىرى بار-
لىققا كېلىپ «قۇشقاچ سۇلۇق» دېگەن ئاتالغۇ بارا - بارا
ۇنتۇلۇشقا باشلىدى.

## ئويكۆل

قۇملۇق دۆڭلەر ئارىسىدىكى چوڭقۇرلۇق ئويكۆل دەپ
ىلاتتى. ئويكۆلدە ئاندا - ساندا قېرى تېرەكلەر ئۆچ-
يتتى. بۇنىڭدىن ئەجدادلىرىمىزنىڭ بۇ جايدا تېرىقچى-
ك ئىمكانىيىتى يارىتىش ئۈچۈن قان - تەر تۆككەنلىكى-
، لېكىن قۇم - بوران ھەم قۇرغاقچىلىق ئاپەتلىرىدىگە
رداشلىق بېرەلمەي كۆچۈپ چىقىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈ-
لگىلى بولىدۇ.
1960 - يىلدىن كېيىن بۇ جايلاردا يەر ئېچىپ تېرىق-
ىلىق قىلىش باشلاندى.
جۇمە بازار، دۆڭجاي، ھالوكۆل، باشجاي، ئاياغجاي-

يەر- زېمىن تەۋەلىكىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن شاخلىققا ئۆي سېلىپ ئوغلى مەھەممەتتۇرسۇن موللامنى ئولتۇراقلاشتۇ- رۇپتۇ. بۇ يىللاردا شاخلىقتا ئولتۇراقلاشقان كى- شىلەر 10 ئائىلىگە يەتمەيدىكەن. مەھەممەتتۇرسۇن مول- لام بۇ جايدا يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىپتۇ. ئۇنىڭ بالا- چاقىلىرى ئۆيلۈك- ئوچاقلىق بولۇپ مەھەللە بىنا بوپتۇ. مەھەممەتتۇرسۇن موللامنىڭ نەۋرىسى — كاسا شاخلىقتا ئولتۇرۇشلۇق ئىسلامنىياز ئاخۇن بۇ يىل 62ياشقا كىردى. (بۇ ۋەقەلەرنى مەھەممەتتۇرسۇن موللامنىڭ كاسا كەنتىدە ئولتۇرۇشلۇق 81 ياشلىق نەۋرىسى ماخسۇت دا- موللا هاجىم 1995- يىلى 11- ئاينىڭ 2 - كۈنى سۆزلەپ بەردى.)

«كاسا شاخلىق» دېگەن ئاتالغۇدىن، شاخلىقنىڭ كا- سىلىق كىشىلەرگە تەۋە بولغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ.

1996- يىلىنىڭ ئاخىرىدا كاسا شاخلىق كەنتىدە مە- هەللە ئۈچكە، ئائىلە 231 گە، نوپۇس 957 گە، تېرىلغۇ يەر 1062 موغا يەتتى.

## قۇشقاچ سۇلۇق

بۇ يەرنىڭ زېمىنى پەس بولۇپ، كەلكۈن مەزگىلىدە ماكۇي ئۆستەڭنىڭ نەچچە ئون مىڭ مو ئېتىز - باغلارنى سۇغىرىشتىن ئاشقان سۈيى بۇ يەرگە يىغىلىپ قالىدىكەن. بۇ جايلاردا ئۇ يەر - بۇ يەردە كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان پور- لىشىپ كەتكەن تېرەكلەرگە ۋە قېرى ئۈجمە دەرەخلىرىگە توپ - توپ قۇشقاچلار قونىدىكەن ھەم سۇ بويلىرىغا قو- نۇپ سۇ ئىچىدىكەن. مالچىلار بۇ يەرنى «قۇشقاچ سۇلۇق» دەپ ئاتاشقانىكەن.

چە تەبىئىي كۆللەر ۋە ئاندا - ساندا ئېگىز لىكلەر مۇ
چرايدۇ.

نەچچە يۈز يىللاردىن بۇيان كاسا ئېرىقىنىڭ باغ -
ىزلارنى سۇغىرىپ ئاشقان سۇلىرى بۇ پەسلىككە قۇيۇ-
پ سازلىق ۋە كۆللەرنى ھاسىل قىلغانلىقتىن كىشىلەر
جاينى «كاسا كۆللەك» دەپ ئاتاشقانىكەن. ئۇزۇن
للاردىن بۇيان كاسا قاتارلىق جايلاردىن بىر نەچچە
ئىلىلىك كىشىلەر بۇ جايغا كىرىپ ئولتۇراقلاشقان بول-
مۇ،شورلۇقتا زىرائەت ئۈندۈرەلمەي، دەل - دەرەخ يا-
رتالماي ئەسلى يۇرتىغا قايتىپ چىققان ۋە بۇ سازلىق-
ت چارۋا بېقىپ پايدىلىنىش بىلەنلا چەكلەنگەنىدى. قا-
قاش ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى ئادەم كۆپ،
ردىلغۇ يەر ئاز بولۇش زىددىيىتىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن
19 - يىلى 9 - ئايدىن11 - ئايغىچە 682 مىڭ ئادەم كۈ-
، 395 مىڭ ھارۋا، 3895 تـوپا ئىتتىرىش ماشىنى-
،483 تراكتور ئىشلىتىپ، 1 مىليون 858 مىڭ كۇب مېتر
پا يۆتكەپ 6000 مو يەر ئاچتى. يەر ئېچىش جەريانىدا
قانلارنىڭ چىقارغان مەبلىغى 6 مىليون 13 مىڭ يۈەنگە
تتى. كاسا كۆللەك يېقىن كەلگۈسىدە مولھوسۇللۇق گۈ-
ل باغ - ئېتىزلارغا ئايلانغۇسى!

### شائىر دىلبەر دورغا

شائىر دىلبەر دورغا تەخمىنەن 1814 - يىلى قاراقاش
ئېمىسىنىڭ پۇرچاقچى يېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە
نياغا كېلىپ، 1887- يىلى 83 يېشىدا ۋاپات بولغان. ئۇ
چىكىدىنلا ئەقىللىق، زېرەك ئۆسكەن.

لىقلار ماكانلاشقان يەر باشئويكۆل، هازىرقى ماڭلاي يې-
زىسىنىڭ① باشقارىلا، ئاياغقارىلا كەنتلىرىدىن بار-
غانلار ماكانلاشقان جاي ئوتتۇرا ئويكۆل، بۇدۇشۇق، ماڭ-
لاي، بازار بويىدىن بارغانلار ئولتۇراقلاشقان جاي ئا-
ياغئويكۆل دەپ 1982 - يىلى ئۈچ مەمۇرىي كەنت تەسىس
قىلىندى.

(يېزىلىق خەلق هۆكۈمىتى يەر باشقۇرۇش پونكىتى-
نىڭ كادىرى، ئوتتۇرا ئويكۆل كەنتىدە ئولتۇرۇشلۇق ئاب-
دىراخمان ھەمىت سۆزلەپ بەردى.)

1996 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئاياغئويكۆل كەنتىدىكى
مەھەللە ئۈچكە، ئائىلە 55 كە، نوپۇس 251 گە، تېرىلغۇ
يەر 641 موغا يەتتى.

## ئۈجمىلىك


بۇ جايدا ئاياغقۇدۇقلا كەنتىنىڭ دېھقانلىرى ئول-
تۇراقلاشقاندىن كېيىن ناھايىتى كۆپ ئۈجمە كۆچەتلىرى-
نى تىكىپ ياشارتىپ ئۈجمىزارلىق بىنا قىلغانلىقى كۆزدە
تۇتۇلۇپ، 1982 - يىلى مۇستەقىل كەنت قۇرۇلۇپ، «ئۈج-
مىلىك» دەپ ئاتالدى.

1996 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا بۇ كەنتتە ئۈچ مەھەللە،
100 ئائىلە، 467 نوپۇس، 761 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## كاسا كۆللەك

پۇرچاقچى، كۇيا، قاراساي، قويچى يېزىلىرى تۇتى-
شىپ تۇرغان بىپايان سازلىق — دەل كاسا كۆللەك دەپ
ئاتىلىپ كەلگەن شورلۇق زېمىندۇر. بۇ جايدا پارچە -

① ئۇ يىللاردا بۇ كەنتلەر «راكېتا» گۇڭشېسىغا تەۋە ئىدى.


1:66000

ئۇ ئائىلە تەربىيىسىدىن كېيىن ئۆز يېزىسى ۋە نا- ھىيە بازىرىدىكى داڭلىق مەدرىسىلەردە ئىلىم تەھسىل قى- لىپ دىنىي ئىلىم بويىچە يۇقىرى مەلۇماتلىق بولغان.

شائىر دىلبەر دورغا شوخ، چاقچاقچى، سۆزمەن ئادەم بولغانلىقتىن، يېزا بەگلىرى ئۇنى ئۆز يېنىغا تارتىپ مىرزا بەگ ھەم دورغا (خىزمەتچى) قىلىپ تەيىنلىگەن.

شائىرنىڭ 70 ياشلىق نەۋرىسى مەتنۇرى دىلبەر شائىر ھەققىدە مۇنداق مەلۇمات بېرىدۇ: دادامنىڭ ئىسمى دىلبەر بەگ، بوۋامنىڭ ئىسمى دىلبەر دورغا، ئانا - بالا ئىككىيلەننىڭ ئىسمىنىڭ مۇنداق ئوخشاش بولۇشى بو- ۋام دىلبەر دورغا ئۆز نامىنى ئۆچۈرمەسلىك ئۈچۈن ئوغ- لىنىڭ ئىسمىنىمۇ دىلبەر قويغان. بوۋام دىلبەردورغىنىڭ شائىرلىق نامىنى كىچىكىمدە كۆپ ئاڭلىغان ۋە ئۇنىڭ قومۇش قەلەم بىلەن يازغان شېئىر كىتابلىرىنىمۇ كۆر- گەن. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇكىتابلار يوقىلىپ تۈگىدى...

شائىر دىلبەر دورغىنىڭ 100 يىللاردىن بېرى ئېغىز- دىن - ئېغىزغا كۆچۈپ ساقلىنىپ كېلىۋاتقان «مەزلۇملار ئاھى» ناملىق 21 كۇپلېتلىق شېئىرى تا بۈگۈنگىچە يېتىپ كەلگەن.

مۇبالىغىدىن خالى بولۇشى، تىل ۋە ئۇسلۇب جەھەت- تىكى پاك - ساددىلىقى بىلەن ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدىغان بۇ مۇخەممەسنىڭ نەشرىيات ياكى مەتبۇئات بولمىغان ئاشۇ زاماندا يېزىلىپ، تا بۈگۈنگىچە ساقلىنىپ كېلىشى تاسادىپىي ئەمەس. بۇ ئەسەر ئۆتمۈشتىكى ئېغىر كۈنلىرىمىزنىڭ جانلىق گۇۋاھچىسى بولۇش بىلەن تارى- خىي قىممەتكە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ كى- شىنى يىغلاتقۇدەك بەدىئىي تەسىرلەندۈرۈش كۈچى بار.

بۇ يېزىنىڭ شىمالىدىكى چىراغدۆك، قوشماق، سەك-ـىز پارچە، چىلان، يېڭىگۆل قاتارلىق كەنتلەر 1960 -يىلـىن كېيىنكى بوز يەر ئېچىش دولقۇنىدا بارلىققا كەلگەنـلىكتىن تۇپراقنىڭ سۇ ۋە ئوغۇتنى ساقلاش ئىقتىدارى ئاجىز بولسىمۇ، يىلدىن - يىلغا ياخشىلىنىپ، 1995 -يىلىغا كەلگەندە ئۈنۈملۈك، مول ھوسۇللۇق تۇپراققا — مول ھوسۇللۇق باغ - ئېتىزلارغا ئايلاندى.

1996 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا بۇ يېزىدا 105 مەمۇرىي مەھەللە، 24 مەمۇرىي كەنت، 4662 ئائىلە، 20 مىڭ 29 نوپۇس، 27 مىڭ 132 مو تېرىلغۇ يەر بار. پۈتۈن يىللىق ئاشلىق مەھسۇلاتى 7 مىليون 922 مىڭ 213كىلوگرامغا يېتىپ، بۇلتۇرقىدىن 0.23% ئاشتى. پاختا (چىگىتسىز) 450 مىڭ 447 كىلوگرامغا تۆۋەنلەپ، بۇلتۇرقىدىن 7651 كىلوگرام كېمەيدى. پىلە 44 مىڭ 119 كىلوگرامغا ھۇقىمدالدى. چارۋا 45 مىڭ 630 تۇياققا يېتىپ، بۇلتۇرقىدىن 7.94% ئاشتى. كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىم 502 يۈەنگە تۆۋەنلەپ، بۇلتۇرقىدىن 78 يۈەن ئازايدى.

## قويچى يېزىسىدىكى كەنت ناملىرى

### ⊙ قويچى يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى ئورگىنى

1. باشقازاق
2. ئاياغقازاق
3. باخشى
4. لوخەن
5. كۆكيار
6. چاڭگۇ
7. كونائېرىق
8. يېڭىئېرىق
9. كۆلئېرىق
10. زەرگەر
11. شاخار
12. تۇتلۇق

# قويچى يېزىسى

## مۇھەممەتئىمىن قۇربان

بۇ يېزا — ناھىيىمىزنىڭ شىمالىدىكى يېشىللىق بىلەن قۇملۇق گىرەلىشىپ تۇرغان تۈزلەڭلىكتۇر.

بۇ يېزا غەرب ۋە جەنۇبتا پۇرچاقچى، شەرقتە تۆۋەت يېزىسى، ھەم 47 - تۇەننىڭ بىر قىسمى بىلەن، شەرقىي - شىمالدا يېڭىيەر يېزىسى بىلەن، شىمالدا تەكلىماكان قۇملۇقى بىلەن گىرەلىشىپ تۇرىدۇ.

ھەممە يەرلىرى ئوت - چۆپلۈك يايلاق بولغانلىقى، كىشىلىرى بۇرۇندىنلا قوينى جىق بېقىشقا ئادەتلەنگەنلىكى ئۈچۈن بۇ يۇرت قويچى دەپ ئاتالغانىكەن.

قويچى، ناھىيە قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى ۋە كېيىن ماكۇيا مىڭلىكىگە تەۋە بولۇپ، 1937 - يىلدىن كېيىن 3 - رايوننىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى. 1944 - يىلدىن كېيىن ئاساسى قىسمى «مۇنبەت» يېزىسىغا، ئاز بىر قىسمى «ئىنشەنچ» يېزىسىغا قاراشلىق بولدى. 1948 - يىلدىن كېيىن «مۇنبەت» يېزىسى باشقۇردى.

1950 - يىلدىن كېيىن 10 - رايون بولۇپ، قازاق، كۆكيار، يېڭىمۆستەڭ، تۇتلۇق، تۆۋەن تۇتلۇق، باچۇقتىن ئىبارەت ئالتە يېزىنى باشقۇردى. 1956 - يىلدىن كېيىن 9 - رايون بولدى. 1958 - يىلى 8 - رايونغا قوشۇلۇپ «راكېتا» گۇڭشېسى بولدى. 1982 - يىلى «راكېتا» گۇڭشېسىدىن ئايرىلىپ «قويچى گۇڭشېسى» بولۇپ، 1984 - يىلدىن باشلاپ قويچى يېزىسى دەپ ئاتالدى.

نىڭدىن تەخمىنەن 400 يىل ئىلگىرى ئون نەچچە كۆچ-
ن چارۋىچى قازاقلار بۇ جايغا كېلىپ يەرلىك خەلقنىڭ
زىمىن كۆتۈرۈۋالغانلىقى، بۇ جاينىڭ چارۋا - ماللارنى
قىشقا قولايلىق بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ جايدا بىر مەز-
ل تۇرۇپ قالغانىكەن. بۇ جەرياندا قازاقلار يەرلىك
ەلق بىلەن بىرلىشىپ ھازىرقى ئاياغقازاق كەنت ئىش-
انىسىنىڭ ئۇدۇلىغا بىر كۆل كولىغانىكەن. بۇ كۆل
197- يىلى تىندۇرۇۋېتىلىپ ئېتىزلىق بولغانغا قەدەر «قا-
اق كۆلى» دەپ ئاتالغانىكەن. قازاقلاردىن بىرسى بۇ يەر-
ىك بىر ئايالنى نىكاھىغا ئېلىپ، قايتىدىغان چاغدا بىر-
ە ئېلىپ كەتكەنىكەن. 1930 - يىللىرى چاچلىرىغا تەڭگە
اسقان، يۈز - چىرايى سوزۇنچاق بىر نەچچە قازاق ئا-
يال كېلىپ نەسەب سۈرۈشتۈرۈپ بىر نەچچە كۈن تۇرغان-
ىن كېيىن قايتىپ كەتكەنىكەن. (كىم بىلەن نەسەبداش
ىكەنلىكىنى بىلەلمىگەنىكەن.)

زامانلار ئۆتۈپ يۇرت كېڭەيگەنلىكتىن باشقۇرۇشقا
ولايلىق بولۇشى ئۈچۈن 1984- يىلى قازاقلا دېگەن بۇ بىر
يۇرت «باشقازاق» ۋە «ئاياغقازاق» دېگەن ئىككى مەمۇ-
رىي كەنتكە ئايرىلدى.

1996- يىلىنىڭ ئاخىرىدا باشقازاق كەنتىدە ئائىلە
ەھەللە، 235 ئائىلە، 933 نوپۇس، 1302 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## قازاق مازار غوجام

باشقازاق ۋە ئاياغقازاق كەنتلىرىنىڭ تۇتاشقان يې-
ىدە «قازاق مازار غوجام» دەپ ئاتىلىدىغان بىر قەبرىس-
انلىق بار. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا سۇلتانى زەنجىرى

13. چىراغدۆك
14. ھەلچاق
15. غەزەل
16. باچۇق
17. شاپىقى
18. زىۋا
19. دونئېرىق
20. قوشماق
21. ساداق
22. سەككىز پارچە
23. چىلان
24. يېڭىگۆل
25. تاللىق مەيدان②
26. ئات فېرمىسى

## چېگرىداش يېزىلاردىن خەرىتىگە چۈشكەن كەنتلەر

پۇرچاقچى يېزىسىدىن: 27. باشئويكۆل، 28. ئورتتۇرائويكۆل، 29. ئاياغئويكۆل، 30. ئوجىملىك، 31. يېڭىگۆل، 32. باشجاي، 33. ئاياغجاي، 34. بۇدا شاخلىق، 35. ھويلا كۆل 36. دۆڭئاچما. 37. باشپۇرچاقچى.

تۇۋەت يېزىسىدىن: 38. تۇكار، 39. موغاللا، 40. سېرىقتوغراق.

## قازاقلا

1996- يىلى 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى بۇلۇتسىز ئاسمان سۈزۈك سۇدەك كۆپكۆك بولۇپ، قۇياش ئەينەكنىڭ سىنۇقىدەك چاقنايتتى. ھاۋا تۆت گرادۇس ئىسسىپ يولدىكى مۇزلار ئېرىپ بۇرۇنقى ھەر قانداق يېڭى يىل كۈنلىرىدىن ئىللىق ۋە ئىسسىق بولدى. مەن مانا مۇشۇ بىر يىلنىڭ دەرۋازىسى ئېچىلغان كۈندە باشقازاق ۋە ئاياغقازاق كەنتلىرىنى ئارىلاپ 105 ياشلىق ئىگەمبەردى ھاجىم، 90 ياشلىق رىخىم ئاخۇن، 85 ياشلىق ئايۈپ ئاخۇن ۋە 75 ياشلىق رىجەپ داموللا ھاجىم، 68 ياشلىق بەكرى پازىللار بىلەن سۆھبەتلەشتىم. ئۇلارنىڭ بايانلىرىدىن مەلۇم بولدىكى،

ئىلىملىك غوجا ئايىمىقىدىكى ئابرويلۇق دىنىي زاتۇ-
ئۇنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە، ناماڭگاندىن كەلگەن تۆمۈر شۇ-
جا دېگەن كىشى (تەخمىنەن 350 يىل ئىلگىرى) بۇ جايدا
ئولتۇراقلىشىپ، ئالدى بىلەن بىر كۆل كولىتىپتۇ. بۇ كۆل
قەدىمكى زاماندا قاراقاش دەرياسىنىڭ بىر تارماق ئې-
قىنى ئاققان چوڭقۇرلۇققا كولانغانلىقتىن بىر قېتىم سۇ
قاچىلانسا كېلەر يىلى كەلكۈن مەزگىلىگىچە سۈيى سى-
ڭىپ تۈگىمەيدىكەن. بۇ كۆل يېقىنقى يىللارغىچە بۇ كەنت-
تىكى خەلقنىڭ سۇ ئىچىش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ كەل-
گەنىدى. 1990 - يىللىرى دوقمۇش - دوقمۇشلاردا زامان-
ئىۋى قۇدۇق كولانغانلىقتىن بۇ كۆلگە سۇ سېلىنمايدىغان
بولدى. تۆمۈرغوجىنىڭ نەۋرىسى ئىمىن ھاجىم بۇمەھەل-
لىدە مەدرىس سېلىپ تالىپ يېتىشتۈرۈپ شۆھرەت قازان-
غانىكەن. بۇ كىشى ئۆلگەندە يۇرت خەلقى كاتتا مەقبەرە
ياساپ دەپنە قىلغانىكەن. بۇ مەقبەرىلەر ھازىرمۇ ئېتىز-
لىقلار ئوتتۇرىسىدا چوقچىيىپ تۇرماقتا.

## دوك ئايىمىقى

65 ياشلىق مەمتىمىن قاسىمنىڭ بو-
ۋىسىنىڭ چوڭ بوۋىسى قۇۋانكام ئېرىقىنىڭ ئاخىرىدا ئول-
تۇراقلاشقانلىقتىن باغ - ئېتىزلىرىنى سۇغىرىشتا ناھا-
يىتى قىيىنىلىدىكەن. شۇڭا ئۇ قولىغا دوك① ئېلىپ «كىم
سۇيۇمنى باغلىۋالسا دوك بىلەن ئۇرىمەن»دېگەن ئەلپاز-
دا سۇ ياقىلايدىكەن. ئېرىق بويىدىكى كىشىلەر قۇۋان-
كامنى كۆرسە «ئەنە قاراڭلا، دوك كەلدى» دەپ كولۇشىدى-
كەن. شۇنىڭ بىلەن قۇۋانكامغا «دوك»دەپ لەقەم سىڭىپ قاپ-
تۇ. ھازىر دوك لەقەملىك ئالتە ئائىلە بار.

## تاۋۇز لەقەملىكلەر

85 ياشلىق ئايىپ ئاخۇن تاۋۇز -

① دوك — بىر ئۇچى مۇشتەك ياسالغان يېرىم مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى چوماق.

كاسانى نەپچە ئون ئەسكەر ۋە خىزمەتچىلىرى بىلەن بۇيەرگە كەلگەندە، قانغا مىلەنگەن كىيىملەرنى بىر تۈگۈنگە ئارتىپ كېلىۋاتقان بىر قېرى بۇتپەرەسكە ئۇچراپتۇ. سۇلتان زەنجىرى كاسانى ئۇنىڭدىن:

— نېمانداق يالغۇز ماڭدىڭ، بىزگە ئۇچراپ قېلىشىڭدىن قورقمىدىڭمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. بۇتپەرەس قېرى:

— ھەمراھلىرىمنىڭ ھەممىسى تۈنۈگۈنكى جەڭدە ئۆلۈپ تۈگىدى، مەن ئۇلارنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىنى خوتۇن - بالىلىرىغا يەتكۈزۈپ بېرىشكە ماڭغانىدىم. بىر قوشۇق قېنىمنى تىلەيمەن، — دەپ يالۋۇرۇپتۇ. بىر خىزمەتچى سۇلتان زەنجىرى كاسانىغا:

— بۇ قېرى بۇتپەرەسنى ئۆلتۈرۈۋېتەيلى، — دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ.

— ياق، — دەپتۇ سۇلتانى زەنجىر كاسانى، — بىزگە قارشى تۇرالمايدىغان قېرى - ئاجىز دۈشمەنلىرىمىزنى ئۆلتۈرۈۋەتسەك، دىنى ئىسلامىمىزغا مۇخالىپلىق قىلغان بولۇرمىز. ئۇنى قويۇۋېتىڭلار، بالا - چاقىلىرى بىلەن دىدارلىشىۋالسۇن.

سۇلتانى زەنجىرى كاسانىنىڭ رەھىم - شەپقىتىدىن تىرىك قالغان بۇ قېرى بۇتپەرەس ئەسلى ۋەزىپىسىگە سادىق بولۇپ، بۇتپەرەس قوشۇنىنى باشلاپ كېلىپ، سۇلتانى زەنجىرى كاسانىنى ھەم ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى ئۇخلاۋاتقان يېرىدىلا چېپىپ ئۆلتۈرۈپتۇ. بۇلار دەپنە قىلىنغان مازارلىققا كېيىن يەرلىك كىشىلەرمۇ دەپنە قىلىنغانلىقتىن قازاق مازار غوجام دەپ ئاتىلىپتۇ. ھازىر بۇ مازارنىڭ كۆلىمى 40 مودىن ئارتۇق بولۇپ، قەدىمكى مەقبەرىلەر قېلىن قومۇش - توغراقلار بىلەن قاپلىنىپ تۇرماقتا.

**غوجا ئايەتقى**

رىجەپ داموللاھاجىم ھازىرقى 20 ئا-

ن كىشىلەر كۆچۈپ كېلىپ، مەھەللە بىنا بولغاندىن كېيـ
ىنمۇ باخشىلار دەپ ئاتىلىپ بارا - بارا «باخشى»غا
ئۆزگىرىپ قالدى. بۇ يەردە باخشى لەقەملىك بىرەر ئائىـ
لە يوقلۇقىدىن، باخشى دېگەن بۇ ئاتالغۇنىڭ مۇشۇ زېـ
مىنغا قارىتىلغانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

بۇ كەنتتە 1996 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا بەش مەھەللە، 13 ئائىلە، 657 نوپۇس، 1009 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## لوخەن

بۇ جاينىڭ ئېتىزلىقلىرى ئېگىز، ئۆستەڭنىڭ باش تەرىپى پەس بولۇپ، بۇ مەھەللىلىك كىشىلەر توپا يۆتكەپ ئۆستەڭنىڭ ئورنىنى كۆتۈرۈپ سۇغىرىشنى راۋانلاشتۇرغان ھەم بۇ ئۆستەڭنى «كۆتەمە ئۆستەڭ» دەپ ئاتىغانىكەن. كېيىنچە «ئۆستەڭ» سۆزى چۈشۈپ قېلىپ كۆتەمە دەپ ئاتىلىپتۇ. «كۆتەمە» دېگەن ئاتالغۇ بارا - بارا بۇ ئۆستەڭدىن سۇ ئىچىدىغان مەھەللىلەرنىڭ نامىغا ئايلىنىپتۇ.

1930 - يىللىرى كۆتەمىلىك بىر نەچچە دېھقان باج تاپشۇرۇش ئۈچۈن خوتەنگە بېرىپتۇ. بۇلارنىڭ ئارىسىدىن بارات ئاخۇن تاپشۇرغان بۇغداي ئۇنىڭ ۋەزىپىسىدىن ئارتۇق چىقىپتۇ. بارات ئاخۇن بۇغداينىڭ ئارتۇق قىسمىنى قايتۇرۇپ ئالغىلى ئۇنىماي باج ۋەزىپىسىنى ئاشۇرۇپ ئورۇنداپتۇ. باج تاپشۇرۇۋالغۇچى خەنزۇ ئەمەلدار ئۇنىڭ دولىسىغا ئۇرۇپ:

— لوخەن ياخشى، — دەپ ماختاپتۇ. شۇ چاغدىن باشلاپ بارات ئاخۇنغا لوخەن دەپ لەقەم سىڭىپ قاپتۇ. بۇ لەقەم ئۇنىڭ ئەۋلاد، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغىچە ئومۇملاشـ

نىڭ چوڭ ئانىسى جىننەتتە غوجىدىن ئاڭلىغانلىرىنى ئەسلەپ
سۆزلەپ بېرىشىچە، يەرلىك كىشىلەردىن بىرى قازاقلارنىڭ
باشلىقىغا قېيىن ئاتا بولغانلىق بەدىلىگە نۇرغۇن چار-
ۋا-مالغا ئىگە بولۇپ بېيىپ، ھەرەمگە بېرىپ ھاجى بولۇپ
كەلگەنىكەن. بۇ كىشىنىڭ ئىنىسى ئۇنىڭ بىر قازاقنى
كۆيئوغۇل قىلغىنىغا نارازى بولۇپ بىر تۇغقانلىقتىن
ۋاز كېچىپ يۇرتنىڭ ئايىغىغا كۆچۈپ كېتىپتۇ. ئېرىق-
نىڭ سۈيى بۇ جايغا يېتىشمىگەنلىكتىن قۇدۇق كولاپ ئا-
ئىلىسىنىڭ سۇ ئېھتىياجىنى تەمىنلىگەندىن تاشقىرى قۇدۇق
سۈيى بىلەن تاۋۇز تېرىپتۇ. بۇ تاۋۇزلار تاتلىق بولغاچ-
قا، يۇرت- مەھەللىدە شۆھرەت قازىنىپتۇ ۋە بۇ كىشىگە
تاۋۇز دەپ لەقەم سىڭىپ قاپتۇ. بۇ كىشىنىڭ ئەۋلادلىرى-
دىن تۇرسۇنمۇھەممەت داموللام دېگەن كىشى تەخمىنەن
120 يىل ئىلگىرى ئەسلىدىكى مەھەللىسىدىن بىر ئېگىز-
لىكنىڭ باغرىغا كۆچۈپ بېرىپ، قۇدۇق سۈيى بىلەن تېرىش
ھەم يانتاققا ئۇلاش ئارقىلىق بىر نەچچە مو يەردە تا-
ۋۇز ئۆستۈرگەنلىكتىن بۇ ئېگىزلىك «تاۋۇز دۆڭ» دەپ ئا-
تىلىپتۇ. ھازىر تاۋۇز لەقەملىكلەر 30 ئائىلىدىن ئاشتى.

## باخشى

بۇ كەنتتە ئولتۇرۇشلۇق 93 ياشلىق روزىباقى ئا-
خۇننىڭ بايانلىرىدىن مەلۇم بولدىكى، ئەسلىدە بۇ جايلار
قويۇق قومۇشلار ئۆسكەن زېمىن بولۇپ ياۋايى
توشقانلار كۆپ ئىكەن، باخشىلار (قارچىغا بىلەن توشقان
ئوۋلايدىغان كىشىلەر) بۇ جايدىن ئۈزۈلمەيدىكەن. باخ-
شىلارنىڭ بۇ جايدىن توشقان ئوۋلىشى 1900 - يىللىرى-
غىچە داۋاملاشقانىكەن. بۇ جاي يېقىن - يىراق يۇرتلار-

غا چاڭگا تىزىپ ئۇۋا ياسىغانىكەن. بۇ جايغا دەسلەپتە
چۈپ كېلىپ ئولتۇراقلاشقان كىشىلەر ئەسلى يۇرتىدىكى
شىنىلىرىغا:
— قەيەرگە قارىساق چاڭگا كۆرۈندى، — دەپتۇ. قوش-
لىرى بۇلارنى چاڭگىلار، دەپ چاقىرىشىپتۇ. بۇ لەقەم
لارنىڭ ئەۋلادلىرىغىچە داۋاملاشماقتا. كۆكيار كەنتىدە
ڭگا لەقەملىك كىشىلەردىن هازىر ئالتە ئائىلە بار.

## چاڭگا

كۆكيار كەنتىدىكى چاڭگا لەقەملىكلەرنىڭ ئەۋلادى
8 ياشلىق ئىسمايىل هاجىمنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە، دادى-
ى توختىمەت ئاخۇن 1890 - يىللىرى بۇ يەرگە كېلىپ
ارۋا باقاندىن كېيىن ئۇنىڭ تۇغقانلىرىدىن بىر نەچ-
چە ئائىلىلىك كىشى بۇ جايغا كۆچۈپ كىرىپ تىرىكچىلىك
ىپتۇ. چاڭگا لەقەملىكلەر ئولتۇراقلاشقان مەھەللە چاڭگا
دەپ ئاتىلىپتۇ.
بۇ كەنتتە هازىر يەتتە مەھەللە، 256 ئائىلە، 1273
نوپۇس، 1395 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## كونائېرىق ۋە يېڭىئېرىق كەنتلىرى توغرىسىدا

ئىلگىرى بۇ جايلار ئۆلۈك ئايمىقى ۋە بوغاز ئايمىقى
دەپ ئاتىلاتتى. بۇ ئىككى مەھەللە بىر ئېرىقتىن سۇ ئى-
چەتتى. نوپۇسنىڭ كۆپىيىشى ۋە تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ كې-
ڭىيىشىگە ئەگىشىپ بىر ئېرىقنىڭ سۈيى يېتىشمەيدىغان
بولۇپ قالغانلىقتىن، 1900 - يىللىرى ئۆلۈك ئايمىقى تە-
ۋەلىكىدىكىلەر ماكۇي ئۆستەڭدىن مۇستەقىل ئېرىق چاپ-
تى. بۇ ئېرىقنىڭ ئەتراپى يېڭىئېرىق، ئەسلىدىكى ئېرىق-

قانلىقتىن كۆتەمە دېگەن نام ئەمەلدىن قېلىپ لوفەن دې-
گەن سۆز بۇ كەنتنىڭ نامى بولۇپ قاپتۇ.
(76 ياشلىق ئابدىراخمان ئاخۇن سۆزلەپ بەرگەن.
ئىمىرجان راخمان يازغان.)
بۇ كەنتتە ھازىر تۆت مەھەللە، 190 ئائىلە، 736
نوپۇس، 949 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## كۆكيار

98 ياشلىق خاسىيەتخان موماينىڭ سۆزلەپ بېرىشى-
چە، نەچچە يۈز يىل ئىلگىرى ئۆستەڭگە پاتمىغان كەلكۈن سۈيى
بۇ جايلاردىن ئېقىپ كەلگەچ ۋە ئېگىز - پەس يارلىق ھاسىل
قىلغانىكەن. بۇ يەرلەر ئۇجمە قاتارلىق دەرەخلەر ۋە قو-
يۇق ئوت - چۆپلەر بىلەن قاپلانغانلىقتىن كىشىلەر بۇ
جاينى كۆكيار دەپ ئاتىغانىكەن.
تەخمىنەن 1700 - يىللىرىدىن باشلاپ بۇ جايدا كى-
شىلەر ماكانلىشىپ تېرىقچىلىق قىلىشقا باشلاپتۇ. «كۆك-
يار» نىڭ ئەسلى قىياپىتىنى ساقلاپ قالغان 20 مو-
دىن ئارتۇق ئېگىز - پەس يەرلەر 1983 - يىلى تۈزلىنىپ
مېۋىلىك كۆچەتلەر تىكىلدى ۋە زىرائەت تېرىلدى. ھازىر
بۇ يەرگەقويچى يېزىلىق يېزا - بازاركارخانىلىرىنى باش-
قۇرۇش ئىشخانىسى ئىگىدارلىق قىلماقتا.
بۇ كەنتتە 1996 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا يەتتە مەھەللە،
256 ئائىلە، 1104 نوپۇس، 1571 مو تېرىلغۇ يەر بار.

### چاڭگا لەقەملىكلەر

بۇ يەرلەر ئۇجمە، جىگدە قاتارلىق
دەرەخلەر ۋە قويۇق ئوت - چۆپلەر بىلەن قاپلانغان-
لىقتىن ھەرخىل قۇشلار شاخلار ھەم ئوت - چۆپلەر ئارى-

مۇللا ئەخمەت بۇ بالىنى تۇۋرىغا① سېلىپ دولىسىغا ئېسىپ مەھەللىسىگە كەلگەندە تۇغقانلىرى:

— مۇللا ئەخمەت، تۇۋرىدىكى نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ. مۇللا ئەخمەت گەپ ئوينىتىپ:

— بوغاز②، — دەپتۇ — دە، بالىنى ئېلىپ تۇغقانلىرىغا كۆرسىتىپتۇ. بۇ بالىغا ساتتار غوجا دەپ ئىسىم قويۇلغاندىن كېيىنمۇ بوغاز دېگەن لەقەم ئۇنىڭغا بىر ئۆمۈر ھەمراھ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ بالىلىرىغا مىراس قاپتۇ. ھازىر بوغاز لەقەملىكلەر 100 ئائىلىگە يەتتى. ساتتار غوجىنىڭ چەۋرىسى تۇختاخۇن بۇ يىل 80 ياشقا كىردى.

## كۆلئېرىق

52 ياشلىق ماخمۇت قارى قاتارلىقلارنىڭ ئېيتىشىچە، توپلۇق، شاخار، ھەلچاق، غەزەل، زەرگەر، چىراغدۆك، كۆلئېرىق كەنتلىرىدىكى كىشىلەر ئۆلسە دەپنە قىلىنىدىغان 180 مو كۆلەمدىكى چوڭ زاراتگاھلىقنىڭ خانىقاسى يېنىدا ئىلگىرى چوڭ بىر كۆل بار ئىكەن. كۆلنىڭ شەرق تەرىپىدىكى دېھقانلار بۇ كۆلدىن ئېرىق ئورنىدا پايدىلىنىپ زىرائەتلىرىنى سۇغارغانلىقتىن بۇ كۆلنىڭ ئەتراپىدىكى مەھەللىلەر 1984 - يىلى بىر كەنت قىلىپ تەسىس قىلىنىپ كۆلئېرىق دەپ ئاتالدى.

1996 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا بۇ كەنتتە بەش مەھەللە، 207 ئائىلە، 766 نوپۇس، 1419 مو تېرىلغۇ يەر بار.

① تۇۋرا — سەپەر ئۈستىدە يەم - بوغۇز قاچىلاپ ئات - ئېشەكلەرنىڭ تۇمشۇقىغا ئېسىپ قويۇلىدىغان خالتا.

② بوغۇز

نىڭ ئەتراپى كونا ئېرىق دەپ ئاتالدى، 1960 - يىلدىن كېيىن بۇ ئىككى ئېرىقنىڭ ئورنى يۆتكەلگەن بولسىمۇ، نامى بۇرۇنقىدەك ساقلىنىپ قالدى.

1996 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا كونا ئېرىق كەنتىدە ئالتە مەھەللە، 242 ئائىلە، 1073 نوپۇس، 1567 مو تېرىلغۇ يەر بار. يېڭىئېرىق كەنتىدە ئالتە مەھەللە، 197 ئائىلە، 836 نوپۇس، 1253 مو تېرىلغۇ يەر بار.

### كونا ئېرىق كەنتىدىكى ئۆلۈك لەقەملىكلەر

تەخمىنەن 200 يىل ئىلگىرى ئىگەمبەردىكام ئىسىملىك بىر كىشى ئەسكەرلىككە تۇتۇلۇشتىن قورقۇپ ئۆلگەن قىياپەتتە يېتىۋاپتۇ. ئەسكەرلىككە ئادەم تاللاشقا كەلگەنلەر ئىشەنمەي سىناپ بېقىش ئۈچۈن ئۇنىڭ قۇلىقىنى ئۇستۇرا بىلەن كېسىپتۇ. كېسىلگەن جايدىن قان ئېتىلىپ چىققىنىغا قاراپ ئۇنىڭ تىرىكلىكىنى جەزملەشتۈرگەن ئەسكەرلىككە ئادەم ئىزدىگۈچىلەر ئۇنىڭ چىداپ جىم ياتقانلىقىدىن تەسىرلىنىپ ئۇنى ئەسكەرلىككە زورلىماپتۇ. شۇ ۋەجىدىن ئۇ كىشىگە «ئۆلۈك» دەپ لەقەم سىڭىپ قاپتۇ. ھازىر ئۆلۈك لەقەملىكلەر 60 ئائىلىدىن ئاشتى. 63 ياشلىق باراتنىياز ئاخۇن ئىگەمبەردىكامنىڭ ئالتىنچى ئەۋلادىدۇر.

### گۇما مەھەللىسى

1940 - يىللىرى گۇما ناھىيىسىدىن ئىككى ئائىلىلىك كىشى كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلاشقان مەھەللىنى كىشىلەر «گۇما مەھەللىسى» دەپ ئاتىدى، بۇ مەھەللە ھازىر مۇشۇ نام بىلەن ئاتالماقتا.

### يېڭىئېرىق كەنتىدىكى بوغاز لەقەملىكلەر

موللا ئەخمەت ئىسىملىك كىشى سودىگەرلىك قىلىپ كۆچادىن قايتىپ كېلىشىدە يۇرتىغا ئازقالغاندا ئايالى تۇغۇپتۇ.

يگەن ئاتالغۇ بارا - بارا ئۇنتۇلۇپ كېتىپتۇ.

بۇ كەنتتە 1996 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئۈچ مەھەللە، 16 ئائىلە، 705 نوپۇس، 827 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## توپلۇق (تۇتلۇق)

1995 - يىلى 12 - ئاينىڭ 23 - كۈنى نو لەقەملىك ەجەپ ئاخۇن (75 ياش)، قەمبەر لەقەملىك بەردى ئاخۇن (60 ياش)، پىشتى لەقەملىك تۆرەم ئاخۇن (62ياش) ۋەپپىن-مىيىگە چىققان كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ سېكرېتارى ابدۇللا ماخسۇت بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدۈم.

بۇنىڭدىن 1020 يىل ئىلگىرى كاسانلىق سۇلتانى ەيدەر، ئۇنىڭ بىر نەچچە ئەسكىرى، ئاش - تاماق تەي-ارلايدىغان يەتتە نەپەر قىز خىزمەتچىسى بۇددا ئەس-كەرلىرى تەرىپىدىن تۇتۇلۇپ (ئەسىرگە چۈشۈپ) قىلىپ شېھىت بوپتۇ. بۇ جاي قۇملۇق بولغاچقا جەسەتلەر قىلىن تاختايدىن ياسالغان تاۋۇتلارغا سېلىنىپ دەپنە قىلىنىپ-تۇ. ئىسلام قوشۇنلىرىدىن بىر قىسمى بۇددا ئەسكەرلىرى-نىڭ مۇھاسىرىسىنى يېرىپ چىقىپ ئىمامى ئەسكەرنىڭ كە يىنىدىن يېتىپ بېرىپتۇ. ئىمامى ئەسكەر ئۇلاردىن:

— سۇلتانى ھەيدەر نەدە قالدى؟- دەپ سوراپتۇ. ئۇلار:

— تا بۇتلۇقتا قالدى،- دەپتۇ. شۇ چاغدىن باشلاپ بۇ جاي «تا بۇتلۇق» دەپ ئاتىلىپتۇ. بۇ ئاتالغۇ بىر نەچچە ئەسىر داۋامىدا «توبۇتلۇق» قا ئۆزگىرىپ، كېيىن «توپ-لۇق»قا قىسقىرىپتۇ. يەنە باشقا گەپلەرگە قارىغاندا، بۇددا ئەسكەرلىرىگە تۇتۇلۇپ قېلىپ شېھىت بولغانلار دەپنە قى-لىنغان بۇ مازار دەسلەپتە «تۇتۇلۇغلۇق» دەپ ئاتىلىپ، كېيىنچە «تۇتلۇق»قا قىسقىراپتۇ.

## زەرگەر

بۇرۇن بۇ جاي شېھىتلىق دەپ ئاتىلاتتى. (بۇدداقو- شۇنلىرى بىلەن بولغان جەڭدە قازا تاپقان - شېھىت بول- غان ئىسلام ئەسكەرلىرىنىڭ تۇغ - ئەلەملىك قەبرىسى مازىرىمۇ بار.)

58 ياشلىق ئابدۇرشىت ئاخۇننىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، 1930 - يىللىرى تۇرسۇنبەگ ۋە ئۇنىڭ جەمەتى ئالتۇن زىبۇ - زىننەت بۇيۇملىرى ياساپ سېتىش بىلەن شۇغۇل- لانغانلىقتىن بۇلار زەرگەر ئايمىقى دەپ ئاتىلىپتۇ.

1984 - يىلى كەنتلەرنىڭ نامى مۇقىملاشتۇرۇلغاندا، كې- شىلەرگە قايغۇ - مۇسىبەت ھېس قىلدۇرىدىغان «شېھىتلىق» دېگەن سۆزنىڭ ئورنىغا بۇ جايدا كۆپرەك سالماقنى ئىگ- گىلىگەن زەرگەر ئايمىقىنىڭ نامى كەنت ئىسمى قىلىپ بېكىتىلدى.

1996 - يىل ئاخىرىدا بۇ كەنتتە ئۈچ مەھەللە، 180 ئائىلە، 565 نوپۇس، 951 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## شاخار

بۇ مەھەللىگە سۇ كېلىدىغان ئېرىقنىڭ بېشىدا بەش تۈپ قېرى تېرەك بولغانلىقتىن بۇ جاي ئىلگىرى بەشتې- رەك دەپ ئاتىلاتتى. 55 ياشلىق جاپپار ئاخۇننىڭ ئېيتى- شىچە، بۇ يەرلىك كىشىلەر بۇرۇن جاڭگالدىن توغراق ئو- تۇنى توشۇپ يېقىلغۇ قىلىدىكەن. ئۇلار ئوچاقنىڭ تېگى- دە قالغان قېتىشمىنى (شاخارنى) سوپۇن ئورنىدا ئىشلەت- كەنلىكى سەۋەبىدىن، جاڭگالدا توغراق كۆيدۈرۈپ شاخار چى- قىرىپ بۇ شاخارلارنى بازاردا سېتىپتۇ. قوشنا مەھەللىدى- كىلەر بۇلارنى شاخارلار دەپ ئاتىغانلىقتىن «بەشتېرەك»

يىلنىڭ ئەسلىدىكى لەقىمى كالدا بولۇپ ساراخەتمىلەردە①
جاما ئەتكە ئاش ئۇسسۇپ بەرگەن كىشى ئىكەن. سارا-
خەتمىگە ۋاقتىدىن ئىلگىرى كېلىپ قالغان كىشىلەر:

— موللا غوجىكا، ئاش پىشتىمۇ؟ - دەپسورايدىكەن. قازان قاينىمىغان بولسىمۇ موللاغوجىكام:

— پىشتى ئۇكىلىرىم، پىشتى، قاچىلارنى تەييار-
لاڭلار، - دەيدىكەن. بۇ سوئال - جاۋابلار ھەر قېتىملىق
ساراخەتمىدە تەكرارلىنىۋېرىپ موللا غوجىكامغا «پىشتى»
دەپ لەقەم سىڭىپ قاپتۇ. ئۇنىڭ 11 ئوغلى بار ئىكەن.
ھازىر كۆلئېرىق، تۇتلۇق، چىلان، چىراغدۆڭ قاتارلىق
كەنتلەردە «پىشتى» لەقەملىكلەر 100 ئائىلىدىن ئاشتى.
موللا غوجىكامنىڭ نەۋرىلىرىدىن روزىمۇھەممەت ئاخۇن
1952 - يىل پومېشچىك تەركىبىگە ئايرىلىپ نۇرغۇن مال-
دۇنيالىرىنى تەشكىل كەمبەغەل دېھقان، تۆۋەن ئوتتۇرا
دېھقانلارغا تەقسىم قىلىپ بەردى، بۇ كىشى 1960 - يىلى
كېسەل بىلەن جان ئۈزدى. ئۇنىڭ بالىلىرى كېيىن
بىر - بىرلەپ غۇلجىغا چىقىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ سانى
(پىشتى لەقەملىكلەر) 48 گە يەتتى.

تۇتلۇق كەنتىدىكى «پىشتى» لەقەملىكلەر ئولتۇ-

---

① يۇرتتا كېسەل، ئۆلۈم - مۇسىبەت كۆپەيگەن، قۇرغاقچىلىقتىن زىرا-
ئەتلەر قۇرۇشقا باشلىغان ۋە باشقا ئاپەتلىك مەزگىللەردە دۇئا - تىلا-
ۋەت قىلىپ ئاللادىن رەھىم - شەپقەت تىلەش، نورۇز، قۇربان ھېيت قا-
تارلىق ئايەم كۈنلىرىدە يېتىم، مۇساپىر، مىسكىن - ئاجىز كىشىلەرنى ھېيە-
لىتىش ئۈچۈن يۇرت كاتتىلىرى خانىقادا قوي - كالىلارنى سويۇپ، چوڭ
داشقازانلاردا پولۇ، شوۋىگۈرۈچ (شويلا)، شىلان (گۈرۈچ قوشۇلغان ئوماچ)
لارنى پىشۇراتتى. بۇنداق دىنىي مۇراسىملار ساراخەتمە دېيىلەتتى.

1950 - يىللاردىن ئىلگىرى ھازىرقى كولئېرىق، توپلۇق، زەرگەر، شاخار، ھەلچاق، غەزەلكەنتلىرى بىر يۇرت بولۇپ توپلۇق (تۇتلۇق) ئاتىلاتتى. بۇ يۇرتنىڭ نامى ئەزەلدىن مازارنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتىلىپ كەلمەكتە.

بۇ كەنتتە 1996 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى سانلىق مەلۇماتتا تۆت مەھەللە، 154 ئائىلە ، 763 نوپۇس، 792 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## توپلۇق مازار

بۇ مازارنىڭ نامى ئەزەلدىن يىراق - يېقىن يۇرتلارغا تارقالغان بولۇپ، تاۋاپ قىلغىلى مىڭلاپ كىشىلەر توپلىناتتى. (ھازىرمۇ قۇربان ھېيت نامىزىغا كېلىدىغانلار تۆت - بەش مىڭغا يېتىدۇ.)

1930 - يىلى بۇ مازاردىكى تۇغ - ئەلەملەرگە ئوت كەتكەندىن كېيىن جامالبەگ دېگەن كىشى ئۆزى مەبلەغ چىقىرىپ مازارغا سالاسۇن ياساتقانىكەن. مازارنىڭ قەدىمكى خانىقاسى 1960 - يىلى چېقىپ تاشلىنىپ، مازارنىڭ بىر قىسمى تۈزلەپ ئېتىزلىققا ئايلاندۇرۇلدى. 1995 - يىلى كۆلئېرىق، توپلۇق، ھەلچاق، غەزەل، شاخار، زەرگەر كەنتلىرىدىكى تۇرمۇشى بىر قەدەر ياخشىلانغان كىشىلەر 240 مىڭ يۈەن مەبلەغ ئىئانە قىلغانلىقتىن 6.5 مو كۆلەمدىكى يېڭى خانىقا سېلىندى. (يۇقىرىدىكى كەنتلەردە كىشىلەر قازا قىلسا بۇ مازارغا دەپنە قىلىنىدۇ.) مازارنىڭ ھازىرقى كۆلىمى 190 مو كېلىدۇ.

### پىشتى لەقەملىكلەر

تۆرەم ئاخۇننىڭ ئەسلىمىسىگە ئاساسلانغاندا، ئۇنىڭ بوۋىسىنىڭ دادىسى — موللا غەزجكام-

پتۇ. بالداق ئونىنچى قېتىم ئۇرۇلغاندا نودىن سۇ چۈش-
ندەك ئىشتانغا شارقىرىتىپ چىقىرىۋېتىپتۇ. شۇ چاغدىن
شلاپ ئۇنىڭ لەقىمى «نو» غا ئۆزگىرىپ قالغانىكەن.
زىر نو لەقەملىكلەر 15 ئائىلىگە يەتتى.

## پاچاق لەقەملىكلەر

40 ياشلىق روزىباقى ئاخۇننىڭ ئېي-
شىچە، بوۋىسى خوشۇتكام بويى ناھايىتى ئېگىز
ادەم بولۇپ، قوللىرىنى سوزۇپلا دەرەخ كامارلىرىدىن
ۇشقاچ باللىرىنى ئېلىپ كىچىك باللارغا بېرىدىكەن.
ۇ كىشى قازا قىلغاندا جىنازىغا پاتماي يېگىدىن ئۇزۇن
ىنازا ياسىتىلغانىكەن. پاچاق دېگەن لەقەم ئۇنىڭ پا-
چاقلىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقىدىن كېلىپ چىققانىكەن. ھازىر پا-
چاق لەقەملىكلەر 15 ئائىلىگە يەتتى.

## چىراغدۆك

1960 - يىلىدىن باشلاپ ھەلچاق، باچۇق، تۇتلۇق
كەنتلىرى تۇتلۇقنىڭ ئايغىدىكى جاڭگاللىقتا يەر ئېچىپ
تېرىقچىلىق قىلدى.

1986 - يىلى بۇ جاي ئايرىم كەنت بولۇپ تەسىس
ىلىندى. بۇ جاينىڭ ئەسلى قىياپىتىگە گۇۋاھلىق قىلىپ
ۇرۇشى ئۈچۈن كەنتنىڭ ئىچىدىكى چىراغ شەكىللىك قۇم-
لۇق دۆڭ تۈزلىۋېتىلمەي ئۆز پېتى ساقلاپ قويۇلدى. بۇ
يەلگە كۆزدە تۇتۇلۇپ كەنتكە «چىراغدۆك» دەپ ئىسىم
قويۇلدى.

(ئابدۇللا جۇمە سۆزلەپ بەردى)

1996 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا بۇ كەنتتە ئۈچ مەھەللە،
67 ئائىلە، 299 نوپۇس، 717 مو تېرىلغۇ يەر بار.

راقلاشقان جاي 70—80 يىل بۇرۇن «كېپىنەكچى» دېيىلەت-
تى. بۇ جاينىڭ ئايغى قويۇق توغراقلىق بولۇپ كېپىنەك-
لەر كۆپ ئۇچرايتتى. بۇ جايدىكى ۋە يېقىن ئەتراپتىكى
كىشىلەر قوش، مىلتىق ۋە قىسماقلار بىلەن كېپىنەك ئوۋ-
لايتتى. 1915- يىلى هازىرقى غەزەل كەنتىدە ئولتۇرۇشلۇق
ناۋرۇز ئاخۇن كېپىنەك ئاتىمەن دەپ مىلتىقىنىڭ پىستىگىنى
كۆتەككە تەگكۈزۈپ قويغانلىقتىن ئوق ئۆزىگە تېگىپ كې-
تىپ قازا قىلغانىكەن. كېپىنەكلەر ئوتلاپ يۈرۈپ مەھەللىگە
كېلىپ قېلىپ، كىشىلەر تەرىپىدىن تۇتۇۋېلىنغان ئىشلار-
مۇ كۆپ تەكرارلانغانىكەن.

### قەمبەر لەقەملىكلەر

تەخمىنەن 150 يىل ئىلگىرى خو-
تەن ناھىيىسىنىڭ هازىرقى باغچى بازىرىغا قاراشلىق
بۇۋى قەمبەر دېگەن يېرىدىن موللا تۇردى ئاتلىق كىشى
بۇ جايغا كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلىشىپتۇ. ئۇنىڭ ئەسلى
يۇرتىنىڭ نامى لەقەم بولۇپ قاپتۇ، هازىر قەمبەر لە-
قەملىك ئائىلە سەككىزگە يەتتى. بەردى ئاخۇن موللاتۇر-
دىنىڭ چەۋرىسىدۇر.

### نو لەقەملىكلەر

رەجەپ ئاخۇننىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە،
بوۋىسىنىڭ دادىسى ئابدىرېھىمكامنىڭ ئەسلىدىكى لەقى-
مى ناغرا بولۇپ، يۈز بېشى (يۈز ئائىلىنىڭ باشلىقى)
ئىكەن. بىر كۈنى بەگ ئالۋاڭ - سېلىقنى سورۇشتۇرۇپ
كەلگەندە يۈز بېشى «تېخى يۇقىرالاردىن يىغمىدىم» دەپتۇ.
بەگ يۇقىرالاردىن سورۇشتۇرغەنىكەن، يۈز بېشىنىڭ ئال-
ۋاڭ - سېلىقنى يىغىپ بولغانلىقى ئىسپاتلىنىپتۇ. بەگ
دوغىلىرىغا بۇيرۇق قىلىپ يۈز بېشىنى دۈم ياتقۇزۇپ ئو-
مۇرتقىسىنى بويلىتىپ بالداق بىلەن ئۇرغۇزۇپتۇ. بال-
داق هەر قېتىم ئۇرۇلغاندا ئابدىرېھىمكام ئۇنلۇك ئوسۇ-

...شىنىڭ قاشلىرى قويۇق ھەم ئۇزۇن بولۇپ پېشانە ھەم
...ز لىرىنى قاپلاپ تۇرغاچقا، ئۇنىڭغا تۇك دەپ لەقەم سى-
...پ قالغانىكەن. بۇ لەقەم ئۇنىڭ ئون ئوغلىغا مىراس
...پتۇ. ھازىر تۇك لەقەملىكلەر 60 ئائىلىدىن ئېشىپ كەتتى.

## غەزەل

ھازىر ھايات ياشاۋاتقان بەرداخۇن دېگەن كىشىنىڭ
...ادىسىنىڭ بوۋىسىدىن باشلاپ داپەندى (داپ چېلىپ ناخ-
...ـا ئېيتقۇچى) بولغانلىقتىن، ئۇلار ئولتۇراقلاشقان جاي
...«غەزەل مەھەللە» دەپ ئاتالغانىكەن.
نوپۇسنىڭ كۆپىيىشىگە، باغ - ئېتىزلارنىڭ كېڭىيى-
...شىگە ئەگىشىپ ھەلچاق كەنتىنىڭ دائىرىسى چوڭىيىپ
كەتكەنلىكتىن باشقۇرۇشقا ئەپسىز بولۇپ قالدى. 1992 -
يىلى باداڭ، قويۇن، بەز، غەزەل مەھەللىلىرىنى ھەلچاق
كەنتىدىن ئايرىپ چىقىپ، يېزىلىق خەلق ۋەكىللەر قۇرۇل-
...تىيى ھەيئەت رىياسىتىنىڭ مۇدىرى ئابدۇللا جۇمەنىڭ
تەكلىپى بويىچە يېقىملىق ئاڭلىنىشى ئۈچۈن بۇ كەنت-
...نىڭ نامى «غەزەل» دەپ مۇقىملاندى.
بۇ كەنتتە 1996 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا تۆت مەھەللە،
160 ئائىلە، 705 نوپۇس، 759 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## باچۇق

پېنسىيىگە چىققان كەنت كادىرلىرىدىن 67 ياشلىق
بەكرى نىياز، 70 ياشلىق ياسىن سوپۇرگە، 72 ياشلىق
جۇمە يوسۇپلارنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، تەخمىنەن 400
يىل ئىلگىرى بۇ جايغا ئادەملەر كېلىپ مال بېقىشقا،
كېيىنچە تېرىقچىلىق قىلىشقا باشلاپتۇ. 1650 - يىللىرى

# ھەلچاق

1995- يىلى 12 - ئاينىڭ 13 - كۈنى بۇ كەنتتە ئولتۇرۇشلۇق تۈك لەقەملىك مەھەممەت ئاخۇن (86 ياش)، رىجەپ ئاخۇن (77 ياش) قاتارلىق پېشقەدەملەرنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە، 500 يىلدىن كۆپرەك بۇرۇن بۇ جايدا دەسلەپتە ئولتۇراقلاشقان تۇغقانچىلىق ياكى يۇرتداشلىق مۇناسىۋىتى يوق، تېگى يات كىشىلەر بىر - بىرىنى يەكلەپ چېقىشىپ تۇرغانلىقتىن قوشنا يۇرتتىكى كىشىلەر ئۇلارنى ئەيىبلەپ «ھەرەچاقلار» دەپ لەقەم قويغانىكەن . «ھەرەچاقلار» دېگەن بۇ ئاتالغۇ يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن«ھەلچاق» غا ئۆزگىرىپ كەنتنىڭ نامى بولۇپ قاپتۇ. بۇنىڭدىن 200 يىل ئىلگىرى ئاستىن ھەلچاق بىلەن ئۈستۈن ھەلچاقنىڭ ئايرىم - ئايرىم ئېرىقى بولۇپ، ماكۇي ئۆستەڭگە قويۇلغان قوغاچلارنىڭ ئىچىدە بىر ئادەم تىك ماڭالايدىكەن. بىر نەچچە ئادەم قىرغاقتا تۇرۇپ، قوغاچنى ئاچماقچى بولغان كىشىنىڭ بېلىگە چىگىلگەن ئارغامچىنى تارتىپ تۇرمىسا، قوغاچ ئۇ كىشىنى يۇتۇپ كېتىش خەۋپى بار ئىكەن. سۇ قىس بولغاچقا، سولاقچىلار بېلىگە تىۋەزۇن، قونجىغا پىچاق قىستۇرۇپ ئېرىق ياقىلايدىكەن، سۇغىرىش ئۈستىدە تۇغقانچىلىقنىڭ ۋە قوشنىدارچىلىقنىڭ يۈز - خاتىرىسى بولمىغانىكەن. سۇ تالىشىپ سوقۇشۇپ - ئاداۋەتلىشىپ قالغان، ھەتتا كەتمەن بىلەن ئۇرۇشۇپ بىر - بىرىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن ۋەقەلەرمۇ بولغانىكەن.

بۇ كەنتتە 1996 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئۈچ مەھەللە، 176 ئائىلە، 783 نوپۇس، 683 مو تېرىلغۇ يەر بار.

### تۈك لەقەملىكلەر

86 ياشلىق مەھەممەت ئاخۇننىڭ دادىسىنىڭ بوۋىسىنىڭ بوۋىسى — ئەخلىتىكام ئىسىملىك

— كىمنى ئىزدەيلا؟ — دەپ سوراپتۇ.

— قورسىقىم ئېچىپ كەتتى، يېگۈدەك بىر نەرسە ...

ئۆي ئىگىسى «شاھ پېقىر» نى ئۆيىگە باشلاپ داستىخان سېلىپ ئۇنىڭ قورسىقىنى تويغۇزۇپتۇ. «شاھ پېقىر» ئۆي ئىگىسىنىڭ تەلەپى بىلەن ئېتىز - ئېرىق، مال بېقىش ئىشلىرىغا ياردەملىشىپ بۇ ئۆيدە تۇرۇپ قاپتۇ. ئۆي ئىگىسى ئۇنى — شاھ پېقىر ئۇنى قىلىڭ. شاھ پېقىر بۇنى قىلىڭ ، دەپ بۇيرۇيدىكەن. شۇنىڭ بىلەن «شاھ پېقىر» دېگەن غەلىتە ھەم قىزىقارلىق ئاتالغۇ مۇساپىرغا ئەمەس، ئۆي ئىگىسىگە لەقەم بولۇپ قاپتۇ. ئاي ھەم يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ ئاتالغۇ «شاپېقىي» غا ئۆزگىرىپ قاپتۇ. شاپېقىي لەقەملىكلەر ھازىر 30 ئائىلىگە يەتتى. كەنت ئىشخانىلىرى بۇ مەھەللىگە سېلىنغانلىقتىن 1984 - يىلى بۇ كەنتنىڭ نامى «شاپېقىي» دەپ مۇقىمدالدى.

شاپېقىي كەنتىدە 1996 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا تۆت مەھەللە، 334 ئائىلە ، 1073 نوپۇس ، 1105 مو تېرىلغۇ يەر بار.

### يەككە تىجارەتچىلەرنىڭ سىرداش يېتەكچىسى

### خەبەر ئابدۇللا



جۇڭگو يەككە ئەمگەكچىلەر جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يەككە ئەمگەكچىلەر جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، قاراقاش ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، قاراقاش ناھىيىلىك

ماكانلاشقانلار 22 گە يەتكەنلىكتىن، بۇ جاي «يىگىرمە ئىككى ئۆي» دەپ ئاتىلىپتۇ. (ھازىرمۇ بەزى ياشانغان كىشىلەر بۇ جاينى «يىگىرمە ئىككى ئۆي» دەپ ئاتايدۇ.)

22 ئۆيلۈك كىشىلەر بىرلىشىپ ئېرىق چېپىپ سۇ مەنبەسىنى ياخشىلىغاندىن كېيىن «يېرىمىز جىق، سۈيىمىز راۋان، ئەمدى باي بولۇپ كېتىمىز» دېگەن ئۈمىدتە ئۆز مەھەللىسىنى «بايچاق» دەپ ئاتاپتۇ. بۇ ئاتالغۇ بارا-بارا «باچۇق» قا ئۆزگىرىپ قاپتۇ. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئادەم ۋە يەر كۆپەيگەن بولسىمۇ، سۇ مەنبەسى ئازىيىپ كەتكەنلىكتىن غوجىخان ھاجىم، قاسىماخۇن ياغ، ناسىر ھاجىم كىرپە قاتارلىق كىشىلەرنىڭ باشچىلىقىدا بۇ جاينىڭ سۈيىنى ئاۋۇتۇش ئۈچۈن ئەسلىدىكى ئېرىقنى مەھەممەت ھاجىم، بەردى ھاجىم قاتارلىقلارنىڭ يەر-زېمىنلىرىغا ئاقىدىغان «بايئېرىق» قا تۇتاشتۇرۇپ، بۇ ئېرىقنى «باچۇق ئېرىق» دەپ ئاتىدى، كېيىن ماكۇيئۈستەڭدىكى «بەش ئايرىش» نىڭ بىرسى مەخسۇس باچۇققا ئاقىدىغان بولدى. (ئۈستەڭنىڭ سۈيى بەشكە بۆلۈنۈپ ئاقىدىغان ئازما — بەش ئايرىش دېيىلەتتى). 1950 - يىللىرىدىن ئىلگىرى ھازىرقى شاپېقىي، دونئېرىق، باچۇق، زدۋا كەنتلىرى بىر يۇرت بولۇپ «باچۇق» دەپ ئاتىلاتتى.

بۇ كەنتتە 1996 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئالتە مەھەللە، 277 ئائىلە، 1174 نوپۇس، 1203 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## شاپېقىي

1995 - يىل 12 - ئاينىڭ 29 - كۈنى شاپېقىي لەقەملىك 88 ياشلىق مەتنىياز ئاخۇننىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە، تەخمىنەن 10 - بوۋىسىنىڭ دەۋرىدە كەچتە ئىشىك قېقىلىپتۇ. ئۆي ئىگىسى:

— كىم؟ - دەپ سوراپتۇ. سىرتتىكى كىشى:

— مەن، شاھ پېقىر، - دەپتۇ. ئۆي ئىگىسى ئىشىكنى ئېچىپ مۇساپىر سىياقىدىكى بىر كىشىنى كۆرۈپ:

8697 نەپەرگە يەتتى. ئۇنىڭ بەزى كەسپداشلىرى «سەن يەككە تىجارەتچىلەرنىڭ خىزمىتىنى قىلىسەن دەپ ئۆز تىجارىتىڭنى قانات يايدۇرالمىدىڭ. نۇرغۇن پايدىدىن قۇرۇق قالدىڭ» دېدى. خەبەر ئابدۇللا ئۇلارغا: «ناھىيە- مىزدىكى يەككە تىجارەتچىلەر بېيىسا ماڭا شۇ كۇپايە» دەپ جاۋاب بەردى.

يولداش خەبەر ئابدۇللا ناھىيىدىكى يەككە تىجا- رەتچىلەرنى بېيىشقا يېتەكلەش، پەن - مائارىپقا، ئاپەت رايونلىرىغا ياردەم بېرىشكە تەشكىللەش خىزمەتلىرىدە تۆھپىسى كۆرۈنەرلىك بولغانلىقتىن 1986 - يىلى مەملى- كەت بويىچە ئىلغار يەككە ئەمگەكچى بولۇپ باھالىنىپ دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ قوبۇل قىلىشىغا مۇيەسسەر بولدى. ئۇنىڭ يېتەكلىشى نەتىجىسىدە ناھىيىلىك يەككە ئەم- گەكچىلەر جەمئىيىتى 1992- يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتو- نوم رايون بويىچە يەككە ئەمگەكچىلەرگە كەسپىي ئەخلاق تەربىيىسى بېرىشتە كوللېكتىپ ئىلغار بولۇپ با- ھالاندى. 1995 - يىلى جۇڭگو يەككە ئەمگەكچىلەر جەمئى- يىتى باھالاپ چىققان 112 ناھىيە دەرىجىلىك ئىلغار يەك- كە ئەمگەكچىلەر جەمئىيىتى قاتارىدىن ئورۇن ئالدى.

## زىۋا

ئاڭلاشلارغا قارىغاندا نەچچە يۈز يىللار ئىلگىرى بىر ئوغۇل:

— دادا كۈچىمىز بولغاندىكىن بۇ يەرلەرنى بىكار قويغىچە ئېچىپ تېرىساق، - دەپتۇ. دادىسى:

— بۇ يەرلەرنىڭ زېيى بار. كۈچىمىز زايا كېتىدۇ، - دەپتۇ. ئوغۇل دادىسىنىڭ گېپىنى رەت قىلالمىغان بولسىمۇ،

يەككە ئەمگەكچىلەر جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى خەبەر ئابدۇللا 1957 - يىلى شاپېقمي كەنتىدە تۇغۇلدى. 1978 - يىلى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ناھىيە بازىرىدا دوپپا - تۇماقچىلىق ھۈنىرى بىلەن شۇغۇللاندى. 1982 - يىلى ناھىيىلىك يەككە ئەمگەكچىلەر جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، 1984 - يىلى خوتەن ۋىلايەتلىك يەككە ئەمگەكچىلەر جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، 1991 - يىلى 4 - ئايدا جۇڭگو يەككە ئەمگەكچىلەر جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، 1992 - يىلى 7 - ئايدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يەككە ئەمگەكچىلەر جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولۇپ سايلاندى.

يولداش خەبەر ئابدۇللانىڭ تىجارەت باشلىغانلىقى، دەل پارتىيىنىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش سىياسىتىنى يولغا قويغان ۋاقىتقا ئۇدۇل كەلگەنلىكتىن، ئۇنىڭ ئەقىل - پاراسىتى تېز پۇرسەتتە چوڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئېرىشتى. ئۇ ئۆزىنىلا ئويلاپ تىجارىتىنى داۋاملاشتۇرغان بولسا ناھىيە بويىچە ئالدىنقى قاتاردىكى بايلارنىڭ بىرى بولۇپ قالاتتى. بىراق، ئۇ ناھىيىلىك يەككە ئەمگەكچىلەر جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇپ سايلانغاندىن كېيىن، ناھىيىنىڭ يەككە تىجارەتچىلەر قوشۇنىنى زورايتىشنى ھەم ئۇلارنى بېيىتىشنى ئۆزىنى بېيىتىشتىن مۇھىم بىلىپ، بۇ يولدا ھارماي - تالماي تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. 1982 - يىلى ناھىيە بويىچە يەككە تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغان ئائىلە ئارانلا 460، ئادەم سانى 670 نەپەر بولغان بولسا، خەبەر ئابدۇللانىڭ تەشۋىق قىلىشى، قىزىقتۇرۇشى، ئەقىل كۆرسىتىشى بىلەن يەككە تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلار 1996 - يىلغا كەلگەندە 5426 ئائىلىگە، ئادەم سانى

## قوشماق

بۇ جاي ئىلگىرى قۇملۇق بىلەن گىرەلىشىپ كەت - ەن ئوتلاق بولۇپ، 1960 - يىلدىن كېيىن باشقازاق، ئاياغقازاق، باخشى كەنتلىرىدىكى دېھقانلار تېرىقچىلىق ىلىپ يېڭى يۇرت بىنا قىلدى. 1982 - يىلى مۇستەقىل ەنت بولۇپ «قوشماق» دەپ ئاتالدى.

قوشماق — قوشكېزەك تۇغقان ئاياللارنىڭ كۆپلىكى- ىن كېلىپ چىققان ئاتالغۇ بولۇپ، ھازىر بۇ كەنتتە وشماق لەقەملىكلەر 30 ئائىلىدىن ئاشتى.

(ئابدۇللا جۇمە سۆزلەپ بەردى)

بۇ كەنتتە ھازىر ئۈچ مەھەللە، 107 ئائىلە، 530 ېنۇس، 885 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## سەككىز پارچە

تەخمىنەن 200 يىل ئىلگىرى يېقىن ئەتراپتىكى ەككىز ئائىلىلىك چارۋىدار بايلار تاغدەك سوزۇلغان ەككىز قۇملۇق ئارىسىدىكى سەككىز پارچە ئوتلاقنى ەردىن ئىگىلەپ چارۋا باققانلىقتىن، «سەككىز پارچە» يگەن ئاتالغۇ كېلىپ چىققانىكەن.

1960 - يىللىرىدىن كېيىن لوخەن، كۆكيار قاتارلىق ەنتلەرنىڭ دېھقانلىرى بۇ يەردە يەر ئېچىپ تېرىقچى - ىق قىلىشقا ۋە ئولتۇراقلىشىشقا باشلىدى. 20 يىل داۋامىدا ۇملۇق دۆڭلەر ئارىسىدا تۇتاش ئۆيلەر ھەم سەككىزجايدا ەك سالا ئېتىزلار بەرپا بولدى. 1982 - يىلى مۇستەقىل كەنت ەسىس قىلىنىپ يەنىلا سەككىز پارچە دەپ ئاتالدى.

(ئابدۇللا جۇمە سۆزلەپ بەردى.)

كۆڭلىدە قايىل بولماپتۇ. ئۇ بىر-ئىككى مو يەر ئېچىپ بېدە تېرىپتۇ. بېدە ئۈنۈپ بىر غېرىچچە ئۆسكەندىن كېيىن بىر قېتىملىق يامغۇردا يەرنىڭ زېيى ئۆرلەپ بېدە قۇرۇپ كېتىپتۇ. دادىسى:

— مەن دېمىدىممۇ بالام، بۇ يەرلەرنىڭ زېيى بار. زېيى بار يەرگە ئۇرۇق سالغان بىكار ئىش، — دەپتۇ. شۇندىن كېيىن بۇ جاي «زېيى بار» دەپ ئاتىلىپتۇ. ئەتراپتىكى مەھەللىلەردە نوپۇس كۆپىيىپ تېرىلغۇ يەرلەرنى كېڭەيتىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلغانلىقتىن كىشىلەر «زېيى بار» يەرلەرنىمۇ ئېتىزلىققا ئايلاندۇرۇپتۇ. بۇ ئېتىزلىقلارنىڭ يېنىدىكى مەھەللە «زېيى بار» دەپ ئاتىلىپ بىر نەچچە زاماندىن كېيىن «زىۋا»غا ئۆزگىرىپ قاپتۇ.


1996 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا بۇ كەنتتە بەش مەھەللە، 182 ئائىلە، 869 نوپۇس، 873 تېرىلغۇ يەر بار.

## دونئېرىق

باچۇق ئېرىق بۇ جايدىن ھېلى شىمالغا، ھېلى جەنۇبقا، ھېلى كەينىگە قايرىلىپ يەنە غەربكە بۇرۇلۇپ ئاققانلىقتىن «دوناي ئېرىق»دەپمۇ ئاتالغانىكەن. بۇ ئاتالغۇ نەچچە ئون يىللاردىن كېيىن قىسقىرىپ كىشىلەر تىلىغا «دونئېرىق» دەپ ئۆزلىشىپ قاپتۇ.

(كىتابخانلار ئۇنتۇمىغايكى، ئۇ دەۋرلەردە چوڭ-كىچىك ئېرىقلار ھازىرقىدەك تۈز ئەمەس، دۆڭلۈكلەرنى ئايلاپ قەيەر پەس بولسا شۇ يەرلەردىن ئاقاتتى.)

بۇ كەنتتە 1996 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا تۆت مەھەللە، 235 ئائىلە، 1163 نوپۇس، 1257 مو تېرىلغۇ يەر بار.


تۇۋەت يېزىسى
1:50000

بۇ كەنتتە 1996 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئىككى مەھەللە، 55 ئائىلە، 276 نوپۇس، 637 مو تېرىلغۇ يەر بار.

بۇ كەنت، يېڭىيەر يېزىسىدىكى سەككىز پارچە كەنتنى بىلەن ئۆستەڭ ئارقىلىق ئايرىلىپ تۇرىدۇ.

## چىلان

بۇنىڭدىن تەخمىنەن 200 يىل ئىلگىرى مەمتىلىكام ئىسىملىك كىشى بۇ جايدا ئولتۇراقلىشىپ قوي باققان ۋە ئۆيلىرىنىڭ ئەتراپىغا چىلان كۆچەتلىرىنى تىكىپ ياشارتقانىكەن. 1950 - يىللىرىغا كەلگەندە بۇ چىلان دەرەخلىرى بىر قۇچاق توملۇقتا چوڭايغان ئىكەن. 1960-يىلى شاخار، زەرگەر، كۆلئېرىقتىكى دېھقانلار بۇ يەردە تېرىقچىلىق قىلىشقا باشلىدى. 1982 - يىلى مۇستەقىل كەنت قۇرۇلۇپ چىلان دەپ ئاتالدى.

(ئابدۇللا جۇمە سۆزلەپ بەردى.)

بۇ كەنتتە 1996 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئۈچ مەھەللە، 133 ئائىلە، 613 نوپۇس، 1157 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## يېڭىگۆل

بۇ جاي ئىلگىرى قۇشقاچسۇلۇقنىڭ بىر قىسمى ئىدى. 1960 - يىلدىن ئېتىبارەن شاپېقىي، زىۋا، دونئېرىق كەنتلىرىدىكىلەر بۇ جايدا تېرىقچىلىق قىلىشقا باشلىدى. 1982 - يىلى مۇستەقىل كەنت بولۇپ يېڭى يۇرتنىڭ چىرايلىق مەنزىرىسىنى سۈرەتلەش ئۈچۈن «يېڭىگۆل» دەپ ئاتالدى. بۇ كەنت پۇرچاقچى يېزىسىنىڭ يېڭىگۆل كەنتى بىلەن تۇتىشىپ تۇرىدۇ.

(ئابدۇللا جۇمە سۆزلەپ بەردى.)

1996 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا بۇ كەنتتە ئۈچ مەھەللە، 110 ئائىلە، 474 نوپۇس، 1379 مو تېرىلغۇ يەر بار.

ئاشلىق مەھسۇلاتى 9 مىليون 355 مىڭ 656 كىلوگرامغا يېتىپ، بۇلتۇرقىدىن 6.25% ئاشتى. پاختا (چىگىتسىز) 455 مىڭ 156 كىلوگرامغا يېتىپ، بۇلتۇرقىدىن 67 مىڭ 203 كىلوگرام ئاشتى. پىلە 23 مىڭ 112 كىلوگرامغا مۇقىملاشتى، چارۋا 35 مىڭ 695 تۇياققا يېتىپ، بۇلتۇرقىدىن 0.46% ئاشتى، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىم 497 يۈەنگە يەتكەن، بۇلتۇرقىدىن 78 يۈەن ئازلىدى.

## تۆۋەت يېزىسىدىكى كەنت ناملىرى

### ⊙تۆۋەت يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى ئورگىنى

1. تۆۋەت ئېرىق
2. ئۈي ئېرىق
3. قۇمئېرىق
4. چارباغ
5. سايات
6. كۆتىرەم
7. ئۈي
8. سوپىلا
9. توقماق
10. سېرىقتوغراق
11. قارا ياغاچ
12. قۇمبۇيى
13. چوڭئېرىق
14. سۆگەتلىك
15. خانلىق ئېرىق
16. هالدوس
17. ئورجىن ئېرىق
18. مۇغاللا
19. ئاياغ ئەسكى
20. يالغۇز توغراق
21. ناغرا

### قوشنا يېزىلاردىن خەرىتىگە چۈشكەن كەنتلىرى

قويچى يېزىسىدىن: 22. كونا ئۆستەڭ، 23. كۆكيار، 24. لوخەن، 25. باخشى.

يېڭىيەر يېزىسىدىن: 26. قاراباغ، 27. لەلەك، 28. قۇميالاق.

# تۆۋەت يېزىسى

مۇھەممەتئىمىن قۇربان، مەتتۇرسۇن سىدىق

تۆۋەت قەدىمكى دەۋرلەردە كېرىيە دۆلىتى تەۋەلىكىدىكى بىر يۇرت بولۇپ، 1900 - يىلدىن ئىلگىرى خوتەنگە قاراشلىق قاراقاش بەگلىكىنىڭ بەھرامسۇيى مىڭلىكىگە تەۋە بولغانىكەن. 1919- يىلىدىن كېيىن بۇ يەرنىڭ كۆپ قىسمى (كىمخاب) مىڭلىكىگە، ئازبىر قىسمى بەھرامسۇيى مىڭلىكىگە تەۋە بولدى. 1937- يىلدىن كېيىن 2-رايون، 1944- يىلدىن كېيىن (كۆيۈمچان، ئېسىللەر، ئامانلىق، قىزىقىش دىن ئىبارەت) تۆت يېزىغا ئايرىلدى. 1948- يىلى تۆت يېزا بىرلەشتۈرۈلۈپ «ئېسىللەر»، «ئامانلىق» دېگەن ئىككى يېزا بولدى. 1950 - يىلدىن كېيىن 12- ۋە 13-رايون بولۇپ، 1956- يىلى بىرلەشتۈرۈلۈپ 11 - رايون دەپ ئاتالدى. 1958- يىلى — (تىنچلىق) گۇڭشېسى قۇرۇلۇپ، 1966- يىلى (ئەلەمگە ماھىر) گۇڭشېسى دەپ، 1978 - يىلى «تۆۋەت گۇڭشېسى»، 1084- يىلدىن كېيىن «تۆۋەت يېزىسى» دەپ ئاتالدى.

يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى ئورگىنى ئەسكى كەنتىگە ئورۇنلاشقان بولسىمۇ، نام - شەرىپى قەدىمدىن تارتىپ يېقىن- يىراقلارغا تارقالغان تۆۋەت كەنتىنىڭ نامى، يېزىنىڭ نامى قىلىپ مۇقىمدالدى.

1996- يىلىنىڭ ئاخىرىدا بۇ يېزىدا 81 مەمۇرىي مەھەللە، 21 مەمۇرىي كەنت، 4463 ئائىلە، 19 مىڭ 85 نوپۇس، 29 مىڭ 405 مو تېرىلغۇ يەر بار. يېزىلىق

تىببەتلىك (شىزاڭلىق) نىڭ ئوتتۇرىسىدىن تۇغۇلغان ئىسھاقباي ئىسىملىك كىشى بۇ جايدا ئېرىق چېپىپ، يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلغانلىقتىن، شۇ زاماندىن باشلاپ بۇ مەھەللە تىببەت دەپ ئاتىلىپ، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن «تۇۋەت» كە ئۆزگىرىپ قالغانىكەن.

بۇ كەنتتە «تۇۋەت مازارغوجام» دەپ ئاتىلىدىغان بىر قەبرىستانلىق بار. بۇ قەبرىنىڭ تېگىدە بۇددىست ئەسكەرلىرى بىلەن جەڭ قىلىش جەريانىدا قۇربان بولغان سۇلتانى ئەخمەت زەنجىرى كاسانىنىڭ جەسىتى كۆمۈلگەنىكەن①. (1995- يىلى 5- ئاينىڭ 3 - كۈنى ئۆزىنىڭ ئۆيىدە ماڭا بۇ ۋەقەلەرنى سۆزلەپ بەرگەن 76 ياشلىق ئەيسار ئاخۇننىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ دادىسىنىڭ بوۋىسى سوپى شەيخىم ئۆلگەندە گۆر كولانغان جايدىن بىر - بىرىگە مىنگەشكەن ئىككى جەسەت تېپىلغانىكەن. ئەيسار ئاخۇننىڭ بوۋىسىنىڭ ئىنىسى ئاخۇن شەيخىمغا گۆر كولانغان يولغۇنلۇقتىن سېغىزغا ئارىلىشىپ تۇزدەك قېتىپ كەتكەن قىزىل قانلار ئۇچرىغانىكەن. بۇلاردىن بۇ جايلاردا دەھشەتلىك قىرغىنچىلىق بولغانلىقىغا ئىشىنىشكە بولىدۇ.)

سۇلتانى ئەخمەت زەنجىرى كاسانى شېھىت بولۇپ 100 يىلچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن زور تۇركۈمدىكى ئىسلام قوشۇنلىرى كېلىپ خوتەن تەۋەلىكىدە ئىسلام دىنىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى مۇستەھكەملەپ يەنە 100 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن كېيىن (تەخمىنەن 1250- يىللىرى) قەشقەر پادىشاھى يۈسۈپ قادىرخان مەخسۇس كىشىلەرنى

① ئېيتىشلارغا قارىغاندا سۇلتانى ئەخمەد زەنجىرى كاسانى، ياقۇپ كامانى، غوجا سۇلايمان كاسان قاتارلىق يەتتە قوماندان مەختۇم ئەزەمنىڭ نەۋرىلىرى ئىكەن.

پۈرچاقچى يېزىسىدىن: 29. باشپۈرچاقچى، 30. ئاياغ قۇدۇقلا.

قاراقاش بازىرىدىن: 31. كۆدۈك، 32. تووۋەت ئېرىق، 33. چۈرۈقلا، 34. ئاياغ ئاتباش.

## تۆۋەت

«تۆۋەت» دېگەن ئاتالغۇنىڭ قانداق كېلىپ چىققانلىقى توغرىسىدا بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان بۇنداق ئىككى خىل قاراش خەلق ئارىسىدا بىللە ساقلىنىپ كەلمەكتە. بىر خىلى: بۇخارانىڭ يېنىدىكى دەۋەت دېگەن يۇرتتىن بىر كىشى خوتەنگە يۈرۈش قىلغان ئىسلام قوشۇنلىرىغا ئۇزۇق - تۈلۈك، قورال - ياراق يەتكۈزۈپ بەرگەن ئارقا سەپ خىزمەتلىرىگە مەسئۇل ئەمەلدارلارنىڭ بىرى ئىكەن. بۇ كىشى خوتەن خەلقى بۇددا دىنىدىن ۋاز كېچىپ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا يۈزلەنگەندىن كېيىن يۇرتىغا (دەۋەتكە) قايتىپ كەتمەي، بۇ جايدا ئولتۇراقلىشىپ قالغانلىقتىن، بۇ مەھەللە دەۋەت دەپ ئاتالغانىكەن. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن «دەۋەت» دېگەن ئاتالغۇ «تۆۋەت» كە ئۆزگىرىپ قالغانىكەن.

(بۇ ۋەقەنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بېيجىڭدىكى ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ھېسامىدىن، بۇ كەنتتە ياشاپ ئۆتكەن بوۋىسى ئەخمەت خەلپەمدىن ئاڭلىغانلىرىغا ئاساسەن 1995 - يىلى 10 - ئاينىڭ 8 - كۈنى بېيجىڭدە سۆزلەپ بەردى).

يەنە بىر خىلى: خوتەن خەلقى بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان دەۋرنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا كەشمىرلىك بىلەن

باغلارنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، مەھەللىلەر ئەسلىدىكى نامى بىلەن ئاتىلىدىغان مۇستەقىل كەنتلەرگە ئايلىنىپ، تۇۋەت دېگەن بۇ ئاتالغۇ بىر كەنتنىڭلا نامى بولۇپ قالدى. بۇ كەنتنىڭ نامى 1978- يىلدىن ئېتىبارەن يېزىنىڭ نامى قىلىپ مۇقىملاندى.

1996 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا بۇ كەنتتە بەش مەھەللە، 275 ئائىلە، 1085 نوپۇس، 1224 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## ئۈيئېرىق

600 يىل ئىلگىرى ئۈيئېرىق مەھەللىسى تۇۋەت دېگەن يۇرتقا تەۋە ئىكەن. يەر- زېمىنىنىڭ پەسلىكىگە قاراپ ئۈي (چوڭقۇر) چېپىلغان ئېرىق بۇ مەھەللىنىڭ نامى بولۇپ قالغانىكەن. ئەسكى چاقار تەرەپتىن كەلگەن بىر كىشىنىڭ ئېشىكى كۆۋرۈككە پېلىشىپ ئېرىققا يىقىلىپ سۇدىن چىقالماي ئۆلۈپ قالغانلىقتىن ئاياغ يۇرتلۇقلار بۇ مەھەللىنى «ئېشەك ئۆلدى» دەپمۇ ئاتىغانىكەن، بۇ ئېرىقنىڭ سۈيى راۋان، سۇغىرىش ئاسان بولغانلىقتىن ئېتىزلارنىڭ ئىجارىسى باشقا جايلاردىن خېلى قىممەت ئىكەن، بۇ مەھەللىدە گۇڭ غوجاملارنىڭ ئەۋلادى بولغان ھەلىمە ئايلا، ئەزىزە ئايلا ئىسىملىك ئىككى خېنىمنىڭ 60 پاتمانلىق (36 مو ئېتىزدىن بىر پاتمان ئاشلىق چىقىدۇ دەپ ھېسابلىنىدىكەن) يېرى بار ئىكەن. بۇ خېنىملار بويى پاكار، بېشى يوغان، كالپۇكلىرى قېلىن، رەڭگى كۆرۈمسىز بولغاچقا تەڭ مەرتىۋىلىكلەردىن خېرىدار كەلمەي، تۆۋەن تەبىقىدىكىلەرگە تۇرمۇشقا چىقىشقا بولار نومۇس قىلىپ تول ئولتۇرۇپ ئابرويىغا نۇقسان يېتىپ قالغانلىقتىن يەرلىرىنى سېتىپ كۆچۈپ كېتىشنى زۆرۈر تاپقانىكەن،

بەلگىلەپ جەڭلەردە شېھىت بولغان قوماندانلارنىڭ كۆمۈلگەن يەرلىرىنى سۈرۈشتۈرۈپ تېپىپ چوڭ قەبرىلەرنى قاتۇرۇپ، تۆت ئەتراپىغا سالاسۇنلارنى بۇرنىتىپ، تۇغ-ئەلەملەرنى تىكلەپ مازارلارنى بارلىققا كەلتۈرگەنىكەن. جۈملىدىن بىر كىشى تووۋەتكە كېلىپ ياشانغان كىشىلەرنى جەم قىلىپ سۇلتانى ئەخمەت زەنجىرى كاسانىنىڭ كۆمۈلگەن يېرىنى تېپىپ بۇ مازارنى بارلىققا كەلتۈرگەن ھەم دۇئاخانا، مەسچىتلەرنى سالدۇرۇپ ۋەخپە يەرلەرنى ئاجرىتىپ، ئىمام، شەيخلەرنى تەيىنلەپ قايتقانىكەن. بۇنىڭدىن 1024 يىل ئىلگىرى تۆت ئىمام زەبىبۇللا باشچىلىقىدىكى ئىسلام قوشۇنلىرى ئۇرۇشلاردا قىرىلىپ، ھايات قالغان 40 چىلتەن ئارىسىدىكى بىر ئەسكەرنىڭ ئەۋلادى بولغان موللا غوجا مەۋلىۋى ئىسىملىك كىشى شۇ چاغدا بۇ مازارنىڭ شەيخلىقىغا تەيىنلەنگەندىن كېيىن مەكتەپ ئېچىپ يۇرت خەلقىغە، بولۇپمۇ ياش-ئۆسمۈرلەرگە دىنىي بىلىملەرنى ئۆگەتكەنىكەن.

دادىسىدىن بالىسىغا مىراس قېلىش ئادىتى بويىچە شەيخلىقنى موللا ئابدۇرۇسۇل، موللا ئەبەيدۇللا خەلپەت، ساۋۇت شەيخىم، موللا ئابدۇلقاھار، موللا ھوشۇر، موللا تەۋەككۇل، توختى خەلپەم، تالىپە ئاخۇنلار داۋاملاشتۇرۇپ ھازىر 85 ياشلىق مۇھەممەت ئاخۇن شەيخلىق قىلماقتا.

بۇ مازارنىڭ تەزكىرە كىتابىنى 1968 - يىلى («مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ تۆت كونىنى بۇزۇش يىللىرى) ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى مۇھەممەت ئاخۇن شەيخنىڭ ئۆيىدىن ئاختۇرۇپ تېپىۋېلىپ كۆيدۈرۈۋەتكەنىكەن.

تۆۋەت — ئەسلىدە ئويېرىق، قۇمېرىق، تووۋەت ئېرىق قاتارلىق مەھەللىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر يۇرتنىڭ نامى ئىدى. ئادەملەرنىڭ كۆپىيىشى، ئېھتىي-

اتىلىقتىن «چاھار باغ①» دەپ ئاتالغانىكەن. بۇ ئاتالغۇ ەۋلاددىن-ئەۋلادقا كۆچۈش داۋامىدا «چاۋاغ» قا ئۆزگە-پ قاپتۇ. ھازىر بۇ جايدا ياشاۋاتقانلارنىڭ بىر قىسمى ەنە شۇ تۆت ئائىلىلىكنىڭ ئەۋلادىدۇر.

ھازىر بۇ كەنتتە تۆت مەھەللە، 219 ئائىلە، 902 نو-ۇس، 1539 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## سايات

نەچچە يۈز يىللار ئىلگىرى بۇ جايدا ياشىغان كىشى-لەر دېھقانچىلىق ئالدىراش بولمىغان كۈنلەردە توشقان، ئۆردەك قاتارلىق ياۋايى ھايۋان، ياۋايى قۇشلارنى ئوۋلاش بىلەن شۇغۇللانغانلىقتىن «ساياتلا②» دەپ ئاتالغانىكەن.

ھازىر بۇ كەنتتە تۆت مەھەللە، 237 ئائىلە، 885 نو-پۇس، 1451 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## كۆتىرەم

بۇ جاي ئىلگىرى چاقار دەپ ئاتىلاتتى. «چاقار» ئا-تالغۇسىنىڭ قانداق پەيدا بولغانلىقى توغرىسىدا مۇنداق بىر رىۋايەت بار. مۇسۇلمان لەشكەرلەردىن ئىمام نۇرىد-دىنخان ئىسىملىك بىر زات قوشۇندىن ئايرىلىپ قېلىپ بۇتپەرەس قوشۇنىنىڭ قورشاۋىدا قاپتۇ. ئۇ كىشى بىر ئا-مال قىلىپ قورشاۋدىن قۇتۇلۇپ ئاتنى چاپتۇرغانچە قې-چىپتۇ. ئۇ دەريا بويىغا كېلىپ بىر قويچىدىن سوراپ پا-ناھلانغۇدەك جاينى بىلىۋالغاندىن كېيىن، ئۆزىنى قوغلاپ كەلگەنلەرنى ئىزدىتۇرۇۋېتىشنى تەلەپ قىلىپ يولغا راۋان بوپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي بۇددىست قوشۇنلىرى يېتىپ كېلىپ:

— ئاتلىق قاچقۇنىنى كۆردۈڭمۇ؟ - دەپ سوراپتۇ. قويچى:

— كۆرمىدىم، - دەپتۇ. بۇددىستلار ئۇنىڭ جاۋابىغا ئىشەنمەي:

①② ئەرەبچە ئاتالغۇ بولۇپ، تۆت ۋە ئوۋچىلار دېگەن مەنانى بىلدۈرىدۇ.

موللا ئەبەيدۇللا خەلپەت بۇ يەرلەرنى نۇرغۇن ئالتۇن-كۆمۈشكە سېتىۋېلىپ كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلاشقانىكەن. موللا ئەبەيدۇللا خەلپەتنىڭ نەۋرىسى ئىبراھىم ئاخۇن يەكەنگە خام يىپەك توشۇپ ئالىچا (يەكتەك - تون تىكىدىغان يوللۇق رەخت) ئېلىپ كېلىدىغان سودىگەر ئىكەن. ئۇ چاغلاردا ئات يوق دېيەرلىك بولۇپ تويى بولغان قىزلار يېگىتىنىڭ ئۆيىگە كالا بىلەن يۆتكەپ كېلىنىدىكەن. ئىبراھىم ئاخۇننىڭ ھەمىشە قېچىر مىنىپ يۈرگەنلىكى ئۇنىڭغا يۈز-ئابروي بېغىشلاپ «قېچىر» دەپ لەقەم سىڭىپ قالغانىكەن، ئۇ قازدۇرغان كۆل، ئۇ سالدۇرغان مەسچىت ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان بولۇپ«قېچىر كۆل»، «قېچىر مەسچىت» دەپ ئاتالماقتا.

(يۇقىرىدىكى ۋەقەلەرنى ئىبراھىم ئاخۇننىڭ پەينەۋرىسى 76 ياشلىق ئەيسا ئاخۇن 1994- يىلى 5 - ئاينىڭ 27- كۈنى سۆزلەپ بەردى).

## سارام مەھەللىسى

ئاڭلاشلارغا قارىغاندا تەخمىنەن 300 يىل ئىلگىرى ئاقسۇنىڭ سارام دېگەن يېرىدىن ھەسەن ئاخۇن ئىسىملىك كىشى كۆچۈپ كېلىپ بۇ جايدا ماكانلاشقانىكەن. كىشىلەر ئۇنى«ھەسەن سارام» دەپ چاقىرىشىدىكەن. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ جاي «سارام مەھەللىسى» دەپ ئاتىلىپتۇ.

1996 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئويئېرىق كەنتىدە تۆت مەھەللە، 192 ئائىلە، 714 نوپۇس، 1074 دو تېرىلغۇ يەر بار.

## چاۋاغ

ئاڭلاشلاردىن مەلۇم بولدىكى، بۇ جايدا ئەڭ بۇرۇن (تەخمىنەن 500 يىل ئىلگىرى) تۆت ئائىلىلىك كىشى ئولتۇراقلىشىپ، ئۆيلىرىنىڭ يېنىدا بىردىن باغ بىنا قىلا-

## ئوي

بۇ جاي ئەسلىدە قاراقاش دەرياسى بويىدىكى تىنىما تۈزلەڭلىكتە بەرپا بولغان يۇرت بولۇپ، «قاراسۇ» دەپ ئاتىلىدىغان قەدىمكى ئېقىن ئىزى ئارقىلىق قوشنا كەنت-لەردىن ئايرىلىپ تۇرىدۇ. زېمىنى پەس — ئويمان بولغان-لىقتىن ئوي دەپ ئاتالغانىكەن.

هازىر بۇ كەنتتە تۆت مەھەللە، 161 ئائىلە، 717 نوپۇس، 1131 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## سوپلا

خانلىقئېرىق كەنتىدىن 70 ياشلىق ئەخمەت قارى-نىڭ سۆزلەپ بەرگەنلىرىدىن مەلۇم بولىدىكى، نامانگان-لىك هېزىم ئىشاننىڭ ئوغلى تارى ئىشانغا قول بەرگەن بەندەل خەلىپىنىڭ تەسىرىدە بۇ جايدا سوپى - ئىشانلىق ئەۋج ئېلىپ دائىم زىكرى - ساما بولۇپ تۇرىدىكەن. جا-هانكەزەر شائىر مەشرەپ «ئىمامى ئەسكەر» مازىرىنى تا-ۋاپ قىلىپ قايتىش يولىدا بۇ مەھەللىدە بىر نەچچە كۈن تۇرۇپ ھەلقە - سۆۋەتلەرگە قاتنىشىپتۇ ۋە بۇ يەرلىك كى-شىلەرنى «سوپىلار» دەپ ئاتاپتۇ. يىللار ئۆتكەنسېرى «سوپىلار» دېگەن ئاتالغۇ «سوپلا» غا ئۆزگىرىپ، كەنتنىڭ نامى بولۇپ قاپتۇ.

بۇ يۇرتتىكى كىشىلەرنىڭ ئاياق - قوشۇق قىرىدى-غان ھۈنىرى مەشرەپكە ياراپ كەتكەنلىكتىن، مەشرەپ ئۆ-زىنىڭ كاشكات پىچىقىنى ئۇلارغا ھەدىيە قىپتۇ. شۇندىن باشلاپ قىرمىچىلار ئۆرۈك كۆچەتلىرىنى كۆپلەپ تىكىپ قىرمىچىلىق ماتېرىيالىنىڭ ئۆز يېرىدىن چىقىپ تۇرۇشى-غا ئاساس سالغانىكەن. قۇچاقچا پاتمايدىغان قېرى ئۆرۈك

— ئۇنىڭ كەتكەن يېرىنى ئېيتىپ بەرسەڭ بىز ساڭا نۇرغۇن مال - دۇنيا بېرىمىز، — دەپتۇ. قويچى ئىمام نۇرىددىنخاننىڭ يوشۇرۇنغان يېرىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. بۇددىستلار ئىمام نۇرىددىنخاننى تۇتۇۋېلىپ قەتلى قىپتۇ. قويچى چېقىمچىلىق قىلغانلىقتىن ئۇنىڭ باللىرىغا چاقارلار دەپ لەقەم سىڭىپ قاپتۇ. بۇلار شۇ چاغلاردىن باشلاپ دولانلار دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە. بۇلار ئۇلۇغلارنىڭ قارغىشىغا ئۇچرىغانلىقتىن هازىرغا قەدەر نامراتلىق، مۇهتاجلىقتىن قۇتۇلالماپتىمىش.

يۈسۈپ قادىرخان ئىسىملىك پادىشاھ ئىمام نۇرىددىنخاننىڭ قېنى تۆكۈلگەن جايغا قەبرە قاتۇرغاندىن كېيىن، بۇ مازارنى كىشىلەر «چاقار مازارغوجام» دەپ ئاتاپ كېلىۋاتىدۇ. بۇ مازارغا هازىرمۇ يۈسۈپ قادىرخان تەيىنلەپ قويغان شەيخنىڭ ئەۋلادلىرى شەيخلىق قىلماقتا. چاقار دېگەن يۇرتلار باشقا جايلاردىمۇ كۆپ بولغانلىقى، يېقىمسىز ئاڭلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن، 1984- يىلى بۇ كەنتنىڭ نامى «كۆتىرەم» گە ئۆزگەرتىلدى. مىرسۇلتان ئوسمانوۋ «هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرى» ناملىق كىتابىنىڭ 173 - بېتىدە «كۆتىرەم» ئەسلىدىكى «كۆتەرمە» دېگەن سۆزنىڭ خوتەن شىۋىسىدىكى ئېيتىلىشىدۇر دەپ ئىزاھلىدى.

بۇ يۇرتنىڭ زېمىنى ئېگىز بولغاچقا قوغاچمۇ كۆتۈرمە قىلىپ قويۇلغان ۋە ئېرىقمۇ كۆتەرمە قىلىپ كولانغانلىقتىن «كۆتىرەم ئېرىق» دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە.

هازىر بۇ كەنتتە تۆت مەھەللە، 206 ئائىلە، 811 نوپۇس، 1378مو تېرىلغۇ يەر بار.

**ئىزاھات:**

چاۋاغ، مايات، كۆتىرەم، ئوي، مالدوست، سېرىقتوغراق، قاراياغاچ، قۇمبويى، چوڭئېرىق، موغال، ئاياغ ئەسكى، يالغۇز توغراق كەنتلىرىگە دائىر بايانلارنى تۇرسۇن ئاخۇنۇم بىلەن ئۆمەر ئايۈپ سۆزلەپ بەردى.

بىر نەچچە تۈپ قېرى تېرەك ئۆتمۈشنىڭ تارىخىي گۇۋاھ-چىلىرى سۈپىتىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرماقتا.

هازىر بۇ كەنتتە بەش مەھەللە، 213 ئائىلە، 1112 نوپۇس، 1798 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## سېرىق توغراق

ئەسلىدە بۇ يەر توغراقلىق جاڭگال ئىكەن، توغراق-لارنىڭ يوپۇرمىقى سېرىق رەڭگە كىرگەن كۈز پەسلىدە ئىككى ئائىلىلىك كىشىلەر بۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇراق-لاشقانىكەن. كېيىنكى يىللىرى ئۇلار بۇ مەھەللىنى «سېرىق توغراق» دەپ ئاتىغانىكەن.

هازىر بۇ كەنتتە بەش مەھەللە، 235 ئائىلە، 854 نوپۇس، 1593 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## قارا ياغاچ

بۇ كەنتنىڭ نامى ئەزەلدىن «قارا ياغاچچىرىق»نىڭ نامى ئاتىلىپ كەلمەكتە. بۇ ئاتالغۇ يولۇچىلارغا چالاكۆيۈپ قارىداپ قالغان بىر نەچچە تۈپ تاشلاندۇق ياغاچنىڭ ئۈچ-رىغانلىقىدىن كېلىپ چىققانىكەن.

هازىر بۇ كەنتتە ئۈچ مەھەللە، 146 ئائىلە، 619 نو-پۇس، 919 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## قۇمبويى

تەخمىنەن 300 يىللار ئىلگىرى دەريانىڭ شەرق تە-رىپىدىكى يۇرتلاردىن بىر نەچچە ئائىلىلىك كىشىلەر دەرياغا يېقىن، تېرىقچىلىق قىلىشقا ئەپلىك بولغانلىقىغا قىزىقىپ ئېگىز قۇملۇقنىڭ باغرىدىكى بۇ جايغا كۆچۈپ

دەرەخلىرى 1978 - يىلىدىكى ئېتىز - ئېرىقلارنى سالالاشتۇرغاندا چىقىرىپ تاشلاندى. مۇشۇ يىللاردىمۇ قاراقاشنىڭ يەكشەنبە بازىرىدا قوشۇق، جام، قەندان... ساتىدىغانلارنىڭ تولىسى بۇ يۇرتتىكى قىرمىچىلاردۇر.

بۇ يۇرتتىكى چوڭ كۆلنىڭ سۈيى يىل بويى ئۆكسۈپ قالماسلىقى — مەشرەپ بۇ كۆلنىڭ سۈيىنى ئىچىپ «مەڭگۈ قۇرۇپ كەتمىگەي» دەپ دۇئا قىلغانلىقىنىڭ ئىجابىتى ئىمىش.

هازىر بۇ كەنتتە تۆت مەھەللە، 216 ئائىلە، 924 نوپۇس، 1635 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## توقماق

«ئۇنىڭ ئائىلىسى مەنچىڭ هۆكۈمىتىگە قارشى كۆتۈرۈلگەن ئۇچتۇرپان قوزغىلىڭىدىن كېيىن 1767- يىلغىچە ئۇچتۇرپان، خوتەن، يەكەن، قۇمۇل ۋە باشقا شەهەرلەردىن ئىلىغا كۆچۈرۈلگەن 6000 ئائىلىلىكنىڭ بىرى ئىدى. ئۇنىڭ ئەسلى يۇرتى — خوتەن قاراقاش ناھىيىسى توقماق مەھەللىسى بولۇپ، بۇ مەھەللىدىكىلەر تۇنجى قېتىم مەنچىڭ ئىستىبداتىغا ‹تاياق - توقماق كۆتۈرۈپ› قارشى چىققانلىقتىن، مەھەللە نامى ‹توقماق› دەپ ئاتالغان. شۇنداقلا بۇ مەھەللە كىشىلىرى دەسلەپكى سۈرگۈندە ئىلىغا ھەيدەلگەنلەر ئىدى» (بۇ بايان تۇرسۇن ياسىن يازغان شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1988- يىل نەشىر قىلغان «سادىر پالۋان» ناملىق كىتابنىڭ 1 - بېتىدىن ئېلىندى).

توقماق ئېرىقىنىڭ ئىزلىرى هازىرمۇ بار. «توقماق كۆل» لاي چۈشۈپ تىنىپ كەتكەن بولسىمۇ، كۆل بويىدىكى

نىمۇ ئالاھىدە ئەجىر سىڭدۈرگەنلىكتىن، قاراقاش تەۋەسىدىكى داڭلىق مۇقامچىلارنىڭ پىر - ئۇستازى سۈپىتىدە تونۇلغان.

كېيىنكى چاغلاردا ئۇ تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن ئىشان ئەندىك، توختى غوجا قاتارلىق مۇقامچىلار ئەل ئىچىدە ئالاھىدە داڭق چىقارغان. 1953- يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن توختى غوجا دېگەن مۇقامچىنىڭ ئوغلى ئاتاقلىق ناغرا - سۇنايچى ئىسمايىل ئاقى ھازىرمۇ يۇقىرىقى مۇقام پېشۋالىرىنىڭ ئىزىنى بېسىپ، مۇقام - ئەلنەغمىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلمەكتە.

مۇقام ئۇستازى — ئىسمايىل موللا خەلقىمىزنىڭ كۆپلىگەن مۇقامچى ئوغلانلىرى قاتارىدا ئۇيغۇر مۇقامچىلىرى تارىخىي سەھىپىسىدىن ئۆزىگە خاس ئورۇن تۇتىدۇ.①

## چوڭئېرىق

بۇ كەنتنىڭ زېمىنى كەڭ بولغانلىقتىن، كەنتكە سۇ ئاقىدىغان ئېرىقمۇ باشقا يۇرتلارنىڭ ئېرىقلىرىدىن چوڭ بولغاچقا، «چوڭئېرىق» دەپ ئاتالغانىكەن. باغ - ئېتىزلار سۇغىرىلىپ بولغاندىن كېيىن ئېرىقنىڭ سۈيى قۇيۇلىدىغان كۆل «چوڭكۆل»، بۇ كۆلنىڭ يېنىدىكى مەھەللە «چوڭكۆلبېشى» دەپ ئاتالغانىكەن. 1960 - يىلى بۇ كۆل تىندۇرۇۋېتىلگەن بولسىمۇ، چوڭئېرىقنىڭ ئورنى يۆتكەلگەن بولسىمۇ بۇ كەنتنىڭ نامىنى ئەزەلدىن بەزى كىشىلەر چوڭئېرىق، بەزى كىشىلەر چوڭكۆل دەپ ئاتاپ كەلمەكتە.

چوڭئېرىق — بۇ كەنتنىڭ مۇقىملانغان نامىدۇر.

① پايدىلانغان ماتېرىيال: «مۇقام پېشۋالىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995 - يىل.

كەپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي باشقا يۇرتلاردىن كۆچۈپ كەلگۈچىلەرمۇ كۆپىيىپتۇ. يېڭى بىنا بولغان مەھەللە تەبىئىي كۆرۈنۈشىگە ئاساسەن قۇمبويى دەپ ئاتىلىپتۇ.

قۇمبويى كەنتىدە ھازىر بەش مەھەللە، 172 ئائىلە، 737 نوپۇس، 1494 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## مۇقام ئۇستازى — ئىسمايىل موللا

ئۆمرىنى خەلق مۇقامچىلىقىغا بېغىشلاپ 12 مۇقامنى ئۆگىنىش ۋە مۇقام ۋاسىتىلىرىنى يېتىشتۈرۈش بىلەن ئۆتكۈزگەن مۇقام ئۇستازى — ئىسمايىل موللا ئۇيغۇر سەنئىتىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئۆچمەس تۆھپە قوشقان مۇقام تۆھپىكارلىرىنىڭ بىرى.

19 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا قاراقاشنىڭ ھازىرقى تېۋەت يېزىسىنىڭ قارا ياغاچ كەنتىدە ياشاپ مۇقامچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان ئىسمايىل موللا، ياش چاغلىرىدىن باشلاپلا خەلق مۇقام مۇزىكىلىرىغا ئىشتىياق باغلاپ، مۇقام ئۆگىنىشكە باشلىغان. شۇ ئىشتىياقىنىڭ تۈرتكىسىدە مۇقامنى مۇكەممەل ئۆگىنىش ئۈچۈن يۇرت كېزىپ يەكەن، كېرىيەلەردىكى ئاتاقلىق مۇقام پېشىۋالىرىدىن قالۇن، ساتار، تەمبۇر، غېجەك، بالىمان، ناغرا-سۇناي قاتارلىق سازلارنى قېتىرقىنىپ ئۆگىنىپ، مۇقامغا تەڭكەش قىلىپ چېلىشتا ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىك ياراتقان.

ھازىر تېۋەت يېزىسىدا مۇقام، ئەلنەغمىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتقان 75 ياشلىق پېشقەدەم ناغرا-سۇنايچى ئىسمايىل ئاقى ئاكىنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە، ئىسمايىل موللا ئۆزى مۇقاملارنى مۇكەممەل ئۆگىنىش بىلەن بىرگە، مۇقام ۋارىسلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش-

بۇ يەردە ئەڭ دەسلەپ يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلـ
غان، تال يېتىشتۈرگەن كىشىنىڭ ئىسمى ھالدۇس ئىكەن، ئۇ كىشىنىڭ تەۋرۈك نامى مەھەللە ۋە كەنتنىڭ نامى بولۇپ قالغانىكەن.

بۇ كەنتتە ھازىر ئۈچ مەھەللە، 168 ئائىلە، 693 نوپۇس، 1193 مو تېرىلغۇ يەر بار.

قوشنا كەنتلەرگە ئوخشاش بۇ كەنتنىمۇ ئۈزۈم، قوغۇن- تاۋۇزلار بەك ئوخشايدۇ.

## ئۆجۈنئېرىق

كېمەر قۇربان قاتارلىق مويسىپىتلارنىڭ سۆزلەپ بەرگەنلىرىدىن مەلۇم بولدىكى، بۇ جايلار يېقىنقى يىللارغىچە قوشقار ئايمىقى دەپ ئاتىلاتتى. بىر نەچچە يۈز يىل ئىلگىرى لوپ ناھىيىسىنىڭ يۇرۇڭقاش يېزىسىدىن بىر نەچچە ئائىلىلىك كىشىلەر كۆچۈپ كېلىپ ئېرىق بويىدا ئولتۇراقلىشىپتۇ. بۇلار سۇ تالىشىپ يەرلىك كىشىلەر بىلەن جېدەللىشىپ قېلىپ:

— سىلەر بىزنى قوشقاردەك ئۈسسۈپ يەكلەپ ئارام بەرمەمسىلە؟- دەپتۇ. (شۇنىڭدىن كېيىن يەرلىك كىشىلەرگە «قوشقار» دەپ لەقەم سىڭىپ قاپتۇ.)

يەرلىك كىشىلەر ئۇلارنى:

— ئۆجۈن قوڭغۇزنىڭمۇ قىم ئۇۋىسى بولمىغاندەك سەن خەقلەرمۇ يۇرت - ماكانى يوق كۆچۈپ يۈرىشىدىكەنسىلەر،- دەپ ئەيىبلەپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ يۇرۇڭقاشتىن كۆچۈپ كەلگەنلەرگە «ئۆجۈنلەر» دەپ لەقەم سىڭىپتۇ. بۇلارنىڭ مەھەللىسىنى كېسىپ ئۆتكەن ئېرىق-«ئۆجۈنئېرىق» دەپ ئاتىلىپتۇ. 1984 - يىلى بۇ كەنتنىڭ نامى

بۇ كەنتتە ھازىر ئۈچ مەھەللە، 190 ئائىلە، 839 نوپۇس، 1305 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## خانلىق ئېرىق

كۆتىرەم كەنتىدە ئولتۇرۇشلۇق 74 ياشلىق ھېسامىدىن ئاخۇننىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، بۇ جايلار گۈك غوجىلارنىڭ خانلىق يېرى بولۇپ، بۇ يەردىكى ئېتىز - باغلارغا سۇ كېلىدىغان ئېرىق — خانلىق ئېرىق دەپ ئاتالغانىكەن. بۇ كەنتتە ياشاۋاتقان كىشىلەرنىڭ بىر قىسمى — شۇ زامانلاردا گۈك — غوجىلارنىڭ ئېتىزلىرىدا ئوتاقچىلىق قىلغان ئەللىك تۈتۈنلۈك (ئۆيلۈك) كىشىلەرنىڭ ئەۋلادلىرىدۇر.

ھازىر بۇ كەنتتە تۆت مەھەللە، 176 ئائىلە، 714 نوپۇس، 1336 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## سۆگەتلىك

ئىلگىرى بۇ جاي «پوستەك ئايمىقى» دەپ ئاتالتتى. 1984 - يىلىدىن كېيىن سۆگەتلىك دەپ ئاتالدى. بۇرۇن بىر پارچە ئاقيەر بولۇپ كىشىلەر بۇ جاينى باكار قويۇشقا پايدىلىنىپ سۆگەت كۆچەتلىرىنى سېلىپ، باغ - ئېتىزلاردىن ئېشىپ قالغان سۇلارنى باشلاپ سۆگەتلىككە ئايلاندۇرغانىكەن. (ئۆجۈنئېرىق كەنتىدىن 70 ياشلىق كېمەر قۇربان سۆزلەپ بەردى.)

بۇ كەنتتە ھازىر تۆت مەھەللە، 259 ئائىلە، 1004 نوپۇس، 1423 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## ھالدوس

ھالدوس مەھەللىسىنىڭ نامى، بۇ كەنتنىڭ نامىغا ئايلىنىپ قالغىنىغا 60—70 يىل بولۇپ قالدى.

غاچ ياساپ ئېرىقنىڭ بېشىغا كۆمگەنىكەن، قوغاچىنىڭ نامىمۇ، ئېرىقنىڭ نامىمۇ يالغۇز توغراق دەپ ئاتىلىپتۇ. 1984- يىلى كەنت نامىلىرىنى مۇقىملىغاندا كىشىلەر ئۆز ئايماقلىرىنىڭ نامىنى تاللاشنى تالىشىپ بىرلىككە كېلەلمىگەنلىكتىن يەنىلا «يالغۇز توغراق» دەپ ئاتالدى.

يالغۇز توغراق كەنتىدە ھازىر تۆت مەھەللە، 189 ئائىلە، 760 نوپۇس، 1426 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## ناغرا

ئىسلام ئەسكەرلىرىگە ئوزۇق - تۈلۈك، قورال-ياراق توشۇغان ئارقا سەپ ئىشلىرىغا مەسئۇل دەۋەتلىك① ئەمەلدار قول ئاستىدىكى خىزمەتچىلىرىگە داق② - دۇمباق، سۇناي - ناغرىلارنى چالغۇزۇپ، داغدۇغا بىلەن يېتىپ بارغانلىقى جايدا ئىسلام ئەسكەرلىرىنىڭ شاد - خۇرام قارشى ئېلىشىغا مۇيەسسەر بولغانىكەن. ئۇن نەچچە يىللىق ئۇرۇش جەريانىدا بۇددىست قوشۇنلىرى يېڭىلگەندىن كېيىن داق - دۇمباق، سۇناي - ناغرا چالغان كىشىلەر ئەمەل - مەرتىۋە تەرتىپى بويىچە يۇرتنىڭ بېشىدىن ئايېغىغىچە بۆلۈنۈپ ئولتۇراقلىشىپ قالغانىكەن. ناغرادېگەن بۇ ئاتالغۇدىن، ئاشۇ يىللاردا ناغرا چالغان كىشىلەرنىڭ بۇ جايدا ماكانلىشىپ قالغانلىقىنى بىلىۋالالايمىز.

ھازىر بۇ كەنتتە ئىككى مەھەللە، 108 ئائىلە، 522 نوپۇس، 830 مو تېرىلغۇ يەر بار.

① بۇخارانىڭ يېنىدىكى بىر يۇرت
② داق - دۇمباق چېلىشتا ئىشلىتىلىدىغان سايمان

«ئۈجۈنئېرىق» دەپ مۇقىمدالدى.

بۇ كەنتتە ھازىر ئۈچ مەھەللە، 228 ئائىلە، 970 نوپۇس، 1649 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## مۇغال

بۇ جايلار مەھەللىگە ئايلىنىپ دەسلەپتە قېزىلغان ئېرىققا سۇ باشلانغاندا قاشنىڭ مۇغا تەشكەن تۆشۈكلىرىدىن سۇ يالاپ كېتىپ كىشىلەرنى جىق ئاۋارە قىلغانلىقتىن «مۇغىلار ئېرىقى» دەپ ئاتىلىپتۇ. يىللار ئۆتكەنسېرى «مۇغالئېرىق» دەپ ئاتىلىپتۇ. 1984-يىلى كەنتنىڭ نامى «مۇغال» دەپ مۇقىمدالغان بولسىمۇ، كىشىلەر يەنىلا «مۇغالئېرىق» دەپ ئاتىماقتا.

بۇ كەنتتە ھازىر تۆت مەھەللە، 242 ئائىلە، 911 نوپۇس، 1810 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## ئاياغئەسكى

بۇ جاي يۇرتنىڭ ئايىغى بولغانلىقتىن قەدىمدىن بۇيان «ئاياغئەسكى» دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە. (ئەسكى— «ئىمام ئەسكىرى» دىكى «ئەسكىرى» دېگەن سۆزنىڭ بۇزۇلغان تەلەپپۇزى بولۇپ ئاخلاشلارغا قارىغاندا بۇ جايلاردا ئىسلام ئەسكەرلىرى ئولتۇراقلاشقانىكەن.)

ھازىر بۇ كەنتتە ئۈچ مەھەللە، 173 ئائىلە، 777 نوپۇس، 1420 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## يالغۇز توغراق

ئاخلاشلاردىن قارىغاندا كىشىلەر قۇملۇق دۆڭنىڭ باغرىدا ئۆسكەن يېگانە بىر تۈپ توغراقنى كېسىپ قو-


# يېڭىيەر يېزىسى

مۇھەممەتئىمىن قۇربان ، مەتتۇرسۇن سىدىق

بۇ يېزا ناھىيىمىزنىڭ شەرقىي شىمال قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، شەرقتە قاراقاش دەرياسىغا، جەنۇبتا تۇۋەت، غەربىي جەنۇبتا قويچى يېزىلىرىغا، غەربتە 47- تۇەننىڭ 1-، 2- لىيەنلىرىگە، غەربىي شىمالدا تەكلىماكان قۇملۇقىغا، شىمالدا كاۋاك يېزىسىغا تۇتىشىدۇ. ناھىيە مەركىزى بىلەن يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى ئورگىنىنىڭ ئارىلىقى 12 كىلومېتىر كېلىدۇ.

بۇ يېزىنىڭ كۆپ قىسمى يېقىنقى 200 يىلدىن بۇيان ئېچىپ تېرىلغان يېشىللىقتۇر. بۇ يېزىنىڭ دائىرىسى 1919- يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە تۇۋەن بەھرامسۇيى ۋە «كىمخاب» مىڭلىكلىرىگە تەۋە ئىدى. 1937- يىلىدىن كېيىن 2- رايوننىڭ ئەسكى، يېڭىيەر كەنتلىرى تەۋەلىكىدە بولدى. 1950- يىلىدىن كېيىن 13- رايوننىڭ ئەسكى، يېڭىيەر، سوقۇلۇق يېزىلىرى بولدى، 1956- يىلىدىن كېيىن 11- رايوننىڭ تەۋەلىكىدە بولدى. 1958- يىلى «تۇۋەت» يېزىسىغا قوشۇلۇپ «تىنچلىق» گۇڭشېسى قۇرۇلدى، 1972- يىلىدىن كېيىن ئاياغ قىسمى «شەرق قىزاردى» گۇڭشېسىغا، ئوتتۇرا قىسمى ياڭاقچىلىق مەيدانىغا ئايرىۋېتىلدى، 1984- يىلى ھازىرقى دائىرىسى بىلەن «يېڭىيەر» يېزىسى تەسىس قىلىندى.

1996- يىلىنىڭ ئاخىرىدا بۇ يېزىدا 81 مەمۇرىي مەھەللە، 12 مەمۇرىي كەنت، 2265 ئائىلە، 9717 نوپۇس،



يېڭىيەر يېزىسى
1:6600
يېزىسى
12
10
06
09
7
08
01
05
2
4
15
03
13
14
يېزىسى

رىگاھ قۇرۇپ، بۇددىستلارغا قارشى غازات قىلغانىكەن. بۇلارنىڭ تامىقى ھازىرقى «قازانتوغراق» دېگەن جايدا پىشۇرۇلۇپ يەتكۈزۈپ بېرىلىدىكەن. قاراقاش دەرياسى بويىدىكى «شېھىتلىك» دېگەن مازارنىڭ ئورنى ئۇلارنىڭ ناماز ئوقۇپ، ئىستىقامەت قىلىدىغان ئورنى ئىكەن. بىر ئەتىگىنى بۇلارغا قارشى دەريا بويلاپ يۈرۈش قىلىپ كەلگەن بۇددىستلار ئۇلارنىڭ بامدات نامىزىغا ئولتۇرغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بېسىپ كېلىپ، ئۇلارنىڭ ئارقا تەرىپىدىن قىلىچ ئۇرۇشقا باشلاپتۇ. 41 سەپ ئادەمدىن ناماز ئاخىرلاشقۇچە چېپىلماي قالغان ئۈچ سەپ مۇسۇلمان قېچىپ كېتىپتۇ. كېيىن بۇلار ھازىرقى «ئىمام ئەسكىرى» دەپ ئاتالغان مازارنىڭ ئورنىدا قەتل قىلىنغانىكەن.

بۇ مازار ھازىر «ئىمام ئەسكەر» دەپ ئاتىلىۋاتقان كەنت تەۋەسىدە بولغىنى ئۈچۈن كەنت نامى شۇ بويىچە ئاتىلىپ كەلمەكتە.

1996 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى سانلىق مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا بۇ كەنتتە ئۈچ مەھەللە، 255 ئائىلە، 988 نوپۇس، 1654 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## قۇمىيايلاق

بۇ كەنتنىڭ «قۇمىيايلاق» دەپ ئاتىلىشىنى مۇشۇ كەنتتىكى مويسىپىتلار مۇنداق ۋەقەگە باغلايدۇ: ھازىرقى ئىمام ھەسەن ئەسكىرى ئىسلام ئېچىپ مۇشۇ يۇرتلارغا كەلگىنىدە، بۇ يايلاق دەريا بويىغا يېقىن، سۈيى ئەلۋەك، ئوت - چۆپى مول بولغاچقا، جەڭ ئاتلىرىنى يايلىتىدىغان جاي قىلىپ تاللىنىپتۇ. ھەزرىتى ئىمام ئەسكىرى بۇددىستلار تەرىپىدىن قەتل قىلىنغاندىن كېيىن، بۇ يايلاققا

19 مىڭ 806 مو تېرىلغۇ يەر بار. يىللىق ئاشلىق مەھسۇلاتى 5 مىليون 62 مىڭ 901 كىلوگرامغا يېتىپ، بۇلتۇرقىدىن 18.5% ئاشتى. پاختا (چىگىتسىز) 217 مىڭ 320 كىلوگرامغا يېتىپ، بۇلتۇرقىدىن 26 مىڭ 490 كىلوگرام ئاشتى. پىلە 17 مىڭ 888 كىلوگرامغا مۇقىمدالدى. چارۋا 29 مىڭ 795 تۇياققا يېتىپ، بۇلتۇرقىدىن 9.54% ئاشتى. كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىم 483 يۈەنگە پەسىيىپ، بۇلتۇرقىدىن 55 يۈەن ئازلىدى.

## يېڭىيەر يېزىسىدىكى كەنت ناملىرى

⊙ يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى ئورگىنى

1. ئىمامى ئەسكەر
2. قۇمىيايلاق
3. جانان
4. سىياباغ
5. قاراباغ
6. سەككىز پارچە
7. قوشقوغاچ
8. مىلىك ئاۋات
9. ئاقئۆستەڭ
10. يېڭىيەر
11. سوقۇلۇق
12. كۆيۈكئېغىل

## قوشنا يېزىلاردىن خەرىتىگە چۈشكەن كەنتلەر

تۇۋەت يېزىسىدىن: 13. ھالدوست 14. خانلىق ئېرىق 15. ئۆجۈنئېرىق

## ئىمام ئەسكەر

«ئىمام ئەسكەر» دېگەن بۇ نام ھەققىدە مۇنداق رىۋايەت خەلق ئىچىدە ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

ئىمام ھەسەننىڭ ئەسكىرىي كۈچلىرى مۇشۇجايدا با-

رېۋىزىيە كومىتېتىغا يۆتكەلگەندىن كېيىن، گۇچۇڭ ناھىيىسىدە سوتسىيالىستىك تەربىيە خىزمىتىگە قاتناشتى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتىپىدە ئوقۇدى. 1970 - يىلى 11 - ئايدا شۇ ۋاقىتتىكى ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېتى قارمىقىدىكى بىۋاسىتە قاراشلىق ئورگانلار سىياسىي خىزمەت گۇرۇپپىسىغا قايتا تەقسىم قىلىندى. بۇ گۇرۇپپا 1973 - يىلى 8 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق ئورگانلار پارتكومى بولۇپ ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن تەشۋىقات باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، كېيىن تەشكىلات باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولدى. 1978 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىغا يۆتكىلىپ ئەنزىلەرنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولۇپ ئىشلىدى. 1983 - يىلى 9 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ دائىمىي ئەزالىقىغا تەيىنلەندى. 1986 - يىلى 5 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق سودا- سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىلىقىغا، 7 - ئايدا ئىدارە باشلىقلىقىغا بەلگىلەندى. 1988 - يىلى 1 - ئايدا جۇڭگو ئىستېمالچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرىيەت ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىستېمالچىلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى بولۇپ سايلاندى.

(يولداش نۇرمۇھەممەت كېرىم ئاپتونوم رايونلۇق 4 - ۋە 5 - نۆۋەتلىك پارتىيە قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، ئاپتونوم رايونلۇق 8 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى بولۇپ سايلانغان).

## جانان

بۇ كەنتنىڭ ئىلگىرىكى ئاتىلىشى «لەلەك» بولۇپ، 1984 - يىلى يەر ناملىرىنى مۇقىملاشتا «لەلەك» دېگەن

كىشىلەر قەدەم باسماي قۇم بېسىپ كەتكەنلىكتىن، «قۇم-يايلاق» دەپ ئاتىلىپ كەلگەنىكەن.

هازىرقى كەنت ئورنى قاراقاش دەرياسىنىڭ بويىغا جايلاشقان بولۇپ، يېقىنقى 200 يىل ئىچىدە ئەسلىدىكى يايلاقنى ئۆزگەرتىپ تېرىلغۇغا كىرگۈزۈشتىن ئاۋاتلاشقانىكەن.

هازىر بۇ كەنتتە تۆت مەھەللە، 231 ئائىلە، 977 نوپۇس، 1643 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## نۇرمۇھەممەت كېرىم توغرىسىدا



نۇرمۇھەممەت كېرىم 1940 - يىلى 7 - ئاينىڭ 15 - كۈنى قۇم-يايلاق كەنتىدە تۇغۇلدى. 1949 - يىلى 9 - ئايدا شۇ كەنتتىكى مەكتەپكە ئوقۇشقا كىردى. 1955 - يىلى 9 - ئايدا خوتەن ۋىلايەتلىك دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىدە ئوقۇشنى باشلىدى. 1958 - يىلى 10 - ئايدىن باشلاپ قاراقاش ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتە سىنىپ مۇدىرى، مەكتەپ ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، پىئونېرلار باش ئەترىتىنىڭ باش تەربىيىچىسى بولدى. 1961 - يىلى 8 - ئايدا ناھىيىلىك 2 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مۇئاۋىن ئىلمىي مۇدىرلىقىغا تەيىنلەندى. 1962- يىلى 5 - ئايدا ناھىيىلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىگە يۆتكىلىپ بۆلۈم ئەزاسى بولۇپ ئىشلىدى.

1965 - يىلى 7 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم

ھازىر بۇ كەنتتە تۆت مەھەللە، 182 ئائىلە، 786 نوپۇس، 1313 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## سەككىز پارچە

بۇ كەنتنىڭ ئورنى ئازادلىق مەزگىللىرىگىچە كەڭ كەتكەن قومۇلۇق بولۇپ، دەسلەپتە بىر كىشى بۇ يەرنى ئېچىشنى پىلانلاپ، يەر شەكلىنى كۆزىتىپ، ئېچىشقا ئاسان بولغان سەككىز جايدىن سەككىز پارچە يەر ئېچىپ كۆكەرتىپتۇ. كېيىن كىشىلەر كوللېكتىپ ھالدا بۇ قومۇلۇقنى ئېچىپ تېرىمغا كىرگۈزۈپ، بۇ جايدا يېڭىدىن بىر يېشىللىقنى بارلىققا كەلتۈرۈپتۇ. بۇ جايلار ئەسلىدىكى سەككىز پارچە يەرنى ئاساس قىلىپ، ئېچىپ كۆكەرتىلگەچكە «سەككىز پارچە» دەپ ئاتىلىپتۇ.

بۇ جاينىڭ بوستانلىشىشىغا ئەگىشىپ، كىشىلەر ئەتراپتىن كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ، ئۆزلۈكىدىن بىر كەنتنى بارلىققا كەلتۈرۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن يېڭىدىن شەكىللەنگەن كەنت نامى ئەسلىدىكى نام بويىچە «سەككىز پارچە» دەپ ئاتىلىپتۇ.

ھازىر بۇ كەنتتە تۆت مەھەللە، 174 ئائىلە، 744 نوپۇس، 1150 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## قوشقوغاچ

بۇ كەنتنىڭ ئەتراپلىرى 60-يىللاردا ھۆكۈمەت ئەمگەكچى يۆتكەپ، كوللېكتىپ بوز يەر ئېچىشقا تەشكىللەپ ئېچىلغان بولۇپ، شۇ مەزگىلدە بەھرامسۇيى ئۆستىڭىدىن سۇ باشلاپ كېلىپ لاي ئېقىتىلغان. بىر قوغاچتىن ئۆتكەن سۇ يېتىشمىگەچكە، يەنە بىر قوغاچ قويۇلۇپ، سۇنى كەڭ-

سۆز يېقىمسىز ئاڭلانغىنى ئۈچۈن، بۇ كەنتتە جانان لەقەملىك كىشىلەرنىڭ كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدىغانلىقى نەزەردە تۇتۇلۇپ، كەنت نامى «جانان» دەپ ئاتالدى.

ھازىر بۇ كەنتتە ئۈچ مەھەللە، 140 ئائىلە، 565 نوپۇس، 645 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## سىياۋاغ

بۇ كەنتتە ئىلگىرى كەڭرەك بىر تېرىلغۇ مەيدان بولۇپ، ئەتراپى دەل-دەرەخلەر بىلەن قورشالغانىكەن. شۇڭا، تولىمۇ ھاۋالىق جاي ھېسابلىنىپ، كەنتتىكىلەر مۇشۇ جايلاردا دەم ئېلىپ ھاردۇقىنى چىقىرىدىكەن. شۇ سەۋەبتىن بۇ جاي «سەيلىباغ» دەپ ئاتىلىدىكەن. «سەيلىباغ» دېگەن سۆز «سەيلىۋاغ» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىپ، تەدرىجىي «سىياۋاغ» دەپ ئاتىلىپتۇ.

ھازىر بۇ كەنتتە ئىككى مەھەللە، 154 ئائىلە، 636 نوپۇس، 732 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## قاراۋاغ (قاراباغ)

ئىلگىرى بۇ كەنتنىڭ ئورنى چوڭ باغ بولۇپ، بۇ باغ ئاساسلىق ئاھالىلەر ئولتۇراقلاشقان مەھەللىنىڭ ئايىغىدا ئىكەن. باغنىڭ يۇقىرى تەرىپىدىن قاراشقا، بۇ جايدا بۈككىدە قاراڭغۇلۇق كۆزگە چېلىقىدىكەن. شۇڭا بۇ باغ «قاراباغ» دەپ ئاتىلىدىكەن. كېيىنچە كىشىلەر بۇ باغنىڭ ئەتراپىغا كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ، بۇ جايىنى كۆجۈم مەھەللىگە ئايلاندۇرۇپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن بۇ كەنت باغنىڭ نامى بىلەن «قاراباغ» دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە ئىكەن.

## ئاقئۆستەڭ

بۇ كەنت تەكلىماكان قۇملۇقى بىلەن يانداش بولۇپ، يۇرت بولۇپ شەكىللىنىش تارىخى ئانچە ئۇزۇنغا بارمايدۇ.

كەنتنىڭ «ئاقئۆستەڭ» دېگەن نامى توغرىسىدا يۇرتتىكى كىشىلەر مۇنداق ئىككى خىل قاراشتا:

بىرىنچى خىل قاراش — بۇ جاي ھەممە يۇرتلارنىڭ ئايىغى بولغاچقا سۇ كەلتۈرۈپ، سۇغىرىش شارائىتى يوق دېيەرلىك ئىكەن. شۇڭا بۇ يۇرتتا دەسلەپ يەرلەشكەن ئاھالىلەر (بۇلار ئاتچى قاتارلىق جايلاردىن كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلاشقان) باشقا يۇرتلارنىڭ ئارقا تەرىپى بىلەن قاراقاش دەرياسىدىن بۇ يۇرتقا سۇ كېلىدىغان ئۆستەڭ قېزىپ، سۇ باشلاپ كەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ يۇرت كۆكىرىپ ئاۋاتلىشىشقا باشلاپتۇ. ئۆستەڭ باشقا يۇرتلارنىڭ ئارقا تەرىپى بىلەن قېزىلغىنى ئۈچۈن «ئارقا ئۆستەڭ» دەپ ئاتىلىپ، كېيىنچە يۇرت نامى بولۇپ ئۆزلىشىپ كېتىپتۇ.

ئىككىنچى خىل قاراش — بۇ يۇرت باشقا يۇرتلارنىڭ ئايىغى بولغىنى ئۈچۈن بەھرامسۇيى ئۆستىڭىنىڭ ئۈچى مۇشۇ يۇرتتا توختايدىكەن، ئۆستەڭگە سۇ كەلسە باش تەرەپتىكى يۇرتلۇقلار يەرلىرىنى سۇغىرىپ بۇ جايغا سۇ ئاشمايدىكەن. شۇڭا بۇ يۇرتقا سۇ كېلىدىغان بەھرامسۇيى ئۆستىڭىنىڭ ئايىغى يىلبويى قۇپقۇرۇق تۇرىدىكەن. شۇ سەۋەبتىن «ئاقئۆستەڭ» دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە ئىكەن.

ھازىر بۇ كەنتتە ئۈچ مەھەللە، 152 ئائىلە، 679 نوپۇس، 797 مو تېرىلغۇ يەر بار.

رى باشلاپ لاي ئېقىتىلغانىكەن، شۇنىڭ بىلەن بۇ جاي «قوشقوغاچ» دەپ ئاتالغان. بوز يەر ئېچىپ كۆكەرتىلگەنە-دىن كېيىن، ھۆكۈمەت بۇ جايغا ئادەم يۆتكەپ ئورۇنلاشـ-تۇرغان. بۇنىڭ بىلەن بۇ جايدا كەنت پەيدا بولۇپ، ئەسـ-لىدىكى «قوشقوغاچ» دېگەن نام كەنت نامى بولۇپ، ئۆزـ-لەشىپ كەتكەنىكەن.

ھازىر بۇ كەنتتە ئۈچ مەھەللە، 123 ئائىلە، 543 نوپۇس، 684 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## مىلىكئاۋات

بۇ كەنتنىڭ ئورنى مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئېچىـ-لمىغان بوز يەر بولۇپ، 30 - يىللاردا بۇ يەردە بەش - ئالتە ئائىلە ئولتۇرىدىكەن. 1933- يىلى خوتەنگە ۋالىي بولغان قاراقاشلىق مىلىك ھەزرەت (مەمەتنىياز ئەلەم) بۇ جايـ-نى كۆرۈپ، ئېچىپ كۆكەرتىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، قاراـ-قاشنىڭ باشقا جايلىرىدىكى بىر قىسىم كىشىلەرنى بۇ يەرگە كۆچۈرۈپ، ئومۇمىيۈزلۈك كۆكەرتىپ ئاۋاتلاشتۇرۇشـ-قا بۇيرۇپتۇ (ھازىرقى بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئاتباش، چۈرۈقلا، توۋەت يېزىسىنىڭ توۋەت، ئويىمېرىق كەنتلىرىدىن يۆتكىگەنىكەن).

شۇنىڭ بىلەن بۇ جايدا ئولتۇراقلاشقان ئاھالىلەر ئۆزئۆن ئۆتمەيلا بۇ جاينى كۆكەرتىپ ئاۋات بىر يۇرتقا ئايلاندۇرۇپتۇ. بۇ جاينىڭ ئاۋاتلىشىپ يۇرت بولۇشى مىـ-لىك ھەزرەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا، يۇرت نامى «مىلىكئاۋات» دەپ ئاتىلىپتۇ.

ھازىر بۇ كەنتتە ئۈچ مەھەللە، 97 ئائىلە، 361 نوـ-پۇس، 689 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## كۆيۈكئېغىل

بۇ تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ ئىچكى تەرىپىگە سوزۇلغان، يېڭىيەر يېزىسىنىڭ ئەڭ چەت كەنتى بولۇپ، يۇرت بولۇپ شەكىللىنىشى ئۆتكەن ئەسىرنىڭ باشلىرىغا توغرا كېلىدۇ.

بۇ جاي ئىلگىرى كەڭ كەتكەن قۇملۇق ئوتلاق بولۇپ، يېنىدا دەريا سۈيى ئېقىپ تۇرىدىغانلىقى ئۈچۈن مال بېقىشقا ئەپلىك جاي ھېسابلىناتتى.

ھازىرقى تۇۋەت يېزىسىنىڭ ئاياغئەسكى (ئىلگىرىكى تۇكارلار) كەنتى تەۋەسىدىن قۇربانىياز ھاجىم دېگەن ئادەم بۇ ئوتلاقتا ئېغىل ـ قوتان ياساپ ماللىرىنى باققانىكەن. كېيىنكى كۈنلەردە تۇيۇقسىزلا بۇ ئېغىلغا ئوت كېتىپتۇ. ئوت ئۆچۈرۈۋېلىنغان بولسىمۇ، كىشىلەر بۇ ئېغىلنىڭ كۆيۈك ئىزناسىنى بىر بەلگە سۈپىتىدە بۇ جاينى «كۆيۈكئېغىل» دەپ ئاتىشىپتۇ. كېيىن بۇ يۇرتتا ئولتۇراقلاشقان كىشىلەرمۇ بۇ نامنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ يۇرتىنى «كۆيۈكئېغىل» دەپ ئاتايدىغان بوپتۇ.

ھازىر بۇ كەنتتە بەش مەھەللە، 222 ئائىلە، 967 نوپۇس، 1211 مو تېرىلغۇ يەر بار.

### ئەخمەد سەردار توغرىسىدا

كۆيۈكئېغىل كەنتىدە ئولتۇرۇشلۇق 75 ياشلىق ھەسەن ئاخۇننىڭ 1996 ـ يىلى يازدا سۆزلەپ بەرگەنلىرى بىلەن يازما خاتىرىلەرنى بىرلەشتۈرۈپ يىغىنچاقلىغاندا، ئەخمەد سەردارنى 1898 ـ يىلى تۇغۇلغان دەپ مۇقىملاشقا بولىدۇ. ئۇ كىچىكىدىنلا تەمبەل، كۈچلۈك، چەبدەس بولۇپ ھوشيارلىقى، شوخلۇقى، گەپ-سۆزلىرىنىڭ ئوچۇقلۇقى بىلەن تەڭ ياشلىق بالىلاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇراتتى. ئۇ دىنىي مەكتەپتە ئوقۇپ ساۋاتىنى چىقارغانلىقتىن «ئەخمەد قارى» دەپ ھۆرمەتلەندى. بۇ كەنتتىكى

## يېڭىيەر

بۇ كەنت تەكلىماكان قۇملۇقىغا تۇتاش بوستانلىق بولۇپ، 1920 - يىللىرى قاراقاش ئامبىلى يوەن دارىن باشقا يۇرتلاردىن ئادەم يۆتكەپ يەر ئاچقۇزغانىكەن. كېيىن يەر ئاچقۇچىلارنىڭ بىر قىسمىنى بۇ يەرنى كۆكەرتىش ئۈچۈن مۇشۇ يەردە ئولتۇراقلاشتۇرۇپتۇ.

بۇ يەر تەدرىجىي ئاۋاتلىشىشقا يۈزلەنگەندىن كېيىن، ئەسلىدىكى تاقىر سايلىقتا پەيدا بولغان بۇ يېڭى بوستانلىق كىشىلەر تەرىپىدىن «يېڭىيەر» دەپ ئاتىلىپتۇ.

شۇ چاغلاردا بۇ يۇرتتا ئولتۇراقلىشىپ قالغانلار ھازىرقى بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئاتباش، توۋەتئېرىق، توۋەت يېزىسىنىڭ توۋەت، چاقار قاتارلىق جايلىرىدىن بولۇپ، ھازىرقى كىشىلەر شۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى ئىكەن.

ھازىر بۇ كەنتتە ئۈچ مەھەللە، 164 ئائىلە، 638 نوپۇس، 1256 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## سوقۇلۇق

قاراقاش دەرياسى بىلەن تەكلىماكان قۇملۇقى ئارىلىقىغا جايلاشقان بۇ جاي مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قاراقاش ئامبىلى يوەن دارىننىڭ ھازىرقى توۋەت يېزىسىنىڭ ئەسكى چاقار كەنتلىرىدىن ئادەم يۆتكەپ بوز يەر ئېچىشقا تەشكىللىشى بىلەن ئېچىلغان بولۇپ، دەريا بىلەن قۇملۇق ئارىلىقىغا جايلاشقان ئۇزۇنچاق ھالىتىگە ئاساسەن بۇ جايدا ئولتۇراقلاشقان كىشىلەر «سوقۇلۇقلار ‹سوقا يەرلىكلەر›» دەپ ئاتالغانىكەن. كېيىنكى مەزگىللەردە يۇرت نامى «سوقۇلۇق» دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە ئىكەن.

ھازىر بۇ كەنتتە ئۈچ مەھەللە، 156 ئائىلە، 639 نوپۇس، 984 مو تېرىلغۇ يەر بار.

ۋاتتا يەتتە نەپەر ھۆكۈمەت ئەسكىرى بار ئىدى. 1935 - يىلى 6 - ئايدا ئەخمەد سەردار بۇ ئىككى يۇرتتىكى ئېلى ھاجى، شاكىر كۆك، مۇھەممەد چاناق، ساۋۇر بوۋا قاتارلىقلار بىلەن بىرلىشىپ 80 نەچچە ئادەمگە باشچىلىق قىلىپ خەي فۇگوەن، ما فۇگوەن قاتارلىق ئەسكەرلەرنى تاياق - توقماقلار بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈردى. قېچىپ قۇتۇلغان ئەسكەرلەر خوتەنگە چىقىپ ئەھۋالنى دوكلات قىلدى. ھۆكۈمەت (ماخۇسەن) ئېرلويجاڭ باشچىلىقىدىكى بىر لۈي ئاتلىق ئەسكەرنى توپىلاڭچىلارنى باستۇرۇشقا ئەۋەتتى. بۇلار باشلەڭگەر دېگەن جايدا 1000دىن ئارتۇق توپىلاڭچىلارنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچراپ، ئۇلارنى ئوققا تۇتۇپ نۇرغۇن ئادەمنى ئۆلتۈردى. ئەخمەد سەردار ئون نەچچە ئادەم بىلەن دەريا بويلاپ ئاقسۇغا قاچتى.

ئەخمەد سەردارنىڭ كېيىنكى تەقدىرى توغرىسىدىكى پاراڭلار ئوخشاش ئەمەس. بىر ئاڭلاشلارغا قارىغاندا ئەخمەد سەردار ئاقسۇدا قاسساپلىق قىپتۇ. خوتەنلىك بىركىشى ئۇنى تونۇپ قېلىپ ما خۇسەنگە خەۋەر يەتكۈزۈپتۇ. ماخۇسەن ئادەم ئەۋەتىپ ئۇنى تۇتۇپ كەپتۇ. قولىقىنى كېسىۋېتىش جازاسىنى مىلىك ھەزرەت (مۇھەممەد تىنىياز ئەلەم) نىڭ تەكلىپى بىلەن بېشىنى چېپىش جازاسىغا ئۆزگەرتىپ دەرھال ئىجرا قىپتۇ.

يەنە بىر ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ئەخمەد سەردار ئاقسۇدا خاتىرجەم ياشاشقا ئىشەنچ قىلالماي ئۈرۈمچىگە چىقىپ شېڭ شىسەيگە ئەسكەر بوپتۇ. جەڭدە قورقماس، ماھىرلىقى بىلەن نام چىقىرىپ ئوفىتسېرلىككە كۆتۈرۈلۈپتۇ. باشقىلارنىڭ تۆھمىتى بىلەن تۈرمىگە تاشلىنىدىغانلىقىنى بىلىپ قېلىپ قېچىپ قەشقەرگە كەپتۇ. 1943 - يىلى قەشقەردە باشقىلار بىلەن بىرلىشىپ قوزغىلاڭ تەشكىللەپتۇ. ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى ھۆكۈمەت قوشۇنلىرى تەرىپىدىن تارمار قىلىنىپ مازارلىق دېگەن جايغا كەلگەندە ئەخمەد سەردار ئەسىرگە چۈشۈشكە رازى بولماي ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋاپتۇ.

دېھقانلار قاراقاش دەرياسىنىڭ ئون نەچچە چاقىرىم يەراق يېرىدىن ئېرىق چېپىپ سۇ باشلاپ كەلگەن بولسىمۇ، قوشنا كەنتتىكى كىشىلەر سۇنى باغلىۋېلىپ بۇلارنى بوزەك قىلاتتى. ئەخمەد قارى «كۆيۈكئېغىل ئېرىقى»غا مىراپلىققا سايلانغاندىن كېيىن، ئادىللىق ھەم يۈرەكلىك بىلەن سۇ باشقۇرۇپ كۆيۈكئېغىل كەنتىدىكى باغ - ئېتىزلارنى سۇغا قاندۇردى.

ئەخمەد قارى يۇرتىدىكى نەچچە ئون كىشىنى باشلاپ 1933 - يىلى 2 - ئاينىڭ 17 - كۈنى پارتلىغان قاراقاش ئىسلام قوزغىلىڭىغا قاتناشتى. 1934 - يىلى 6 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ئىسلام قوزغىلاڭچىلىرى پىيالما بىلەن زاۋا ئارىلىقىدىكى قۇمرابات دېگەن جايدا قوزغىلاڭنى باستۇرۇش ئۈچۈن قەشقەردىن كەلگەن ھۆكۈمەت قوشۇنى بىلەن جاھىلانە قارشىلاشتى. ئەخمەد قارى بۇ جايدىكى جەڭلەردە يۇقىرى ماھارىتى ھەم پۇختا تەدبىرلىرى بىلەن قوزغىلاڭ كاتتىباشلىرىنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ سەردارلىققا① تەيىنلەندى. شۇ چاغدىن باشلاپ ئەخمەد سەردار دەپ ئاتالدى. ھەربىي جەھەتتە، مۇنتىزىم تەربىيە كۆرمىگەنلىكى ھەم قورال-ياراقلىرى خىل بولمىغانلىقتىن، قۇمراباتتىكى جەڭلەردە ئىسلام قوزغىلاڭچىلىرى تارمار بولدى. ھۆكۈمەت قوشۇنلىرى قاراقاشنى ئىگىلىگەندىن كېيىن ئەخمەد سەردار تۇتۇلۇپ قېلىشتىن قورقۇپ دەريانىڭ ئاياغ تەرىپىگە— تەۋەككۇل دېگەن جايغا قېچىپ باردى. ھەسەن ئاخۇننىڭ ئەسلەپ بېرىشىچە، «35 ياشلاردىكى ئەخمەد سەردار بىر نەچچە قېتىم ئاق ئاتقا مىنىپ مەھەللىسىگە كەلگەن ھەم ئاتتىن چۈشمەيلا تۇغقانلىرى بىلەن قول ئېلىپ كۆرۈشۈپ بولۇپ ئېتىنى بوراندەك تېز ھەيدەپ تەۋەككۇل تەرەپكە كەتكەنىدى. ئۇنىڭ بەستىدىن كۈچ - قۇۋۋەت يېغىپ تۇراتتى».

بۇ چاغلاردا تەۋەككۇلدا توققۇز نەپەر، ئىسلام ئا-

① روتا كوماندىرى دەرىجىلىك

# كاۋاك يېزىسى


مۇھەممەتئېمىن قۇربان، مەتتۇرسۇن سىدىق،
روزى مۇھەممەت مۇتەللىپ

نەچچە ئەسىر ئىلگىرى قاراقاش دەرياسىنىڭ سۈيى
قىرغاقنى بۇزۇپ چاقما (كاۋاك ـ قولتۇق) ھاسىل قىلغان-
ىكەن. يولۇچى-كارۋانلار «كاۋاكتا توختايلى»، «كاۋاك-
تىن ئۆتتۇق» دەپ تەكرارلاشقانلىقتىن بۇ جاي كاۋاك دەپ
ئاتىلىپتۇ. (يېزىلىق پاختا زاۋۇتىنىڭ ئۇدۇلىدىكى شال-
لىقلار — ئەينى زاماندىكى كاۋاكنىڭ ئورنىدۇر.) يېزىلىق
خەلق ھۆكۈمىتى ئورگىنى كاۋاك كەنتىگە ئورۇنلاشقانلىق-
تىن يېزىنىڭ نامىمۇ كاۋاك دەپ ئاتالدى.

1975 ـ يىلى «راكېتا»① گۇڭشېسىنىڭ تۇزلۇقئۇ-
تاغ، «تىنچلىق»②گۇڭشېسىنىڭ كاۋاك، «يۇقىرى ئۆرلەش»③
گۇڭشېسىنىڭ لەمپە دېھقانچىلىق مەيدانلىرى بىرلەشتۈ-
رۈلۈپ «شەرق قىزاردى» گۇڭشېسى قۇرۇلدى. 1984 ـ يىلى
«كاۋاك يېزىسى» دەپ ئاتالدى.

1996 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا بۇ يېزىدا 78 مەمۇرىي مە-
ھەللە، 23 مەمۇرىي كەنت، 2177 ئائىلە،
9024 نوپۇس، 26 مىڭ916 مو تېرىلغۇ يەر بار. پۈتۈن يىل-
لىق ئاشلىق مەھسۇلاتى 4 مىليون 469 مىڭ 919 كىلوگ-
رامغا يېتىپ، بۇلتۇرقىدىن 4.79% ئاشتى. پاختا (چىگىت-
سىز) 395مىڭ 940 كىلوگرامغا تۆۋەنلەپ، بۇلتۇرقىدىن
32 مىڭ 436 كىلوگرام ئاشتى. پىلە 24 مىڭ 35 كىلوگرام-

① ھازىرقى پۇرچاقچى، ② تۆۋەت، ③ توخۇلا يېزىلىرى


كاۋاك يېزىسى
1:34000
1:200000

5. دەرۋازا يۇلغۇن
6. دۆڭكۆل
7. قوغۇنلۇق ئايرىش
8. ھاجىمپېغىل
9. باشھاجىمپېغىل
10. چىنار
11. شاختاشلام
12. باشكاۋاك
13. كاۋاك
14. بۆرە ئېغىز
15. جەگە
16. ناھىيىلىك ئوتلاقپونكىتى

## لەمپە

لەمپە بازار غوجام توغرىسىدا بىرەر يازما خاتىرە تېپىلمىدى. لېكىن ئېغىزدىن قۇلاققا، قۇلاقتىن - ئېغىزغا كۆچۈپ كەلگەن بۇنداق بىر رىۋايەت بار.

يۇرتتىن قېپىداپ چىققان بىر موللام كارۋانلار ئۈچۈن ئۆگزىسىنى سېغىز بىلەن سۇۋاپ يامغۇر ئۆتمەيدىغان چوڭ لەمپە، ئات - ئۇلاغلىرىنىڭ ئاپتاپتا، يامغۇردا قالماسلىقى ئۈچۈن كەڭ، ئازادە چەللە ياساپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ يەر كارۋان، يولۇچىلارنىڭ كۆڭۈللىدىكىدەك قونالغۇسىغا ئايلىنىپتۇ.

— لەمپىدە قوندۇق.

— يەنە قانچىلىك ماڭساق لەمپىگە بارىمىز؟

— لەمپىدە ئۈچرىشايلى، - دېگەندەك گەپلەر تەكرارلىنىۋېرىپ بۇ قونالغۇغا لەمپە دەپ نام سىڭىپ قاپتۇ.

— موللام بۇ يەردە توختىغان يولۇچىلارغا ئىمام بولۇپ ناماز باشلاپ ئوقۇيدىكەن. دىنىي بىلىملەرنى قايىل قىلارلىق سۆزلەيدىكەن. شۇڭا كارۋانلارنىڭ نەزىرىدە بۇ موللام يۇقىرى ئىناۋەتكە ئىگە بولۇپ كېتىپتۇ. ئۇلارنىڭ سەدىقە - ساخاۋەتلىرى بىلەن موللام نۇرغۇن مال - دۇنياغا ئىگە بولۇپ قونالغۇنىڭ شارائىتىنى ياخشىلاپتۇ.

غا مۇقىملاندى. چارۋا 33 مىڭ 26 تۇياققا يېتىپ، بۇلتۇرقىدىن 10.29% ئاشتى. كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىم 493 يۈەنگە تۆۋەنلەپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 27 يۈەن ئازايدى.

كاۋاك دېھقانلىرى زىرائەت تېرىشتىن باشقا ئۈزۈمچىلىك ۋە ئورمانچىلىق بىلەن تۇرمۇشىنى ياخشىلىماقتا. كەڭ تەبىئىي ئوتلاقلار چارۋىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ياخشى ئىمكانىيىتى بولماقتا. ناھىيە بازىرىدىن ھېسابلىغاندا لەمپە 30 كىلومېتىر، كاۋاك 50 كىلومېتىر، تۈزلۇقمۇتاغ 100 كىلومېتىر كېلىدۇ.

ئېرىق - ئۆستەڭلەرنىڭ راۋانلىشىشى، باغ - ئېتىزلارنىڭ، ئورمان بەلباغلىرىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ لەمپە بىلەن كاۋاك ئارىلىقىدىكى ئون نەچچە كىلومېتىرلىق قۇملۇق مۇساپە تۇتاش يېشىللىققا ئايلىنىپ كەتتى. كاۋاك بىلەن تۈزلۇقمۇتاغ ئارىلىقىدىكى قۇملۇقلارمۇ يىلمۇ يىل يېشىللىققا ئورۇن بەرمەكتە.

1993 - يىلى ناھىيە بازىرىدىن كاۋاككا قەدەر 50 كىلومېتىر يولغا ماي ياتقۇزۇلۇپ، قاتناش شارائىتى ياخشىلاندى. 1950 - يىللىرى پىيادە ياكى ئېشەك بىلەن ئون كۈندە، 1970 - يىللىرى ئېشەك ھارۋىسى بىلەن ئالتە كۈندە، 1980 - يىللىرى تراكتور بىلەن ئىككى كۈندە كىرىپ چىققىلى بولىدىغان بۇ مۇساپە ھازىر ئۈچ سائەتكە قىسقاردى. بۇ يولدا ھازىر چوڭ - كىچىك ئاپتوموبىللار توختىماي قاتنىماقتا.

## كاۋاكتىكى كەنت نامىلىرى

### ⊙ كاۋاك يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى ئورگىنى

1. چىنەباغ
2. لايكۆل
3. لەمپە
4. شاخشىغىل

ئاش - ئوزۇقنى كەنتتىن ئېلىپ كىرىدىكەن. كەتمەن بى-
لەن كولىۋالغان قۇدۇقىغا يىغىلغان سېزىندى سۇ ئۇنىڭ
ۋە قوي - ئۆچكىلىرىنىڭ ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇرىدىكەن.
ئۇ بىزنىڭ ئېرىقنى نەدىن چېپىش، يەرنى قەيەردىن ئېچىش
ھەققىدىكى سوئاللىرىمىزغا پايدىلىق جاۋابلارنى بېرەتتى
ھەم مەسلىھەتچىلىك قىلاتتى.

ئەتراپ قېلىن توغراقلىق بولۇپ توپتىن ئايرىلىپ
قالغان ئادەمنى تاپماق خېلى تەس ئىدى. يەر ئېچىش ئۈ-
چۈن توغراقلارنى يۆتكىۋېتىشكە كۈچىمىز يەتمەي ئوت قو-
يۇۋېتەتتۇق. ئاسمانغا كۆتۈرۈلگەن ئوت يالقۇنى كېچىسى
يىراق - يىراقلارغا كۆرۈنەتتى. تۈلكە، بۆرىلەر ھەر قە-
دەمدە ئۇچراپ تۇراتتى. توشقانلار — بىزنىڭ دائىملىق
گۆشىمىز ئىدى. ياۋايى توڭغۇزلار زىرائەتلىرىمىزنى دەس-
سەپ - چەيلەپ ئاپەت سالاتتى.

كەنتتىكىلەرگە قارىغاندا كۆكتات يەرنى جىق بېرىش،
كۈنلۈك ئەمگىكىگە نومۇرنى كۆپ خاتىرىلەش قاتارلىق قىزىق-
تۇرۇش تەدبىرلىرىنى قوللانغان بولساقمۇ، دېھقانلار بۇ يەر-
دە ماكانلىشىشنى خالىمىدى. مېنىڭ 1960 - يىلىنىڭ بې-
شىدىلا ئائىلەمنى لەمپىگە يۆتكەپ كىرىپ ئولتۇراقلاشقان-
لىقىم 120 ئائىلىلىك دېھقاننىڭ بۇ يەردە ماكانلىشىپ
قېلىشىغا تۈرتكە بولدى. 1960 - يىلى قىشتا 2500 ئادەم-
نى سەپەرۋەر قىلىپ 18 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا ئۆستەڭ قاز-
دۇق. دەريانى باغلاپ سۇ باشلاپ سۇغىرىش ئىشلىرىمىزنى
راۋانلاشتۇردۇق. 1962 - يىلى ئەتىيازغا قەدەر ئارال-
چى، باشلەمپە، شاخلىق، خورازدۆڭ، دىڭكۆل قاتارلىق
جايلاردا 25 مىڭ مو يەر ئېچىپ ئېتىزلىق، باغلارنى بىنا
قىلدۇق.

شۇ چاغدىكى ۋىلايەت ھەم ئاپتونوم رايوننىڭ ئاسا-

خانىقا ھەم ھۇجرىلارنى سالدۇرۇپتۇ. موللام ئۆلگەندىن كېيىن چاكارلىرى ئۇنى قۇملۇق دۆۋىنىڭ باغرىغا دەپنە قىلىپتۇ. «موللام» دەپ چاقىرىلغانلىقتىن ھېچكىم ئۇنىڭ ئىسمىنى بىلمەيدىكەن. شۇڭا بۇ قەبرە «لەمپە مازار غوجام» دەپ ئاتىلىپ قالغانىكەن. بۇ يەردە ئوتتۇن - شاخ كۆپ، ئوت قالاپ ئىسسىنىش ئىمكانىيىتى ئوبدان بولغاچقا، ھەر يىلى قاتتىق سوغۇق مەزگىللەردە يىراق - يېقىنلاردىن نەچچە يۈزلىگەن كىشى بۇ مازارنى تاۋاپ قىلغىلى كېلىدىكەن.

1962 - يىلى خانىقا ھۇجرىلارنى بۇزۇپ ياغاچلىرى دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ ئىشخانىلىرىنى سېلىشقا ئىشلىتىلدى. ھازىر سالاسۇنلۇق قەبرە ئېتىزلىقلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا چۈرقچىيىپ تۇرماقتا. قەبرە ئۈستىدىكى قۇرۇپ كەتكەن قومۇش - ياغاچلار، خادىلارغا چىگىپ قويۇلغان قىزىل - يېشىل لاتىلار، سامان تىقىلغان قوي، ئۆچكە تېرىلىرى كىشىنىڭ خىيالىنى بىر نەچچە يۈز يىل بۇرۇنقى دىنىي تۇرمۇش مەنزىرىسىگە قايتۇرۇپ كېتىدۇ.

قاراقاش ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى ئابدۇۋېلى ھېلىمقۇل ئۆز ئەسلىمىسىنى مۇنداق بايان قىلدى:

— مەن 1959 - يىلى (26 ياشلىق ۋاقتىمدا) سابىق «يۇقىرى ئۆرلەش»① گۇڭشېسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئىدىم. 2500 كىشىنى باشلاپ كىرىپ لەمپىدە يەر ئېچىشقا يېتەكچىلىك قىلدىم. 70 ياشلىق سەيدىكام لەمپىدە ئولتۇرۇشلۇق بىردىنبىر ئائىلە ئىكەن. ئېرىق كولاپ سۇ باشلاپ كېلەلمىگەنلىكتىن زىرائەت تېرىيالمايدىكەن،

① ھازىرقى توخۇلا يېزىسى.

بۇ ئېگىز قۇملۇقنى خوراز دۆڭ دەپ ئاتىغانىكەن. 1958 - يىلى «خورازدۆڭ» ئەتراپىدا يەر ئېچىش باشلانغاندا يالغۇزلۇقنى خالايدىغان بۇ ئاشىق كۈدە - كۆپىلىرىنى يۈدۈپ خورىزىنى قولتۇقلاپ بۇ يەردىن كۆچۈپ كەتكەنىكەن.

1996 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ستاتىستىكىلىق مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا شاخلىق كەنتىدە ئىككى مەھەللە، 86 ئائىلە، 344 نوپۇس، 753 مو تېرىلغۇ يەر بار.

لەمپە كەنتىدە ئىككى مەھەللە، 78 ئائىلە، 340 نوپۇس، 1232 مو تېرىلغۇ يەر بار.

بۇ كەنتتە دەرۋازا يۇلغۇن دەپ ئاتىلىدىغان بىر جاي بار. ئىلگىرى بۇ يەردە يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئېگىز دۆڭلۈكنىڭ ئۈستىدىكى يۇلغۇنلار ئۆز ئارا گىرەلىشىپ ئۆسۈپ كەتكەنىكەن. بۇ مەنزىرە يولدىن ئۆتكەن يولۇچىلارغا گويا يۇلغۇن چاتقاللىرىدىن ياسالغان دەرۋازىدىن ئۆتكەندەك تۇيغۇ بەرگىنى ئۈچۈن، بۇ جاي «دەرۋازا يۇلغۇن» دەپ ئاتىلىپتۇ ھەم ئادەملەر ئولتۇراقلىشىپ يۇرت شەكىللەنگەندىن كېيىنمۇ بۇ ئىسىم مەھەللە نامى بولۇپ قاپتۇ.

## دۆڭكۆل

يول بويىدىكى ئېگىز قۇملۇقنىڭ تۈۋىدە تەبىئىي تۇزلۇق كۆل بار ئىكەن. كۆلنىڭ تېگى كۆرۈنۈپ تۇرغاچقا دۆڭكۆل دەپ ئاتالغانىكەن. ئېرىق - ئۆستەڭ قېزىش، يەر ئېچىش، يول ياساش سەۋەبلىرى بىلەن ھازىر بۇ كۆلنىڭ ئىزناسى كىچىكلەپ كەتكەن بولسىمۇ، 1958 - يىلىدىن ئېتىبارەن بىنا بولغان بۇ كەنت — دۆڭكۆل دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە.

1996 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا بۇ كەنتتە ئۈچ مەھەللە، 124 ئائىلە، 515 نوپۇس، 1162 مو تېرىلغۇ يەر بار.

لىق رەھبەرلىرى لەمپىدە يېڭى يۇرت بىنا بولغانلىقىنى كۆرۈپ ئىنتايىن رازى بولدى. 1962 - يىلى 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى دۆلەت رەھبەرلىرى بىلەن بىللە تيەنئەنمېن راۋىقىغا چىقىپ دۆلىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 14 يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىنى كۆزدىن كۆچۈرۈشكە قاتناشتىم.

× ×

ئەسلىدىكى لەمپە تەۋەلىكىدە بولغان چىنەباغ، شاخلىق، لەمپە، بوستان، ئىنچىكە دۆڭكۆلدىن ئىبارەت ئالتە كەنت ھازىر كاۋاك يېزىسىنىڭ 1 - ۋە 2 - ئۈچاستكىسى دەپ ئاتىلىدىغان بولدى.

## يۇمىلاق

لەمپىنىڭ چىنەباغ كەنتىدە «يۇمىلاق» دەپ ئاتىلىدىغان بىر مەھەللە بار. 1959 - يىلى ئەتىيازدا توخۇلا يېزىسىنىڭ بازار بويى كەنتىدىن قۇناخۇن يۇمىلاق دېگەن كىشى تۈنجى بولۇپ بۇ يەرگە كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلاشقانلىقتىن، ئۇنىڭدىن كېيىن ئولتۇراقلاشقان كىشىلەر بۇ مەھەللىنى قۇناخۇننىڭ لەقىمى بىلەن «يۇمىلاق» دەپ ئاتىغانىكەن.

## خوراز دۆڭ

شاخلىق كەنتىدە خوراز دۆڭ دەپ ئاتىلىدىغان بىر جاي بار. جەندە - كۆلا كېيىگەن، تۇغۇلغانىدىن بېرى چاچساقىلىغا ئۇستۇرا تېگىپ باقمىغان بىر ئاشىق (دەرۋىش) ئېگىز قۇملۇق باغرىدىكى شاخ كەپىدە ياشايدىكەن. دۇنيالىقتا ئۇنىڭ بىرلا خورىزى بار ئىكەن. بۇ يەردىن ئۆتكەن يولۇچىلار خورازنىڭ چىللىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ،

چېپىپ تۇرغان كۆرۈنۈشنىڭكى سۈرىتىم بېسىلدى. مەن ئۇنىڭدىن:

— ئاشۇ گېزىت - ژۇرناللارنى ساقلاپ قويغانمىدى - لە؟ - دەپ سورىدىم. ئۇ:

— مەدەنىيەت ئىنقىلابى يىللىرىدا «يالغان ئاكتىپ» دېگەن بەتنامغا قېلىپ، كۆرەش سەھنىلىرىدە تاياق - توقماق زەربىسىگە ئۇچرىدىم. شۇ ۋاقىتلاردا ئۇ ژۇرنال - گېزىتلىرىمنى ئاتالمىش ئىنقىلاپچىلار يىرتىپ تاشلى - غانىدى، - دېدى.

## قوغۇنلۇق ئايرىش

1960 - يىلى ئىككى يول كېسىشكەن دوقمۇشنىڭ يې - نىدىكى ئېتىزلىقلارغا قوغۇن تېرىلغانىكەن، دېھقانلار ئىشتىن چۈشۈپ بۇ يەرگە كەلگەندە ئۆز ئۆيلىرى تەرەپكە ئايرىلىپ ماڭغانلىقتىن بۇ دوقمۇش «قوغۇنلۇق ئايرىش» دەپ ئاتىلىپتۇ. كېيىنچە بۇ ئاتالغۇ كەنتنىڭ نامى بو - لۇپ قاپتۇ. ھازىر بۇ كەنتتە تۆت مەھەللە، 98 ئائىلە، 378 نوپۇس، 765 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## بۆرە ئېغىز

ئىككى قۇملۇق دۆڭنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى چوڭقۇر ھەم تار جاينى مالچىلار «بۆرە ئاغزى» دەپ ئاتىغانىكەن. كېيىنچە «بۆرە ئېغىز» غا ئۆزگىرىپ، بۇ يەردە بىنا بول - غان كەنتنىڭ نامى بولۇپ قاپتۇ.

ھازىر بۇ كەنتتە يەتتە مەھەللە، 124 ئائىلە، 597 نوپۇس، 1268 مو تېرىلغۇ يەر بار.

بۇ كىشىنى ئۇنتۇغان ھالدا قوغۇنلۇق ئايرىش، ھا-
جىئېغىل، باشھاجىئېغىل، چىنار، شاختاشلام، باشكاۋاك،
كاۋاك، بۆرىغىز①، جەگە كەنتلىرى توغرىسىدا سۆز قى-
لىش — مېۋە يېگەندە كۆچەت تىككۈچىنى ئەسكە ئالما-
غاندەك ھاماقەتلىك بولاتتى.

1995 - يىلى 1 - ئاينىڭ 30 - كۈنى مەن بۇ كىشى-
نى ئۆزىنىڭ ئۆيىدە زىيارەت قىلدىم.

— ئەھمىيەتلىك ياخشى بىر ئىشقا تۇتۇش قىپلا،
كەلگۈسى ئەۋلادلىرىمىزنى كاۋاكتا قالداق بولۇپ جەن-
نەتتەك چىرايلىق يۇرت بىنا بولغانلىقىدىن خەۋەردار
قىلمىساق بولمايتتى، - ئۇ ھاياجانلىق كۆز ياشلىرىنى
سۈرتىۋەتكەندىن كېيىن سۆزلىرىنى داۋاملاشتۇردى، -
مەن بۇ يىل 75 ياشقا كىردىم. 1958 - يىلى 9 - ئايدا
(ئۇ چاغدا مەن «تىنچلىق»گۇڭشېسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى
ئىدىم) 2000 ئادەمنى باشلاپ كاۋاكقا بوز يەر ئاچقىلى
كىردىم. كاۋاك تەۋەسىدە مەن قەدەم باسمىغان دۆڭ - چوڭ-
قۇر، مەن كەتمەن سالمىغان ئېتىز - ئېرىق يوق. مېنىڭ
بوز يەر ئېچىشقا يېتەكچىلىك قىلىشتىكى نەتىجىلىرىم
1965 - يىلى «خەلق گېزىتى» دە «كەتمەن شىجاڭ»② دېگەن
ماۋزۇدا پۈتۈن مەملىكەتكە تونۇشتۇرۇلدى. 1966 - يىلى
«مىللەتلەر رەسىملىك ژۇرنىلى» نىڭ مۇقاۋىسىغا كەتمەن

① بۆرەئېغىز — كەنت نامى بولۇپ، كىشىلەر تىلىدا «بۆرىغىز» دەپ
ئۆزلىشىپ قالغان. ② گۇڭشې باشلىقى.

يەپ كەتمەسلىكى ۋە شامالدا ئۈچىلىپ قالماسلىقى ئۈ-
چۈن شاخ تاشلاپ قويۇپتۇ. كېيىنچە بۇ يەردىن ئۆتكەن -
كەچكەنلەرمۇ شاخ تاشلاپ قويۇشقا ئادەتلىنىپ، 1958 -
يىلىغىچە ئىككى مو كېلىدىغان يەرگە شاخ دۆۋىلىنىپ
بولغانىكەن.

1958 - يىلى پۇرچاقچى يېزىسىدىن بىر قىسىم دېھ-
قان - چارۋىچىلار بۇ يەردە ئولتۇراقلاشتۇرۇلدى ۋە يەر
ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلدى. كەنت نامىمۇ شاختاشلام دەپ
ئاتالدى. 1984 - يىلى بۇ يەردە ئاھالە كۆپىيىپ تېرىلغۇ
يەر كېڭىيىپ كەتكەنلىكتىن مۇشۇ كەنت تەۋەسىدىكى بىر
قىسىم مەھەللىلەر ئايرىم كەنت بولۇپ تەسىس قىلىنىپ
مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق «چىنار» دەپ ئىسىم قويۇلدى.
چىنار كەنتىدە ھازىر ئۈچ مەھەللە، 134 ئائىلە،
625 نوپۇس، 1439 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## جەگە

بۇ يەردە ئىلگىرى توغراقلىرى تۈز ھەم ئېگىز ئۆس-
كەن بىر جاڭگال بولۇپ، يېقىن ئەتراپتىكى كىشىلەر بۇ
جايدىن توغراقلارنى كېسىپ چېقىپ يېڭى سالغان ئۆيلى-
رىگە جەگە (بالا) قىلىدىكەن. شۇنداق قىلىپ بۇ يەرگە
جەگە دەپ ئىسىم سىڭىپ قاپتۇ ۋە بۇ ئىسىم ھازىرغىچە
ساقلىنىپ كەپتۇ.

ھازىر بۇ كەنتتە ئالتە مەھەللە، 126 ئائىلە، 546
نوپۇس، 1040 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## تۈزلۇقمۇتاغ

نەچچە يۈز يىللاردىن بۇيان بۇ يەر خوتەن - ئاقسۇ
ئارىلىقىدا قاتنايدىغان كارۋانلارنىڭ توختاپ ئارام ئالى-

## ھاجىغىل

ھازىرقى يېڭىيەر يېزىسىدىكى ئىمامى ئەسكەر مازىرىنىڭ شەيخى 60 ياشلىق ماخمۇت قارىم — تۇرسۇن شەيخ ھاجىمنىڭ بىر تۇغقىنى مۇھەممەت شەيخنىڭ نەۋرىسىدۇر. ئۇنىڭ 1995 - يىلى 3 - ئاينىڭ 21 - كۈنى سۆزلەپ بېرىشىگە ئاساسلانغاندا، تۇرسۇن شەيخ ھاجىم كاۋاكتىكى ھاجىغىل دېگەن جاينى 1925 - يىلدىن كېيىن ئىگىلەپ، يىللىقچىلىرىنى تۇرغۇزۇپ 12 مىڭ تۈياق قوي-ئۆچكىلىرىنى باققۇزغانلىقتىن بۇ جاي ئۇنىڭ نام - ئەمىلى بىلەن «ھاجىمېغىل» دەپ ئاتالغانىكەن، بۇ ئاتالغۇ يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن «ھاجىغىل» غا ئۆزگىرىپ قاپتۇ، 1960 - يىلدىن كېيىن تېرىقچىلىق دائىرىسى يىلمۇ - يىل كېڭىيىپ، 1984 - يىلى باشھاجىغىل، ھاجىغىل دەپ ئىككى كەنت بولدى.

(تۇرسۇن شەيخ ھاجىم ئۆز ۋاقتىدا ئىمامى ئەسكەر مازىرىنىڭ شەيخى بولۇپ، 1951 - يىلى تەركىبى زومىگەر ئايرىلىپ مىلتىق بىلەن ئېتىپ باستۇرۇلغانىدى).

باشھاجىغىل كەنتىدە ھازىر ئۈچ مەھەللە، 94 ئائىلە، 361 نوپۇس، 914 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## شاختاشلام ۋە چىنار كەنتلىرى توغرىسىدا

ئىلگىرى بۇ جايدا ئىسلام قوشۇنلىرى بىلەن بۇددىستلار ئوتتۇرىسىدا دەھشەتلىك جەڭ بوپتۇ. بۇ جەڭدە ئىسلام قوشۇنلىرى سەردارىنىڭ ھۆرۈل چىنارخان، بۇلبۇل چىنارخان ئىسىملىك ئىككى سىڭلىسى شېھىت بوپتۇ ۋە جەڭ بولۇپ ئۆتكەن مۇشۇ قۇملۇققا دەپنە قىلىنىپتۇ. كېشىلەر بۇ قەبرىدىكى جەسەتنى بۆرە، تۈلكىلەرنىڭ كولاپ

شۇجىسى خۇاڭچىڭ قاراقاشقا كېلىپ ناھىيىنىڭ ئاساسلىق باشلىقلىرىغا:

— قاراقاش دەرياسىنىڭ ئاياغ بويلىرىدا ئۆزلەشتۈرۈشكە بولىدىغان يەرلەر جىق، بىر تەرەپ دەريا، بىر تەرەپ توغراقلىق، دېھقانلار سۇدىنمۇ، ئوتۇندىنمۇ قىينالمايدۇ. مەن بۇرۇن ئۇ يەرلەرنى كۆرگەن①، — دەپتۇ. ناھىيىلىك پارتكوم بىر نەچچە كىشىنى دەريانىڭ ئاياغ بويلىرىدا بوز يەر ئېچىشقا بولىدىغان يەرلەرنى گۇڭشېلارغا تەقسىم قىلىشقا كىرگۈزۈپتۇ. 2- ئاي دەريادىكى مۇزلار ئېرىپ دەريادا سۇ ئۇلغايغانلىقىنى كۆرۈپ، بۇ كىشىلەر قايتىپ چىقىپ ناھىيە باشلىقلىرىغا سۇنىڭ موللۇقىنى، دەرھال بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىشقا بولىدىغانلىقىنى دوكلات قىپتۇ. ناھىيىلىك پارتكوم جىددىي يىغىن ئېچىپ ناھىيە بويىچە بارلىق گۇڭشېلارنى دەريانىڭ ئاياغ بويلىرىدا بوز يەر ئېچىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. تۇزلۇقچۇتاغ — «راكېتا» گۇڭشېسىنىڭ بوز يەر ئېچىش نۇقتىسى قىلىپ بەلگىلىنىپتۇ. «راكېتا» گۇڭشېسىنىڭ شۇجىسى جاڭ ×× باشقا گۇڭشېلاردىن بالدۇر ھەرىكەتكە كېلىپ رەجەپ ئىمىن بىلەن جاپپار ناسىرنى 2000 دېھقانغا باشلىق قىلىپ تۇزلۇقچۇتاغقا ئۇزاتتى.

ناھىيىلىك پارتكوم 2- قېتىم دەريانىڭ ئاياغ بويلىرىنى تەكشۈرۈشكە كىرگۈزگەن كىشىلەر تۇزلۇقچۇتاغدىن قايتىپ لەمپىنىڭ يۇمىلاق دېگەن يېرىگە چىققاندا

---

① 1949- يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئازادلىق ئارمىيە مەلۇم قىسمىنى ئاقسۇدىن دەريا بويلاپ خوتەنگە باشلاپ كەلگەن ھەربىي قوماندان — خۇاڭچىڭ ئىدى.

دىغان ئالماق - ساتماق قىلىدىغان قونالغۇسى ئىكەن. قونالغۇنىڭ يېنىدا سۈيى تۇزلۇق بىر قۇدۇق بار ئىكەن. يولۇچىلار ئاش - تاماق ئېتىشكە بۇ قۇدۇقنىڭ سۈيىنى ئىشلىتىدىكەن. شۇڭا بۇ يەر تۇزلۇقئۇتاغ دەپ ئاتالغانىكەن. باھار كېلىپ توغراقلار كۆكلىگەندىن باشلاپ، قىش پەسلى قار ياغقىچە توغراقلىقلاردا پادا - پادا قوي - ئۆچكىلەرنى باقىدىغان مالچىلار نەي - راۋابلىرىنى چېلىشىدىكەن. 1960 - يىلىدىن باشلاپ «راكېتا» گۇڭشېسى (پورچاقچى، قويچى يېزىلىرى ۋە ماگلاي يېزىسىنىڭ بىر قىسمى) بۇ يەردە دېھقانچىلىق مەيدانى قۇردى.

1975 - يىلى ناھىيىلىك «شەرق شامىلى» دېھقانچىلىق مەيدانىغا تەۋە بولدى. 1978 - يىلى كاۋاك گۇڭشېسىنىڭ 6-، 7 - باشقۇرۇش رايونى بولدى. 1984 - يىلى بۇ ئىككى باشقۇرۇش رايونى كاۋاك يېزىسىدىن ئايرىلىپ ئۆز ئالدىغا تۇزلۇقئۇتاغ يېزىسى تەسىس قىلىندى. 1990- يىلى قايتىدىن كاۋاك يېزىسىغا تەۋە قىلىندى.

### «ماڭغانلارنى توسمايىنى»

1995- يىلى 1- ئاينىڭ 19- كۈنى پېنسىيىگە چىققان 62 ياشلىق جاپپار ناسىر بىلەن پاراڭلاشتىم. مەن ئۇنىڭدىن:

— راكېتا گۇڭشېسى بوز يەر ئېچىش ئۈچۈن شۇنچە يىراق تۇزلۇقئۇتاغدىن باشقا جاي تېپىلمىغانمىدى؟ - دەپ سورىدىم. ئۇ:

— بۇ سوئاللىرىڭىزغا جاۋاب بېرىش ئۈچۈن گەپنى يىراقتىن باشلاشقا توغرا كېلىدۇ، -دېدى.

— 1960-يىلى 1- ئايدا خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ

مۇتاغدا يېڭى يۇرت پەيدا بولۇش جەريانىدا ئۆز قولى بىلەن ئىشلىگەن، ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنلىرىنى تەپ-سىلىي سۆزلەپ بەردى. ماڭا كېرەكلىك سان - ساناقلارنى تاشلىۋېتىشكە پايلىمىغان كونا خاتىرە دەپتەرلىرىدىن كۆچۈ-رۈپ بەردى.

1960-يىلى 4-ئايدا مەرھۇم رىجەپ ئىمىن بىلەن مەن 2000 دېھقاننى باشلاپ يولغا چىقتۇق. كاۋاك دېگەن يەرگە كەلگەندە يول ئۈزۈلدى، دەريانىڭ ئىچى بىلەن مېڭىپ سۇ ياكى پاتقاقلىق ئالدىمىزنى توسقاندا قىرغاق-قا چىقىپ توغراقلىققا ئوت قويۇپ يول ياساپ ماڭدۇق. 8-كۈنى تۇزلۇقمۇتاغقا يېتىپ كەلدۇق. بۇ ئەتراپتا مال-چىلاردىن باشقا بىرمۇ ئولتۇراقلاشقان ئائىلە يوق ئىدى، كېچىلىرى ئوچۇقچىلىقتا قۇملۇق دۆڭنىڭ باغرىدا ياتتۇق. كىلە ① نىڭ چىشلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئەتراپى-مىزغا شاخ دۆۋىلەپ ئوت يېقىۋېتىپ ئۇخلايتتۇق. 1300 ئا-دەم ئېرىق چېپىش، يەر ئېچىش بىلەن شۇغۇللانساق 700 ئادەم ئەسلى يۇرتىمىزدىن ئاشلىق توشۇش ئۈچۈن سە-پەر ئۈستىدە بولاتتى. ئاشلىق يېتىپ كەلگىچە ئاچ قال-غان، يىرىك قوناقنى قاينىتىپ يېگەن كۈنلەرمۇ بولغانىدى. كۈنىگە 16 سائەتلىك ئېغىر ئەمگەككە، ئاچلىققا بەرداش-لىق بېرەلمەي جاننى ئالىقانغا ئېلىپ يۇرتىغا قېچىپ كەت-كەنلەردىن ئۈچ كىشى يولدىن ئېزىپ جاڭگالدا ئۆلۈپ كەت-كەنىدى.

1962-يىلىنىڭ بېشىدا مەيدان بويىچە كوللېكتىپ يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىشنى ئىشلەپچىقىرىش چوڭ ئەترەتلىرى (كەنتلەر) بويىچە يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىشقا ئۆزگەرتتۇق.

① كىلە — قۇملۇقتا ياشايدىغان ئۆمىلىگۈچى ياۋايى ھايۋان.

«راكېتا» گۈگۈشپىسەندىن تۆزلۇقتۇ تاغ تەرەپكە ماڭغان دېهقان-
لارنى كۆرۈپ، تېلېفون ئارقىلىق ناھىيەلىك پارتكوم شۇ-
جىسى گۇەن لىزىگە:


— مۇز كەلگۈنى ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن دەريا قو-
رۇپ قاپتۇ. يازلىق زىرائەت تېرىشقا ئىمكانىيەت يوق.
7- ئايدا كەلگۈن ۋاقتىدا قوناق تېرىشقا مۇمكىن بولىدۇ-
دەك. «راكېتا» گۈگۈشپىسەندىن كىرگەنلەر قايتىپ چىقىپ
كەتسۇنمۇ ـ قاندان؟ ـ دەپ دوكلات قىلدى. گۇەن لىزى:

— ئۇنداق بولسا ماڭغانلارنى توسمايلى. تېخى قوزغالمى-
غانلارنى ئالدىراتمايلى، ـ دەپ جاۋاب بەردى. شۇنىڭ بى-
لەن «راكېتا» گۈگۈشپىسەندىن كىرگەنلەر تۆزلۇقتۇتاغ تە-
رەپكە مېڭىشۇەردى. «تېخى قوزغالمىغان» باشقا گۈگۈشېلار-
نىڭ بوز يەر ئېچىش نۇقتىلىرى ئەسلى پېتى قېلىشۇەردى.
لەمپە، كاۋاك، تۆزلۇقتۇتاغ ئارىلىقلىرىدىكى 10—15كى-
لومېترلىق جاڭگال ـ قومىلىقلاردا يۇرت بىنا بولماسلىقى-
نىڭ سەۋەبى ئەنە شۇ.

### تۆزلۇقتۇتاغدىكىلەر ئەسلى قەيەرلىك؟



جاپپار ناسىر 1960- يىلى
4- ئايدىن 1968- يىلىغىچە
ئۈچ قېتىم، يەتتە يىل ئىككى
ئاي تۆزلۇقتۇتاغ دېهقانچى-
لىق مەيدانىنىڭ باشلىقى بو-
لۇپ ئىشلىدى. ئۇ بۇ يەردىكى
تۇنجى يول، تۇنجى ئېرىق،
تۇنجى ئېتىز، تۇنجى كۆچەت-
لىكنى بىنا قىلغان تۆھپىكارلارنىڭ بىرىدۇر. ئۇ تۆزلۇق-


1: 66000
1: 600000
تاغ ئالدى
ماجان
كالا ئاستى
9Δ

چالا قۇدۇققا ① ياغاچچى②، تۈگمەن ئېرىقتىن ② كىرگەنلەرنى، تاۋىدان دۆڭگە ① پۇرچاقچى②، قازاقلىدىن② كىرگەنلەرنى، بوستان توغراققا ① باچۇق،② كۆكيار ② دىن كىرگەنلەرنى، يالغۇز توغراققا ① يېڭىئۆستەڭدىن ② كىرگەنلەرنى، ئاچچىققا ① سەيشەنبەبازار،② تۇتلۇقتىن ② كىرگەنلەرنى، شالىئېغىلغا ① قارىلا ② جايدىن② كىرگەنلەرنى، ماياقدۆڭگە① ئاياغقۇدۇقلا ② دىن كىرگەنلەرنى ئورۇنلاشتۇردۇق.

1962- يىلى كالۇ سۇ ئامبىرىنى، 1963- يىلى كۆچەت جىگدە سۇ ئامبىرىنى (بۇ سۇ ئامبىرىنى 1973- يىلى دەريانىڭ كەلكۈن سۈيى بۇزۇۋەتتى) 1965- يىلى ئاياغ كالۇسۇ ئامبىرىنى ياساپ دەرياغا كەلكۈن كېلىشىگىلا تەا-ھۇرۇپ تۇرماي، ئېتىزلىرىمىزنى ئەتىيازدىكى قۇرغاقچىلىق مەزگىللىرىدىمۇ سۇغىرالايدىغان بولدۇق.

1964- يىلىنىڭ ئاخىرىدا كەلگەندە يېڭىكۆل (تۇزلۇقئۇتاغنىڭ يېڭى ئاتىلىشى) دېھقانچىلىق مەيدانىمىزدا 16 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا بىر ئۆستەڭ، 25 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا 12 ئوق ئېرىق بارلىققا كېلىپ، زىرائەت تېرىلغان يەر 12 مىڭ 668 موغا، يىللىق ئاشلىق مەھسۇلاتى 358 مىڭ 12 كىلوگرامغا، پاختا 26 مىڭ 900 كىلوگرامغا، مايلىقدان 42 مىڭ 135 كىلوگرامغا، كوللېكتىپ ۋە خۇسۇسلار ئىلكىدىكى چارۋا 844 تۇياققا، كوللېكتىپنىڭ نەق پۇل كىرىمى 10 مىڭ 500 يۈەنگە، قوغۇن - تاۋۇز، بېدە تېرىلغان يەر 996 موغا يېتىپ ئاشلىق بىلەن ئۆزىمىزنى تەمىنلەشنى ئىشقا ئاشۇردۇق. خاتىرجەم ئولتۇراقلاشقان ئائىلە 400 گە يەتتى.

---

① تۇزلۇقئۇتاغدىكى يەر ناملىرى. ② قويچى، پۇرچاقچى، ماڭلاي يېزىلىرىدىكى يەر ناملىرى.

دەيدۇ،شۇنىڭ بىلەن بۇ يەر بوستانتوغراق دەپ ئاتالدى.
هازىر بۇ كەنتتە ئىككى مەھەللە، 52 ئائىلە، 207 نوپۇس، 453 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## يالغۇز توغراق

شاخلىرى يىراق - يىراقلارغا كۆرۈنىدىغان ئېگىز بىر تۈپ توغراق ئەتراپىدا 1960- يىلىدىن بۇيان بىنا بولغان يېڭى يۇرت 1984- يىلى يالغۇز توغراق دەپ ئاتالدى.
هازىر بۇ كەنتتە تۆت مەھەللە، 70 ئائىلە، 241 نوپۇس، 523 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## ئاچچىق

1960- يىلىدىن كېيىن بارلىققا كەلگەن بۇ يېڭى يۇرت بۇ جايدا ئەزەلدىن تارتىپ سۈيى ئاچچىق سازلىق بولغانلىقىغا قاراپ 1984- يىلى ئاچچىق دەپ ئاتالدى.
هازىر بۇ كەنتتە ئۈچ مەھەللە، 56 ئائىلە، 284 نوپۇس، 561 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## نەزەرباغ

1960- يىلىدىن كېيىن بۇ جايدا كىشىلەرنىڭ نەزەرىنى تارتقۇدەك بىر باغ بىنا بولغانلىقى ئۈچۈن، 1984- يىلى بۇ كەنتكە نەزەر باغ دەپ ئىسىم قويۇلدى.
هازىر بۇ كەنتتە تۆت مەھەللە، 72 ئائىلە، 325 نوپۇس، 665 مو تېرىلغۇ يەر بار

## شائېغىل

ئىلگىرى پادىچىلار ئېغىل ياساپ قوي - ئۆچكىلەرنى سولىغان بۇ جايدا 1960- يىللىرى دېھقانلار جىگدە كۆ-

# تۇزلۇقئۇتاغدىكى كەنت ناملىرى

تۇزلۇقئۇتاغدىكى كەنت ناملىرى

⊙ رەھبەرلىك ئورگىنى

1. چالا قۇدۇق
2. تۇزلۇقئۇتاغ
3. بوستان توغراق
4. يالغۇز توغراق
5. ئاچچىق
6. نەزەر باغ
7. شالئېغىل
8. مايا قدۆك
9. مازار تاغ

## چالا قۇدۇق

ئەسىرلەر ئىلگىرى چالا كولانغان قۇدۇقلار بىر نەچچە جايدا كۆزگە چېلىققان، بۇ جاينى يولۇچىلار «چالا قۇدۇق» دەپ ئاتىغانىكەن.

ھازىر بۇ كەنتتە ئىككى مەھەللە، 60 ئائىلە، 263 نوپۇس، 354 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## بوستانتوغراق

1961- يىلى يازنىڭ ھاۋا راسا قىزىغان بىر كۈنى يەر ئېچىپ تۇرغان دېھقانلار بىلەن مەجلىس ئېچىشقا توغرا كېلىدۇ. ئۇلار ئىش ئورنىدىن 300 قەدەمچە يىراقلىقتىكى توغراقلىققا كېلىپ سايىداپ ئولتۇرۇپ يىغىن ئاچىدۇ. بىرەيلەن:

— يۇرتىمىزدىكى بوستانلىقتا ئولتۇرغانىدەك بولدۇق، ـ

بولۇپ ئۆتكەنلىكى، بۇ ۋەقەلەرنىڭ شاھىتى سۈپىتىدە ھەر خىل نامىلارنىڭ ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلگەنلىكى ھەققىدە بۇ يولدا كۆپ قاتنىغان مويسىپىتلار تەسىرلىك ھېكايە - چۆچەكلەرنى سۆزلىشىدۇ. بىز ئەنە شۇ رىۋايەتلەرنىڭ ئازبىر قىسمىنى رەتلەپ كىتابخانلارنىڭ ھۇزۇرىغا سۇنۇشنى مۇۋاپىق كۆردۇق.

## قوشۇلاش

ئىسلام ئەسكەرلىرى خوتەننى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن، قاراقاش دەرياسىنى بويلاپ شىمالغا يۈرۈش قىپتۇ. ئەمما، ئۇلار قۇملۇقتا قانچە ئىچكىرىلەپ كىرگەنسېرى دەريا سۈيى شۇنچە تارتىلىپ، ئاخىر سۇسىز چۆللۈككە چىقىپ قاپتۇ. چىداپ بىر نەچچە كۈن يول يۈرۈپتۇ. ئەمما، ئۇسسۇزلۇق ئۇلارنى ئاخىر دەرماندىن كەتكۈزۈۋېتىپتۇ. ئۇلار ھوشىدىن كېتىشكە، جان ئۈزۈشكە باشلاپتۇ.

مۇشۇ ۋاقىتتا ئالەمدە ساياھەت قىلىۋاتقان ھەزرىتى ئىمام ئەلى بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقانىكەن. ئۇ كۆرۈپتۈكى، يېقىن ئىككى دەريا (قاراقاش، يۈرۈڭقاش دەرياسى) بىر - بىرىگە قوشۇلماي ئېقىپ قۇم ئىچىگە سىڭىپ كېتىۋېتىپتۇ. دەريا سۈيى تۈگىگەن يەرلەردە بولسا تالاي ئادەملەرنىڭ ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلگەن جەسەتلىرى، ئىسلام ئەسكەرلىرىنىڭ بىچارە ھالىتى كۆزگە تاشلىنىپتۇ.

ھەزرىتى ئىمام ئەلى خۇداغا ئىلتىجا قىلىپ:

— ئى خۇدا، ئۇلۇغ قۇدرىتىڭ بىلەن بۇ ئىككى دەريانى بىرلەشتۈرۈپ، جەنۇب بىلەن شىمال ئوتتۇرىسىدىكى بۇ قۇملۇقتا سۇ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلساڭ، سېنىڭ سادىق بەندىلىرىڭ بىھۇدە ئۆلۈپ كەتمىسە!- دەپتۇ.

تەكلەردىن شال تىلىپ ئۆي سېلىپ ئولتۇرغانلىقتىن بۇ كەنت شالئېغىل دەپ ئاتالدى.

ھازىر بۇ كەنتتە ئىككى مەھەللە. 49 ئائىلە، 215 نوپۇس، 535 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## مايا قدۆك

نەچچە يۈز يىللاردىن بۇيان پادىچىلار بۇ جايدىكى قۇملۇق دۆڭگە شاخ بىلەن قوشام قىلىپ ئېغىل ياساپ قوي - ئۆچكىلەرنى قىشلاتقانىكەن، يىللار ئۆتكەنسېرى بۇ دۆڭلۈك مايىاق بىلەن قاپلىنىپ مايا قدۆك دەپ ئاتىلىپتۇ. 1960- يىلىدىن كېيىن بۇ دۆڭلۈكنىڭ ئەتراپىدا بارلىققا كەلگەن يېڭى مەھەللىلەر 1984- يىلى يەنىلا مايا قدۆك دەپ ئاتالدى.

ھازىر بۇ كەنتتە ئۈچ مەھەللە، 42 ئائىلە، 192 نوپۇس، 499 مو تېرىلغۇ يەر بار.

## مايا قدۆكدىن كالا ئاستىغىچە

قاراقاش ناھىيىسىنىڭ ئادەم ئولتۇراقلاشقان رايونلىرى شىمالىدا مايا قدۆك بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. ئەمما، تۈزلۇقئۇتاغنى كېسىپ ئۆتىدىغان خوتەن - ئاقسۇ يولىدا قەدىمدىن باشلاپ خوتەندىن شايى - ئەتلەسلەرنى يۆتكەپ ئاقسۇدا ساتىدىغانلارنىڭ، ئاقسۇ - كۇچادىن ئات - ئۇلاغ ھەيدەپ كېلىپ خوتەندە سېتىپ تىرىكچىلىك قىلىدىغانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. مۇشۇنداق قاتناش داۋامىدا تۈزلۇقئۇتاغدىن ئاقسۇ چېگرىسىغىچە بولغان ئارىلىقتا گەرچە مۇقىم ئادەم ئولتۇراقلىشىپ ياشىمىغان بولسىمۇ، كۆپ يەرلەردە تالاي تەسىرلىك ۋەقەلەرنىڭ

ئاققۇزۇپتۇ. ماجاننىڭ ئاخباراتى سەۋەبىدىن ئىسلام قوشۇنىدىكىلەر غەلىبە تۇغىغا ئېرىشىپتۇ. ئەمما، بىر قىسىم بۇددىستلار ماجاننىڭ خەۋەر يەتكۈزگەنلىكىنى سېزىپ قېلىپ ئۇنى ئۆلتۈرۈپ قىيما - چىيما قىلىۋېتىپ قېچىپتۇ.

ئىسلام قوشۇنىدىكىلەر ماجانغا چوڭقۇر ماتەم بىلدۈرۈپ، دۈسسەتكە چۆمۈپتۇ. ئۇنىڭ جەسىتىنى ئىسلام قائىدىسى بويىچە مۇشۇ قۇملۇققا كۆمۈپ بۇ يەرنى «ماجام» دەپ ئاتاپتۇ. كېيىن بۇ ئىسىم «مارجان»غا ئۆزگىرىپ قاپتۇ.

## مازار تاغ قەلئەسى

مەزكۇر قەلئە — قاراقاش ناھىيىسىنىڭ 150 كىلومېتىر شىمالىدىكى خوتەن دەريا ساھىلىغا جايلاشقان تاغ ئۈستىدە بولۇپ، تېمىغا قىزىل چوقا تاش ئىشلىتىلگەن. بەزى يەرلىرىدە تاش ئارىسىغا شاخ - شۇمبا قىستۇرۇپ ئىشلەنگەن. قورغاننىڭ جەنۇبتىن-شىمالغا تەخمىنەن 29 مېتىر، شەرقتىن-غەربكە 29 مېتىر كېلىدۇ. ئومۇمىي كۆلىمى 841 كۋادرات مېتىر. قورغاننىڭ غەربىدە ئېگىزلىكى ئون مېتىر، ئۇزۇنلۇقى توققۇز مېتىر، كەڭلىكى يەتتە مېتىر كېلىدىغان بىر پوتەي (زەمبىرەك سۇپىسى) بار.

مەزكۇر خارابە مىلادى 7 - ئەسىردىن 10 - ئەسىرگىچە بولغان دەۋرلەردىكى خوتەننىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ماتېرىيال قىممىتىگە ئىگە.

(بۇ ماقالىنى مەتكېرىم ئىسمايىل تەييارلىدى)

## مازار تاغ ھەققىدە رىۋايەت

ئېيتىشلارغا قارىغاندا ھەزرىتى ئىمام ئەلى ۋاپات

شۇئان شەرقتىكى دەريا ئېگىلىپلا غەربتىكى دەرياغا تۇتىشىپتۇ. ئىككى دەريا بىرلەشكەندىن كېيىن سۇ قۇملۇقلاردىن ھالقىپ ئۆتۈپ چوڭ دەرياغا (تارىم دەرياسىغا) قۇيۇلۇپتۇ. شۇ چاغدىن باشلاپ خوتەن بىلەن ئاقسۇ ئوتتۇرىسىدا بېرىش - كېلىش باشلىنىپتۇ. ئىككى دەريا بىرلەشكەن جاي قوشۇلاش دەپ ئاتىلىپتۇ.

غەربتىكى دەريانىڭ ئۇدۇل ئاققان (سەل شەرققە قاراپ) ئىزىنى ھازىرمۇ كۆرگىلى بولىدۇ.

## مارجان

رىۋايەت قىلىنىشىچە، خوتەن بۇددىستلىرى بىلەن ئىسلام ئەسكەرلىرى قاراقاش دەرياسى بويىدا دەھشەتلىك ئۇرۇش قىپتۇ. بۇ ئۇرۇشتا ئىسلام ئەسكەرلىرى زور تالاپەتكە ئۇچراپ، قىرىلىپ ئاز بىر قىسمىلا قاپتۇ. ئىسلام ئەسكەرلىرى ناھايىتى ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە تۇرۇۋاتقان مۇشۇنداق بىر پەيتتە بۇددىستلار ئىچىدىن ئىسلام دىنىغا مايىلراق ماجام ئىسىملىك بىر ئەسكەر كېچە تەگدىن ئاشقاندا ئىسلام ئەسكەرلىرىگە ئاخبارات يەتكۈزۈپ مۇنداق دەپتۇ:

— ھازىر بىز تەرەپتىكىلەر غەلىبە خۇشاللىقىدىن ئۆلگىدەك ئىچىشىپ ياتماقتا. ھەتتا قاراۋۇللارمۇ بىر-بىرسىنى تونۇيالمىغۇدەك مەست بولۇپ كەتتى. ناۋادا سىلەر غەلىبە قىلىمىز دېيدىكەنسىلەر، ھازىرلا قوزغالساڭلار ئۇلارنى چوقۇم مەغلۇپ قىلالايسىلەر، - ماجام مۇشۇ سۆزنى دەپ قويۇپلا قايتىپ كېتىپتۇ.

ئىسلام ئەسكەرلىرى تېزدىن يۈرۈش قىلىپ، بىر نەچچە سائەت ئىچىدىلا بۇددىستلارنىڭ قېنىدىن دەريا

بالىلىرىمىزنىڭ چۈشىدە، زاھىر قىلىپ قويساڭ» دەپ ئىلتىجا قىلغانىكەن. ئاللاتائالا ئىمام ئەلىنىڭ بۇ دۇئاسىنىڭ ئىجابەت بولىدىغانلىقىنى ئۇنىڭ كۆڭلىگە سالغانىكەن.

ئەمما، ئىمام ئەلىنىڭ بالىلىرى سورىمايدىغان گەپنى سوراپ قويغانلىقى ئۈچۈن بۇ سىر ئاشكارىلىنىپ ھازىرقى دەۋرگىچە تارقىلىپ يۈرۈپتۇ.

شۇنداق قىلىپ ئىمام ئەلىنىڭ ئالەمدە قىلىدىغان ساياھىتى باشلىنىپتۇ. ئۇ ئۇچار دۇلدۇلغا مىنىپ، شەھەرمۇ-شەھەر، يۇرتمۇ-يۇرت ھەممىنى كېزىپ تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا تاغدەك دۆۋىلەنگەن قوي گۆشلىرى بىلەن ئۇننى كۆرۈپتۇ. ئۇ بىلىپتۇكى، بۇ ئىسلامغا قارشى دۈشمەنلەرنىڭ ئىسلام ئەسكەرلىرىنىڭ كېلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇش ئۈچۈن يۇرت-يۇرتلاردىكى خەلقلەردىن بۇلاپ كەلگەن ئاش-ئوزۇق تەييارلىقى ئىكەن. ئىمام ئەلى دۇلدۇل ئۈستىدە تۇرۇپ ئاللاغا ئىلتىجا قىلىپ:

— ئى خۇدا، ئەگەر دۈشمەنلەر مۇشۇ ئوزۇق-تۈلۈكلەرنى يەپ يېتىپ ئىسلام دىنىدىكىلەر بىلەن سوقۇشسا، جەزمەنكى، ئىسلام ئەسكەرلىرى بۇ چۆلدە ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كېتىدۇ. شۇڭا سەن ئىسلام قوشۇنلىرىنىڭ يولىنى كەڭ قىلىش ئۈچۈن دۈشمەنلەرنىڭ بۇ يېمەكلىكلىرىنى تاغقا ئايلاندۇرۇۋەتسەڭ، — دەپ تىلەپتۇ.

ئىمام ئەلىنىڭ دۇئاسى ئىجابەت بوپتۇ. يەنى دۈشمەنلەرنىڭ يېمەكلىكلىرى بىر دەمدىلا تاغقا ئايلىنىپ كېتىپتۇ. بۇنىڭغا شۈكرانە ناماز ئوقۇش ئۈچۈن ئىمام ئەلى ئاشۇ تاغنىڭ ئۈستىگە قونۇپ، ئىككى رەكئەت شۈكرانە ناماز ئوقۇپتۇ. دۇلدۇلغا ئوقۇر ياساپ يەم بې-

بولۇش ئالدىدا بالىلىرىغا: «مەن نەپەس ئۈزگەندىن كېيىن دۇلدۇلغا مىنگەن بىر چۆمبەللىك كىشى كېلىپ مېنىڭ جەسىتىمنى ئېلىپ كېتىدۇ. سىلەر ئۇ ئادەمدىن ‹دادامنى نەگە ئېلىپ بارىسىز؟› دەپ سورىماڭلار» دەپ ۋەسىيەت قىلىپ كۆز يۇمۇپتۇ. دېگەندەك دۇلدۇلغا مىنگەن چۆمبەللىك كىشى كېلىپ ئىمام ئەلىنىڭ جەسىتىنى ئېلىپ مېڭىپتۇ. بۇ چاغدا شەيتان ئىمام ئەلىنىڭ بالىلىرىنىڭ كۆڭلىگە: «داداڭلارنىڭ جەسىتىنى ھېچكىم كۆرمىگەن يات بىر ئادەم كۆتۈرۈپ كېتىۋاتسا، ئۈندىمەي قاراپ تۇرغىنىڭلار نېمىسى؟ نېمىشقا ئۇنىڭدىن بىر ئېغىز بولسىمۇ گەپ سوراپ باقمايسىلەر؟» دېگەنلەرنى سېلىپ ئېزىقتۇرۇشقا باشلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىمام ئەلىنىڭ بالىلىرى ھېلىقى كىشىگە:

— ئىلتىپات قىلىپ، دادامنىڭ قەبرىسىنى نەدىن ئىزدەيدىغانلىقىمىزنى دەپ بەرگەن بولسىڭىز؟ — دەپتۇ.

— ھەي بالىلىرىم، مەن سىلەردىن مۇشۇنداق گەپلەرنى سورىماڭلار دېگەن ئەمەسمۇ؟ — دەپتۇ چۆمبەللىك كىشى يۈزىنى ئېچىپ، بۇ ئەسلى ئىمام ئەلىنىڭ روھى بولۇپ، يۈزىنى ئاچقاندا چىرايى ئېنىق كۆرۈنۈپتۇ، — ئۆزۈڭلارغىمۇ قىلدىڭلار، ماڭىمۇ قىلدىڭلار، ئەمدى مەن سىلەر بىلەن كۆرۈشەلمەيمەن، ناۋادا قەبرەمنى تاپىمەن دېسەڭلار، مازار تاغدىن ئىزدەڭلار!

دۇلدۇللۇق كىشى شۇنداق دەپلا كۆزدىن غايىب بوپتۇ.

ئىمام ئەلى ئەسلىدە ئاللاتائالاغا: «ئى خۇدا، مەن ۋاپات بولغاندىن كېيىن، روھىمنى بىر دۇلدۇلغا مىندۈرۈپ مېنىڭ جەسىتىمنى ئېلىپ كېتىشكە ئەۋەتسەڭ. مەن يەنە ئەسلىمگە كېلىپ، روھلارغا قوشۇلۇپ، پۈتۈن ئالەمنى بىر قېتىم ساياھەت قىلىپ چىقىۋالسام. كېيىن قەبرەمنى

دېدى. ئىككى سودىگەر ئادەمزات ياشىمىغان بۇ قۇملۇقتا بىر تىلەمچى ئايالنىڭ بارلىقىغا ھەيران قىلىپ ئۇنىڭ تىلىگىنىنى بەردى. ئانىسىنىڭ «ئىككى غوجامدىن...» دېگەن ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئىككى ئادەم كەلگەنلىكىنى پەملىگەن ئۈچ ئوغۇل ئاللىقاچان بىلەپ قويۇلغان خەنجەرلىرىنى ئېلىپ كەمىدىن يۈگۈرۈپ چىقتى-دە، ئىككى يولۇچىنى بوغۇزلاپ ئۆلتۈرگەنىدىن كېيىن جەسەتلەرنى دۆڭنىڭ دالدىسىدىكى كاتەككە تاشلىدى. ئولجىغا چۈشكەن تەڭگىلەرنى ئانىسىغا بېرىپ شايى-ئەتلەسلەرنى كەمىگە يوشۇردى. بىر ھەپتىدىن كېيىن ئانىسىنىڭ:

— ئالتە غوجام ئالتە نان سەدىقە بەرگەيلا،- دېگەن ئاۋازىنى ئاڭلىغان ئۈچ ئوغۇل ئالتە يولۇچىغا كۈچى يەتمەسلىكىنى پەملەپ كەمىدە يوشۇرۇنۇپ ئولتۇرۇۋەردى. بىر نەچچە ئايدىن كېيىن خوتەندە «تۆتتىن ئاز سەپەرچىنى ئېيىق يەپ كېتىدىكەن»، «يولدا قاراقچى بار ئىكەن» دېگەن گەپلەر پەيدا بولدى. «تىلەمچى ئايال» ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ئادەم ئۆلتۈرۈشنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى. 20 دىن ئارتۇق جەسەت كۆمۈلگەن كاتەكتىن ئۈچ تۈپ يانتاق ئۈنۈپ چىقتى. ئوتتۇرانجى ئوغۇل تۇختىنەزەر ئۈچ تۈپ يانتاققا تاۋۇز ئۇلىدى. ھەيھات، تاۋۇز دېگەن شۇنداقمۇ يوغان چۈشەمدۇ؟! بىر تاۋۇزنى بىر ئادەم تەسلىكتە كۆتۈرەلەيتتى. ئۇلارنىڭ ئاقسۇدىن خوتەنگە كېلىۋاتقان كارۋانلاردىن ئولجا ئالغان ئات ۋە تۆگىلىرى بار ئىدى، ئۈچ ئوغۇل ئىككى تاۋۇزنى بىر تۆگىگە جايلاشتۇرۇپ بىردىن ئاتقا مىنىپ يولغا چىقتى. ئۇلار تاۋۇزلارنى خوتەننىڭ ئامبىلىغا سوۋغات قىلىپ كۆپ ئىنئام

رىپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇ يەنە ئۆز يولىغا راۋان بوپتۇ.
كېيىن بۇ يەرگە ئىسلام ئەسكەرلىرى يېتىپ كېلىپ
دۈشمەنلەرنىڭ ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كەتكەن جەسەتلىرىنى كۆ-
رۈپتۇ. ئۇلار تاغ ئۈستىگە چىققاندا ئىمام ئەلىنىڭ سەج-
دە قىلغان يېرىنىڭ ئالتۇندەك پارقىراپ تۇرغانلىقى-
نى، دۇلدۇلغا ياسالغان ئېغىل ۋە يەم بەرگەن ئوقۇرنى كۆ-
رۈپ «بەلكىم ئىمام ئەلى ئوغۇللىرىغا دېگەن ‹مازار تاغ›
مۇشۇ بولسا كېرەك» دەپ ئويلاپتۇ ۋە بۇ تاغنى «مازار
تاغ» دەپ ئاتاپتۇ. بىر نەچچە يىلغىچە بۇ تاغنى ئىزلۇغ-
لاپ خالىس نەزىر قىلىپ تۇلۇملارنى ئېسىپتۇ. مەخسۇس
دۇئا- تىلاۋەتچىلەرنى قويۇپ ئۇلارغا ئۆي سېلىپ بېرىپتۇ.
(ئىلاۋە: بۇ ئىككى تاغ (هازىر ئاق تاغ ۋە قىزىل
تاغ دېيىلىدۇ) هازىرمۇ يىراقتىن قارىغان
كىشىگە خۇددى ئۇن بىلەن گۆشنى دۆۋىلەپ
قويغاندەك كۆرۈنىدۇ. تاغ ئۈستىدە دۇلدۇل
باغلانغان ئېغىلمۇ، دۇئا - تىلاۋەتچىلەرگە سېلىپ بەر-
گەن ئۆيمۇ ئۆز ئەينى ساقلىنىپ كەلگەن بولۇپ، بۇ هەر
قانداق ئادەمگە يۇقىرىقى رىۋايەت راست ئوخشايدۇ دېگەن
تۇيغۇنى بېرىدۇ.)

## كاللا ئاستى

1910 - يىللىرى، ئەتىياز. ئۈچ ئېشەككە شايى - ئەت-
لەسلەرنى يۈكلەپ خوتەندىن يولغا چىققان ئىككى سودى-
گەر قۇملۇق دۆڭلەر ئارىسىدىكى چىغىر يول بىلەن ئاق-
سۇغا كېتىۋاتاتتى. 60 ياشلاردىكى ئايال ئۇلارنىڭ ئال-
دىغا كەلدى ۋە:
— ئىككى خوجامدىن ئىككى نان سەدىقە تىلەيمەن،-

زوڭلاردىن يوقىتىپ قويماقچىلار، ئاشكارىلىنىپ چۈ-
قالماقچىلار» دەپ تاپىلىغان ياساۋۇللار
بىلەن ئۇچراشتى. ئەمەلدار ياساۋۇللارنى تاۋۇز ئۈلانغان
يانتاقنىڭ تۈۋىنى كولاشقا بۇيرۇدى. ئىككى غېرىچچە
كولانغاندىن كېيىن جەسەتلەر ئاشكارا بولۇشقا باشلىدى.
«تىلەمچى ئايال» بىر نەچچە ئادەمنىڭ يانتاقنىڭ تۈۋىنى
كولاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپلا ئوغۇللىرىنى قاچۇرۇۋەتكەنىدى.
ئەمەلدار «تىلەمچى ئايال»نى باغلىتىپ بۇلانغان زاك
ماللارنى ئېلىپ خوتەنگە قايتىپ كەلدى ھەم كۆرگەن -
بىلگەنلىرىنى ئامبالغا دوكلات قىلدى. «تىلەمچى ئايال»
پاكىتلارنى رەت قىلىشقا ئامالسىز قېلىپ ھەممىنى ئىق -
رار قىلدى. ئامبال قاراقچىلارنى تۇتۇش توغرىسىدا دوق-
مۇش - دوقمۇشلارغا ئېلان چاپلىدى. شەھەر - شەھەرلەرگە
ئالاقە ئەۋەتتى. تۇتۇپ بەرگۈچىلەرگە كۆپ مۇكاپات
بېرىدىغانلىقىنى جاكار قىلدى. توختىنەزەر قۇمۇلدا نەق
مەيداندا بوينى چېپىلىپ كالىسى قۇمۇل دەرۋازىسىغا
ئېسىلدى. روزىنەزەر تۇرپاندا تۇتۇلۇپ
كالىسى تۇرپان دەرۋازىسىغا ئېسىلدى.
باينەزەر ئايالچە ياسىنىپ يۈزىنى يۆگەپ يۇ -
شۇرۇنۇپ يۈردى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئاشخانىنىڭ بولۇ -
ڭىدا ئاش يەپ ئولتۇرغاندا باشقىلار ئۇنىڭ ساقال -
بۇرۇتىنى كۆرۈپ قالدى. «ئايال كىشىنىڭ ساقال-بۇرۇ -
تى بولسا ... بۇ زادى قانداق ئىش؟» دەپ گۇمان قىلىپ
ئۇنى تۇتۇپ ئامبالغا تاپشۇرۇپ بەردى. ئامبال باينەزەرنىڭ
بوينىنى كېسىپ كاللىسىنى خوتەندە بىر نەچچە كۈن سازايى
قىلغاندىن كېيىن ئۈچ قاراقچى جەسەت كۆمگەن جايغا
ئېگىز خادا ئورنىتىپ باينەزەرنىڭ كاللىسىنى خادىغا
ئېسىپ قويدى. كارۋانلار بۇ يولدىن خاتىرجەم ماڭىدىغان
بولدى. شۇ چاغلاردىن باشلاپ بۇ جاي «كاللا ئاستى» دەپ
ئاتالدى.

ئالماقچى ئىدى. ئامبال بۇ سوۋغاتنى قىزغىنلىق بىلەن قوبۇل قىلدى ھەم:

— مەن ئۆمرۈمدە بۇنداق يوغان تاۋۇزلارنى كۆرمەگەنتىم. قانداق قىلىپ بۇنچە يوغىناتتىڭلار ؟ - دەپ سورىدى. توختىنەزەر:

— يانتاققا ئۇلىغان تاۋۇز مۇشۇنداق چوڭ ھەم تاتلىق پىشىدۇ، - دېدى، ئامبال ئۇلارنى بىر نەچچە كۈن مېھمان بولۇشقا دالالەت قىلىپ ئايرىم ئۆيگە ئورۇنلاشتۇردى. ئامبال قول ئاستىدىكى ئەمەلدارلارنى تاۋۇز بىلەن مېھمان قىلىش ئۈچۈن بىر ئۆيگە جەم قىلدى. ياساۋۇلنىڭ قولىدىكى خەنجەرنى ئېلىپ تاۋۇزنى تىلدى. تاۋۇزنىڭ سۈيى قىپقىزىل قاندەك تامدى، بىر ئەمەلدار تاۋۇزنى تېتىپ بېقىپ:

— ھەزرەتلىرى، ئۆتكەن ئايدا قىزىمنى يىلان چىقىۋالغاندا جاراھەت ئورنىنى كېسىپ قېنىنى شوراپ تۈكۈرۈۋەتكەنتىم. بۇ تاۋۇزنىڭ تەمى ئۆز ئەينى ئادەم قېنىدەك تېتىيدىكەن، - دېدى. ئامبال بۇ تاۋۇزلار قانداقتۇ بىر شۇملۇق بىلەن باغلىنىشلىق ئىكەنلىكىنى پەملەپ ئۈچ ئوغۇلنى ئالدىغا چاقىرغۇزۇپ:

— سىلەرگە بىر ئادىمىمنى قوشۇپ قويىمەن. پۇلنى جەق بېرەيلى، ئۆيۈڭلاردىكى تاۋۇزلارنى سېتىپ بېرىڭلار. يانتاققا تاۋۇز ئۇلاشنىمۇ ئۆگىتىپ قويۇڭلار. ئاناڭلارنى ئېلىپ شەھەرگە كۆچۈپ كېلىڭلار! مەن سىلەرگە ئۆي - زېمىن، مەنسەپ بېرىمەن، - دېدى. ئۈچ ئوغۇل خۇشال بولۇشۇپ ئەمەلدار بىلەن يولغا چىقتى. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن مەنزىلگە يېتىپ كەلدى. ئاخشىمى ئۈچ ئوغۇل ئۇيقۇغا كەتكەندە ئەمەلدار شەپە چىقارماي ئورنىدىن تۇرۇپ، گەمىدىن سىرتقا چىقتى. ئامبال، «ئۇلارنى كۆ-

ئەدلى نۇرى ئىرۇر جاھان ئافىروز،
بازۇيى سەلتەنەت مادار تاپار.
ئەدلى ئىلە مەملىكەت قارار تاپار،
پەرتەۋى مۇلىك ئىچرە زۇلمەت سۆز.
ئەدلىدىن خەلق كامىياپ بولۇر،
زۇلۇمىنىڭ ئالەمى خاراپ بولۇر.
زۇلۇمدۇر رەنج، ئەدلىدۇر راھەت،
ئەدلىدۇر نەفئى، زۇلۇمدۇر ئاپەت.

شائىر ئىلىم ـ مەرىپەت توغرىسىدىكى قاراشلىرىنى بايان قىلىپ مۇنداق يازىدۇ:

ئىلىم بىناسى ئىرور ئانداغ بەند،
يەتمەس ئانىڭ كەڭرىسىگە كەمەند.
...بارچە ھۇنەرگە ئېرۇر ئول تاج سەر-
ئوخشىمىغاي ئىلىمگە ئۆزگە ھۇنەر.
گەرچە موھەسسىل جىگەردىن خۇن قىلۇر،
ئاخىر ئانىڭ تۇپراقىنى ئالتۇن قىلۇر.

«تەزكىرە تولۇشات» — قىممەتلىك مەدەنىي مىراسلىرىمىزدىن بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ ئاپتورى مۇھەممەت تۆمۆر قارا قاشى ئىلغار پىكىرلىك تارىخچى ۋە ئەدىب سۈپىتىدە مەدەنىيەت تارىخىمىزدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

(«دېڭىز ئۈنچىلىرى» دىن)

## مەشھۇر خەتتاتلار

ئانا يۇرتىمىز قارا قاشتا 17 ـ ئەسىردىن 19 ـ ئەسىرگىچە بولغان دەۋرلەردە ياشاپ خەتتاتلىق بىلەن بىر ئۆمۈر شۇغۇللىنىپ ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان ئۇستازلاردىن

# يۇرت مەھەللىسى ئېنىق بولمىغان مەشھۇر كىشىلەر

مۇھەممەتئىمىن قۇربان، مەتتۇرسۇن سىدىق

## تارىخچى شائىر مۇھەممەت تۆمۈر قارا قاشى

مەۋلانە مۇھەممەتتۆمۈر قارا قاشى 18 — 19-ئەسىردە ئۆتكەن تارىخچى ۋە شائىر. ئۇ قارا قاشتا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ۋە ئۆمرىنى ئىلىم تەھسىل قىلىش ۋە ئىلمىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشقا بېغىشلىغان. ئۇنىڭ ئىجادىي ئەمگەكلىرىدىن ھىجرىيىنىڭ 1234-يىلى قارا قاشتا يېزىلغان «تەزكىرە تولۇشات» ناملىق ئەسىرى بىزگە قەدەر يېتىپ كەلگەن.

ئۇنىڭدا تۇغلۇق تۆمۈرخان ۋە مەخدۇم ئەزەمنىڭ ئەۋلادىدىن تارالغان خوجىلارنىڭ نەسەبنامىسى (شەجەرىسى) ۋە ئۇلارنىڭ ۋەقەلىرى سۆزلىنىدۇ.

«تەزكىرە تولۇشات» قا كىرگۈزۈلگەن بىر قىسىم شېئىرلارنى ئوقۇپ كۆرسەك مۇھەممەت تۆمۈر قارا قاشىنىڭ يالغۇز تارىخچى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۆز دەۋرىنىڭ ئىلغار پىكىرلىك، ئادالەتپەرۋەر ۋە مەرىپەتپەرۋەر شائىرى ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز. ئۇ، ھەق-ئادالەتنى نۇرلۇق قۇياشقا ئوخشىتىپ، ئەلنى ئادالەت بىلەن باشقۇرۇش لازىملىقىنى، تەڭسىزلىك، زوراۋانلىق — ئەلگە ئاپەت ۋە خارابلىق ئېلىپ كېلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى پەلسەپىۋى مۇلاھىزىلىرىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

خوجا نىزامىددىننىڭ نامى ئۇنىڭ دۇنياۋى مەشھۇر ئەسەر — «شاھنامە» نىڭ بىر قىسمىنى يۇقىرى بەدىئىي سەۋىيە ۋە پاساھەتلىك تىلدا مۇۋاپىقىيەتلىك تەرجىمە قىلىنغانلىقى بىلەن مەشھۇردۇر. ئۇ بۇ ئەسەرنى 1837- يىلى «پارس تىلى بىلەن بېزەلگەن داستانچىلىق لىباسىدىن چىقىرىپ، ئۇيغۇر تىلى (تۈرك تىلى بىلەن تىكىلگەن نەسردىيەلىك تونى كىيدۈرۈپ تەرجىمە قىلغانلىقى ئۈچۈن، بۇنى يېرىم ئىجادىيەت دېيىشكە بولىدۇ.»①

ئەدىبنىڭ تەرجىمىسىدىكى تىل ئالاھىدىلىكى ۋە بەدىئىي سۈپەتلەردىن ئۇنىڭ يېتىلگەن تىل ئۇستىسى، ئىختىدارلىق ئەدىب ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئەپسۇسكى، شاھ مۇھەممەت ئىبنى خوجا نىزامىددىن قاراقاشىنىڭ ھاياتى ۋە باشقا ئەسەرلىرىگە ئائىت تەپسىلىيرەك مەلۇماتقا ئىگە ئەمەسمىز.

### پاك - دىيانەتلىك ھاكىم - ۋاھىت بەگ

1948- يىلى 2 - ئايدىن 7 - ئايغىچە قاراقاشتا ھاكىم بولغان ۋاھىتبەگنىڭ پاك-دىيانەتلىك ئەمەلدار ئىكەنلىكى توغرىسىدا خەلق ئىچىدە تەسىرلىك پاراڭلار ساقلىنىپ كەلمەكتە:

### ئاچكۆز بايلارنى جازالاش

بىر كۈنى ھاكىمنىڭ ئالدىغا ئىككى ئادەم كىرىپتۇ. ھاكىم:

— نېمە تەلەپىڭلار بار؟ — دەپ سوراپتۇ. ئۇلار:

— ئۆزلىرىنىڭ يۇرتىمىزغا تەيىنلەپ قويغان بەگلىرى، سىلەر تەلەپ قىلغان باج - سېلىقنى ۋاقتىدىن

① ئىمىن تۇرسۇن: «تارىمدىن تامچە»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 90- يىل نەشرى 414- بەت.

ھاجى نۇرمەھەممەت ئىبنى ھەزرەت قارا قاش، نىزامىدىن بەشىر بىننى موللا مۇسا قاراقاشى، موللا نىئمەتۇللا بىننى پەھلىۋان، مۇھەممەت قارا قاشى، ئابدۇلجامال بىننى ئابدۇلكامال قارا قاشى① قاتارلىقلار ئۆتكەن بولۇپ، ئۇيغۇر خەتتاتلىق سەنئىتىنى گۈللەندۈرۈش، بېيىتىش، مۇكەممەللەشتۈرۈش يولىدا ھارماي - تالماي ئەجىر سىڭدۈرگەن دانىشمەنلەردۇر. قارا قاشتىن تېپىلغان 19 - ئەسىرگە ئائىت نەپىس كىتاب مۇقاۋىلىرى ۋە مۇقاۋا نەقىش تامغىسىدا ئاساسلىنىپ يۇقىرىدا ئىسمى زىكرى قىلىنغان دانالارنىڭ خەتتاتلىق بىلەنلا ئەمەس، كىتابى مۇزەھھىپ (كىتابقا نەقىش ئىشلەش)، شىرازىچىلىق (كىتاب مۇقاۋىلاش) بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ سەنئەتنىڭ بۇ ساھەسىدىمۇ ئالاھىدە تۆھپە قوشقانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. قارا قاشتا يەنە 1837 - يىلى «تەرجىمەئى شاھنامە» نىڭ نەسرىي نۇسخىسىنى يۇقىرى پاساھەت بىلەن چىرايلىق كۆچۈرۈپ چىققان موللا سۇلتان موللاقىزى②غا ئوخشاش ئايال خەتتاتلارمۇ ياشىغانىدى.

## ئاتاقلىق تەرجىمان — شاھ مۇھەممەت ئىبنى خوجا نىزامىدىن قارا قاش

18 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 19 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قارا قاشتا ياشاپ، ئۆمرىنى ئەدەبىي تەرجىمە ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن ئۆتكۈزگەن مەشھۇر ئەدەبىي تەرجىمان ۋە شائىر شاھ مۇھەممەت ئىبنى خوجا نىزامىدىن ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدۇ.

---

① تۇردى قادىر نازىرىنىڭ «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 1994- يىل 6- ئايىنىڭ 4 - كۈنىدىكى سانىغا بېسىلغان «ئۇيغۇر خەتتاتلىقىنىڭ تارىخىي ئىزلىرى» ناملىق ماقالىسىدىن.

② ئايشەم ئەخمەتنىڭ «خانىم قىزلار دەستۇرى» ناملىق كىتابىنىڭ (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 - يىل) 485 - بېتىدىن.

كۆپ يىغىپ ئاردىن پايدا تېپىش غەرىزىدىكىلار بارلىقىنى چاندۇرۇپ قويدۇڭلار. قېنى ئىزنداق ئەمەس دېيەلەمسىلەر؟ - دەپ سوراپتۇ ھاكىم.

ئىككى باي ئىقرار قىلىپ:

— شۇنداق تەقسىر، تويىماس نەپسىمىزنىڭ كەينىگە كىرىپ بەگ بولۇشنى ئارزۇ قىلغىنىمىز راست، بىز تۆۋەقىلايلى، - دەپتۇ. ھاكىم ئۇلارغا ئاچكۆز بولماسلىق، پۇقرالارنى قاقشاتماسلىق توغرىسىدا نەسىھەت قىلىپ قايتۇرۇپتۇ.

(ئۇرۇمچى يېزا يالغۇز ئوغۇل كەنتىدىن ياسىن ئاخۇن سۆزلەپ بەردى.)

## دورغىنىنى ئىشتىن بوشىتىش

ھاكىم دورغىنىنى بىر دېلوغا چېتىشلىق جاۋابكارنى چاقىرىپ كېلىشكە بۇيرۇدى، دورغا پۇرچاقچى يېزىسىغا چىقىپ جاۋابكارغا ھاكىمنىڭ بۇيرۇقىنى يەتكۈزدى. جاۋابكار بەلگىلىمە بويىچە دورغا مىنىپ چىققان ئاتقا بىرقېتىم تويغىچە بوغۇز بېرىشى لازىم ئىدى. (پۇقرالارنىڭ ئۆيىدە ئەمەلدارلار ئۇسساپ قالسا، سۇ ئىچكەندىن باشقا تاماق يېيىشى چەكلەنگەنىدى.) جاۋابكار ئاتنىڭ ئالدىغا ئىككى پېيىنىغا لىق قوناق قاچىلانغان چوڭ خورجۇننى ئېلىپ كېلىپ قويدى. دورغا:

— ئاتنىڭ قوناق يېيىشىگە ساقلاپ بولالمايمىز. خورجۇننى ئاتقا ئارتىڭ، - دېدى. دورغا ئاتقا ئارتىلغان خورجۇننىڭ ئۈستىگە مىندى، جاۋابكار ئاتنى يېتىلەپ پىيادە ماڭدى. يامۇلغا ئازقالغاندا دورغا قوناقنى ئۆيىدە قويۇپ قويۇپ چىقتى ۋە ھاكىمنىڭ ئالدىغا كەلدى. ھاكىم ئاتنىڭ تەرلەپ كەتكىنىنى كۆرۈپ:

— بىر ئاتقا ئىككىڭلا مىندىڭلارمۇ؟ - دەپ سورىدى.

جاۋابكار ھودۇقۇپ:

كېچىكتۈرۈپ ھەم ئاشۇرماي تاپشۇرۇۋاتىدۇ. ئەگەر ئىك-
كىمىزنىڭ بىردىنى بەگلىككە تەيىنلىسىلە، باج - سېلىق-
نى سىلىنىڭ دېگەنلىرىدىن ئاشۇرۇپ ھەم مۇددەتتىن بۇ-
رۇن تاپشۇرۇشقا تىلخەت بېرىمىز،- دەپتۇ . (ئۇچاغ-لاردا
يۇرتلار دۆلەتكە تاپشۇرىدىغان باج - سېلىق شۇ يۇرتنىڭ
بېگىگە ھۆددە ئىكەن.)

ۋاھىتبەگ ئۇلارنىڭ مۇددىئاسىنى پەملىگەندىن كې-
يىن ئۇلارنى سىناش ئۈچۈن:

— نامرات ئادەمنى بەگلىككە تەيىنلىگىلى بولماي-
دۇ. بايلىقتا قايسىڭلار ئارتۇق بولساڭلار شۇ كىشىگە بەگ-
لىك ئەدىلىنى بېرىمەن،- دەپتۇ. بۇ ئىككى كىشى كۆڭلى-
دە بىر - بىرىدىن ئۇستۇنلۇك تالىشىدىكەن. بىرسى :

— قېرى كالىنى ئۆلتۈرۈپ داشقازانغا سېلىپ بەرسە-
لە، ئوتتۇن - شاخ ئىشلەتمەي پۇل بىلەنلا ئوت قالاپ، گۆش-
نى چاينىماي يۇتقىدەك يۇمشاق پىشۇرۇپ بېرىمەن. شۇ-
نىڭدىن كېيىنمۇ ئالتە تاغار پۇلۇم ئېشىپ قالىدۇ . بۇ-
نىڭدىن مېنىڭ نەقەدەر باي ئىكەنلىكىمنى بىلىۋالغايلا،-
دەپتۇ. يەنە بىر كىشى:

— قارا قاش دەرياسىغا كەلكۈن كەلگەندە دەريانى
تاش - توپا بىلەن ئەمەس، كۈمۈش تەڭگە بىلەن باغلى-
يالايمەن، يەنە يەتتە قازناق تەڭگەم ئېشىپ قالىدۇ، -
دەپتۇ. ۋاھىتبەگ ئەسكەرلىرىگە بۇيرۇق قىلىپ بۇ ئىككى
باينى ئاسماققا ئاسقۇزۇپ ھەر بىرىنى يۈز دەررىدىن ئۇر-
غۇزۇپتۇ. ئىككى باي:

— تەقسىر، بىزنى قايسى گۇناھىمىز ئۈچۈن جازالى-
غانلىقلىرىنى بىلمىدۇق،- دەپتۇ.

— شۇنچىۋالا جىق مال- دۇنيالىرىڭلارغا شۈكرى قىل-
ماي ماڭا باج- سېلىقنى كۆپ ھەم قەرەلىدىن بۇرۇن تاپ-
شۇرۇشنى باھانە قىلىپ پۇقرالىرىمدىن باج - سېلىقنى

# شەرەپ مۇنبىرى

**بۇ كىتابنىڭ نەشر قىلىنىشى ئۈچۈن خىراجەت ياردەم قىلغان تۆۋەندىكى يولداشلارغا (ئورۇنلارغا)، كىتابخانلارغا ۋەكالىتەن رەھمەت ئېيتىمىز**

| | |
|---|---|
| ئابدۇللا ئۆمەر | ئىككى مىڭ يۈەن (ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ باشلىقى) |
| هاشىم مەنسۇر | ئىككى مىڭ يۈەن (ناھىيىلىك سۇ-ئېلېكتر ئىدارىسىنىڭ باشلىقى) |
| قاسىم ياسىن | مىڭ يۈەن (ۋىلايەتلىك تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپىنىڭ باشلىقى) |
| مەتنىياز تۇرسۇن | مىڭ يۈەن (ناھىيىلىك قۇرۇلۇش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى) |
| مەتنىياز تۇرسۇن | مىڭ يۈەن (ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ باشلىقى) |
| ئەركىن رىجەپ | مىڭ يۈەن (ناھىيىلىك يەر باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى) |
| ماخمۇت قۇربان | مىڭ يۈەن (يېزا ئىگىلىكى ئونۋېرسال ئېچىش ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى) |
| جالالىدىن ئەخمەد | مىڭ يۈەن تەمىنات - سودا كوپېراتىپىنىڭ دىرېكتورى) |

— ياق تەقسىز ، دورغىلىرى ئاتقا مىندى، مەن يېتىلەپ ماڭدىم،- دېدى. ھاكىم دورغىنى سىرتقا چىقىرىۋېتىپ جاۋابكارغا:

— ھېچقاچان تەرلىمىگەن ئات بۈگۈن تەرلەپ كېتىپتۇ. ئاتقا نېمە يۈكلىدىڭلار- دېدى. جاۋابكار بىر خورجۇن قوناق يۈكلەنگەنلىكىنى، بۇ قوناق دورغىنىڭ ئۆيىدە ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. ھاكىم دورغىنى چاقىرىپ قوناقنى كەلتۈرگەندىن كېيىن:

— قوناقنى ئاتقا ئارتىڭ ، سىز ئاتنى يېتىلەپ قوناقنى بۇ ئادەمنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ چىقىپ بالىلىرىغا تاپشۇرۇپ بېرىپ كېلىڭ،- دېدى. «ئاتنى يېتىلەپ...» دېگىنى دورغىنى جازالىغىنىدىن بېشارەت ئىدى. دورغا يولغا چىقىپ كەتتى ، دورغا كۆزدىن غايىب بولغاندىن كېيىن ھاكىم جاۋابكارغا:

— سىلە كەينىمدىن ماراپ بېرىپ ئاتقا مىندىمۇ - مىنمىدىمۇ، كۆرۈپ كەلسىلە دېدى. جاۋابكار بىر نەچچە مىنۇتتىن كېيىن قايتىپ كېلىپ:

— ئۆستەڭنىڭ كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈپلا ئاتقا مىندى، - دېدى. دورغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ھاكىم ئۇنىڭدىن:

— يولدا ئاتقا مىندىڭىزمۇ - مىنمىدىڭىزمۇ؟ - دەپ سورىدى. دورغا جاھىللىق قىلىپ:

— مىنمىدىم، يولبويى يېتىلەپ ماڭدىم،-دېدى. ھاكىم:

— پۇقرالارنىڭ رىزقىنى تارتىۋالغان، ئەمرىمگە خىلاپلىق قىلغان سەندەك سەممىيەتسىز ئادەمنى خىزمەتكە سالمايمەن،- دېدى ۋە ئۇنى خىزمەتتىن بوشاتقانلىقىنى ئېلان قىلدى.

(ئەينى يىللاردا ناھىيىلىك مالىيە ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولغان 80 ياشلىق ئىسمايىلبەگ سۆزلەپ بەردى).

| | |
| --- | --- |
| سەراجى ئەخمەد | ئىككى يۈز يۈەن (ناھىيەلىك دېھـ- قانچىلىق ماشىنىلىرى ئىستارد- سىنىڭ باشلىقى) |
| ئىمىن جالالىدىن | ئىككى يۈز يۈەن (ناھىيەلىك دورا شىركىتىنىڭ دىرېكتورى) |
| تۇنىياز روزى | ئىككى يۈز يۈەن (ناھىيەلىك ترانـ- سپورت بازىرىنى باشقۇرۇش ئور- نىنىڭ باشلىقى) |
| خالىق ھاجىم | ئىككى يۈز يۈەن (پېنسىيىگە چىق- قان دوختۇر ②) |
| ئابدۇللا جاپپار | يۈز يۈەن (كېسەللىكلەردىن ساقلى- نىش پونكىتىنىڭ لابورانتى ③) |

① ② ③ — بۇ يولداشلار ئۆز يېنىدىن ياردەم قىلدى.

| | |
|---|---|
| ئازادجان | مىڭ يۈەن (ناھىيىلىك مالىيە ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى) |
| غەيرەت ئالىم | بەش يۈز يۈەن (ۋىلايەتلىك پىلان كومىتېتىنىڭ مۇدىرى |
| جاپپار ئابدىقادىر | بەش يۈز يۈەن (ناھىيىلىك خەلق بانكىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى) |
| مەتتوختى ئابدىراخمان | بەش يۈز يۈەن (ناھىيىلىك قاتناش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى) |
| ھىمىت ساۋۇر | بەش يۈز يۈەن (ناھىيىلىك ئىگىلىك باشقۇرۇش پونكىتىنىڭ باشلىقى) |
| مەتسالى ھاجىم | تۆت يۈز يۈەن (ناھىيىلىك ئۇيغۇر شىپاخانىسىنىڭ دوختۇرى①) |
| سىراجى ئىمىن | تۆت يۈز يۈەن (ناھىيىلىك مال-باھا ئىدارىسىنىڭ باشلىقى) |
| سادىق ئىسمايىل | ئۈچ يۈز يۈەن (ناھىيىلىك خەلق ئىشلار ئىدارىسىنىڭ باشلىقى) |
| ئابلىمىت غاپپار | ئۈچ يۈز يۈەن (ناھىيىلىك تۇزرۇبا سۈيى شىركىتىنىڭ دىرېكتورى) |
| كۆرەش ھېسامىدىن | ئۈچ يۈز يۈەن (ناھىيىلىك قاتناش ساقچى ئەترىتىنىڭ باشلىقى) |
| نەبىيجان | ئۈچ يۈز يۈەن (ناھىيىلىك سودا-سانائەت بانكىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى) |
| مەتقۇربان ئابدىكېرىم | ئىككى يۈز يۈەن (ناھىيىلىك ئامانەت-قەرز كوپىراتىپىنىڭ باشلىقى) |
| چىڭ جىنيى | ئىككى يۈز يۈەن (ناھىيىلىك قۇرۇلۇش شىركىتىنىڭ دىرېكتورى) |

了解墨玉

责任校对：买买提明库尔班
尼亚孜加拉力丁

※

和田行署文史资料办公室
墨玉县人民政府办公室编印
《喀什日报》印刷厂印刷
规格：850×1126　32开本　15.125印张
内部资料准印证号（新出）　1996年　2091号

定价：15.00元

# قاراقاشنى چۈشىنەيلى

مەسئۇل كوررېكتورلار: مەھەممەت ئىمىن قۇربان
نىياز جالالىدىن

*

خوتەن مەمۇرىي مەھكىمە قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسى
قاراقاش ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئىشخانىسى تۈزۈپ باستۇردى
«قەشقەر گېزىتى» مەتبەئەسىدە بېسىلدى
فورماتى: 1126 × 850مم، 1/32، باسما تاۋاق: 15.125
ئىچكى كىتاب - ژۇرناللارنى بېسىشقا رۇخسەت قىلىنىش
(ش چ) كىنىشكە نومۇرى 1996 - يىل 2091

باھاسى: 15.00 يۈەن

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: يالقۇنجان قۇربان
ئابلىز تاش